ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

# ئىز



ئىز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى ئىشلىگۈچى: ۋاڭ گوۋمىن

قىستۇرما رەسىملەرنى ئىشلىگۈچى: ئابدۇكېرىم

书号: M10098·973

定价: 1.85元

TURAN KİTAPLIĞI



ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

عبدالجلیل توران
24-07-2000

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

# ئىز

(تارىخىي رومان)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ

TURAN KİTAPLIĞI

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

# ئىز

## (تارىخىي رومان)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ

مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مۇتەللىپ

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا № 306)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 850×1168 مىللىمېتر 1/32

باسما تاۋىقى: 13,25 قىستۇرما ۋارىقى: 7

1985 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى

1986 - يىل 3 - ئاي 2 - بېسىلىشى

كىتاپ نومۇرى: M10098·573

تىراژى: 27001 — 54,000

باھاسى: (قاتتىق مۇقاۋىلىقى) 2.70 يۈەن

(ئاددىي مۇقاۋىلىقى) 1.85 يۈەن

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1

بىرىنچى باپ تاغ پەرىسى .............. 8

ئىككىنچى باپ ئايقىزنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى 21

ئۈچىنچى باپ بوز ئاتلىق كىشى ......... 30

تۆتىنچى باپ كۆچ سىنىشتىن كېيىن...... 51

بەشىنچى باپ كۈتۈلمىگەن ۋەقە .......... 67

ئالتىنچى باپ سەنمۇ گۇۋا بول، قۇياش... 81

يەتتىنچى باپ شامەخسۇت ۋاڭنىڭ چۈشى... 97

سەككىزىنچى باپ ئۈرۈمچى جاڭجۇڭى قان
سورايدۇ .................. 109

توققۇزىنچى باپ قوزغىلاڭ ھارپىسىدا....... 121

ئونىنچى باپ ئون بالاغا بىر داۋا ...... 132

ئون بىرىنچى باپ ئۆز جازاسى ئۆزىگە ....... 141

ئون ئىككىنچى باپ جەڭ ئالدىدا ............... 148

ئون ئۈچىنچى باپ مەرتنى مەيداندا سىنا...... 167

ئون تۆتىنچى باپ ۋاڭ ئوردىسىدا بىر كېچە... 183

ئون بەشىنچى باپ ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ 193

ئون ئالتىنچى باپ يالقۇن تاققا سوغا ......... 208

ئون يەتتىنچى باپ سۇيىقەست .................. 216

ئون سەككىزىنچى باپ ئۈچ ئاتلىقنىڭ جاسارىتى ... 227

ئون توققۇزىنچى باپ «ئەرۋاھ» .................. 239

يىگىرمىنچى باپ سۆزلەيدىغان تۇمار ........ 247

يىگىرمە بىرىنچى باپ ئاقچۇق سېپىدا ............ 257

يىگىرمە ئىككىنچى باپ جەڭدىن كېيىن ........... 276

يىگىرمە ئۈچىنچى باپ «ئەۋلىيا» نىڭ ئۆلۈمى....... 284

يىگىرمە تۆتىنچى باپ توي ئۈستىگە توي......... 294

يىگىرمە بەشىنچى باپ ياڭ جاڭجۇڭنىڭ پاراستى.. 323

يىگىرمە ئالتىنچى باپ پاجىئەنىڭ باشلىنىشى..... 332

يىگىرمە يەتتىنچى باپ قاپقان .................. 343

يىگىرمە سەككىزىنچى باپ پاجىئەنىڭ ئاخىرى......... 374

خاتىمە ........................................ 409

# مۇقەددىمە

قەدەم ئىزى — بىراۋنىڭ ماڭغانلىـ
غىنى كۆرسىتىدۇ.

— مەھمۇت قەشقىرى

ياش ئىدۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ ماڭغاندا بىز،
ئەمدى ئاتقا مىنگىدەك بوپ قالدى ئەنە نەۋرىمىز.
ئاز ئىدۇق مۇشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق، قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.
قالدى ئىز چۆللەر ئارا، گايى داۋانلاردا يەنە،
قالدى نى-نى ئارسلانلار دەشت-چۆلدە قەۋرىسىز.
قەۋرىسىز قالدى دىمەڭ يۇلغۇن قىزارغان دالىدا،
گۈل-چىچەككە پۈركىنۇر تاڭنا باھاردا قەۋرىمىز.
قالدى ئىز، قالدى مەنزىل، قالدى ئۇزاقتا ھەممىسى،
چىققىسا بوران، كۆچسە قۇملار ھەم كۆمۈلمەس ئىزىمىز.
توختىماس كارۋان يولىدىن گەرچە ئاتلار بەك ئورۇق،
تاپقۇسى ھىچبولمىسا، بۇ ئىزنى بىر كۈن نەۋرىمىز،
يا ئەۋرىمىز.

هۆرمەتلىك كىتابخانىلار:

شۇنداق غەزەللەرنى ياڭرىتىپ، بىپايان دالىلاردا كۆمۈلمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ ئۆتكەن كارۋانلار يۈرۈش باشلىغان چاغلاردا، بەلكى سىز تېخى تۇغۇلمىغان، ياكى تۇغۇلغان بولسىڭىزمۇ «تالچىۋىقنى ئات ئېتىپ» ئويناپ يۈرگەن بولغىيدىڭىز؛ كىم بىلىدۇ، بەلكى شۇ يۈرۈشلەرنىڭ بىرەرسىدە قارا بوراندەك ئۇچقۇر ئاتلارغا مىنگەن ئەزىمەتلەر بىلەن بىللە جەڭ مەيدانلىرىدا قىلىچ ئويناتقانسىز، ياكى ئېگىزلىكلەرنى كۆكرىگىڭىز بىلەن تىلغاپ، چۆچەكلەردىكى ئەجدىھالاردەك ئاغزىدىن ئوت چېچىپ تۇرغان پوتەيلەرگە ئۆزىڭىزنى ئۇرغاندا، بەدىنىڭىزنىڭ بىر يېرى «پىژ» قىلىپ قالغاندۇ-دە، ئۆزىڭىز شىرىن ئۇيقۇغا كەتكەندەك بولۇپ قالغانسىز. ئەمدىلىكتە بولسا، بەدىنىڭىزدىكى تاتۇقلارنى ھەر كۆرگەندە، شۇ كۈنلەر يادىڭىزغا كېلىپ، كۈلۈپ قويىدىغانسىز... كىم بىلىدۇ بەلكى بايىلا سىزنى خۇش چاقچاقلىرى بىلەن كۈلدۈرۈپ ئولتۇرغان سەپدىشىڭىزنى بىردەمدىن كېيىن، يۇلغۇن تۈۋىگە كۆمۈپ قويۇشقا توغرا كەلگەندە، كۆزلىرىڭىزدىن تارام-تارام ياشلار تۆكۈلگەندۇ، ياكى قاراڭغۇ كامىرلار يۇتۇپ كەتكەن يولداشلىرىڭىزنى ھەر ئەسلىگەندە، يۈرەك باغرىڭىز ئېزىلىپ كېتىدىغاندۇ...

ئاھ، كېسىلگەن باشلار، تۆكۈلگەن قانلار، دەريا-دەريا ئاققان ياشلار...

شۇنداق، شۇنداق. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈش، ھەممىسى تارىخ، ھەممىسى يورۇق دۇنيا ئۈچۈن بولغان ئىشلار. چۈنكى ئۇ چاغلاردا، دۇنيا بەكمۇ قاراڭغۇ ئىدى. بۇ قاراڭغۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلۇپ، يورۇقلۇق يۈزىنى كۆرۈش ئۈچۈن، بەك ئۇزۇن مەنزىللەرنى بېسىپ، ئاسمان پەلەك داۋانلاردىن ئېشىشقا توغرا كېلەتتى ۋە خۇددى ماكسىم گوركى ئېيتقاندەك، دانكوغا ئوخشاش پىداكار يول باشلىغۇچىلار لازىم ئىدى:

«... جاڭگاللىق شۇنداق قاراڭغۇلاشتىكى، دۇنيا يارالغاندىن بۇيانە قانچە قاراڭغۇ كېچىلەر ئۆتكەن بولسا، گويا شۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە يىغىلغاندەك بولۇپ قالدى... دانكو بىردىنلا ئۆزىنىڭ كۆكسىنى قولى بىلەن ياردى-دە، يۈرىكىنى يۇلۇۋېلىپ، بېشىدىن ئېگىز قىلىپ كۆتەردى. يۈرەك خۇددى كۈنگە ئوخشاش، ھەتتا كۈندىنمۇ يورۇق لاۋۇلدىدى. مانا ئەمدى ئادەملەرگە بولغان ئۇلۇغ مۇھەببەت مەشئىلى بىلەن يورۇغان پۈتۈن جاڭگاللىق جىمجىت بولۇپ قالدى. قاراڭغۇ زۇلمەت يورۇقچىلىقتىن قېچىپ، جاڭگاللىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى سېسىق سازلىققا بېرىپ تىقىلدى...»

قەدىمقى ئىتالىيىدە قۇللار ئارىسىدىن چىققان سپارتاك، خۇاڭخې دەرياسى بويلىرىدىن چىققان باھادىر شاھ لى زىچېڭ بىلەن «تەيپىننەم» زامانىسىنىڭ «ساماۋى شاھى» خۇڭ شيۇچۈەن، كونا روسسىيىدىكى كازاكلاردىن چىققان ستېپان رازىن بىلەن يېمىليان پۇگاچېۋ، ئۆچتۇرپان شەھىرىدىن چىققان رەھمەتۇللا بەگ بىلەن قۇمۇل تاغلىرىدىن چىققان تۆمۈر خەلپىمۇ، ئاشۇ دانكوغا ئوخشايدىغان كىشىلەر ئىدى.

تۆمۈر خەلپە جۇڭگودا ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال خانلىققا خاتىمە بېرىپ، ۋەتەن زېمىنىدا تۇنجى قېتىم جۇمھۇرىيەت بايرىقىنى تىكلىگەن «شىنخەي ئىنقىلاۋى»نىڭ ئىلھامى بىلەن تىيانشان ئېتەكلىرىدىمۇ ئىنقىلاپ بورانلىرى باشلانغاندا، ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن چىققان ئاجايىپ جەسۇر «بوران قۇشى» ئىدى. ئۇنىڭ پەرۋازى بىلەن قۇمۇل دىيارىدا باشلانغان بوران ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن شۇنداق كۈچەيگەن ئىدىكى، ئۈچيۈز نەچچە يىللىق قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ كۈيىقاپقا ئوخشاپ كېتىدىغان سۈرلۈك ئوردىسى بىلەن ئۈرۈمچى جاڭجۈڭلىرىنىڭ قارا دەرۋازىلىق يامۇللىرى زىلزىلىگە كېلىپ، گۇم بولۇشقا ئاز قالغان ئىدى. تارىختىكى بىر-مۇنچە دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىغا ئوخشاش، بۇ قوزغىلاڭ ھەم مۇرادىغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ۋاڭ ئوردىلىرى بىلەن جاڭجۈڭ يامۇللىرىنى گۇم قىلىشنىڭ مۇمكىنلىگىگە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئىشەندۈرۈپ، ئۇلارغا كۈچ ۋە ئۈمىد بەخش ئەتتى، ئاچچىق ساۋاقلارنى بېرىپ

كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تۆمۈر خەلپە يەتمىش نەچچە يىلدىن بۇيان، قۇمۇل خەلقىنىڭ ئاغزىدا داستان بولۇپ كەلمەكتە.

بۇ كىتاپ ئەنە شۇ تۆمۈر خەلپىگە بېغىشلىنىدۇ.

1936 - يىلى، يازدا، مەرھۇم ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن ئىككىمىز ئۈچتۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەلدۇق. ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرى باشلانغىچە، 1931 - يىلىدىكى قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى ۋە قوزغىلاڭدىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان خوجىنىياز ھاجىنىڭ مېھمانخانىسىدا يېتىپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. ھاجىم چۈشلۈك غىزاسىنى مېھمانخانىدىكىلەر بىلەن بىللە يەيتتى. داستىخان ئۈستىدە، ھەرخىل ماۋزۇلاردا پاراڭ بولاتتى. بىر كۈنى ھاجىم ئۆزىنىڭ يىگىتلىك چاغلىرىدا «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» غا قانداق قاتناشقانلىقى، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئاجايىپ ئىش - ھەركەتلىرى، مىجەز - خۇلقى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ، تۆمۈر خەلپە ئۈچۈن خاكچېك قەۋرىستانلىقىدا ① بىر گۈمبەز قوپۇرۇپ قويۇش نىيىتى بارلىقىنى ئېيتتى.

— «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» توغرىسىدا سىزنىڭمۇ ئاڭلىغانلىرىڭىز بارمۇ؟ — دېدى ئابباسوۋ ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا.

مەن بالىلىق چاغلىرىمدا، مارىخان موممىز بىلەن تۆگىچى بارات بوۋىدىن بىرمۇنچە ھېكايە - چۆچەكلەر قاتارىدا «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىمدىن ئېسىمدە قالغانلىرىنى سۆزلەپ بەردىم. ئابباسوۋ قىزىقىپ ئاڭلىدى ۋە خاكچېك قەۋرىستانلىقىغا بېرىپ كېلىشنى تەكلىپ قىلدى.

بىر قەۋرىستانلىق يېنىدىكى كىچىككىنە مەسچىت ئالدىدا، بېشىغا سەللە ئورىغان بىر بوۋاينى ئۇچراتتۇق. ئۇ كۆرۈنۈشىدىن

① ھازىرقى «تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ» بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئون توققۇزىنچى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىدا قەۋرىستانلىق بار ئىدى.

شۇ مەسچىتنىڭ مەزىنى ئىدى. سالامدىن كېيىن، تۆمۈر خەلپىنىڭ قەۋرىسىنى سورىدۇق. بوۋاي: «سىلەر تۇقـقانلىرى بولامسىلەر؟» دىدى ۋە جاۋابىمىزنى ئاڭلاپ، بىزنى كونا بىر قەۋرە ئالدىغا باشلاپ باردى. «مانا مۇشۇ قەۋرە شۇ. بۇ قەۋرىنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن قاتۇرغان» دىدى بوۋاي، ئاندىن، — «قېنى ئولتۇرۇڭلار، بۇ يەرگە كەلگەن بولغاندىن كېيىن، ئايەت ئوقۇپ ئۆتكۈلۈك» دەپ قىرائەت باشلىدى. دۇئادىن كېيىن، بىز يانچۇقلىرىمىزنى كولاپ، بار پۇلىمىزنىڭ ھەممىسىنى بوۋاينىڭ ئالدىغا قويدۇق. بوۋاي بىزگىمۇ دۇئا قىلدى.

— بۇ قەۋرە بەك ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. يېڭىلاپ قويساق بوپتىكەن، يا بولمىسا، بىر گۈمبەز قوپۇرۇپ قويساق، ياخشى بولغىدەك، — دىدى ئابباسۇپ بوۋايغا قاراپ.

— ئوبدان گەپ قىلدىڭىز بالام. گۈمبەز قوپۇرۇپ قويساق، ئوبدان بولاتتى. بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمىدى. بۇ ئەمدى سىلەرنىڭ ئىشىڭلار، — دىدى بوۋاي بىزگە قاراپ.

— بۇ كىشى ناھايىتى ھېكمەتلىك گەپ قىلدى. تۆمۈر خەلپىگە چوقۇم بىر گۈمبەز قوپۇرۇش لازىم، — دىدى ئابباسۇپ، قەۋرىستانلىقتىن چىقىپ كېلىۋېتىپ.

ئەپسۇسكى، بۇ گۈمبەزنى قوپۇرۇشقا خوجىنىياز ھاجىمنىڭمۇ، ئابباسۇپنىڭمۇ ئۆمرى يار بەرمىدى. يىللارنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا تۆمۈر خەلپىنىڭ قەۋرىسىمۇ ئىزسىز يوقىلىپ كەتتى. ھېلىقى بوۋاينىڭ ئېيتقىنىدەك تۆمۈر خەلپە ئۈچۈن بىر گۈمبەز قوپۇرۇش كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئىشى ئىدى. تاش-تۆپا ياكى پولات-بېتوندىن ئەمەس، ئېقى قەغەز، قارىسى سىيا بىلەن قوپۇرۇلغان گۈمبەزلا ھەرقانداق بوران-چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا قالىدىغان گۈمبەز بولالايتتى. مەرھۇم ئابباسۇپنىڭ دىگىنىمۇ شۇ بولسا كېرەك.

ئۆزۈمنىڭ ناتىۋانلىغىمغا قارىماي، شۇنداق گۈمبەز قوپۇرۇش نىيىتىدە بىرقانچە يىللار ئىزلەندىم، ئۆگەندىم، يىغدىم ۋە يېزىشقا كىرىشتىم. بىراق، يازغانلىرىمنى «ئون يىللىق جۇت» شىۋىرغانلىرى ئۇچۇرۇپ كەتتى. قەلىمىم سۇندى.

قەلەم سۇندى، ئەلەم ئەزدى دىلىمنى،
شامال دارىپ، كېكەچ قىلدى تىلىمنى.
قولۇم تۇتماس، پۇتۇم باسماس، پالەچ مەن،
نىمەم بىرلە قىلاي رازى ئېلىمنى!

يۈزمىڭ شۈكرىنكىم، قايتا باھار باشلاندى. باھار يامغۇرلىرى يېغىپ، سۇلىرى تاشتى. باھار قۇشلىرى سايراپ، دىلىمغا ئىلھام ۋە ئۈمىت، قولۇمغا كۈچ ۋە قۇۋۋەت بەخش قىلدى. دەۋران ماڭا يېڭى قەلەم بەردى. ئەمدى يازماي قاچان يازغۇلۇق!

تۆمۈر خەلپە — يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىنىڭ قانلىق سەھىپىلىرىدىكى بىر قەھرىمان شەخس. ئۇ، تارىخنىڭ كۆز يېشى. تارىخ — ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئاددى خاتىرىسى ئەمەس، بەلكى ماركس ئېيتقاندەك: «ئۆز مەقسىدىنى ئىزلەپ يۈرگەن ئادەمنىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت» بولغاچقا، تارىخي تېمىدا يېزىلغان رومان، چىن مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ھەم ھەقىقى تارىخ، ھەم بەدىئى ئەسەر بولۇشى، يەنى تارىخشۇناسلىق بىلەن رومانچىلىق سەنئىتىنىڭ جانلىق بىرىكمىسى بولالىشى، ھەممىدىن ئاۋال، تارىخي چىنلىقنى ئاساس ۋە ئالدىنقى شەرت قىلىشى لازىم. مۇنداق ئەسەر مۇئەللىپتىن تارىخ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىشنى ۋە تارىخ ئىچىدىن شۇڭغۇپ چىقىش ماھارىتىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن بۇ روماندا ئاشۇ پىرىنسىپلارغا قاتتىق ئەمەل قىلىشقا تىرىشتىم. تىرىشىش نەتىجىسىنىڭ قانچىلىك بولغانلىقى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئوبيېكتىپ باھاسىغا باغلىق. بۇ كىتاپ ھېچ بولمىغاندا، تارىخىمىز-

دىكى قەھرىمانلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىزلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە بىر باشلىنىش بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. كام يېرىنى كېيىنكىلەر تولدۇرار، خاتاسىنى كۆپچىلىك تۈزىتەر.

ئاخىرىدا ماڭا تۆمۈر خەلپە توغرىلىق نۇرغۇن ھېكايىلەر سۆزلەپ بەرگەن قۇمۇل تاراتىلىق روزى بوۋا (1983 - يىلى ئاپرېلدا بىر يۈز تۆت يېشىدا قازا قىلغان) قاتارلىق بوۋا - مومىلىرىمىنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىپ ئۆتكەچ، بەزى ئارخىپ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىنى بەرگەن پارتىيە رەھبەرلىكىگە، مېنى نۇرغۇن يازما ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن بۇرادىرىم مەرھۇم ئىسمائىل ئىبراھىمغا، ئابلىز ئىسمائىل، كېرەم رېھىم، ئابدۇللا ئەخمىدى، ئابدۇللا ئۇشۇر، رېقىپ تۆمۈردەك يولداشلارغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن!

# بىرىنچى باپ

# تاغ پەرىسى

مەڭىزلىرى گۈل - گۈل، كىرپىكلىرى خار،
قاپاقلىرى كەڭ - كەڭ، ئاغىزلىرى تار.

— ئەلىشىر ناۋايى

**1**

1911 - يىل. ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى. قارىغايزارلىق ياپ - يېشىل جىلغا.

تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىنىڭ ھەيۋەتلىك شارقىراشلىرى پۈتۈن جىلغىنى قاپلىغان. شۇ ئېقىن بويلاپ، خۇددى ئىلان ئىزىدەك سوزۇلغان چىغىر يولدا ئاتلىق بىر يىگىت دىمىغىدا ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى. يەلكىسىدىكى دۇشالقا (شىراق) لىق قارا مىلتىقى بىلەن غازىجۇغىسىدىكى بۆرە، سۇغۇر تېرىلىرى ئۇنىڭ ئوۋچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

بىردىنلا ھاۋا بۇزۇلدى، قارا بۇلۇت پارچىلىرى توپ-توپ قاغىلارغا ئوخشاش ئەگىپ كېلىپ، ئېگىز تاغلارنىڭ باشلىرىغا قونۇشقا باشلىدى. «ھوي جانىگەرەي! — دېدى يىگىت ئېتىنى دىۋىتىپ، — بۇ مېڭىشىڭدا مېنى يېرى-يامغۇردا قويىدىغان ئوخشايسەن، قېنى، قەدىمىڭنى ئىلداملاتقىنا!»

قارا ئات بورە مېڭىشىغا چۈشتى، بىراق، جىلغىغا ئۆسۈپ كىرگەن بىر تۇمشۇقتىن ئۆتۈش بىلەنلا، قاتتىق ئۈركۈپ ئارقىغا شوخشىدى. ئاتلىق ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە، ئوڭ تەرەپتىن بىر قىزنىڭ دادۇ-پەريادى ئاڭلاندى. چاچلىرى چۇگۇلغان قىز يىقىلىپ-قوپۇپ، قېچىپ كېلىۋاتاتتى. ئون-يىگىرمە قەدەم كەينىدە يوغان بىر ئېيىق ئۇنى قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى.

يىگىت ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئېيىققا ئوق ئۈزدى، ئېيىق دومبىلىنىپ كەتتى. بىراق، كۆكرىگىدىن قان ئېقىپ تۇرۇشىغا قارىماي، يەنە قوپۇپ دەھشەت بىلەن ھۆكۈرىگەن پېتى يىگىت تەرەپكە دەلدەڭشىپ ماڭدى. شۇ ئارىدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ كەتتى. يىگىت قارا مىلتىقىنى بەتلەشكە ئۈلگۈرەلمەي، ئۇنىڭ دۈشالقىسىنى ئېيىقنىڭ ئاغزىغا توغرىلىدى. ئىرغاي ياغىچىدىن ياسالغان دۈشالقا ئېيىقنىڭ گېلىغا نەيزىدەك سانچىلىپ قالدى. شۇ ئارىدا ئېيىق بىر سىلكىنىپ، ئاغزىنى بوشىتىپ ئالدى، ئەمدى يىگىت قېچىپ يۈرۈپ، مىلتىقىنىڭ پايىنىگى بىلەن ئۇنىڭ باش-كۆزىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. بىراق، بۇ يىرتقۇچ يېرىم جان بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، يەنىلا خىرىس قىلىپ تۇراتتى. يىگىت چاققانلىق بىلەن يانداپ كەلدى-دە، قولاقتىن ئېلىپ، كۆكرىگىگە بىر-ئىككى پىچاق ئۇرۇۋەتتى. ئېيىق تۇمشۇقى بىلەن يەر تىرەپ جىم بولدى. يىگىت ئۆزىمۇ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، ھېلىقى قىزنىڭ ھوشسىز ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، كىگىز قالپىقى بىلەن سۇ ئەكېلىپ يۈزىگە سەپتى. قىز بىر سەسكىنىپ كۆزىنى ئاچتىيۇ، بېشىنى كۆتىرەلمىدى.

قىزنىڭ چۈگۈلۈپ كەتكەن قاپ-قارا چاچلىرى ئارىسىدا، خۇددى بۇلۇتلار ئىچىدىن يېرىم كۆرۈنۈپ تۇرغان تولۇن ئايدەك يۇمۇلاق يۈزى مومدەك ئاقىرىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئىدى؛ گەز باغلاپ كەتكەن نېپىز لەۋلىرى مەھكەم يۇمۇقلۇق تۇراتتى. يىگىت بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن دەرمانى كەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ، نېرىدىراقتا قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ تۇرغان ئېتىنى تۇتۇپ كەلدى-دە، تېزە خۇرجۇندىن چايجۈشنى چىقىرىپ، چاي قاينىتىشقا كىرىشتى. چاي قايناتقاچ، ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ، ياغاچ چۆچەكتە چاي ئىچكۈزۈشكە باشلىدى. قېنىق چاي بىلەن بىر پارچە پېشلاق قىزغا دەرمان بولدى چېغى، ئۇ خېلى تېتىكلىشىپ، بويىنىغا چۈشۈپ قالغان ھال شايى ياغلىقىنىمۇ بېشىغا چىگىۋالدى. شۇ ئارىدا ئۆتكۈنچى يامغۇر قويۇۋەتتى. يىگىت بىلەن قىز بىر قارىغاي تۈۋىگە كېلىپ، يانمۇ-يان ئولتۇرۇشتى. قىز شۇنداق چىرايلىق ئىدىكى، يىگىت ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا بىر-ئىككى قېتىم قارىۋالدى. قىزنىڭ يېشىل مەخمەل كەمزۇلىغا قادالغان ئۇششاق كۈمۈش تەڭگىلەر بىلەن تۇمشۇقلىرى تاشتا تىلىنىپ كەتكەن گۈللۈك ئۆتۈكى يىگىتكە غەلىتە كۆرۈندى، «ھەي، بۇ قىز بىر خەقتىن ئەمەسقۇ؟ نەدىن كېلىپ بۇ يەرلەردە يالغۇز تېنەپ يۈرگەندۇر!؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ، ئەمما گەپ سوراشقا پېتىنالمايتتى. قىز بولسا، ئۆزىنىڭ نىجاتچىسى بولغان بۇ يىگىتكە ئاستىرتتىن قاراپ، نېمىدۇر دېمەكچى بولىدىيۇ، گەپ قىلالماي لەۋلىرى تىترەپ كەتتى ۋە شۇ چاغدىلا، يىگىتنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرى يىرتىلغان چاپىنى بىلەن بويۇن ئازلاپ سول مۈرىسىدىكى تىرناق ئىزلىرىدىن تەپچۈۋاتقان قان تامچىلىرىنى كۆرۈپ قېلىپ، دەرھال رومىلى بىلەن سۈرتمەكچى بولدى.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى يىگىت كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن قارىغاي تۈۋىدىن بىر سىقىم قۇرۇق توپا ئېلىپ، يارىسىغا بېسىپ قويدى.

— راقمېت سىزگې، جانىمنى ئايۇدان قۇتقارىپ قالدىڭىز! — دېدى قىز كۆزىگە ياش ئېلىپ.

يىگىتنىڭ گۇمانى توغرا ئىدى. بۇ رەھىمسىز تەقدىرنىڭ دەھشەتلىك بورانلىرى ئالىقاياقلاردىن قۇمۇل تاغلىرىغا ئۇچۇرۇپ كەلگەن قازاق قىزى ئىدى. يىگىت دادىسىنىڭ چوڭلارغا ئېيتىپ بېرىدىغان ئۆز سەرگۈزەشتىلىرى قاتارىدا قازاق خەلقى ھەققىدە قىلغان بەزى گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزى تېخى قازاقلارنى كۆرمىگەن ئىدى. شۇڭا، قىزنىڭ گېپىنى دەرھال چۈشىنەلمەي سەل تۇرۇۋېلىپ:

— ھە، ئېيىق، ئېيىق، ئۆزلە بولمىسىلا، بۇ ئېيىق مېنىمۇ يەپ قويۇردى، — دېدى، ئاندىن، — ئۆزلە نەتتىن كەلدىلە؟ — دەپ سورىدى قۇمۇل تاغلىقلىرى شىۋىسىدە.

قىزمۇ بۇ گەپنى تەستە چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ يىراقتىن كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئاندىن يىگىتنىڭ «ئەمدى نەگە بارسىلا؟» دېگەن سوئالىغا جاۋابەن، نەگە بېرىشىنى ئۆزىنىڭمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ يىغلاپ تاشلىدى. يىگىت پۈتۈن ۋۇجۇدى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك، بوشىشىپ كەتتى. «قانداق قىلسام بولۇر؟ ئۆيگە بارسىلا دېسەم ئۇنارمۇ؟ ئۇنىمىسچۇ؟ ئۇنى بۇ يەردە قانداقمۇ يالغۇز تاشلاپ كەتكىلى بولىدۇ؟!» دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئاخىرى، ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ: «بىزنىڭ ئۆيگە بارامدىلا، ئانچە يىراق ئەمەس» دېدى.

— ئۆيىڭىزدە كىمىڭىز بار؟ — دېدى قىز.

قىزنىڭ بۇ گېپى بىلەن يىگىت تېتىكلىشىپ، ئۆز ئۆيىدە قېرى ئاتا-ئانىسىنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ مالچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن كۈن كۆرىدىغانلىقىنى بىر نىمەلەر قىلىپ ئۇقتۇردى. قىز بېرىشقا رازىلىق بىلدۈردى. يىگىت ئۆتكۈنچى يامغۇرنىڭ ئاخىرقى تامچىلىرى ئاستىدا، ئېيىقنىڭ تېرىسىنى سويۇشقا كىرىشتى. قىزمۇ قوينىدىن پىچاق چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ياردەملەشتى.

يىگىت بۇنى كۆرۈپ، «ئۇلارنىڭ يۇرتىدا قىزلارمۇ پىچاق تۇتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالدى. كېيىن ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي، بۇ پىچاقنىڭ سىرى باشقىچە بولۇپ چىقتى.

يىگىت ئېيىق تېرىسىنى ئىگەرگە بۆكتۈرە لەپ بولۇپ، قىزنى ئاتقا مىنىشكە تەكلىپ قىلدى. قىز باشتا ئۇنىمايراق، كېيىن يىگىتنىڭ زورلىشى بىلەن ئاتقا مىندى. قىز بىر قەدەم ئالدىدا كېتىۋاتقان يىگىتكە ئەمدى، ئوبدانراق قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى-قامىتى، كەڭ يەلكىسى، بولۇپمۇ پالۋانلارچە مەردانە قەدەم تاشلىشى كىمدۇر بىرسىگە ئوخشاپ كەتكەندەك سېزىلدى-دە، بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئارقىدا قېلىۋاتقان ئىگىز تاغ چوققىلىرىغا ئىختىيارسىز بۇرۇلۇپ قارايتتى. ئۇنىڭ بوتا كۆزلىرىدىن مەڭىزىگە تېمىۋاتقان ياش تامچىلىرى پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياش نۇرىدا خۇددى سەھەر ۋاقتىدىكى شەبنەم دانىچىلىرىدەك پاقىرايتتى.

## 2

ئۈچ يۈز نەچچە يىل ھۆكۈم سۈرگەن قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى شامەخسۇت ۋاڭلىق قىلغان زامانلاردا (مىلادى 1875-يىلدىن 1928-يىلغىچە) قۇمۇل تاغ رايونلىرى ئون ئىككى سۇمۇلغا ① بۆلۈپ ئىدارە قىلىناتتى. بۇ ئون ئىككى سۇمۇل «ئون ئىككى تاغ» دەپ ئاتىلاتتى. ئون ئىككى تاغ: تاراتى، قوراي، تاشار، ئىدىر، باغداش، خوتۇنتام، شوپۇل، باي، ئارا تۇرۇك، نوم، تۇركۆل ۋە نېرىنكىر دېگەن يەرلەردىن ئىبارەت ئىدى. ھەر بىر تاغنى بىر دورغا ② باشقۇراتتى. نېرىنكىر قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى تىيانشان تاغ تىزمىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، قۇمۇلدىن باركۆلگە بارىدىغان يول

① سۇمۇل — موڭغۇلچە «يۇرت» دېگەن سۆز.

② دورغا ياكى دارۇغا — موڭغۇلچە «ئىدارە قىلغۇچى» مەنىسىدە. قۇمۇلدا ھەر بىر دورغا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مىڭ بېگى بىلەن تەڭ مەنسەپ ئىدى.



كۆشۈتە داۋان ئارقىلىق نىرىنكىر تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىن ئۆتەتتى. نىرىنكىرلىقلار ئاز-كۆپ تىرىقچىلىقنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرەتتى.

بايىقى ئوۋچى يىگىت ئەنە شۇ نىرىنكىرلىق سەپەرقۇل دېگەن مالچىنىڭ ئوغلى ئىدى. سەپەرقۇلنىڭ ئۆزى بولسا، ئون بەش يېشىدا قەرز تۆلىگىلى ھەمساۋىغا ۋاڭ ئوردىسىغا قۇللۇققا تۇتۇلغان ئىدى. شۇندىن باشلاپ، ئوردىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان پارچە-پۇرات ئىشلىرىدىن تارتىپ، ئات بېقىش، ھارۋا ھەيدەش، ۋاڭ بىر ياققا ماڭسا، جو (تەختىراۋان) كۆتىرىشكە ئوخشاش ئىشلار بىلەن ئۇنىڭ يىگىرمە بەش يىللىق ئۆمرى ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يىگىرمە بەش يىلنىڭ كۆپ قىسمى ئۇ يېقى بېيجىڭ، بۇ يېقى مورى، گۇچۇڭ، ئالتاي-چۆچەك، ئۈرۈمچى، تۇرپان يوللىرىدا، ۋاڭنىڭ سودا كارۋانلىرىدا تۆگە يېتىلەش بىلەن ئۆتتى.

شامەخسۇت ئەللىك تۆت يىل ۋاڭلىق قىلىش مەزگىلىدە، بېيجىڭدىكى مانجۇ خانلىرىنىڭ ئالدىغا ھەددى-ھىساپسىز سوغا-سالاملار بىلەن ئون نەچچە قېتىم تەزىمگە بارغان ۋە شۇ جەرياندا ئۇنىڭ مەنسەپ دەرىجىسى ئون سەككىز قېتىم ئۆستۈرۈلگەن ئىدى. شامەخسۇت ۋاڭ بېيجىڭغا قىلىنغان سەپەرلىرىنىڭ بىرىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، بىر چۈش كۆرۈپ قالىدى. تەبىرچىلەر بۇ چۈشنى «ئەگەر ئوردىنىڭ كونا قۇللىرىدىن بىرىنى ئازات قىلسا، گاڭ غوجامنىڭ مەرتىۋىسى تېخىمۇ ئۆسكەي» دەپ يۆرىدى. شۇنىڭ بىلەن شامەخسۇت ئونلىغان ئوردا قۇللىرىنىڭ ئىچىدىن سەپەرقۇلنى ئازات قىلىپ، ئۆز يۇرتى نىرىنكىرغا قايتۇرغان ئىدى.

سەپەرقۇل «ئازات» بولغاندا، قىرىق ياشقا كىرىپ قالغان، ئاتا-ئانىسى بولسا، ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇڭا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن ئەل-جامائەت ئۇنى جاھاندىن ئەۋلاتسىز كەتمىسۇن دەپ، رەۋىخان دېگەن بىر تۇل ئايالغا ئۆيلەندۈرۈپ قويغان ئىدى. ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتۈپ رەۋىخان بىر ئوغۇل

تۇغدى. سەپەرقۇل «مەن كۆرگەن قۇللۇق جەۋرىدىن خۇدايىم ئامان ساقلىغاي» دىگەن ئوي بىلەن ئىرىم قىلىپ، بالىغا «ئامانبەگ» دەپ ئات قويغۇزدى (قۇمۇلدا، ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ، ئۆز پەرزەنتلىرىگە «پالان بەگ-پوكۇن بەگ» دەپ ئات قويۇش بىر ئادەت ئىدى) بىراق، سەپەرقۇلنىڭ ئوغلىغا بۇ ئات سىڭمىدى. بالا يەتتە-سەككىز ياشلارغا كىرگەندە، مەھەللىدىكىلەر «ئامانقۇل» دەيدىغان بولۇۋالدى. ئىشتىك نىمە دىسە، بالىمۇ «ئامانقۇل» دەپ جاۋاپ بىرەتتى. شۇنداق قىلىپ، بالىنىڭ ئىتى «ئامانقۇل» بولۇپ قالدى. ئەمما بۇ ئىشلار سەپەرقۇلنىڭ كۆڭلىنى ناھايىتى غەش قىلاتتى. ئۇ «بۇ قانداق گەپ! ئۇلار بەگ بالىسى بەگ، قۇل بالىسى قۇل. سىنىڭ ‹قۇل› دىگەن ئىشتىك بالاڭغىمۇ مىراس بولۇپ قېلىشى كېرەك دىمەكچىمۇ؟» دەپ ئويلايتتى، كىملەرگىدۇ ئاچچىق قىلىپ.

بىراق، ئايلار، يىللار بىر خىلدا كىچىۋەردى، زامان ئۆز پەيلىنى ئۆزگەرتمەي ئۆتىۋەردى. سەپەرقۇلمۇ تەقدىرگە تەن بىرىپ، ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلىۋەردى. بالىنى بولسا، مىلتىق تۇتالايدىغان بولغاندىن باشلاپ، ئوۋچىلىققا ئۆگىتىپ كىلەتتى. ئامانقۇل يىگىتلىك دەۋرىگە يەتكەندە، ئۇستا مەرگەن بولۇپ قالدى. بىر كۈنى دادىسى ئۆزىنىڭ بىر دىن-بىر قىممەتلىك بايلىغى بولغان كونا قارا مىلتىغىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، «بالام، مەن قېرىپ قالدىم، ئەمدى ئۆزەڭ بىر نىمە قىل. خۇدايىم بەرىكە بەرسە، قەررزلەرنى ئۈزۈپ، تويلۇغۇڭنىمۇ راسلاپ ئالۇرمىز» دىدى. شۇندىن بۇيان، ئامانقۇل كەسپىي ئوۋچى بولۇپ قالدى. بەزىدە ئىككى-ئۈچ كۈنلەپ ئۆيگە قايتمايتتى. بۈگۈن ئۇ ئىككى كۈنلۈك ئوۋدىن قايتىپ كىلىۋىتىپ، بايىقى ئىيىق ۋەقەسىگە ئۇچرىغان ئىدى.

## 3

ئامانقۇل بايىقى قىز بىلەن يۇرت ئىچىگە كىرگەندە، ئاندا-ساندا چىراقلار يېنىپ، ئىتلار ھاۋشىماقتا، قوي-قوزىلار مەرەش-

مەكتە ئىدى. ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي يەر-جاھاننى كۈن-دۈزدىكىدەك يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئۇلار مەلىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئۆيگە يېقىنلاشقاندا، ھاۋشىپ كېلىۋاتقان «قارا يىلپىز»① ئۆز ئىگىسىنى تونۇپ، جىم بولدى-دە، قۇيرۇغىنى شىپاڭشىتىپ كېلىپ، ئامانقۇلنىڭ تېرە شالۋۇرىنى پۇراشقا باشلىدى. سەپەرقۇل بىلەن رەۋشەنخان مومايمۇ ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. بۇ، تاملىرى تاش-لاي بىلەن قوپۇرۇلغان ئاددى بىر ئۆي ئىدى، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا بىر كىچىك ئۆي ئاپپاق ئايدىڭدا خۇددى بوز گۈمبەزدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. قېرىلار ئامانقۇل بىلەن ئېسەنلىشىۋېتىپ، ئاتتىن چۈشۈۋاتقان قىزغا ھەيران بولغاندەك قاراشتى.

— مېھمان باشلاپ كەلدىم، — دېدى ئامانقۇل كۈلۈمسىرەپ. قىزمۇ قېرىلارغا نازۇك بىر ھەركەت بىلەن تازىم قىلدى.

— ھارمىغايلا، ئايلا ② قىزىم، — دېدى رەۋشەنخان موماي قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ. سەپەرقۇل قىزنىڭ كەمزۇلىدا پارقىراپ تۇرغان ئۇششاق تەڭگىلەرگە قاراپ، بىر زامانلار ئالتاي يايلاقلىرىدا كۆرگەن قازاق كېلىنچەكلىرىنى ئېسىگە ئالدى-دە، ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن قىزغا يېقىن كېلىپ: «خۇش كەپسىز قىزىم» دېدى.

قىز قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، بوۋايغا سالام قىلدى. سەپەرقۇل «ھەي مومىسى، بۇ ئايلا قىزىمنى كىچىك ئۆيگە باشلا» دەپ قويۇپ، ئات بىلەن ھەپىلىشىپ كەتتى ۋە «ئېيىقمۇ ئاتتىڭمۇ تېخى، خوي ئىش قىپسەنغۇ! ماڭ، ئەمدى سەنمۇ ھاردۇق ئال» دېدى ئامانقۇلغا.

① ئامانقۇل ئۆزىنىڭ ئىتىنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى.

② ئايلا — بۇ سۆز قۇمۇل شېۋىسىدە «خان قىز»، «خېنىم قىز» مەنىلىرىدە، ھەتتا ئىسىم ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئايلاخان، چوڭ ئايلا دېگەندەك.

قىز قارا چىراق يورۇغىدا، كونا بولسىمۇ، پاكىز يىغىشتۇرۇلغان كىگىز ئۆينىڭ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاچ، ئۆز ئۆيىگە كېلىپ قالغاندەك يېنىكلىك ھېس قىلاتتى.

— ئوت قالاپ بېرەي، كىيىملىرىنى قۇرۇتۇۋالسىلا، قىزىم، — دىدى موماي ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچ پۇتلۇق تۆمۈر ئوچاقتا ئوت يېقىۋېتىپ. قىز غەمكىن كۈلۈپ، مومايىنىڭ يېنىغا ئولتۇردى، «ھە، ئېيتىماقچى، بۇ ئايلا قىزىمنىڭ ئېتى نىمكىن؟» دەپ سورىدى موماي، ئوتنى پۈلەۋېتىپ.

— ئايسۇلۇ.

— ۋاي قىزىم، ئاتلىرى خويمۇ چىرايلىق ئىكەن. ئۆزلە كىمنىڭ قىزى؟

قىز جاۋاپ بەرمەي جىم ئولتۇراتتى. بىر چەتتە ئولتۇرغان ئامانگۇل گەپكە ئارىلىشىپ:

— ئىنە①، تولا گەپ سوراپ مېھماننىڭ كۆزىگە كىرىۋالماي، ئاۋال بىرگە چاي بەرسەڭچۇ، — دىدى.

— ۋاي شورۇم قۇرغۇر! دىمىسىمۇزە. راست ئەمەسمۇ؟ ئەدەم دىگەن نىمە قىرىغاندا زىيادە گەپلىك بوپقالىدىكەن، بالام. بۈگۈن سېنى كەپقالىدۇ دەپ، كۆجە قايناتىپ قويۇۋىدىم. ھازىرلا ئىسسىتاي، — دىدى موماي چىقىپ كېتىۋېتىپ.

تاغ پەسىيىزى ئارىلاشتۇرۇپ قايناتىلغان ئارپا كۆجىسى ناھايىتى مەزىلىك ئىدى... داستىخان يىغىلغاندا، سەپەرقۇل ئوغلىدىن ئېيىقنى قانداق قىلىپ ئېتىۋالغانلىقىنى سورىدى. ئامانگۇل بولغان ۋەقەنى تەلتۆكۈس سۆزلەپ بەردى.

— خۇدا ساقلىغاننى بۆرە يىمەس، يەي دىسىمۇ چىشى ئۆتمەس دىگەن شۇ. بۇ قىزىمىزنىڭ تەلىيى بار ئىكەن، — دىدى سەپەرقۇل.

— ئېتىمۇ چىرايلىق ئىكەن، ئايسۇلۇ دەيدۇ، — دەپ يېقىمـ

---

① ئىنە — ئانا.

لىق كۈلدى موماي.

— ئايسۇلۇ، — دېدى سەپەرقۇل ئۆز گۇمانىنىڭ تامامەن توغرا بولۇپ چىققانلىقىغا خوشال بولۇپ، — قازاقچىدا چىرايلىقنى «سۇلۇ» دەيدۇ، شۇنداقمۇ قىزىم؟ سىز ئالتاي ياقتىن كەلگەن ئوخشىمامسىز؟

قىز جاۋاپ بەرمەي، بېگىز بارمىقى بىلەن كىگىزنى تاتىلاپ جىم ئولتۇراتتى. سەپەرقۇل كۈلۈپ قويدى - دە، ئەمدى بۇ قىزنىڭ چوقۇم بىر چوڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى، ھازىرچە ياتسىراپ ئۆز دەردىنى ئېيتالمايۋاتقانلىقىنى پەملەپ، ئاتىلارچە مېھرىۋانلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— بوپتۇ قىزىم، قەيەردىن كەلگەن بولسىڭىز مەيلى، سىز بىزگە خۇدايى قوناق. مەن ياش چاغلىرىمدا سىلەرنىڭ سۈت - قىمىزلىرىڭلارنى كۆپ ئىچكەن، تۇز - تەمىڭلارنى كۆپ تېتىغان. بۇ ياخشىلىقنى بىر ياندۇرسام دەپ تىلەيتتىم. خۇدا بۈگۈن ئارزۇيۇمغا يەتكۈزگەن ئوخشايدۇ.

قىزنىڭ كۆزلىرىدىن تارامىلاپ ياش تۆكۈلۈپ كەتتى. رەۋىخان موماي ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ، ئۆزىمۇ كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى.

— بولدى قىل موميسى، ئەمدى بۇ ئايلا قىزىممۇ ئارام ئالسۇن، — دېدى بوۋاي ئامانقۇل بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، رەۋىخان موماي قىزنىڭ چاچلىرىنى تاراپ، ئۆزىنىڭ قىز تويىدا كىيگەن كىمخاپ جىيەكلىك گۈللۈك دۇخاۋا دوپپىسىنى ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويدى. دوپپا قىزغا شۇنداق ياراشتىكى، بىر قاراشتا ئۇ ئۇيغۇر قىزىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغان ئىدى. موماي ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىغا، ئىنچىكە قارا قاشلىرىغا، ئۇزۇن كىرپىكلىرى بىلەن بوتا كۆزلىرىگە، نېپىز لەۋلىرى بىلەن ئالمىدەك يۇمۇلاق يۈزىگە قاراپ، «يائاللا، ئەجەپمۇ چىرايلىق تۆرىلىپتىكەن، ئاسماندىكى ئاينىڭ ئۆزىلا» دەپ ئويلاپ: «جېنىم

بالام، ئۆزلەنى ئايقىز دېسەم بولغىدەك، ئايغىلا ئوخشايدىكەنلا»
دېدى. قىز مومايىنىڭ گېپىنى چۈشەندى. ئۆزىنىڭ پاجىئەلىك
سەرگۈزەشتىلىرى ۋە پايانسىز چۆلدە كېتىۋېتىپ، تۈن قاراڭغۇسىدا
يولدىن ئاداشقان يولۇچىنىڭكىدەك نامەلۇم تەقدىرى تۈپەيلى،
ئۆز ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋېلىشىنىڭ لازىملىقىنى ئويلاپ رازىلىق
بىلدۈردى. ئاخشىمى ئاش ئىچىۋېتىپ، رەۋىخان موماي بوۋاي
بىلەن ئوغلىغا بۇ گەپنى ئېيتىپ بەرگەندە ھەممىسى كۈلۈشۈپ
كەتتى.

— ھەي مومىسى، — دېدى سەپەرقۇل خۇش چاخچاقلىق
بىلەن، — سىڭىزە، دېمەيدىغان گېپىڭ، چالمايدىغان دېپىڭ
يوق. ئايقىز دېگىنىڭىز تازا بوپتۇ. ئەمما بۇ قىزىمنىڭ ئۆزىگە
پەسەنت كېلەرمىكىن؟ قانداق قىزىم، بۇ ئات سىزگە ياقامدۇ؟

قىز غەمكىن كۈلۈپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، قىزنىڭ ئېتى
ئايقىز بولۇپ قالدى.

ئايقىز شۇ كۈندىن باشلاپلا ئۆي يىغىشتۇرۇش، قازان-
قومۇچ يۇيۇش ۋە سېغىن قىلىشتىن تارتىپ، قۇرۇت قۇرۇتۇشقىچە
بولغان ھەممە ئىشلارنى قىلىشقا كىرىشتى. ئۆي ئەگىلىرىنىڭ
خۇشاللىقى ئىچ-ئىچىگە سىغمايتتى؛ بىراق، ئايقىزنىڭ كۆڭلى
دائىم سۇنۇق ۋە پات-پاتلا ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ، ئاھ چېكىشىنى
كۆرۈپ، ئىچى پۇشاتتى. خالىراق قالغان كەزلىرىدە «بۇ زادى
نېمە بولغان قىزدۇ، ئۇقۇپ باقساق بولاتتى» دېيىشسىمۇ، ئۇنى
ئاياپ، سوراشقا پېتىنالمايتتى. قىزنىڭ بۇ ئەھۋالى، بولۇپمۇ،
ئامانقۇلغا قاتتىقراق تەسىر قىلاتتى. ھىلىقى ئېيىق ۋەقەسى
بولغان كۈنى، قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقاندا، قىز بىلەن قارىغاي
تۈۋىدە يانمۇ-يان ئولتۇرغان سائەتتىن باشلاپ، ئامانقۇلنىڭ
قەلبىدە ئاجايىپ بىر ھىس پەيدا بولغان ئىدى. قىزنى ھەر
كۆرگەندە، يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كېتەتتى-دە، دەرھال يەرگە
قارىۋالاتتى. قىزنىڭ سەل-پەل ئېچىلىپ يۈرگىنىنى كۆرسە،

خۇشال بولغۇسى كېلىپ، ئاھ چەككىنىنى ئاڭلىسا، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئون - يىگىرمە كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

ئايقىزنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ قېلىشى، خولۇم - خوشنىلار بىلەن ئەلە - مەلنى تېخىمۇ ھەيران قىلدى. بەزىلەر يىراق - يېقىندىن ئەجەپسىنىپ قارايتتى، بولۇپمۇ، ئاياللارغا بولۇپ بەردى. بەزىلىرى بىرەر بانا بىلەن رەۋىخان مومايىنى گەپكە سېلىپ كۆرەتتى. رەۋىخان موماي بولسا، باشتا دېيىشىۋالغىنى بويىچە، ئاددىلا قىلىپ، بارىكۆلدىكى بىر تونۇشىمىزنىڭ قىزى دەپ جاۋاپ بېرەتتى. لېكىن بۇنىڭغا ھېچكىم ئىشەنمەيتتى.

«ئاچ نىمىنى يىمەيدۇ، ئەل نىمىنى دىمەيدۇ» دېگەندەك، ئاخىر ھەر خىل گەپ - سۆزلەر چىقىشقا باشلىدى. بەزىلەر «ئامانقۇلغا بىر تاغ پەرىسى ئۇچۇقشىپتۇ» دىسە، بەزىلەر «ئېيىق ئەپقېچىپ كەلگەن قىز ئىكەن، ئامانقۇل قۇتقۇزىۋاپتۇ، ئەمدى ئامانقۇلغا تەككىدەك» دىيىشەتتى. بەزى ئاق كۆڭۈل كىشىلەر: «ھەر نىمە بولسا، خۇدايىم سەپەرقۇلغا تەييار كېلىن بېرىپتۇ. بولمىسا، بۇ بىچارىلەر كىمنىڭ ئالدىغا قىز سوراپ باراتتى» دىسە، بەزى كۆڭلى قارىلار: «ئامانقۇل بىر قازاق قىزىنى ئوغۇرلاپ كەپتۇ، پۇلى يوق ئاشىق، تەييارغا مەشۇق دېگەن شۇ» دىيىشەتتى. بەزى ھاللىق ئائىلىلەرنىڭ يىگىتلىرى تارلىق قىلىپ، «پەرىدەك قىزنىڭ ئامانقۇلدەك يالاڭتۆشنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىنى قارىمامدىغان» دەپ نىيەتىنى بۇزۇشقا باشلىدى. بولۇپمۇ نىياز دورغىنىڭ ئەركە ئوغلى خامۇشبەگنىڭ پەيلى ھەممىدىن يامان ئىدى.

ئايقىز بولسا، تېخىچىلا سىر بەرمەي، ئاھ - ئۇھ چېكىپ يۈرەتتى. بىر كۈنى رەۋىخان موماي سەپەرقۇلغا مۇنداق دىدى:

— دادىسى، بۇ ئىش بولمىدى. مۇنداق ئۆتۈۋېرىپ، بۇ ئايلا قىزىم ئاغرىپ - تارتىپ قالمىغاي يەنە. ئۆزلە گېپىنى خېلى

ئوبدان ئۇقۇدىغان بولغاندىكىن، سوراپ باقمامدىلا. نېمە دەردى بولسا، ئىلاجىنى قىلمايمىزمۇ؟

— راست ئېيتىسەن مومىسى، — دېدى بوۋاي، — مېنىڭمۇ ئىچىم پۇشۇپ كەتتى. بۇ گۇۋالىغا① قاراپ، يۈرەك - باغرىم ئېزىلىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن بار يەردە سەن گەپ ئېچىپباق، نېمە دەركىن.

بىر كۈنى ئايقىز ئۆچكە تىۋىتىدىن يىپ ئىگىرىپ ئولتۇرغان-دا، رەۋشخان موماي مۇنداق دېدى:

— جېنىم بالام، مېنىڭ قىزىم يوق ئىدى. خۇدايىم ئۆزلەنى ئاسماندىن چۈشۈرۈپ بەردى. قاراڭغۇ ئۆيگە چىراق يېقىلغاندەك، ئۆزلە بىلەن ئىچ - قارنىمىز ئېچىلىپ قالدى. ئېيتسىلاچۇ، ياخشى كۈننىڭ يامىنىدا بىزنى تاشلاپ، كېتىپمۇ قالۇرلامۇ؟

ئايقىز بىردىنلا موماينىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. مومايمۇ، كۆز يېشى قىلىپ، ئاق لىچەكنىڭ ئۇچى بىلەن قىزنىڭ يېشىنى سۈرتەتتى. بىر هازادىن كېيىن، ئايقىز ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەشكە كىرىشتى.

① گۇۋال — ئۇۋاللىققا ئۇچرىغان بىچارە.

# ئىككىنچى باپ

## ئايقىزنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى

ئادەم — ئەڭ چۈرۈك قومۇش. بىر تامچە سۇمۇ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇ پىكىر قىلغۇچى قومۇش بولغاچقا، ئۆلۈمنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە ئۆز قاتىللىرىدىن ئۈستۈن چىقىدۇ.

— پاسكال بلېز①

### 1

مەلۇم بولدىكى، بۇ قىز مورى تاغلىرىدا ياشايدىغان ھاللىق بىر چارۋىچىنىڭ يالغۇز قىزى ئىكەن. مۇھەببەت ئىلاھى ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆزلىرىنىڭ مالچىسى يىتىم ئوغۇل جۇماتايغا باغلاپتۇ. ئۇلار قازاق خەلق چۆچەكلىرىدىكى «قوزى كۆرپەش بىلەن بايان سۇلۇ»غا ئوخشاش ئىشق - مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ

① پاسكال بلېز — مىلادى 1623 — 1663 - يىللىرى ياشىغان مەشھۇر فرانسۇز پەيلاسوپى.

يۈرىدىكەن. جۇماتاي ئۆز قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن قىزغا ئەلچى كىرگۈزەلمەي، يەر قاتتىق، ئاسمان ئېگىز بولۇپ يۈرگەندە، چىنگىل دىگەن يۇرتتىكى بىر ئوكۇرداي① بۇ قىزنى ئۆز ئوغلىغا سورىتىپتۇ. قىزنىڭ دۇنياپەرەست دادىسى نۇرغۇن «قالىن مال»② بەدىلىگە ماقۇل بوپتۇ. قىزنىڭ يىغىسىغا چىدىيالمىغان ئانىسى ھەرقانچە تىركىشىپ كۆرسىمۇ، گېپىنى ئۆتكۈزەلمەپتۇ. توي كۈنلىرى يېقىنلاشقاندا، قىز جېنىدىن تويۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بوپتۇ. جۇماتاي بۇنى سېزىپ قېلىپ، ساپ مۇھەببەت ئۈچۈن ياشاش يولىنى تېپىشنى، ئەگەر قىز لايىق كۆرسە، يىراق بىر ياقا يۇرتقا قېچىپ كېتىشنى تەكلىپ قىپتۇ. جۇماتاينىڭ ئېيتىشىچە، كۈن چىقىش تەرەپتىكى قۇمۇل دىگەن يۇرتنىڭ تاغلىرىدا بىپايان يايلاقلار بار، ئۇ يەردە بۇلارنى تونۇيدىغان كىشىمۇ يوق ئىكەن. قىز بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ماقۇل بوپتۇ-دە، ئىككى ئات تەييارلاپ، بىر كېچىسى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي يولغا چىقىپتۇ. بىرقانچە كۈنلەر چۆل-باياۋان، تاغۇ-دەشتلەرنى كېزىپ، مۇشۇ تاققا (ئېرىنكىرغا) ئۇلاشقاندا، ئۈچ ئاتلىقنىڭ ئىز قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. تەۋەككۈل دەپ تاققا يامىشىپ، قاق بەلگە چىققاندا، ئۈچ ئاتلىق قوغلىشىپ كېلىپ ئارقا-ئارقىدىن ئوق ئۈزۈپ، ئاتلىرىنى يىقىتىپتۇ (مەقسىدى تىرىك تۇتۇش بولسا كېرەك). جۇماتاي بىلەن ئايقىز ئۇدۇل كەلگەن تاشلارنى دومىلىتىشقا باشلاپتۇ. تاش-تاشقا تېگىپ، دەھشەتلىك بىر گۈلدۈرلەش ۋە قويۇق چاڭ-توزاڭ ئىچىدە ھېلىقىلار جىمىپ قاپتۇ. جۇماتاي ئۇلارنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ، ئات-قوراللىرىنى ئېلىشقا ماڭغاندا، بىر ئوق كېلىپ جۇماتاينى يىقىتىپتۇ. قارىغاندەك بولسا، ھېلىقىلارنىڭ بىرى يەنە ئۆمىلەپ كېلىۋاتقىدەك. ئايقىز غەزەپ بىلەن يەنە تاش دومىلىتىشقا باشلاپتۇ. بىر چاغدا ھېلىقى ئەبلەخنىڭمۇ

① ئوكۇرداي — قازاقچە «مىڭ بېگى» دىگەن سۆز.

② «قالىن مال» — قازاقچە «تويلۇق» دىگەن سۆز.

تاش ئاستىدا ئۆلۈپ ياتقانلىغىنى كۆرۈپتۇ. ئايقىز جۇماتاينىڭ يېنىغا كەلسە، ئۇ قىپ - قىزىل قانغا مىلىنىپ ياتقىدەك. قىز: «جۇماتاي، جۇماتاي!» دىگىنىچە، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ. جۇماتاي: «سۆيۈملۈگۈم، مىنى كەچۈر، ئاتا - ئاناڭ ۋە يۇرتۇڭدىن ئايرىپ، سىنى ئېغىر كۈنلەرگە قويدۇم. تەقدىر شۇنداق بولسا كېرەك، مەندىن رازى بول!» دىگەن گەپلەرنى ئېيتىپ، بىلىدىكى تاسما بەلۋىغى بىلەن پىچىغىنى قىزغا بىرىپتۇ - دە، قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ كۆز يۇمۇپتۇ. ئايقىز چاچلىرىنى يۇلۇپ، ياقىسىنى يىرتىپ، بىردەم ھۇشىدىن كەتكەندەك بوپتۇ. ئاندىن، «ئەمدى بۇ جانىڭ ماڭا نىمە كېرىگى بار» دەپ، جۇماتاينىڭ جەسىدىنى قۇچاقلىغان پېتى پىچاقىنى ئۆز كۆكرىگىگە سالماقچى بولغاندا، ئەلەم ۋە غەزەپكە تولغان ياش يۈرىگىدىن بىر سادا ئاڭلانغاندەك بوپتۇ:

«توختا! سۆيۈملۈگۈڭ جۇماتاي بۇ پىچاقنى ئۆزەڭگە سال دەپ بەردىمۇ؟ ياق، ياق! قىساس ئال دەپ بەردى، قىساس! قىساس! قىساسنى كىمدىن ئالىسەن، كىمدىن؟ ئۇكۇردايدىنمۇ؟ — ھە، ئۇكۇردايدىن! شۇ ئۇكۇردايغا ئوخشىغانلاردىن! قاچان؟ — كۈن ئۇزۇن، بىر كۈن بولمىسا، بىر كۈن قىساس ئالىسەن. شۇڭغىچە ياشاش كېرەك، ياشاش! ياشاش ئۈچۈن، ئەل بار يەرگە بېرىش كېرەك. ئەل كۆپ، ئەلنىڭ قويىنى كەڭ. ساڭا خەيرىخاھ كىشىلەر چىقىپ قالىدۇ، ياردەم قىلىدۇ، ئەلنى تاپ، ئەلنى!...»

شۇنىڭدىن كىيىن، ئايقىز جۇماتاينىڭ جەسىدى ئۈستىگە تاشلارنى قىرلاپ قەۋرە ياساپتۇ. ئاندىن تاش قەۋرىنى بىرنەچچە قېتىم چۆگىلەپ چىقىپ، ئۆز سۆيۈملۈگى بىلەن مەڭگۈلۈككە ۋىدالىشىپتۇ، تاغ - قىرلاردىن ئېشىپ، جىلغىغا چۈشۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر كىچە، ئىككى كۈندۈز جان ساقلاپ كېلىۋاتقاندا، ھىلىقى ئېيىق ۋەقەسىگە ئۇچراپتۇ.

شۇ گەپلەردىن كىيىن، رەۋىخان موماي ئۆزىنى ئاران

توختىتىپ، يىرىك ئالقانلىرى بىلەن ئايقىزنىڭ مەڭزىدىكى ياشلارنى سۈرتۈشكە باشلىدى ۋە مۇنداق دېدى:
— ۋاي يەر يۇتقۇرلار! بىچارە قىزنىڭ مۇشتۇمدەك بېشىغا تاغدەك ئېغىر كۈنلەرنى سالغىنىنى قارىمامدىغان! خۇدايىم جازا- سىنى بېرۇر.
— شۇنداق، — دېدى سەپەرقۇل، — بۇ ئالەم ئۇزۇن ئالەم، ئايىنىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا، ئون بەشى يورۇق. ھەرگىز غەم يىمەڭ قىزىم. بىرىنچى خۇدا، ئاندىن قالسا، بىز بار، يۇرت بار، ئۆزىمىز گاداي بولغان بىلەن كۆڭلىمىز باي. زامان تار بولغان بىلەن قوينىمىز كەڭ. مەن سىزگە ئاتىڭىز ئورنىدا ئاتا؛ بۇ موماي ئانىڭىز ئورنىدا سىزگە ئانا. تاپىنىڭىزغا كىرگەن تىكەن بىزنىڭ كۆزىمىزگە كىرسۇن.
ئايقىز ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئۇلارغا تەكشى قاراپ، «سىزدېرگە راقمىت!» دېدى.
— دادا، — دېدى ئامانقۇل جىددى بىر ئاھاڭدا، — رەمەتلىك جۇماتاينىڭ سۆڭىكىنى تېپىپ كېلىپ، بۆلەكتىن يەرلىككە قويساقمىكىن!
— خويمۇ ئوبدان ئويلاپسەن، مەنمۇ شۇنى خىيال قىلىۋىدىم. ئەتىلا خوشنىلاردىن ئىككى ئات سوراپ، ئۈچىمىز بارايلى. بۇ ئايلا قىزىم بولىغاندىكىن، تاپالۇرمىز دەيمەن، — دېدى سەپەرقۇل.
ئامانقۇل ھازىرلا ئات سوراپ قويۇشقا ماڭماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئايقىز گەپ باشلاپ، بۇ پىكىرگە قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئۇز يۇرتى بولغاندا، بىر قېتىم ئۆتكەن يەردىكى ھەر بىر تاش، ھەربىر تال گىيامۇ يادىدا قالغان بولاتتى. ئەمدى بولسا، بۇ ناتونۇش يەرلەردىن ھىلىقىدەك ئەھۋالدا ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، جۇماتاي ياتقان يەرنى تاپالىشى ناتايىن ئىكەن.
ئامانقۇل ئۇ تاغنىڭ بىرەر بەلگىسىنىلا دەپ بەرسە، جۇماتاي

ياتقان يەرنى تېپىشنىڭ تەس ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، ئۆز پىكرىدە قاتتىق تۇرۇۋالدى. ئايقىز ئۆز كۆڭلىدە جۇماتاينىڭ سۆڭىكىنى ئەكېلىپ، مۇشۇ يەردە باشقىدىن دەپنە قىلىشنى ناھايىتى خالاپ تۇرسىمۇ، بىرىنچىدىن، ئۇلارغا ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بېرەرمەنمىكىن، ئىككىنچىدىن، ئەل-يۇرت ئىچىدە گەپ-سۆز تېخىسمۇ كۆپىيىپ كېتەرمىكىن دەپ، يەنىلا بارماسلىقنى تەكىتلەپ تۇرغاندا، سەپەرقۇلنىڭ سىرداش دوستى ۋە يېقىن خوشنىسى نۇرۇل بوۋاي ئۆيگە كىرىپ كەلدى، سەپەرقۇل ئۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خوشال بولدى-دە، ئايقىزنىڭ پۈتۈن سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىرىدا باياتىن تالاش بولۇۋاتقان ئىش توغرىسىدا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىدى. نۇرۇل بوۋاي ئاپپاق ساقاللىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇ ئايلا قىزىم ئوبدان ئويلاپتۇ. دەرۋەقە، ئۇ رەھمەتلىكنىڭ سۆڭىكىنى يۆتكەپ كېلىپ، بۇ يەردە بۆلەكتىن دەپنە قىلساق، يەنە بىر مۇنچە گەپ-سۆز چىقىدۇ. ئاخۇنۇملار شېھىت نەدە ياتسا، جەننەتنىڭ قوۋۇقى شۇ يەردىن ئېچىلىدۇ دېيىدىكەن، ئىلاھىم شۇنداق بولۇر، ئەممازە، ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى قانداقلا بولسا تېپىپ، قەۋرە قوپۇرۇپ قويۇش كېرەك. مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇ.

ھەممەيلەن بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. نۇرۇل بوۋاي ئۆزىنىڭ قىرچاڭغۇسىنى بېرىپ تۇرىدىغان بولدى. ئامانقۇل يەنە بىر ئات تېپىپ قويدى. ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەن ئاتا-بالا ئىككىيلەن ئايقىز بىلەن يولغا چىقتى. ئۇلار مەرھۇم جۇماتاي ياتقان يەرنى مىڭ تەستە تېپىپ، تاش بىلەن پۇختا بىر قەۋرە قوپۇرۇپ قويۇپ، شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە قايتىپ كېلىشتى.

— ئەتە ھېلىقى ئالا ئوغلاقنى سويۇپ، رەھمەتلىك جۇماتايغا ئاتاپ نەزىر ئۆتكۈزەيلى، — دېدى سەپەرقۇل ئاتتىن چۈشۈۋېتىپ.

جامائەت نەزىردىن يېنىپ، ئۆيى ئىگىلىرى يالغۇز قالغاندا،

ئايقىز كەمزۇلنىڭ ئىچىدىن جۇماتاينىڭ تاسما بەلۋېغى بىلەن پىچىغىنى چىقىرىپ، ئامانقۇلغا ئىككى قوللاپ سۇنىدى-دە، «بۇ، سىزگە ئەستەلىك بولسۇن. سىزنىڭ قولىڭىز، مېنىڭدىن كۈچتى، جانا ئۇزۇن!» دېدى.

تاسما بەلباغ بىلەن پىچاقنى ئېلىۋېتىپ، ئامانقۇلنىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. يۈرىكى گۈپۈلدەپ سېلىپ، تومۇرلىرى كۆپچۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇ، پىچاقنى غىلاپتىن چىقارغاندا، كىگىز ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن كىرىۋاتقان كۈن شولىسى بىلەن پىچاقنىڭ يۈزى ۋال-ۋۇل قىلىپ، ئۆينىڭ ئىچى تېخىمۇ يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئامانقۇل پىچاقنى لەۋلىرىگە تەككۈزۈپ مۇنداق دېدى:

— ئۇقتۇم، بۇ پىچاق مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمرىيىم بولسۇن. مەن ئۇنى قانداق تۇتۇشنى ئوبدان بىلىمەن.

رەۋىخان موماي كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ ئايقىزنى باغرىغا ئارتتى.

## 2

شۇندىن باشلاپ ئايقىزمۇ ئۆتكەن ئىشلارنى بىر ئاز ئۇنتۇغاندەك ئېچىلىپ يۈرىدىغان بولدى. كۈنلەر ۋە ئايلار ئۆتكەنسېرى، گەپ-سۆزدىمۇ قىسىلماي ئۆي ئىگىلىرى بىلەن خېلى ئازادە مۇڭدىشالايدىغان بولۇپ قالدى. بوۋاي بىلەن مومايىنىڭمۇ كۆڭلى ئارام تېپىپ، ئۇلار بۇ ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەن قۇتلۇق كېلىننىڭ مەرىكىسىنى قاچان ۋە قانداق ئۆتكۈزۈش غېمىگە چۈشكەن ئىدى. ئامانقۇل بولسا، ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختىيار كىشىلەرنىڭ بىرى ھېساپلاپ، خۇشاللىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى.

شۇ ئارىدا، بىر ئاخشىمى نىياز دورغىدىن ئەلچى كېلىپ، ھەممىنىڭ ئارامىنى بۇزدى. ئەلچىنىڭ ئېيتىشىچە، دورغىنىڭ ئەركە

ئوغلى خامۇشبەگ بۇ قازاق قىزىغا كۆيۈپ قاپتىمىش. ئۇنى ئېلىپ بەرمىسە، دورغىنىڭ بېشى ساقايمىغىدەك. شۇڭا رەۋىخان مومايىنىڭ ھازىرلىق كۆرۈپ قويۇشى لازىم ئىمىش. ئەتە ئاخشام ئۇشۇر ئىدام نىكا ئوقۇغىلى كەلگىدەك، نىكادىن كېيىن قىزنى كۆچۈرۈپ كەتكىدەك.

— بۇ نىمە دېگەن گەپتۇ؟ — دېدى سەپەرقۇل ئەلچىگە كايىپ، — بۇ قىز ياقا يۇرتتىن كەلگەن مۇساپىر بولغان بىلەن، ھازىر مېنىڭ قىزىم. خۇدايىم ماڭا بەرگەن قىز. دورغامىزە، بۇ قىزنىڭ ئىگىسى يوق، نىمە قىلسام قىلىمەن دەمدىكەن. ھېچنىمەدىن ھېچنىمە يوق، نىكا ئوقۇتۇپ، كۆچۈرۈپ كەتكىدەك تېخى! گۈرۈچنىڭ خەۋىرى يوق، سەۋزە دەم يەپتۇ دېگەن شۇكەنزە!؟

— ھاي سەپەرقۇل ئاكا، — دېدى ئەلچى، — نىمە دەۋاتىسىلا؟ دورغام كىم، ئۆزلە كىم؟ ھالىڭىزغا بېقىپ گەپ قىلساق بولۇرمىكىن، ھېلىقى ياقا يۇرتتىن تېنەپ كېپقالغان قازاق قىزىكەن. ئۆز پۇشتىلىرىدىن تۆرەلگەن قىزلىرى بولسىمۇ، دورغام سورىسا، بەرمەيدىغان نىمە ھەددىلىرىدۇ!

— نىمە دېگەنلىرى بۇ؟ — دېدى رەۋىخان موماي، — چېچىم ئاقىرىپ، چىشىم سارغىيىپ، شۇنچە بولغىچە ئاڭلاپ باقمىغان يوچۇنلا گەپلەرنى قىلىدىلاغۇ! نىياز دورغىغا بېيىجىڭدىن چىڭگاڭ غوجاملىق مەنسۇۋى كېپقاپتىمۇيا؟

— ھاي، ھاي، شۇتتە① توختاپ قالسىلا بولۇرمىكىن، — دېدى ئەلچى پوپوزا قىلىپ، — ئىشەكتەك بوپقالغان قىزنى نامەرەم بولدۇ دېمەي ئۆيگە ئەپكىرىپ ئالغانلىرىنى چىڭگاڭ غوجام ئاڭلايدىغان بولسا، ھەر ئىككىلىرىگە قىرىق غولدا② ئۇرۇشتىن يانمايدۇ.

— ئەمدىزە، شۇ گەپ قالدىمۇ؟ نامەرەم بولىدىغان نىمە

---

① شۇتتە — شۇ يەردە.

② غولدا — ئۈچ قىرلىق پالاق.

ئىش بوپتۇ؟ خامۇشبەگ خەقلەرنىڭ قىز-جۇگانلىرىنى يىغىۋېلىپ، كېچە-كېچىلەپ مەشرەپ قىلسا، نامەرەملىك بولمايىزە، بىر مۇساپىر قىزنى قانىتىم ئاستىغا ئالسام، نامەرەملىك بولامدىكەن؟ — دېدى رەۋىخان موماي ئەلچىگە ئۆكۈپ.

شۇڭغىچە ئۆزىنى ئاران بېسىپ ئولتۇرغان ئامانقۇل ئورنىدىن دەس قوپۇپ، ئەلچىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە مۇنداق دېدى:

— خامۇش دېگەن ماڭقا ھەددىنى يىغىپ يۈرسۇن، ئەمدى بۇ قىزنى كۆزلەپتىمۇ؟ بۇ قىزنىڭ تاغدەك ئىگىسى بار، بۇ — تاغدىن ئېرىپ كەلگەن موگۇ ئەمەس. بىلىپ قويسۇن. ئۇ ماڭقىنىڭ يەتمىش موممىسىنى كۆرستىپ قويماي يەنە.

ئامانقۇل مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگۈپ، ھاۋادا پۇلاڭلاتتى.

بولۇۋاتقان گەپلەرنى تالادا ئاڭلاپ تۇرغان ئايقىز ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ، ئەلچىگە مۇنداق دېدى:

— مېنى سىزگە ئايتىپ قويايىن، بۇل ئۆيدان مېنى ھېچكىم تىرىك ئالىپ كېتەلمەيدى. خازىر ئۆلسىمدى، كېيىن ئۆلسىمدى، بارىبىر ئۆلۈم. سىز قوجايىنىڭىزغا شۇنى ئايتىپ قويىڭ.

ئەلچى نىمە دېيىشىنى بىلمەي، ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندا، رەۋىخان موماي مۇنداق دېدى:

— يوچۇنلا بىر زامانلار بوپكەتتىغۇ! «زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ»، «يىتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بېشى تاشقا تېگەر» دېگەندەك، بۇ ئايلا قىزىمنىڭ كۆڭلى ئەمدى بىرزە ئارام تاپقاندا، نىمە دېگەن دۇشقارچىلىق① بۇ!

كىگىز ئۆينىڭ ئىچى گۆرۈستان جىمەلىغىغا چۆمۈلدى. شۇ تاپتا ئۆي ئىگىلىرىمۇ، ئايقىزمۇ «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك» دېگەن سوئالغا جاۋاپ ئويلايتتى. ئايقىز ئۆزىنى بىر ياندا ھىلىقى ئوكۇرداي، بىر ياندا نىياز دورغىدەك ئاچكۆز بۆرىلەر ئارىسىدا قالغان قوزىچاقتەك ھىس قىلاتتى. نىمە دېگەن تار، نىمە دېگەن

① دۇشقارچىلىق — دىشۋارچىلىق دېمەكچى.

قورقۇنچلۇق جاھان ـ ھە! ئۇ يەرمۇ ئوخشاش، بۇ يەرمۇ ئوخشاش. نەگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت دېگەن شۇ بولسا كېرەك. ئەگەر قىز بولۇپ تۆرەلمىگەن بولسا، مۇنداق دىشۋارچىلىقلارغا دۇچار بولماسمىدىكىن! مۇنداق چاغلاردا، يەرنىڭ ئۈستىدىن ئاستى ياخشىراق. ياق ـ ياق! قانداقلا بولسا، ياشاش كېرەك. سەپەرقۇلدەك ئاق كۆڭۈل ئاتىنى، رەۋىخان مومايدەك مېھرىۋان ئانىنى، ئامانقۇلدەك جان كۆيەر، سادىق دوستنى تاشلاپ نەگە بارغۇلۇق؟! ئامانقۇل ئەمدى ئۆزىنىڭ سادىق دوستىلا ئەمەس، بەلكى...ھە شۇنداق! ئۇنىڭ ئۈستىگە، پۇتىدا چورۇق، ئەگىنىدە ياغاق تېرە، يېمىشى ئارپا، ئىچىشى كۆجە بولسىمۇ، كۆڭلى بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك، ئۆزى خۇددى قازاق خەلقىدەك مېھماندوست ئەل ـ يۇرتنى تاشلاپ نەگە كەتكۈلۈك؟! قاتار ـ قاتار قارىغايلار، چۇرۇقلاپ ئېقىۋاتقان ئەينەكتەك سۈزۈك سۇلار، قوي ـ قوزىلار يايراپ يۈرگەن بۇ يېشىل مەخمەلدەك بىپايان يايلاقلاردىن يەرنىڭ ئاستى قانداقسىغا ياخشىراق بولسۇن! ئۇنىڭ ئۈستىگە، رەھمەتلىك جۇماتاي جان ئۈزۈۋېتىپ، ئۆز پىچىقىنى نېمىشقا بەرگەن ئىدى؟ ئامانقۇل بۇ پىچاقنى قولىغا ئېلىۋېتىپ نېمە دېگەن ئىدى؟ شۇنداق! «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن سوئالغا ئەڭ ياخشى جاۋاپنى ئايقىزنىڭ ئۆزىلا تاپالايدۇ ۋە تېپىشى كېرەك.

ئىتلارنىڭ تۇيۇقسىز قاۋاپ كېتىشلىرى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ھەممەيلەننى خىيالدىن ئويغاتتى. ئامانقۇل «يەنە نېمە گەپتۇ» دەپ، تالاغا چىقتى.

## ئۈچىنچى باپ

# بوز ئاتلىق كىشى

قىرسامىمۇ ئۆكۈزدەك بويۇنتۇرۇق بويۇنۇمدا،
بالا - چاقام مەپتۇنى ھەم قۇلمەن ئۆيۈمدە،
ئۆيۈم - مۈلكىم، بار - يوقۇم بارماق بىلەن سانارلىق.
لېكىن، جاپا ساناقسىز، ئاتەشىندە يانارلىق،
جاپالاردىن نىتەيكىم، ماڭا نىجات يوق ئەسلا!

— كىسانى①

كەڭلىكنى سۆيگەن ئەقىل يۈرەكنى سىقار...

— ئا. س. پۇشكىن

**1**

ئۇن نەچچە قەدەم نېرىدا بىر ئاتلىق كۆرۈندى. ئامانقۇل ئاپپاق ئايدىڭدا بوز ئاتنى تونۇپ: «دادا، دادا، قارىغىنا كىم

① 9 - ئەسىردە ياشىغان پارس شائىرى.

كەپتۇ، ئىلدام بول» دېدى-دە، ئاتلىقىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. سەپەرقۇل بىلەن رەۋىخان مومايلار ئۆيدىن چىققاندا، بوز ئاتلىق كىشى ئامانقۇل بىلەن پاراڭلىشىپ، ئىشىك تۈۋىگىلا كېپقالغان ئىدى. سەپەرقۇل بۇ ئوتتۇرا بوي، كەڭ غوللۇق، كەكە ساقال، قاتاڭغۇر كىشى بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى. رەۋىخان موماي «خويمۇ ئوبدان ۋاختا كەپتىلا، ئۇكام» دەپ ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

مېھمان قىزىق پاراڭ بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، بېشىدىن كىگىز قالپىغىنى ئالغاندا، ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستى-دىكى قوي كۆزلىرى چىراق شولىسىدا ئوتتەك پارقىرايتتى. كەڭ ماڭلىيىدىكى چوڭقۇر قورۇقلىرى، ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن يۈزلىرى، قول-بىلەكلىرىدىكى كۆپچۈپ چىققان تومۇرلىرى ئۇنىڭ كۆپ جەۋرى-جاپا چەككەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

شۇ ئارىدا، ئامانقۇل بىر تىبرە خۇرجۇننى كۆتىرىپ كىردى. خۇرجۇننىڭ بىر بېشىدىن ھەرە قوندىقى چىقىپ تۇراتتى. مېھمان خۇرجۇننىڭ ئىككىنچى بېشىدىكى قاتتىق-قۇرۇقلار ئىچىدىن ياغلىققا تۈگۈلگەن بىرنەچچە كاللەك قەن بىلەن بىر بۇلۇڭ چاينى چىقىرىپ، رەۋىخان مومايىنىڭ ئالدىغا قويغاچ، «ئاز بولسىمۇ بالىلارنىڭ ئاپىسىنىڭ كۆڭلى، ئايلا ئاپا!»① دېدى.

رەۋىخان موماي رەھمەت-تازىمدىن كېيىن، دەرھال قەننى چېقىپ، بىر پارچىسىنى ئايقىزغا بەردى.

— بۇ ئايلا قىزىم كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى مېھمان.

سەپەرقۇل ئۆتكەن ۋەقەلەرنى باشتىن-ئاخىر سۆزلەپ بەردى. ئارىلاپ-ئارىلاپ گەپ قىستۇرۇپ ئولتۇرغان رەۋىخان موماي باياراق ھىلىقى ئەلچى بىلەن بولغان گەپلەرنى ئېيتىپ، «قارىسىلا

① ئايلا ئاپا — خان ئاچا دېگەن مەنىدە. جانلىق تىلدا «ئايلا» بىلەن «ئاپا» ئارىسىغا «ر» تاۋۇشى قوشۇپ ئېيتىلىدۇ.

ئۇكام، ئادەمنى مۇنداقمۇزە ئانىسى ئەتكەن بارمۇ؟» دەپ كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى. مېھمان «سەۋرى قىلىسىلا ئايلا ئاپا، سەۋرى قىلىسىلا» دېدى، ئاندىن، ئايقىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «غەم يېمىسىلە قىزىم! تاڭ ئاتمايدىغان كېچە يوق. ھىلىقى ئوكۇرداي بىلەن نىياز دورغىغا ئوخشىغانلارنىڭ زاۋالى يېقىنلاپ قالدى. ئۇيغۇرمۇ، قازاقمۇ، ھەممە پۇقرانىڭ تەقدىرى بىر، نەچچە ۋاقتىن تەڭ يىغلاپ كەلدۇق، ئەمدى كۈلسەكمۇ تەڭ كۈلىمىز. ئەل بار، بىز بار. ئۆزلەنى قاناتلىقتا قاقتۇرماي، تۇمشۇقلۇقتا چوقتۇرماي، بىللە ئۆتىمىز» دېدى.

## 2

بۇ بوز ئاتلىق كىشى تۆمۈر خەلپە ئىدى. ئۇ چاغلاردا، خەلق ئۇنى كەسپىگە قاراپ «تۆمۈرمۇجاڭ (ياغاچچى)» دەپ ئاتايتتى. كېيىنچە، قوزغىلاڭ جەريانىدا، خەلق ئۇنىڭغا «خەلپە»① دەپ ئۇنۋان بەرگەن.

تۆمۈر خەلپە تەخمىنەن 1871-يىلى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ چەت يېزىلىرىدىن بولغان بوغاز دېگەن يەردە بىر نامرات دېخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۈچ قىز ئىچىدە بىر ئوغۇل ئىدى. دادىسى ئۇنىڭ زېرەكلىكىگە قاراپ، «مۇشۇ بالامنى بولسىمۇ ئوقۇتاي، چوڭ بولغاندا بىرەر مەسچىتكە ئىمام بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس» دېگەن خىيال بىلەن ئۇنى ئالتە يېشىدىلا مەكتەپكە بەردى، بالا ياخشى ئوقۇشقا باشلىدى، بالاغەتكە يەتكىچە قۇرئان ساۋادى چىقىپ، ئانچە-مۇنچە كىتاپمۇ ئوقۇيالايدىغان بولۇپ قالدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ ئىنىسى شاكىر تۇغۇلدى. بىراق، بىرى تۈگسىمەي بىرى، بىرىسىگە

① خەلپە — ئەرەپچىدىكى «خەلىپە»، يەنى ئىزباسار دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىپ ئېيتىلىشى بولۇپ، قۇمۇلدا پەقەت ئۇستاز ياكى يولباشچى دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلەتتى.

قوشۇلۇپ مىڭى كېلىۋاتقان ئېغىر ئالۋاڭ ـ ياساقلار دەستىدىن كۈن كۆرۈش تەسلىشىپ كەتكەچكە، تۆمۈر ئون بەش يېشىدا ئوقۇشنى تاشلاپ، قولىغا كەتمەن ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمدى، دادىسى «ئىشلا بولسا، ھۈنەرنىڭ بەرىكىتى تولا، ھۈنەر، ھۈنەردىن بەرىكە ئۈنەر» دېگەن خىيال بىلەن ئۇنى ئۆزىنىڭ ياغاچچى دوستى سۇلايمان ئۇستىغا شاگىرتلىققا تۇتۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، تۆمۈر يىگىتلىك قورامىغا يەتكەندە، خېلى ئۇستا ياغاچچى بولۇپ قالدى.

ئەمما، بۇ ھۈنەر ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ئەمەس، ئاپەت ئېلىپ كەلدى. شامەخسۇتنىڭ قەسرى ـــ ئايۋان قورۇلۇشلىرىغا تۇتۇلۇپ، نەق ئون ئىككى يىل ئۆمرى بىردەم قۇللۇقتا ئۆتتى. ھەتتا ئاي ـ ئايلاپ ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن بالا چاقىسىنىڭ يۈزىنىمۇ كۆرەلمەيتتى.

بۇ شۇنداق زامان ئىدىكى، توققۇزىنچى ئەۋلات قومۇل ۋاڭى شامەخسۇت 1875 ـ يىلى تەختكە ئولتۇرغاندىن باشلاپ، «تارخانلىق جاساق»① تۈزۈمىنى ئىنتايىن قاتتىق قىللىق بىلەن يۈرگۈزۈش

---

① تارخان ياكى دارخان ـ (موڭغۇلچە) بىرخىل مەنسەپ ياكى ئۇنۋان نامى. قەدىمقى موڭغۇل ۋە تۈركى قەبىلىلەردە ئاددىي خەلقتىن كېلىپ چىقىپ، ھەربىي ياكى باشقا جەھەتلەردە چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە تارخان بەگلىك ئۇنۋانى بېرىلەتتى. مۇنداق ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر سىياسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە بىرمۇنچە ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ، ھۆكۈمران تەبەقە ئەزاسىغا ئايلىناتتى. ئۆزىدىن كېيىن، بۇ ئىمتىيازلىرى ئەۋلاتلىرىغا مىراس بولۇپ قالاتتى. قومۇلدا ئۈنجى قېتىم (1606 ـ يىلى) مۇھەممەتشا غوجا ۋاڭلىق تۈزۈمىنى ئورناتقان بولسىمۇ، ئۇ، ھەمۇرى جەھەتتىن يەركەن خانلىقىغا قاراشلىق بىر ھېكىم بەگ بولۇپ تۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى جۇڭغار توپىلىڭىنى تىنجىتىشتا مانجۇ خاندانلىقىغا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، كاڭشى خان (ئىشىنكىزو) 1663 ـ يىلى ئەبەيدۇللاغا بىرىنچى دەرىجىلىك «تارخان بېگى» مەنسىۋىنى بېرىپ، شەرقتە شىڭشىڭشادىن باشلاپ، غەرپتە يەتتە قۇدۇققىچە بولغان پۈتۈن قومۇل رايونىنى ئۇنىڭغا «جاساق» قىلىپ بەردى. شۇندىن باشلاپ، 1928 ـ يىلى شامەخسۇت ئۆلگەنگە قەدەر «تارخانلىق جاساق» ئىمتىيازى ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ كەلدى. شامەخسۇتتىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى نەزەر دەۋرىگە كەلگەندە (1933 ـ يىلغىچە)، قومۇلدىكى ۋاڭلىق تۈزۈمى ئاتاقتا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ، ئاخىر بىكار قىلىندى.

تە ئۆزىدىن بۇرۇنقى ۋاڭلارنىڭ ھەممىسىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى.
ئۇ، قۇمۇل خەلقىنى ئۆزىنىڭ «قۇلى»، قۇمۇل رايونىنى ئۆز «جاسىخى»
(ئاتا مىراس زېمىنى) دەپ ھېساپلايتتى؛ مانجۇ خانلىقىدىن بېرىل-
گەن ئىمتىياز بويىچە، بېيجىڭدىكى خانلىق ھۆكۈمەتتىن باشقا،
يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىتائەت قىلمايتتى. شۇنىڭ
ئۈچۈن خەنزۇ-خۇيزۇ پۇقرالارنى قۇمۇل ئامبىلى سورىسا، يەرلىك
خەلقنى شامەخسۇت ئۆزى خالىغىنىچە باشقۇراتتى. ئۇلار خەنزۇ-
خۇيزۇ پۇقرالار بىلەن بىر قاتاردا، چېرىكلەرگە يەم-بوغۇز،
ئوتۇن-سامان بېرىش ۋە باشقا ئالۋاڭلاردىن تاشقىرى، شامەخسۇت
ۋە ئۇنىڭ بەگلىرىگە قاراشلىق بىرقانچە ئون مىڭ مولۇق تېرىلغۇ
يەرگە ئۆز ئوزۇغى ھەم قورال-سايمانلىرى بىلەن بېرىپ، ھەر
ئايدا بەش كۈن ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بېرىشكە، يەر ئىجارىسىدىن
تارتىپ سۇ بېجى، تۇز بېجى، جان بېجى، قان بېجى دىگەندەك يىگ-
ىرمە ئوتتۇز خىل باج ۋە ئالۋاڭ-ياساقلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا
مەجبۇر ئىدى. يامۇلنىڭ قارا چاپانلىق يايىلىرى بىلەن ۋاڭنىڭ شاپ
بۇرۇت ياساۋۇللىرى يېزىلارغا ئات چاپتۇرۇپ كېلەتتى-دە، بىرى
ۋاقىراپ «ئوتۇن-سامان بەر» دەيتتى، بىرى «ئالۋاڭ كەلدى
ماڭ» دەيتتى. بەرمىگەننى ساۋايتتى، ماڭمىغاننى باغلايتتى؛ كۆزدە
ياش، يۈزلەردە قان، بوۋاق قالاتتى يىغلاپ، ئانا قالاتتى قاخشاپ،
تاغ خەلقىنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەس ئىدى. ۋاڭغا قاراشلىق بەش
يۈز مىڭ قوي، ئۆچكە، يىگىرمە مىڭ يىلقا، ئوتتۇز مىڭ كالا،
سەككىز مىڭ تۆگىنى ھەقسىز بېقىپ بېرىش ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتى
ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋاڭنىڭ ھەربىر ساغلىغى يىلدا بىر قوزد-
لىشى، ھەربىر بايتىلى يىلدا بىر قۇلۇنلىشى، ھەر بىر ئىنىگى يىلدا
بىر موزايلىشى، ھەر بىر ھىڭگاڭ (چىشى) تۆگىسى يىلدا بىر
بوتىلىشى لازىم ئىدىكى، ھەرقانداق تەبىئى ئاپەت ۋە باشقا ئەھ-
ۋاللار يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ يىلنىڭ كۈز پەسلىدە

بولىدىغان ساناقتا ھەر بىر چىشى مالغا يەنە بىرى قوشۇلىشى، يەنى مەسىلەن، بۇ يىلقى يۈز ساغلىق كېلەر يىلى چوقۇم ئىككى يۈز بولۇشى، ئۇنىڭ بىرەرسىمۇ بۆرە يېمەسلىكى، ئوغرى ئالماسلىقى، جۇت سوقماسلىقى ياكى بىرەرسىمۇ تاغدىن غۇلاپ كەتمەسلىكى لازىم. ئەكسىچە بولغاندا، چوقۇم تۆلەپ بېرىلىشى شەرت ئىدى. بۇنىڭ ئېتى «تۆمۈر چارۋا» بولۇپ، ھەر يىلنىڭ كۈزلۈكى بولىدىغان «تۆمۈر چارۋا» سانىقىدا شۇ ھېساپقا توشمىغان چارۋىنىڭ تۆلىكى ئۈچۈن يۈزلىگەن مالچىلار خانىۋەيران بولۇپ، بەزىلىرى ۋاڭ ئوردىسىغا قۇللۇققا تۇتۇلۇپ كېتەتتى.

دىخاننىڭ ھالى ئۇنداق، چارۋىچىنىڭ كۈنى مۇنداق بولغاچقا، ئەمگەكچى خەلق:

دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىم ئىچىمدە بىر تولۇم.
شامەخسۇت زامانىدا،
قات ـ قات كەلدى بۇ زۇلۇم...

شامەخسۇت زامانىدا،
ئالۋاڭلار ئېغىر بولدى.
قات ـ قات تېگىپ قامچىلار،
دۈمبىلەر يېغىر بولدى.

دەپ زار ـ زار قاخشايتتى.

شامەخسۇت ۋاڭ يەرلىك خەلقنى خالىغىنىچە قاماش، پالاش، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، ھەتتا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئۆز ھاياتىغىمۇ ئىگە بولالمايتتى.

هاراق دىگەن ئاچچىق نىمە، شىك-شىك قايناىدۇ،
چىلەككاك غوجام كايىپ قالسا، نومغا پالايدۇ.
پالىسىمۇ پالىسا، ئىتىپ سالمىسا،
چۆچۈرىدەك بەش بالامنى يىتىم قويمىسا.

لىكىن، «بوغۇزلايمەن دىسە، قويمۇ تىپىرلايدۇ» دىگەندەك، ئاخىر، خەلق بۇ زۇلۇملارغا چىدىماي قوزغىلىشقا باشلىدى.

1907-يىلى، ئەمدىلا ئەتىياز كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر سۇمباتلىق كىشى ئۆز يىقىنلىرىدىن تۆت-بەش كىشىنى يىغىپ: «ھەي بۇرادەرلەر، پىچاق گۆشتىن ئۆتۈپ سۆڭەككە، سۆڭەكتىنمۇ ئۆتۈپ يىلىككە يەتتىغۇ! ئىيتىڭلارچۇ، مۇشۇنداق ئۆتۈۋىرىمىزمۇ؟» دىدى. بۇ تورپاق جەمەتىدىن موللا راجى دىگەن كىشى ئىدى.

— راست ئىيتىسەن، — دىدى دۇگامەت دىگەن كىشى، — ئۇرۇ-مچىدىن يىڭى ئامبال كەپتۇدەك. ئاۋال شۇنىڭغا ئەرز سۇنۇپ باقساق، قانداق بولۇركىن!؟

— ئاق ئىت، كۆك ئىت — ھەممىسى بىر ئىت. ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئامبال بىزنىڭ ئەرزىمىزگە قۇلاق سالامتى! — دىدى ياشراق بىرسى.

— ئۇنداقلا دەپ كەتمىسىلە، — دىدى بايىقى دۇگامەت دىگەن كىشى، — بۇ ئامبال قۇمۇلغا كىلىپ، ئۈچىنچى كۈنىلا شەن يامۇلنىڭ سولاقخانىسىدىكى گۇناكارلاردىن گەپ سوراپتىمىش، ئۇگال بوپتۇ دەپ تۆت كىشىنى چىقىرىۋىتىپتىمىش.

— ئۆزىنىڭ خىتايلىرىنى چىقىرىۋەتكەندۇزە!

— ياق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇلتۇر شامەخسۇت سولىتىۋەتكەن قارىسۇلۇق بوسۇق ئۇستىمۇ بار ئىمىش.

— ئالەم تەكشى ئەمەس. ئىمانى بولمىغان بىلەن ئىنساۋى باردۇ. تەلىيىمىزنى سىناپ باقمايمىزمۇ، — دىدى تورپاق موللاراجى.

شۇنداق قىلىپ، قۇمۇل خەلقى نامىدىن تورپاق موللاراجى باشلىق قىرىق - ئەللىك كىشى بارماقلىرىنى بېسىپ، يېڭى ئامبالغا خەنزۇچە ئەرز خەت سۇنۇشتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، يېڭى ئامبال تورپاق موللاراجى باشلىق ئۈچ كىشىنى چىقىرتىپ، ئۆزىنىڭ تۇڭچىسى (تەرجىمانى) ئارقىلىق مۇنداق دېدى:

— تەلىۋىڭلار ئورۇنلۇق، بۇ يەردىلا ئەمەس، ئىچكىرىسىدىمۇ، پۇقرالارنىڭ كۆڭلى ئېغىر، مەن سىلەرنىڭ تەرىپىڭلاردا تۇرىمەن. ئەمما لېكىن، شامەخسۇت ۋاڭغا مېنىڭ كۈچۈم يەتمەيدۇ. ھەر ھالدا، مەن بۇ تەلىۋىڭلارنى مەلۇم قىلىپ كۆرەي. ياخشىسى، سىلەرمۇ، ۋاڭغا ئەرز خەت تۇتۇڭلار. بىرلىكتە تىرىشىپ كۆرەيلى.

— ئەرز خەت تۇتمىدى دەمدىلا! تولا يىغلاپ، كۆزىمىزنىڭ يېشىمۇ قۇرۇپ كېتەي دېدى، بىزنىڭ ئەرز خەتلىرىمىز ئوردا بەگلىرىنىڭ يانچۇقىدىلا تىتىلىپ تۈگەيدۇ، — دېدى تورپاق موللاراجى رەنجىشلىك بىلەن.

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، شامەخسۇت ۋاڭ پۇقرانىڭ ئەرز-دادى بولسا، ئۆزەمگە مەلۇم قىلسۇن دەپ، پات - پات ئوردا راۋىقىغا چىقىپ، خەلققە كۆرۈنۈپ تۇرارمىشقۇ؟ — دېدى ئامبال كۈلۈمسىرەپ.

دەرۋەقە، شامەخسۇت ۋاڭ قەدىمقى ئادىل پادىشالارنى دوراپ، شۇنداقمۇ قىلاتتى، ئەرز-دادى بارلار ئەرز خەتلىرىنى بېشىدىن ئېگىز قىلىپ تۇتقان پېتى راۋاقنىڭ ئۇدۇلىدا تازىم قىلىپ تۇراتتى. شامەخسۇت ئېگىز راۋاققا چىققاندا، كۆزى چۈشۈپ قالسا، ئۆزىنىڭ كالىرىنى ① چىقىرىپ، ئەرز خەتلىرىنى ئالدۇرۇپ كىرەتتى ۋە ئادەتتىكى ئىشلار بولسا، بەگلىرىنىڭ دەرھال بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇراتتى. لېكىن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئىشلار بولسا، ئەرز خەت تۇتقانلار جازاغا

① كا — كېچە - كۈندۈز ۋاڭنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلىدىغان خاس خىزمەتچى.

تارتىلاتتى. بۇنىڭ تېگىنى ھەممە كىشىنىڭ چۈشىنىپ كېتەلىشى ناتايىن بولغاچقا، بۇ قېتىممۇ، ئامبالنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تورپاق موللاراجى باشلىق كىشىلەر ئىككى گەز ئۇزۇنلۇقتىكى ئاق خەسىگە يوڭ قەلەم بىلەن يېزىلغان تەلەپنامىنى خادا ياغاچقا بېكىتىپ، ۋاڭنىڭ راۋىقىغا ئۇدۇل كەلتۈرۈپ، سېپىلنىڭ سىرتىغا قاداپ قويدى ۋە ئۇنى ھەر كۈنى ئون-يىگىرمە كىشى قوغداپ تۇراتتى.

بىراق، شامەخسۇت ۋاڭ ئۆزىنىڭ ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق بۇ تەلەپنامىنىڭ مەزمۇنىدىن ئاللىقاچان خەۋەردار بولۇپ بولغاچقا، خېلى كۈنلەرگىچە راۋاققا چىقمىدى. بىر كۈنى ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەت-چىلىرى بىلەن راۋاققا چىقتى-دە، پەستە قاراپ تۇرغان خەلققە قاراپ، مەسخىرە بىلەن كۈلۈشكە باشلىدى. جېنىدىن تويۇپ تۇر-غان خەلقمۇ بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي، شامەخسۇت ۋاڭنى مەسخىرە قىلدى. شامەخسۇت ۋاڭ كايىپ كېتىپ، مۇھاپىزەتچىلىرىگە: «نېمە قاراپ تۇرۇشىسەن، ئات!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. مىلتىقلار تاراسلاپ، ئادەملەر يىقىلىشقا باشلىدى. قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈلدى. بىردەم ئىچىدە خەلق توپى كۆپىيىپ، غەزەپلىك نىدالار ياڭراشقا باشلىدى. تورپاق موللاراجى ئىگىز قىرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، قاتتىق تۈگۈلگەن مۇشتلىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، غەزەپ بىلەن مۇنداق دېدى:

— ھاي خالايىق، بۇ ھاقارەتنى كۆردىڭلارمۇ؟ ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەن دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ قانداق چىداپ تۇرىمىز؟ ئېيتىڭلارچۇ، ئەمدى نېمە قىلغۇلۇق؟!

— نېمە قىلارىمىزنى شامەخسۇت ئەمدى كۆرسۇن. مۇنداق تىرىك يۈرگەندىن، مۇشت ئېتىپ ئۆلگەن ياخشى، قېنى باشلا بىزنى، — دېدى خەلق قوللىرىغا تاياق-توخماق ئېلىپ. ئاساسىي رەھبەر-لىرى تورپاق جەمەتىگە مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن «تورپاق يېغىلىقى» دەپ ئاتالغان بۇ دېھقانلار قوزغىلىڭى ئەنە شۇنداق

باشلاندى. خەلق توپى بىردىنلا سۈرەن-چۇقان بىلەن ۋاڭ ئور-دىسىغا يۈگۈردى. ئوردىنىڭ قېلىن تۆمۈر دەرۋازىلىرى تاقالدى. قىقاس-چۇقان پۈتۈن ئەتراپنى قاپلاپ، خەلق توپى بارغانسېرى ئۇلغايدى. تۆمۈرمۇ پالتىسىنى كۆتىرىپ، سەپكە قوشۇلدى. خەلق قازاندەك قايناپ، دەريادەك تېشىپ، ئوردىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنى تاش-كېسەكلەر بىلەن ئېتىپ تاشلىدى. شامەخسۇت ئۇزۇندىن بېرى بېقىپ كەلگەن لۈكچەكلىرىنى قىلىچ-مىلتىق بىلەن جەڭگە سېلىپ كۆردى. نەدىكىنى، ئۇلار خۇددى يوغان بىر پىلنى قاۋاپ قوقاتماقچى بولغان كۆكا ئىتلاردەك، چاڭ-توزاڭ ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالدى.

شامەخسۇت «باغلاقتىكى ئىت ئۇۋغا يارىماپتۇ» دىگەن شۇ دەپ، ئەسەبىلىك بىلەن ساقاللىرىنى يۇلۇپ قاتتىق كايىدى ۋە دەرھال ئۈرۈمچىدىكى جاڭجۇڭدىن ياردەمگە چېرىك سورىدى. جاڭجۇڭ بارىكۆلدىكى چېرىكلىرىنى بۇيرۇدى. بۇ مانجۇ چېرىك-لىرىنى بارىكۆلدىكى لەشكەر بېشى يى شىڭفۇ شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، شامەخسۇتنى قوغدىماقچى بولدى. خەلق توپى خۇددى غەزەپلەنگەن شىردەك شەھەر دەرۋازىسىغا ئۆزىنى ئۇردى. شۇ چاغدا، تۆمۈرنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان قارا توختى دىگەن يىگىت بېشى بىلەن دەرۋازىغا ئېسىلىپ قالدى، كۆز يۇمۇپ-ئاچقىچە قانغا مىلەنگەن باشسىز تەن دەرۋازا سىرتىدا قالدى. سېپىل ئۈستىدىن ئوق يامغۇرى ياغدى. پەرەڭ مىلتىقلار-دىن ئېتىلىۋاتقان ئوققا تاياق-توخماق بىلەن قانداق بەرداشلىق بەرگىلى بولسۇن!

بىردەم ئىچىدە قارا يەر قىپ-قىزىل قان بىلەن بويالدى. قان... قان... بۇلاقتەك بۇلۇقلىغان قان. خەلق توپى قان ئىچىدە قېلىپ، ھەركىم ئۆز بېشىنى قوغداشقا ئالدىرىدى. مانجۇ چېرىكلىرى سېپىل دەرۋازىسىدىن چىقىپ، خۇددى ياۋا توڭگۇز يەر تىلىغاندەك، خەلق باغرىنى تىلغاشقا باشلىدى. يەنە قان، يەنە قان! شامەخسۇت

ئىگىز ئوردا ئۈستىدە تۇرۇپ، سىپايىلىك بىلەن ساقىلىنى سىلاپ كۈلە-
تتى. ئۇنىڭ قان دەرياسى بويىدا تاماشا كۆرۈپ، خۇددى چۆچەكلەردىكى
يالماۋۇزلاردەك قاقاقلاپ كۈلۈشى خەلقنىڭ بىر ئاچچىقىغا مىڭ
ئاچچىق قوشتى، خەلق خۇددى يارىدار شىر ئۆز بەدىنىدىكى
قانلىرىنى يالاپ-يۇتۇپ، يەنە ھەملە قىلغاندەك، باشقىدىن
توپلىنىپ، جەڭگە كىرمەكچى بولدى.

دەل شۇ چاغدا مانجۇ خاننىڭ يارلىغى بىلەن گەنسۇ ئۆلكى-
سىدىن شىنجاڭغا مەنسەپ تۇتقىلى كېلىۋاتقان ياڭ زىڭشىڭ
قۇمۇلغا كېلىپ چۈشتى. كۆپنى كۆرگەن بۇ قېرى تۈلكە ئەھۋالنى
بايقاپ، دەرھال شامەخسۇتنىڭ قېشىغا كىردى-دە، مۇنداق دېدى:

— چېرىكلىرىڭىزنىڭ قىلىچى ھەرقانچە ئۆتكۈر بولسىمۇ،
مۇنچە خەقنى قىرىپ تۈگەتكىلى بولامتىمۇ؟! مۇبادا قىرىپ تۈگەت-
كىلى بولغان تەقدىردىمۇ، سىزنىڭ بىپايان يەرلىرىڭىزنى كىم
تېرىپ، سان-ساناقسىز ماللىرىڭىزنى كىم باقىدۇ؟ قۇشنى دان
ئالدايدۇ، ئادەمنى گەپ دەپتىكەن. بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ،
گەپ بىلەن تۈگىتىمەن.

ئەسەبىيلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرسىمۇ، خەلقنىڭ غەزىۋىدىن
ئىچىدە قان يۇتۇۋاتقان شامەخسۇت ياڭزىڭشىڭغا توققۇز تازىم
قىلىپ، رازىلىق بەردى. ياڭزىڭشىڭ خالايىققا چىشىنىڭ ئۇچىنى
كۆرسىتىپ: «سىلەرگە ئۇۋال بوپتۇ، تەلىۋىڭلار ھەق ئىكەن.
كېلىڭلار، ھەرقانداق ئىش بولسا، گەپ بىلەن تۈگىتەيلى» دېدى.
شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئارقىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. بۇ
كېلىشىمنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، كەڭلىكى ئاتمىش سانتىمېتىر،
ئېگىزلىكى بىر يېرىم مېتىر كېلىدىغان بىر پارچە يىپسا قارا تاشقا
«بۈگۈندىن ئېتىبارەن، شامەخسۇت ۋاڭغا قاراشلىق پۇقرالار ئوردى-
غا ھەر ئايدا پەقەت ئۈچ كۈنلا ئالۋاڭ قىلىپ بېرىدۇ، شامەخسۇت
ۋاڭ پۇقرالارغا بۇندىن باشقا ئالۋاڭ سالمايدۇ» دېگەن مەزمۇندا



ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە خەت ئويدۇرۇپ ئوردا قوق ① ئالدىغا ئورنىتىپ قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن قاينىغان قازانغا سوغاق سۇ قۇيۇلغاندەك، جاھان جىمىپ قالدى.

ياڭزىڭشىڭ شامەخسۇتتىن نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش مۇكاپات ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە ماڭدى. «بۇ يالاڭئاياقلار كۆرىدىغىنىنى ئەمدى كۆرسۇن» دېدى شامەخسۇت قوزغىلاڭنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىنى دەرھال جازالاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ.

شۇنىڭ بىلەن يەنە قان ئۈستىگە قان تۆكۈلۈپ، كىچىككىنە قۇمۇل گويا قىيامەت دەھشىتىدە قالدى.

مانا، قوزغىلاڭ باشلىقلىرىدىن تورپاق موللاراجى، تورپاق دۇگامەت، ئوزغوجا غوجامنىيازلارنىڭ سېپىل دەۋازىسىغا ئېسىلغان قانلىق بېشى! مانا، قانغا مىلەنگەن تۆت پارچە ئەمەت. ئۇ قوزغىلاڭدا كاتىپلىق قىلغىنى ئۈچۈن، يېڭىشگۇ ئۇنىڭ قېنىغا جىگ-ىومىسىنى مىلاپ يىمەكتە... مانا، قوزغىلاڭچىلارغا قىلىچ سوقۇپ بەرگەن ئاكا-ئۇكا يۈسۈپ ۋە يۇنۇس ئۇستىلار، ئۇلارنى ئۆزى سوققان قىلىچ بىلەن قانغا بوياشقان! مانا قوزغىلاڭچى ئايال روزىخان، قىرىق غولدا ئۇرۇلغاندىن كېيىن، نومغا سۆرگۈن قىلىنىپ، يول ئۈستىدە جان بەرگەن! يەنە كىملەر، يەنە كىملەر... بىرمۇنچە كىشىلەر شامەخسۇت بىلەن يېڭىشگۇنىڭ قىلىچىدىن بېشىنى قاچۇرۇپ، يىراق ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، 1907-يىلى ئەتىيازدا باشلانغان «تورپاق يېغىلىغى» شۇ يىلىنىڭ ياز ئوتتۇرىلىرىدا جاللاتلارنىڭ قىلىچى بىلەن قانغا پاتۇرۇلدى.

— بالام، — دېدى تۆمۈرنىڭ دادىسى، — ئەمدى ئىش بولمىدى، قاراپ تۇرۇپ، ئۆلۈشنىڭ ئورنى يوق. سەنمۇ ئۆز جېنىڭنى ئەپقاچ. بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە ئۆلۈم دېگەن نىمە قارغۇ تۆگىگە ئوخشاپ قالدى، ئۇدۇل كەلگەننى ئايىماي چەيلەپ تاشلايدۇ.

① ئوردا قوق — قۇمۇل شەھەر سېپىلىنىڭ ۋاڭ ئوردىسى يېنىدىكى دەرۋازىسى.

## 3

تۆمۈر خەلپە ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېلىپ، ئەتىسىلا يەنە بىر قانلىق ۋەقەنىڭ شاھىدى بولدى. قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان مانجۇ چېرىكلىرى دۈمبىسىگە تاختا قىستۇرۇلۇپ، قوللىرى باغلانغان ئىككى كىشىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، كوچىدىن ئۆتتۈۋاتقاندا، يۈزلىگەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشتى: تۆمۈرخەلپە بىر قاراپلا يارتا غوجىمەت بىلەن دالىچى ئىبراھىمنى تونۇپ قالدى، بۇ ئىككـ-كىيلەن بايىقى قوزغىلاڭ كۈنلىرىدە خەلق تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئون ئىككى ۋەكىلنىڭ باشلىقلىرى بولۇپ، ئۇلار مانجۇ خانىنىڭ شىنجاڭدىكى باش ھەربى-مەمۇرى ئەمەلدارى يۆەن داخۇاغا شامەخسۇت ئۈستىدىن ئەرز قىلغىلى كەلگەن ئىدى. چېرىكلەر ئۇلارنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرق دەرۋازىسى سىرتىغا يالاپ چىقتى-دە، بىردەمدىلا بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.

تۆمۈر خەلپە دۆڭ كۆرۈكتىكى ھارۋىكەشلەر دېڭىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، دوخمۇش-دوخمۇشتا توپلىنىپ، تۆت بۇرجەكلىك يوغان قىزىل تامغا بېسىلغان ئېلانلارنى ئوقۇۋاتقان كىشىلەرنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئارىغا سىقىلىپ كىرىپ، خەنزۇ-ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا يېزىلغان يوغان خەتلىك جازا ئېلانىنى كۆردى. مەلۇم بولدىكى، يەنە شۇ شامەخسۇتنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن، جاڭجۇڭ يامۇل بۇ ئىككىيلەننى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ، قالغان ھەمرالىرىدىن بىرنەچچىسىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماققا ئېلىپتۇ، بىرنەچچىسىنى ياقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىپتۇ.

بىرئايدىن كېيىن، يەنە بىر قانلىق ۋەقە ئۈرۈمچى خەلقىنى ئېغىر مۇسىبەتكە سالدى: يەنە شۇ مانجۇ چېرىكلىرى قولتۇقىدىن ئىزمىلىنىدىغان ئۇزۇن كۆك چاپان ۋە قارا لاتا كەش كىيگەن بىركىشىنى بايىقى شەرقى دەرۋازا تەرەپكە ھەيدەپ مېڭىشتى.

ئۇ كىشىنىڭمۇ قوللىرى باغلاقلىق، دۈمبىسىگە تاختا قىستۇرۇقلۇق ئىدى. تۆمۈرخەلپە بۇ كىشىنى تونۇمىدى. بۇ كىم بولغىيدى؟ كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇ كىشى تېخى يېقىندىلا قۇمۇلغا تەيىنلىنىپ بارغان ھىلىقى ئامبال بولۇپ قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭغا ھېسداشلىق بىلدۈرگەنلىكى، بولۇپمۇ ئۆزى «خانلىق ھۆكۈمەت مەمۇرى» تۇرۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەردە مانجۇ خانىغا قارشى بولۇۋاتقان «توپىلاڭ»لارنىڭ خەۋەرلىرىنى پۇقرالارغا تارقىتىپ، شىنجاڭدىمۇ خانلىققا قارشى مەلۇم ھەركەتلەردە بولغانلىقى ئۈچۈن جاڭجۈڭ يامۇل تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.

يېرىم يىل ئىچىدە، قۇمۇل ۋە ئۈرۈمچىدە بولۇپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەلەر، بۇ تۆكۈلۈۋاتقان قىپ-قىزىل قانلار تۆمۈرخەلپىنى باشقىچە بىر ئادەم قىلىپ قويدى. ئۇ، نىمىنىدۇر خىيال قىلاتتى، نىمىنىدۇ ئىستەپ تاپقۇسى كېلەتتى، ئۆز يۈرىگىنىڭ نىمىگىدۇ تەلپۈنۈۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. شۇنداق خىياللار بىلەن يۈرۈپ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە سېلىنىۋاتقان يوغان بىر بۇتخانا قۇرۇلۇشىدا ئىككى يىللىق ئۆمرىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالدى. ئەمما، بۇ بۇتخانا قۇرۇلۇشىدا ئىشلەپ يۈرۈپ، تۇرپانلىق مۆيدىن، ئۈرۈمچىلىك گامازا تۇڭگاندەك نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ، جان دوست بولۇشۇپ كەتتى. ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئۆز ئارىلىرىدا قانداقتۇ بىر ئوخشاشلىق بارلىقىنى سېزەتتى. قاياقتىدۇ كېتىشىۋاتقان بىر كارۋانغا قوشۇلۇپ، ئۈچەيلەن بىللە كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. بۇ كارۋاننىڭ نەگە بېرىپ، نەدە توختايدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن زادى ئايرىلماسلىقىنىڭ لازىملىقىنى چۈشەنگەندەك بولاتتى.

شۇ ئارىدا، يەنى 1909-يىلى 26-ماي كۈنى ئۈرۈمچى ئاھالىسىدىن نەچچە يۈزلىگەن كىشى قىزىل بۇت (ھازىرقى خۇڭشەن تېغىنىڭ چوققىسىدا بۇت بار ئىدى) ئالدىغا توپلىنىپ مانجۇ خانىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى. تۆمۈرخەلپە ئۆزىنىڭ

گامازا تۇڭگان ۋە مۆيدىنلەر بىلەن بىللە نامايىشچىلار سېپىگە قانداق قىلىپ كىرىپ قالغانلىغىنى بىلمەي قالدى. بىرچاغدا، چېرىكلەر تەرەپ-تەرەپتىن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. مەيدان قانغا بويالدى. خەلق توپى تارالدى. ئۈچەيلەن قېچىپ كېتىۋېتىپ، مۆيدىننىڭ ئاقساۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ قېلىشتى. تۆمۈرخەلپە گامازا تۇڭگاننىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنى ھاپاش قىلدى-دە، گامازا تۇڭگاننىڭ ئۆيىگە ئەپكەلدى. گامازا تۇڭگاننىڭ ئانىسى بىرنىمە-لەرنى سۈركەپ يارىنى تاڭدى.

شۇ يىلنىڭ كۈزلۈگى تاۋۇز چاغىدا گامازا تۇڭگان تۆمۈر بىلەن مۆيدىننى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. ئۆيدە بىر يات كىشى ئولتۇراتتى. ئۇ كىشىمۇ، ھېلقى چېپىلىپ كەتكەن قۇمۇل ئامبىلىغا ئوخشاش قولتۇغىدىن ئىزمىلىنىدىغان ئۇزۇن كۆك چاپان ۋە قارا لاتا خەي كىيگەن ئۇزۇن بويلۇق بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئادەم ئۇلار بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتى. گامازا تۇڭگان ئۇنىڭ گېپىنى ئۇيغۇرچىگە ئۆرۈپ بېرەتتى. مەلۇم بولۇشىچە، ئىچكىرىسىدە مانجۇ خانىغا قارشى كارامەت ئىشلار بولۇۋاتقىدەك، بۇ ئىشلارغا سۇڭ جۇڭشەن دىگەن كىشى يولباشچىلىق قىلىدىكەن. ئۇنىڭ مەقسىدى مانجۇ خانلىغىنى ئۆرۈپ تاشلاپ، «مىنگو» قۇرۇش ۋە يەرگە ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى تەڭشەش ئىكەن. «مىنگو» دىگەن سۆزنى گامازا تۇڭگان ئۇيغۇرچىگە ئۆرۈيەلمىدى. شۇڭا:

— مىنگو دىگەن نىمە؟ — دەپ سورىدى تۆمۈرخەلپە.

ھېلقى كىشىنىڭ قايتا چۈشەندۈرۈشىچە، مىنگو دىگەن پۇقرالار ئۆزى قۇرىدىغان دۆلەت دىگەن بولارمىش، دۆلەت باشلىغىنى پۇقرالارنىڭ ئۆزى سايلارمىش، ھازىرقىدەك بىر خان ئۆلسە، ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى خان بولىدىغان ئىشلار توگەرمىش.

— ئۇنداقتا، — دىدى تۆمۈر، — بىزمۇ، شامەخسۇتنى ئۆرۈۋەتسەك، ۋاڭلىق توگەيدىكەن-دە! ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئەپىيۈنكەش نەزەر ۋاڭ بولمەن دەپ سۈرەن سالالمايدىكەن.

— دەل شۇنداق،— دىدى ھىلىقى كىشى.

— ئۇ ئەپيۇنكەش ۋاڭ غوجا بولالمىسا، ئەپيۇنغا پۇلىنى نەدىن تاپۇر؟ — دىدى مۆيدىن چاخچاق قىلىپ.

— خۇگمياۋزىغا ① كەلسە،مەن پۇل تېپىپ بىرىدۇ، — دىدى گامازا تۇگگان. ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

شۇ يىلى يازدا، تۆمۈر خەلپە «نوغاي مەسچىت» ② قارىمىغىدىكى تۇرار جايلار قۇرۇلۇشىدا مەدىكارلىقتا ئىشلەپ يۈرۈپ، بىر تاتار مۇئەللىم بىلەن تونۇشۇپ قالدى. بۇ قاڭشالىق كەلگەن خۇشپىچىم يىگىتنى ھەيدەر ئەپەندى دەپ ئاتىشاتتى، ئۇلار بارا-بارا دوستلىشىپ كەتتى. ھەيدەرئەپەندى تۆمۈر خەلپىنىڭ قۇمۇللۇق ئىكەنلىگىنى بىلگەچ، بىر كۈنى ئۇنىڭدىن «توۋپاق يىغىلىغى» توغرىسىدا گەپ سوراپ قالدى. تۆمۈر بۇ يىغىلىقنىڭ جەريانىنى تەپسىلى سۆزلەپ كېلىپ، يىگىلىپ قىلىشتىكى تۇپ سەۋەپ «خەلق قۇرۇق قول ئىدى» دىدى. ھەيدەر ئەپەندى تۆمۈر خەلپىنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ، مىسال تەرىقىسىدە 1905-يىلى روسىيىنىڭ پېتىرگرات ③ شەھىرىدە بولغان «قانلىق يەكشەنبە» ④ ۋەقەسىنى تەپسىلى سۆزلەپ بەردى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئېزىلگەن خەلقنىڭ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن

① خۇگمياۋزا — خەنزۇچە «قىزىل بۇت»دىگەن سۆز، ئۇ چاغلاردا، بەزىلەر ئۇرۇمچى شەھىرىنىمۇ شۇنداق دەپ ئاتايتتى.

② ھازىرقى ياڭخاڭ مەسچىت.

③ ھازىرقى لېنىنگرات.

④ «قانلىق يەكشەنبە» — چار پادىشالىق ھۆكۈمىتىنىڭ پېتىرگرات ئىشچىلىرىنى قانغا پاتۇرغان كۈنى. 1905-يىلى 9-يانۋار (يەكشەنبە) كۈنى پېتىرگرات ئىشچىلىرىدىن (بالا-چاقىلىرى بىلەن) بىريۈز قىرىق مىڭ كىشى مەتبۇئات ئەركىنلىگى، سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋە يەر ھوقۇقىنى دىخانلارغا بىرىشنى تەلەپ قىلىپ، پادىشا تۇرغان قىشلىق سارايغا ماڭىدۇ. چار پادىشا ئالدىن پىلانلاپ قويغىنى بويىچە، قورالسىز خەلقنى ئوققا تۇتۇشقا بۇيرۇق بىرىدۇ. مىڭدىن ئوشۇق ئادەم ئۆلۈپ، ئىككى مىڭدىن ئوشۇق كىشى يارىدار بولىدۇ. بۇ قانلىق ۋەقە 1905-1907-يىللىرىدىكى روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەپ بولغان. بۇ يەردە شۇ ۋەقە كۆزدە تۇتۇلغان.

قورال بىلەن بىللە بىلىم بولۇشى لازىملىقىنى تەكىتلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى : «سىلەر ئۇيغۇرلار ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتلىك خەلق ئىدىڭلار. تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن سىلەر يېزىقنى ئىجات قىلىغان. بۇ يېزىق نۇرغۇن تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق يېزىق بولۇپ قالغان، ھازىرقى موڭغۇل يېزىغىمۇ، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. قەدىمقى زامانلاردا ئۇيغۇرلاردىن ئاجايىپ زور ئالىملار يېتىشكەن. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا، پۈتۈن دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش ۋە ئىلىم-پەن ئۈگىتىش ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ قولىدا ئىدى. تاتار خانلىرىمۇ، ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۈگەنگەن.»

— ئەمدى بىز سىزدىن ئۈگىنىمىز، — دېدى تۆمۈر.

— ئەگەر ھەر مىللەت بالىلىرىنى ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا بىرئاز ھەسسە قوشالىسام، بەختىيار بولار ئىدىم، — دېدى ھەيدەر ئەپەندى.

— سىزنىڭ بالىڭىز بامۇ؟

— تېخى ئۆيلەنگىنىم يوق. نېسىپ بولسا، ئۇيغۇرلارغا كۈيوغۇل بولماقچىمەن①.

ھەر ئىككىيلەن سەممىي كۈلۈشتى.

شۇنداق قىلىپ، ئورۇمچى قىشتا ئىس-تۈتەك، ئەتىيازدا پاتقاق، كۈزدە بوران-يامغۇر، قىشتا قاردىن بېرى كېلەلمەيدىغان بىر شەھەر بولۇشىغا قارىماي، تۆمۈرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ بارماقتا ئىدى. ئۇ بارغانسېرى خىيالچان بولۇپ قالدى. گاھى كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سىقىلغاندەك بولۇپ، نىمىنىدۇ ئىستەيتتى، نىمىگىدۇ ئىنتىلەتتى.

① كىتاپخانلارغا چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن ھەيدەر ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ بېرىلدى.

پات-پاتلا، «نېمە قىلىش كېرەك» دەپ ئۆزىدىن سورايتتى.

«ھەي تورپاقلار، ھەممىستىڭلار چوڭ ئىدى. نېيىستىڭلار ئوڭ ئىدى. ئەمما، شەھەر يېزىلىرىدىلا تۇرۇۋالماي، تاققا چىقساڭلار، يا بولمىسا، تاغلىقلار بىلەن بىر بولساڭلار ئىش بۆلەكچە بولۇركەندۇق. چېقىن تاغدا كۆپرەك چاقىدۇ، قارا بۇلۇت قويۇق يەردە ھاۋا قاتتىقراق گۈلدۈرلەيدۇ ئەمەسمۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغدا مەرگەن كۆپ. قارا مىلتىق بولسىمۇ، مىلتىقتە! شا مەخسۇتنىڭ گاڭ مىلتىقلىرىغا تاياق-توخماق بىلەن تەڭ كەلگىلى بولۇرمىدى؟ ئەجەپ ئىش بوپتىكەن، قارا تاشقا ئويۇپ قويغان خەتكىمۇ چىن پۈتكىلى بولۇرمىدى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ تاش شامەخسۇتنىڭ ئوردىسى ئالدىدا تۇرسا، نىمە قىلىمەن دىسە، قىلىۋەرمەمدۇ؟ خەير... ياغاچ قازاندا بىرلا ئاش پىشىدۇ!...»

تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۆز خىياللىرىدىن چىقارغان خۇلاسىسى ئەنە شۇ ئىدى.

قىش چىقىپ ئەتىياز كىرەي دەپ قالغاندا، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىنىسى شاكىردىن خەت كەلدى؛ بوۋاي قاتتىق ئاغرىپ، يېتىپ قاپتۇ. بۇ خەۋەر تۆمۈر خەلپىنىڭ قۇمۇلغا قايتىش نىيىتىنى تېزلەتتى. ئۇ، قۇمۇلغا بارغاندا، بوۋاي ئاللىقاچان يەرلىگىدە يېتىپ بولغان ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، مومايمۇ قازا تاپتى. مىيىت ئۆزىتىش ۋە نەزىر-چىراق ئۆتكۈزۈش بىلەن بۇ ئاكا-ئۇكىلار قەرزگە بوغۇلۇپ، ئاخىرقى بىر ئېتىز يېرى بىلەن ئەسكى تاملىقلىرىدىنمۇ ئايرىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شامەخسۇت ۋاڭ ئۆزىنىڭ بەگ-ئەمەلدارلىرىغا «ئىت سەمرىسە ئىگىسىنى چىشلەيدۇ، قۇل سەمرىسە، غوجىسىغا ياندۇ، پۇقرا دىگەننى گەجگىسىدىن بېسىپ، قىمىرلىيالمايدىغان قىلىش لازىم، ئايدا بەش كۈنلۈك ئالۋاڭنى ئېغىر كۆرگەن بولسا، ئەمدى يەتتە كۈن ئالۋاڭ قىلدۇرۇڭلار، بولمىسا، يېغىلىقتا تارتقان چىقىملىرىمىنى قانداق تۆلىتىپ ئالىمەن» دەپ يېڭى يارلىق چۈشۈردى. ئەلنىڭ كۈنى تېخىمۇ قارىيىپ، بېشىدا

كېچە-كۈندۈز تۈگمەن چۆگىلەيدىغان بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، تۆمۈر ئىنىسى شاكىر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەمدى بۇ يۇرتتا تۇرغۇچىلىكىمىز قالمىدى. تاققا چىقىپ كېتەيلى، ھېچ بولمىسا، ياتقىلى ئۆڭكۈر، قالغىلى شۇپۇر، ئىشەككە سامان، قوساققا توپان تېپىلۇر، دەپ، ئۆي-ماكانسىز قالغان بالا-چاقىلىرىنى قوراي دىگەن تاققا كۆچۈرۈپ كەتتى.

## 4

قوراي — قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى تىيانشان تاغ تىزمىلىرى مەركىزىگە جايلاشقان تاغلىق يېزا. ئۇنىڭ شىمال ۋە شەرق تەرىپى ئېگىز تاغ تىزمىلىرىدىن، غەرب ۋە جەنۇب تەرىپى ئېدىرلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئېرغايتۇ، قىزىلىيار، قوراي، نېرىن، تۆرۈك، كۆشۈتە دىگەن ئالتە مەھەللە بىر دورغىلىق يەر بولۇپ، ئومۇمى نامى «قوراي» دەپ ئاتىلاتتى. كۆشۈتىدىن باشقا مەھەللىلەرنىڭ ھەممىسى تۆمۈرتى دىگەن تاغدىن كېلىدىغان ئېقىن بويلاپ، بىر غولغا جايلاشقان ئىدى. بۇ ئىقلىمى مۆتىدىل، ھۆل-يېغىن كۆپ، يازلىقى قاتتىق ئىسسىقتىن، قىشلىقى ئاچچىق سوغاقتىن خالىراق يەر بولغاچقا، تېرىقچىلىق ۋە مال بېقىشقا ئەپلىك ئىدى. بىراق، تېرىلغۇ يەرلەر بىلەن ئۇلاقلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك شامەخسۇت ۋاڭ بىلەن ئۇنىڭ بەگلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. دىخانلار ئاساسەن يەرلەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيتتى. ئومۇمى نوپۇسى تەخمىنەن بىر مىڭ ئالتە يۈز كىشى ئىدى. ئاھالە ئاتمىش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇمۇل بازىرىغا كۆتەك ھارۋىلاردا ئوتۇن، تەگنە ئاپىرىپ سېتىپ، بىر قىسىم ئېھتىياجىنى تەمىن قىلاتتى.

نېسىۋىسىز بېلىقچى باغدات دەرياسىدىمۇ بېلىق تۇتالماس، ئەجەلسىز بېلىق قۇرۇقلۇقتىمۇ ئۆلمەس، دىگەندەك، تۆمۈر ئائىلىسى،

قورايغا كەلگەندىن بىرى بىر ئاز ھاللىنىپ قالدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ياغاچچىلىقى ئوبدان ئەسقاتتى. بىراق، ئۆزى زادى تىنچ تۇرالمايتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى قەپەزدىكى قۇشتەك تىپىرلايتتى. ئۇ قانداقتۇ بىر ئىش قىلماقچى، ئىش قىلغاندىمۇ، ئانچە-مۇنچە ئەمەس، قومۇل زېمىنىدا ئۈچ ئەسىردىن كۆپرەك يىلتىز تارتقان ۋاڭلىقنى، بۇ ۋاڭلىقنىڭ ھەممىدىن ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرگەن، ھەممىدىن قاتتىق قول ۋەكىلى شامەخسۇتنى تەختىدىن ئۆرۈۋەتمەكچى. بۇ ئاسان گەپ ئەمەس!

يالغۇز ئاتنىڭ نەدە چېڭى چىققان بار؟ شۇڭا، تۆمۈر كېيىنچىرەك ئىگە بولغان بوز ئېتىغا ياغاچچىلىق جابدۇقلىرى سېلىنغان تېرە خۇرجۇننى ئارتىپ، بىرەر يىل ئىچىدە قورايدىن باشقا تاغ رايونلىرىنىمۇ ئارىلاپ چىقتى. نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن مۇڭداشتى. پۇتىغا چورۇق تارتىپ، تېرە شالۋۇر كىيىپ يۈرىدىغان بۇ ئادەملەر ئىچىدىن ئاجايىپ زېھنى ئوچۇق، غەيرەتلىك، ئالىيجاناپ كىشىلەرنى تېپىپ، ئۇلار بىلەن دوستلاشتى. پۈتۈن كەمبەغەللەر، ھەتتا ھاللىقراق كىشىلەرمۇ، شامەخسۇتتىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. نېرىنكىرلىق سەپەرقۇل بىلەن نۇرۇل بوۋىلارمۇ، ئەنە شۇنداق كىشىلەردىن ئىدى. ئۇلاردىن ئۆزى قىرىق ياشقا كىرگىچە تېخى ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ گەپلەرنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ كۆزى ئېچىلدى. مېڭىۋاتقان يولىنىڭ توغرىلىقىغا تېخىمۇ ئىشەندى.

ئەمدى باركۆلگىمۇ بېرىپ كېلىشى لازىم ئىدى. چۈنكى، باركۆل مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ مۇھىم ئۇۋىسى بولۇپ، «تورپاق يېغىلىقى»نى قانلىق قىلىچى بىلەن باستۇرغان مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ باركۆلدىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى تۆمۈر خەلپە ئوبدان بىلەتتى. قاچاندۇ بىر چاغلاردا باركۆلدە تۆگىچىلەرنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ يۈرگەن ئەشرەپ شاڭيو دېگەن كىشى ئىككى يىل ئالدىدا شامەخسۇتنىڭ غەزىۋىگە ئۇچراپ شاڭيولۇقتىن ئايرىلىپ قالغاچقا،

شامەخسۇت دىسە ئۇنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ، بارىكۆلدىكى چېرىك ياملۇلىغا هاراق، تاماكا، كۆكتات تېپىپ بېرىپ يۈرگەچكە چېرىك باشلىقلىرى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىدىغان بولۇۋالغان ئىدى. تۆمۈر ئەنە شۇ ئەشرەپ شاكىيۇ ئارقىلىق چېرىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇش مەقسىدىدە بارىكۆلگە بارماقچى بولغان ۋە سەپەرقۇللار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتۈش نىيىتىدە بۈگۈن نېرىنكىرىغا كەلگەن ئىدى.

بايا ئېيتقىنىمىزدەك، تۆمۈر خەلپە ئايقىزنىڭ كۆڭلىنى ياساپ بەزى گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن، سەپەرقۇل بىلەن پاراڭغا چۈشتى. گەپ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ بارىكۆلگە نىمىشقا كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، سەپەرقۇل : «ئۇبدان خىيال قىپسەن ئۇكام، ئەشرەپ شاكىيۇ چوقۇم بىزگە قارىشىدۇ» دىدى. شۇ ئارىدا، رەۋىخان موماي گەپكە ئارىلىشىپ: «ئۇكام تۆمۈر ئاخۇن، ئەتە نىياز دورغىنىڭ كىشىلىرى كەلسە، نىمە دىگۈلۈك؟» دىدى.

— قىزنىڭكەنسەن ئىنە! — دىدى قىزىشىپ كەتكەن ئامانقۇل، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئورنىدا جاۋاپ بېرىپ، — نىمە دىگۈلۈك دىگىنىڭ نىمىسى؟ بىز ئۇنىڭغا قىز قەرزدارمىدۇق. ئەتە ئۇ مۇرتەتلەر كېلىپ باقسۇنچۇ، جاجىسىنى ئۆزەم بېرىمەن.

— بۇ گېپىڭىز توغرا، — دىدى تۆمۈر خەلپە كۈلۈپ، — كونىلار تەدبىرىك قانداق بولسا، تەقدىرىك شۇنداق بولار، دەپتىكەن، بىزمۇ، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دىگەندەك، بىر ئامال تاپمايمىزمۇ؟!

— نىمە ئامال؟ — دىدى ئامانقۇل يەنە ئالدىراپ.

شۇ چاغدا، ئايقىز ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلايىن، — دەپ تالاغا ماڭدى.

ھەممىسى ھەيران بولۇپ قاراشتى. رەۋىخان مومايمۇ ئەنسىرەپ، دەرھال ئارقىسىدىن تالاغا چىقتى.

# ئۈچىنچى باپ

## كۆچ سىنشىشتىن كېيىن

يىقىلغان چېلىشقا تويماس،
بەدنىيەت خۇيىنى قويماس.

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

### 1

شۇ ئاخشىمى، نىياز دورغىنىڭ كېيىنكى شىرداقلار بىلەن بېزەلگەن تام ئۆيىدىمۇ، ئايقىزنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە جىددى پاراڭ بولۇۋاتاتتى. ئىگىز پايىلىق قارا چىراق ئۆينىڭ ئىچىنى خېلىلا يورۇتۇپ تۇراتتى.

— ئوروق ئۆينىڭ پوقى چوڭ، دەپ، بۇ گادايلارنىڭ گېپى بەكلا يوغانغۇ! سەپەرقۇل دىگەن قېرى تېجىمەل نىمە بولدۇم دەيدىكىن؟ — دىدى نىياز دورغا غاجىلاپ بولمىغان سۆڭەكنى زەردە بىلەن داستىخانغا تاشلاپ. ئاندىن داستىخاننىڭ بىر

بۇرجىگىدە ئاچكۆزلۈك بىلەن گۆش يەپ ئولتۇرغان كىشىگە هۆمىيىپ قويدى. بۇ، بايا سەپەرقۇلنىڭ ئۆيىگە ئەلچى بولۇپ بارغان ئەمەت كۇرۇك دىگەن كىشى ئىدى.

— شۇنى دىمەمدىلا دورغام، — دىدى ئەمەت كۇرۇك، — ھىلىقى ئامانقۇل دىگەن هارامزادىنىڭ ماڭا مۇشت تەگلىگىنىنى كۆرسىلە تېخى.

— خوپ قىپتۇ، پوقنى ئوتتۇردىن بۆلەلمەي، مۇشۇكتەك مىياڭلاپ كەلگىچە، ئەدىۋىنى بېرىپ قويساڭ بولمامدۇ! شۇگىمۇزە، سىنىڭ ئىتىڭ ئەمەت كۇرۇك. قۇرۇق قۇقۇلداشتىن بۆلەكنى بىلمەيسەن! — دىدى دورغا ئاچچىق بىلەن خۇددى دەردىنى ئۇنىڭدىن ئالماقچى بولغاندەك.

— كايىمىسىلا، دورغام، — دىدى تۆردە ئولتۇرغان سېرىق ساقال كىشى، — ئەمىتاخۇندىمۇ گۇنا يوق. زامان ئاخىر بولغاندا، تېجىمەللەرگە مۇڭگۈز چىقىپ قالىدۇ، دىگەن راست گەپ ئوخشايدۇ. بۇ سەپەرقۇل دىگەن بىر نىمە مىنىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالدى. مەن نىمىلا بولسا، جامائەتنىڭ ئىمامى ئەمەسمىدىم، دۆلەتلىرى سايىسىدە، هوشۇر ئىمام دىسە، مىنى ئون ئىككى تاغدا بىلمەيدىغان كىشى يوق، ئەلھەمدۇلىللا!

— زادى بۇ خوتۇن تالاقنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ قويمىسام بولمايدۇ. نەدىكى بىر قازاق قىزىنى ئوغلۇمغا لايىق كۆرۈپ، چىرايلىقچە سوراتسام، دىگەن گىپىنى قارىماڭدىغان، ئەمدى كۆرگۈلۈكىنى كۆرسۇن، — دىدى دورغا قولىنى سۇرتۇپ.

— قانداق قىلاي دەيدىلا دورغام؟ — سورىدى هوشۇر ئىمام.

— ئەتە ئادەملىرىم بىلەن بېرىپ، باش - كۆزىگە ساۋايمەن. ئاندىن ئۇ قازاق قىزىنى ئالدىمغا سېلىپ هەيدەپ كېلىمەن. بىگىسامنى بىر كۆرۈپ قويسۇن.

— سەۋرى قىلسىلا دورغام، — دىدى هوشۇر ئىمام، — گۆھەرنى

تاشقا ئۇرغىلى بولماس. ئۆزلە دىگەن يۇرتىنىڭ چوڭى. پېتىنىڭ ئاچچىغىدا چاپاننى ئوتقا تاشلاپتۇ، دىگەندەك، ئۇ قېرى تېجەمەل ئۆزلەگە يېنىپ قويسا ياخشى بولماي قالۇرمىكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھىلىقى ئامانقۇل دىگەن هارامزادىسى تولىمۇ قارىيامان بىر نىمە بوپتۇ. ھىچكىمدىن قورقىدىغاندەك ئەمەس.

— ھە، ئۆزلەزە، مىنى ئۇلاردىن قورقىدۇ دەمدىلا؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، مەن دىمەكچى... — دەپ توختاپ قالدى ھوشۇر ئىمام.

— ھە، ئۆزلە نىمە دىمەكچى؟ نىمە دىسىلە، دىسىلە، ئۇ قازاق قىزىنى ئۆيۈمگە ئەپكەلمەي قويمايمەن. بىرنەنچىدىن، ئوغلۇم خامۇش بەككە خوتۇن كېرەك؛ ئىككىنەنچىدىن، ماڭا تېجەمەل كېرەك. ئىككى يىل ئاۋال بۇ خامۇش بەگنىڭ تويىنى قىلىمەن دەپ كۆپ چىقىم تارتقانلىغىمنى ئوبدان بىلىدىلا، بۇ ماڭقا بوشاڭلىق قىلىپ، ئۇ قىزنى قاچۇرۇپ قويدى. ئەمدى بۇ تەييار كېلىننى ئەپكېلىشۋالماي بولامدۇ!

— ھەببەللى، — دىدى ئىمام خوشامەت بىلەن كۈلۈپ، — مەنىمۇ بىر داڭگالدا ئىككى پاختەك سوقايلىمىكىن دىۋىدىم.

— ھە، قېنى، دەپباقسىلاچۇ؟

— ئەمەت ئاخۇننىڭ سۆزلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇ قازاق قىزى سەپەرقۇلنىڭ ئۆيىدىن ئۈلۈگۈم چىقسا چىقىدۇ، تىرىكىم چىقمايدۇ، دەپتۇ. شۇنداقمۇ؟ — سورىدى ئىمام.

— شۇنداق، شۇنداق، — دىدى ئەمەت كۈرۈك، — بۆلەكلا يامان بىر نىمىكەن، شۇنداق گەپلەرنى قىلغاندا، كۆزلىرى بىر قىسىملا بولۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزىگە قارىيالماي قالدىم.

— ھە مانا، دورغام، — دىدى ئىمام، — مۇبادا ئۆزلە دىگەندەك قىلساق يالاڭغاچ سۇدىن قورقماپتۇ دەپ، ئۇ ياۋا قىز ئۆزىنى بىر نىمە قىلىۋالسا، بەگ بالىمىزغا خوتۇنمۇ يوق، ئۆزلەگە تې-جەمەلمۇ يوق بولۇپ قالامدۇ؟

نىياز دورغا ئۆچكە ساقىلىنى بارماقلىرىغا ئوراپ، چىراقتا قارىغان پېتى جىم ئولتۇرۇپ قالدى. هوشۇر ئىمام شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئۆز سۆزىنىڭ نىياز دورغىغا بىرىنچى قېتىم تەسىر قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچ-ئىچىدىن خوشال بولدى-دە، بىرنى كېكىرىپ تاشلاپ، جىم ئولتۇرۇۋالدى.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز ئاخۇنۇم، — دېدى نىياز دورغا بىرئاز يۇمشاپ.

هوشۇر ئىمام بۇندىن كېيىن، دورغا ھەرقانداق ئىشتا مەندىن مەسلىھەت سورايدىغان بولدى دېگەن خىيال بىلەن تېخىمۇ كۆرەڭلەپ مۇنداق دېدى:

— ئەتە جۈمە. يىراق-يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىدۇ. نامازدىن كېيىن، مەن سەپەرقۇلنىڭ ئۆيىدە دىنىي ئىسلام شەرىئىتىگە مۇخالىپ ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى جامائەتكە جاكالايمەن. ئاندىن شەرىئەت نامىدىن پەتىۋا چىقىرىپ، ئۇ قازاق قىزنى يۇرتنىڭ بېشى بولغان دورغامغا تاپشۇرۇشنى بۇيرۇيمەن. ئاندىنزە، دورغامنىڭ ئۆيىدىمۇ، دىنىي ئىسلام شەرىئىتىگە مۇخالىپ بىر ناشايا ئىش بولۇپ قالمىسۇن ئۈچۈن بۇ قىزنى دەرھال خامۇش بەككە نىكا قىلدۇرۇۋېتىش لازىم دەپ پەتىۋا چىقىرىمەن. جامائەت گېپىمنى ئاڭلايدۇ. ئاندىنزە، ئۆزەم جامائەتنى باشلاپ بېرىپ، قىزنى ئالدىلىرىغا ئەپكېلىپ بېرىمەن. قازاق دېگەنمۇ مۇسۇلمان، ئانداق بولغاندىكىن، ئۇ قىزمۇ شەرىئەت ھۆكمىگە رازى بولىدۇ. بۇنداقتا، زىقمۇ كۆيمەيدۇ، كاۋاپمۇ. بۇنىڭغا نېمە دەيدىلا دورغام؟

— ۋاي ئاخۇنۇم، خۇدايىم ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلغاي. بۇ ئەقلىنى نەدىنمۇ تاپقاندىلا، — دېدى دورغا كۈلۈپ. ئاندىن: «ھاي، خامۇش بەگ، ھاي، بۇيان كىرچۇ» دەپ ۋاقىرىدى. بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ، مېھمانخانىنىڭ دالان ئىشىكى تۈۋىدە بىر ئايال كىشىنىڭ گەۋدىسى غىپلا قىلىپ، قاراڭغۇدا كۆزدىن غايىپ بولدى. مېھمانخانىغا تۇتاش يان ئۆيدىن كۆزىنى ئۇۋۇلاپ خامۇش بەگ چىقتى.

— سېنى قارا، ھېلىتىن يېتىشۋالغىلى توخۇمىدىڭ؟ ماڭ،
ئىنەڭگە ئېيت، يېرىم تاختا چاي بەرسۇن، — دېدى دورغا.
بىردەمدىن كېيىن ئىمامنىڭ رەھمەت ھەشقاللىسى ئاڭلاندى.
— ئىش پۈتكەندە، تونىمۇ ياپىمەن، — دېدى دورغا. ئىمام
قاقاقلاپ كۈلدى.
— پېقىرغىمۇ بىرەر كۆينەكلىك تېگۈر، — دېدى ئەمەت كۈرۈك
كۈلۈپ.
— قونداقتا تۈنەيدىغان جانىڭارغا كۆينەكنىڭ نىمە كېرىگى؟ —
دېدى دورغا مەسخىرە بىلەن. ھەممىسى كۈلۈشتى.

**2**

دەل شۇ چاغدا رەۋىخان مومايمۇ تالادىن كۈلۈپ كىردى ۋە
خۇشاللىغىدىن تىلى گەپكە كەلمەي، ھەدەپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتەت-
تى. ئۆيدىكىلەر ھەيران بولۇپ، بىر بىرىگە قاراشتى. رەۋىخان
موماي ئۆزىنى بىرئاز تۇتۇۋېلىپ، گەپنى ئاشكارىلىدى: ئايقىز
رەۋىخان مومايغا: ئەتىدىن باشلاپ كېلىنىڭىز بولاي دەپتۇ!
— ھۇششەرە، — دېدى تۆمۈر خەلپە، — قېنى ئۇ ئەقىللىق قىزىم،
ماڭلىيىغا بىرنى سۆيۈپ قويماي دېدىم. ئاغرىقنىڭ ساقايغىنى
كەلسە تىنۋىپ ئۆزى كېلۇر دېگەن شۇ. بۇ تۈگۈشنى يېشىشنىڭ
ئامالىنى ئۇ قىزىمنىڭ ئۆزى تېپىپتۇ. ئانداق قازانغا مۇنداق
چۆمۈچ قىلايلى دېگىنىمىمۇ شۇ ئىدى. ئەمدى نىياز دورغا قانداق
قىلىدىكىن؟
سەپەرقۇل خۇددى تۇيۇقسىزدىن بىر غايىپ غەزنە ئۇچراپ
قالغاندا، نىمە قىلىشىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالغان كىشىدەك جىم
ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قورۇق باسقان شالاڭ ساقاللىق يۈزى
بىر خۇش تەبەسسۇم بىلەن قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.
— خۇداغا يۈزمىڭ قەتلە شۈكرى، — دېدى ئۇ ئاخىر، — بۇ

ئايلا قىزىمنى بېشىمغا تاج قىلىپ قىساممۇ ئاز. ئەمما زە، هازىرلىغىمىزنىڭ يوقلۇغىدىن، بۇ قىزىمنىڭ ئالتۇن كۆڭلىگە پىسەنت كەلگىدەك ئىش قىلالماي قالۇرمىزمىكىن دەپ قورقىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ يۇرتتا هوشۇر ئىسىمىدىن بۆلەك كىشى نىكا ئوقۇيالمايدۇ، ئەمدىزە، شۇنىڭ ئالدىغا بارۇرمىزمۇ؟

— غەم يىمە ئاكا، — دىدى تۆمۈر خەلپە، — نىكانى ئۆزۈم ئوقۇيمەن. قالغان ئىشلارمۇ، ئۆز يولىدا بولۇپ كېتۇر. شۇنداق ئەمەسمۇ!

— شۇنداق، ئۇكام، — دىدى رەۋىخان موماي، — بالىغا ئاتاپ قىلغان بىزە هازىرلىغىمىزمۇ بار. بېرىغا قىز هەغدار، يوقىغا بىز قەزدار، كېيىن ئوبدان توي قىلىپ بەرمەيمىزمۇ. مەن نېرىقى ئۆيگە، ئايلا قىزىمنىڭ يېنىغا چىقاي...

ئامانقۇل يەردىن ئۈستۈن قارىماي جىم ئولتۇراتتى. يۈرىگىنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇشى ئۆزىگە ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئوڭىمۇ ياكى چۈشىمۇ؟ قۇلىغى راستىنلا شۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاۋاتامدۇ؟ بۇ پەرى قىزنى ئۆيىگە ئەپكېلىپ، ئەتىسى دادىسى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، كۆڭلىدە كەچكەن هىلىقى شىرىن خىيال كۆلەڭگىسى بۈگۈن ئەمدى راست ئىش بولۇپ قېلىۋاتامدۇ؟ ئاھ، نىمە دىگەن بەخت! مۇنداق بەخت هەممىلا كىشىگە نېسىپ بولىۋەرمەس، بەلكى ئۆزىگىمۇ هەممىشەم كېلىۋەرمەس، پەقەت بىرلا قېتىم، پەقەت مۇشۇ قېتىملا كەلگەندۇ! توختىچۇ، ئايقىز سېنى راستىنلا ياخشى كۆرۈپ قالغانمىدۇ، ياكى بۇرۇنىدىن پوتلىسى ئېرىمەيدىغان هىلىقى خامۇش بەگ دىگەن نىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتامدۇ؟ ياق، ياق. ئۇنداق ئەمەستۇ. بەلكى مېنى راستىنلا ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا، ئەجەپ ئەمەس. بولمىسا هىلىقى كۈنى جۇماتاينىڭ پىچىغىنى ساڭا بېرەمتى!؟

تۆمۈر خەلپىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزدى.

— سەپەرقۇل ئاكا، ئەتە سويغىدەك بىرنىمە بارمۇ؟ يوق بولسا...

— بار، بار، — دەپ ئالدىراش جاۋاپ بەردى سەپەرقۇل.

— ئانداق بولسا ياخشىكەن، — دېدى تۆمۈر خەلپە، — ئۇكام ئامانقۇل، سەن ئەتىگەندىلا، دوستلىرىڭغا خەۋەر قىل. سەپەرقۇل ئاكام خوشنىلار بىلەن مەلىنىڭ ئاقساقاللىرىنى نىكا چېيىغا چىللاپ قويسۇن. دورغىنىڭ ئادەملىرى كەلگىچە بىز نىكا چېيىنى ئىچىپ بولۇپ ئولتۇرىمىز.

ئايقىز كېچىچە كۆز يۇممىدى. رەۋىخان موماي تۇيدۇرماي، بىرمۇنچە كۆز يېشىمۇ قىلىۋالدى. نېمىشقا يىغلىغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. پىكرى-خىيالى خۇددى دېڭىزدەك چايقىلاتتى. قىز ئويلايدۇ: كاشكى، شۇ يوغان قوساق ئوكۇرداي مال-دۇنياسىغا ئىشىنىپ ئۇنى سوراتمىغان بولسا؛ كاشكى، تويمىغۇر دادىسى مالپەرەستلىك قىلماي، ئوكۇرداينىڭ ئەلچىسىنى قۇرۇق ياندۇرغان بولسا ياكى شۇ مېھرىۋان ئانىسى، شۇ كەمسۇخەن، مۇلايىم ئانا قىز چېغىدا بىرەر كەمبەغەل مالچىغا تەككەن بولسا يۇ، قىز شۇ ئۆيدە تۇغۇلغان بولسا: بۇ كەمبەغەل ئائىلە جۇماتايىنى ھېچقاچان ئىشىكىدىن قوغلىۋەتمەيتتى، ئەڭ ياخشىسى، ئۆزى تۆرەلمىگەنلا بولسا، خۇددى ھېلىقى كۈنى، رەۋىخان موماي ئېيتقاندەك مۇشتۇمدەك بېشىغا تاغدەك ئېغىر كۈنلەر چۈشمەيتتى. نېمە دېگەن كۆرگۈلۈك بۇ؟ كاشكى، جۇماتايغا تەككەن ئوق ئۆزىگە تەككەن بولسىچۇ! ياكى كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ، ھېلىقى پىچاقنى ئۆزىگە بىرلا ئۇرغان بولسا، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى!... ياق-ياق! جۇماتاي ئۇ پىچاقنى ئۆزەڭگە سال دەپ بەرمىگەن! شۇنداق، ئۆزەڭگە سال دەپ بەرمىگەن! ئۇ پىچاق ھازىر ئۆز ئىگىسىنى تاپتى. ناھايىتى توغرا. خۇددى جۇماتاينىڭ ئۆزىدەك يىگىتنىڭ قولىغا چۈشتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا يىغلايدۇ. نېمىشقا ئۆلۈمنى ياد ئېتىدۇ! سەپەرقۇل دېگەن بوۋاي نېمە دېگەن ئوبدان، ئۇنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن دائىم ئاتىلارچە مېھىر-شەپقەت، چەكسىز كۆيۈم يېغىپ تۇرسا؛ رەۋىخان مومايچۇ؟ خۇددى ئانىسىنىڭ ئۆزى! گويا ياراتقان خۇدا

بۇ قىزغا ئىككى ئانا ئاتا قىلغاندەك... ئامانقۇل، ئامانقۇل! ئەگىندە ياماق چاپان بىلەن تېرە شالۋۇر، ئەمما زە، خۇددى ئالتۇندىن سوقۇلغاندەك بىر يىگىت ئىكەن. نېمىدىگەن نومۇسچان، ھە! ئۈچ ئايدىن بېرى، قىزنىڭ كۆزىگە بىرەر قېتىممۇ تىكىلىپ قارىمايدۇ. ئەمما، يامان ئادەملەرنى كۆرسە، خۇددى يولۋاستەك خىرىس قىلىپ، يىلپىزدەك ئېتىلىدىكەن. ھېلىقى كۈنى نىياز دورغىنىڭ ئەلچىسىگە مۇشت تەگىلىگىنىنى كۆرمەمدىغان! بۇ قىلىقلىرى بىلەن خۇددى جۇماتاينىڭ ئۆزىلا! يەنە نېمە دېگەن ئاقكۆڭۈل، ئىنساپلىق يىگىت، ئۇ جۇماتاينى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆرۈپ ئۇنىڭ جەسىدىنى باشقىدىن يەرلىككە قويۇشقا قانچىلىك سەمىمىي كىرىشتى-ھە! بولۇپمۇ ھازىر نىكانى قىلىشىپ، جۇماتاينىڭ يېلى توشقىچە بۆلەك-بۆلەك تۇرۇپ تۇرساق دېسە، دەرھال ماقۇل بولغىنىنى قارىمامدىغان! باشقا بەگۋاش يىگىتلەر بولسا، بۇ شەرتكە ئۇنارمىدى؟ نېمىدېگەن ئالىيجاناپ يىگىت. نېمىدېگەن ئوبدان ئادەملەر! بۇلارنىڭ كۆڭلى خۇددى ئاشۇ سۈپ-سۈزۈك تاغ سۈيىدەك پاكىز. ئۇلار خۇددى مۇشۇ نېرىنكىر تاغلىرىنىڭ قارىغايلىرىدەك ئۇلۇغۋار، يەنە، بۇ مەلىدىكى ئادەملەرچۇ، خۇددى بالىلاردەك ئاقكۆڭۈل، ساددا، مېھماندوست. يات يۇرتتىن كەلگەن بىر مۇساپىر قازاق قىزىنى ئۆز كىشىسىدەك قويىنىغا ئالدى ئەمەسمۇ! توغرا-توغرا، مۇشۇ خەلقنىڭ كېلىنچىگى بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە ياشاش كېرەك، بىللە! مۇشۇنداق قىلسا، بەلكى جۇماتاينىڭ روھىمۇ خوش بولىدۇ. ئاپىرىن، ئايسۇلۇ! توغرا يول تۇتتۇڭ، مېنىڭ پىچىغىنىمۇ مۇناسىپ كىشىنىڭ قولىغا بەردىڭ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئېلى سېنى قوغدايدۇ، كۆز قارچۇغىسىدەك ئاسرايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈرلۈك بىللە بول دەيدۇ بەلكى.

ئايقىز ئاشۇنداق خىياللار بىلەن تاڭنىڭ قانداق ئېتىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالدى.

## 3

تاڭ ئېتىش بىلەنلا سەپەرقۇلنىڭ كىگىز ئۆيى ئالدىدا نىياز دورغىنىڭ مالچىسى روزىمەت چورۇق پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئايىلى دورغىنىڭ «ئۆي تېجىمىلى» ئىدى. ئاخشام، ئۇ، ئايىلىدىن دورغىنىڭ ئۆيىدە بولغان ھىلىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ، تاڭ ئاتقىچە كىرپىك قاقماي چىقىپتۇ-دە، ئەمدى بۇ ئىشنى خەۋەر قىلىپ قويغىلى كەپتۇ. روزىمەت چورۇق ئەتراپىغا قاراپ، گەپنى تۆگەتتى-دە، كەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى تۆمۈر خەلپىمۇ ئېنىق ئاڭلاپ ئولتۇراتتى.

— دوستلۇقنى بىر يەتكۈزدۈڭ ئۇكام، — دېدى سەپەرقۇل مىننەتدارلىق بىلەن.

— شاھ شاھنىڭ، گادايى گادايىنىڭ قاياشى، ئۆينىڭ مۆڭگۈزىگە ئۇرسا، تۈيىغى سىقىرايدۇ ئەمەسمۇ! خوش، ئامان بولۇڭلار، — دېدى روزىمەت چورۇق. سەپەرقۇل ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆيىگە سەل غەمكىن كىرگەندە، تۆمۈرخەلپە مۇنداق دېدى:

— بۇ گەپچە، بۈگۈنكى جۈمە نامىزى كۆچ سىنىشىدىغان ناماز بولىدىكەن-دە! بۇ نامازغا چوقۇم بېرىش كېرەك. ئېشىڭ ھالال بولسا، تۆت كوچىدا ئولتۇرۇپ ئىچ، گېپىڭ ھەق بولسا، خانىغا قورقماي ئېيت دەپتىكەن، نىمە غەم يەيسەن؟

— بۇ يەر يۇ تۇقۇرلار سېنى خاپا قىلىپ قويۇرمىكىن دەپ دەگدەۋاتىمەن، — دېدى سەپەرقۇل.

— گەپكە گەپ كەلگەندە، ئاتاڭدىن قالما دەپتىكەن، بىزمۇ بىرنىمە دەرمىز. ئەل-جامائەت بار ئەمەسمۇ، — دېدى تۆمۈرخەلپە.

شۇ كۈنى چۈشكە قالماي، نۇرۇل بوۋا باشلىق مېھمانلار ئۇزاپ بولدى. جامائەت جۈمە نامىزىغا ماڭغاندا، ئامانقۇلمۇ بىرنەچچە يېقىن دوستلىرى بىلەن مەسچىتقا ماڭدى.

مەسچىت تەخمىنەن بىر يېرىم چاقىرىم يىراقلىقتا، يەنى
نىياز دورغىنىڭ مەلىسىدە ئىدى. مەسچىتقا بىرەر يۈزدەك جامائەت
يىغىلغان ئىدى. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى سەپكە ئاق كىگىز جاي-
نامازلار، ئۈچىنچى سەپتىن باشلاپ تېرە ۋە بەزى يەرلىرىگە
بورا سېلىنغان ئىدى. تۆمۈر خەلپە بىلەن سەپەرقۇللارغا ئۈچىنچى
سەپتىن ئورۇن تەگدى. نىيازدورغا يېڭى تون كىيىپ، بېشىغا سەللە
ئوراپ، بىرىنچى سەپتە، دەل مېھراپنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇراتتى.
ئۇنىڭ يېنىدا پاكىز كىينگەن خامۇش بەگ خىرت-خىرت قىلىپ
ماڭقىسىنى تارتىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپ-
لىرىگە كۆپىنچە سەللىلىك كىشىلەر، يەنى «يۇرت چوڭلىرى»
جايلاشقان ئىدى.

جۈمە ۋە پېشىن نامازلىرى ئوقۇلۇپ بولۇش بىلەنلا،
هوشۇر ئىمام ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە بىر-ئىككى ئېغىز
ئەرەپچە ئىبارە ئوقۇپ ئۆتكەچ، گېلىنى قىرىپ قويۇپ گەپ
باشلىدى:

— جامائەت! مەن بۇ مەسچىدى مۇبارەكنىڭ ئىمامى بولۇش
لاياقىتىم بىلەن شۇنى جاكالايمەنكى، بىزنىڭ يۇرتىمىز نېرىنكىردا
جانابى رەسۇلۇللانىڭ مۇبارەك شەرىئەتلىرىگە مۇخالىپ، ناشايا
ئىشلار سادىر بولۇۋاتىدۇ، يەنى ھەممىلىرىگە مەلۇمدۇركى، سەپەرقۇل
دىگەن مالچى نەدىن كېلىپ قالغانلىغى نامەلۇم بىر قازاق قىزىنى
نەچچە ئايدىن بۇيان ئۆز ئۆيىدە ساقلاۋاتىدۇ. سەپەرقۇلنىڭ
ئاللىقاچان يىگىت بولۇپ قالغان ئوغلى تۇرسا، مۇنداق ناشايا
ئىشقا شەرىئەت يول قويامدۇ؟ ھەرگىز يول قويمايدۇ. بىز بۇنى
بىلىپ تۇرۇپ، قولىمىزنى يۇيۇپ يۈرسەك، گۇناكار بولمايمىز-
مۇ؟ قىيامەت كۈنى نىمە دەپ جاۋاپ ئېيتىمىز؟ نامەھرەم بو-
لىدىغان ئىشلارنى توساپ، شەرىئىتى مۇھەممەدىنى ئىجرا قىلماق
ھەممە مۇسۇلمانىنىڭ پەرزى. بۇ قىزنى دەرھال يۇرتنىڭ ئاتىسى
نىياز دورغامغا تاپشۇرۇپ، دورغامنىڭ ھوزۇرىدا بىرئەھلى مۇ-

سۇلمانغا نىكا قىلىپ قويۇشىمىز جايىز. قېنى، ھەممىلىرى مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىشسىلا، سەپەرقۇلنىڭكىگە بېرىپ، شەرىئەت ھۆك-مىنى بىجا كەلتۈرگەيمىز! ھە، سەپەرقۇل قېنى، ئۆزى بارمۇ بۇ يەردە؟

— مانا مەن، — دېدى سەپەرقۇل ئورنىدىن تۇرۇپ.

جامائەت ئىچىدە غۇدۇر-غۇدۇر باشلاندى. ئىككىنچى سەپتە ئولتۇرغان نۇرۇل بوۋا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئاخۇنۇم ئالدىرىمىسىلا! ئۇ قىزنىڭ نىكاسى ئوقۇلۇپ بولغان، ئۇ ھازىر ئامانقۇلنىڭ ھالال جۈپتى، سەپەرقۇلنىڭ ئۆز كېلىنى، — دېدى.

— بىز گۇۋا، بىز گۇۋا! — دەپ ۋاقىراشتى بىرمۇنچە كىشىلەر.

— نىمە، نىمە؟ قانداق نىكا؟ — دېدى ھوشۇر ئىمام كۆز-لىرىنى چەكچەيتىپ، — مەن بۇ يەردە تۇرسام، نىكانى كىم ئوقۇي-دىكەن، كىم؟

— مەن ئوقۇدۇم، — دېدى تۆمۈر خەلپە ئورنىدىن تۇرۇپ.

نىياز دورغا باشلىق يۇرت چوڭلىرى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراشتى. بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز قالغان باشقا كىشىلەرمۇ، دەرھال تۆمۈر خەلپىگە قاراشقا باشلىدى. ھوشۇر ئىمامنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى.

— مەن ئوقۇدۇم دەمسىنا، — دېدى ئۇ، گويا ئۆزىنىڭ قۇلىغىغا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ.

— ھەئە، مەن ئوقۇدۇم، — تەكرارلىدى تۆمۈر خەلپە.

— ئۆزەڭ كىمسەن؟ قايسى يۇرتلۇق سەن؟

— ئوڭ قۇلىقىمغا ئەزان، سول قۇلىقىمغا تەكبىر ئېيتىپ قويغان ئېتىم تۆمۈر، كەسپىم ياغاچچى، يۇرتۇم قۇمۇل.

— ياغاچچى بولساڭ، نىكا ئوقۇشنى نەدىن بىلىسەن؟

— ئاخۇنۇم ئوقۇغان ئىلىمنى مەنمۇ ئوقۇغان.

— ساڭا نەدىكى ئىلىم؟ يالغان گەپ قىلما!

تۆمۈر خەلپە تەمكىنلىك بىلەن بىر ھەدىسنى ئوقۇدى-دە،

يەنى «ئاللا تائالانىڭ بىزگە ئەۋەتكەن ھەق پەيغەمبىرى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئىلىم ئۆگىنىش ھەربىر ئەركەك ۋە چىشى مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر. ھەتتا چىن مەملىكىتىگە بېرىپ بولسىمۇ» دەپ تەرجىمە قىلدى. ئاندىن «ياكى ئاخۇنۇم پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىگە شەك كەلتۈرەمدىكىن؟ ئەگەر شەك كەلتۈرىدىغان بولسا، بۇنىڭ ۋەجىنى جامائەت ئالدىدا ئېيتسۇن» — دېدى.

بۇ جاۋاپ ھەممىنى ھەيران قالدۇردى، تۆمۈرخەلپىنى تونۇمايدىغان كىشىلەر شىۋىرلىشىشقا باشلىدى. ھوشۇر ئىمام بىر نىمىسىنى يۈتتۈرۈپ قويغان كىشىدەك رەڭگى تاتارغان ھالدا، ھەدەپ يان-يېنىغا قارايتتى. ئاخىر ئۇ، تۆمۈرخەلپىنىڭ ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغان كۆزىگە قارىيالماي، ئۇدۇلدىكى تامغا قاراپ تۇرۇپ:

— سېنىڭ ئوقۇغان نىكايىڭ باتىل، نىكانى باشقا ئوقۇيمەن، — دېدى.

— بىر قىزغا ئىككى نىكا ئوقۇش قايسى كىتاپتا بار؟ ئەمدى كىمگە ئوقۇماقچى؟

— ياق! باتىل دېدىم باتىل. يۇرتنىڭ ئاتىسى نىياز دورغام كىمگە بۇيرۇسا، شۇ كىشىگە ئوقۇيمەن.

— ھە، مانا ئەمدى راست گەپلىرىنى ئېيتتىلا، — دېدى تۆمۈرخەلپە مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ، — ئېشىڭ ھالال بولسا، تۆت كوچىدا ئولتۇرۇپ ئىچ، گېپىڭ ھەق بولسا، خانىدىن قورقماي ئېيت، دەپتىكەن. مەنمۇ راست گەپنى قىلاي. ئۆزلە بىر مۇسۇلماننىڭ ھالال جۈپتىنى خامۇش بەككە نىكالاپ بېرىپ، نىياز دورغىنىمۇ خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناكار قىلاي دەۋاتىلا. شۇنداقمۇ ئەمەسمۇ؟

— توغرا، توغرا، — دەپ ۋاقىراشتى كۆپچىلىك.

نىيازدورغا بىلەن ھوشۇرئىمام ئۆز سىرىنىڭ ئېچىلىپ قالغانلىغىنى كۆرۈپ، گاڭگىراپ قالدى.

— مېنىڭ ھالال جۈپتۈمگە چېقىلىدىغان كىمنىڭ ھەددىكەن! —

دېدى ئامانقۇل ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، — ئۇنداق كىشىنىڭ ئۆچەي - قارنىنى مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا تۆكۈۋاتىمەن!

ئامانقۇلنىڭ قوللىرى بېلىدىكى تاسما بەلۋاققا ئېسىقلىق پىچاققا يۈگۈردى. ھوشۇرئىمامنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

مەسچىتنىڭ ئىچىنى ۋاراڭ - چۇرۇڭ قاپلىدى. ئىككىنچى سەپتىن باشلاپ، ھەممە كىشى ئۆرە - تۆپە بولۇپ كەتتى. نىياز - دورغا دەرغەزەپ بولۇپ، ئورنىدىن قوپتى - دە، خامۇشنى باشلاپ، سىرتقا ماڭدى. ئۇ مەسچىتتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، تۆمۈرخەلپىگە قاتتىق ئالىيىپ قويدى. ھوشۇر ئىمام ئۆلۈكتەك قېتىپ قالدى. كىمدۇ بىرسى قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. تۆمۈرخەلپە خاتىرجەم ھالدا مەسچىت سەيناسىغا چىققاندا، بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشكە ئالدىرايتتى.

## 4

كەچقۇرۇن نىياز دورغا ھوشۇرئىمام بىلەن ئەمەت كۈرۈكنى قىچقارتىپ كېلىپ قاتتىق كايىدى. ھوشۇر ئىمامنى «چەلپەكچى موللام»، «ئېتى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق خەلپىتىم» دېگەن گەپلەر بىلەن مەسخىرە قىلىپ، «ئاتا - مانام كۆرمىگەن نەدىكى بىر قارا تۈرۈكتىن يېڭىلىپ قالدىلا، ئەھۋاللىرى شۇنچىلىكمىدى؟ ئەمدى ئۇ تېجىمەللەرنىڭ تىلى تېخىمۇ ئۇزۇراپ، گېپى يوغىنايدۇ. باشقىلارمۇ ئۇلارنى دورايدۇ. كېۋەزلىككە ئوغرى كىرسە، ئاتقۇچىنىڭ بىرنىمىسىنى كەس دەپ، ئەمدى ئۆزلەنى نىمە قىلسام بولۇركىن؟» دېدى. ئەمەت كۈرۈكنى «سەن نان قېپى، نىمە قىلىپ يۈردۈڭ؟ ياتنى كۆرسە ئىت چېخىدا قاۋايدۇ، بۇ يەرگە يات بىر ئادەم كەپقالغانلىغىنى بۇرۇنراق ئېيتساڭ بولمامدۇ» دەپ سوراققا تارتتى. ھوشۇر ئىمام ئۇتتۇرۇپ قويغان قىمارۋازدەك، كىگىزنى تاتىلاپ جىم ئولتۇراتتى.

— خوش، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، دانىشمەن ئىمام، مۆرەپ باقىملا! — دېدى دورغا تەنە قىلىپ.

— ھېلى بولسىمۇ، شەرىئەت ھۆكمىنى ئىشلىتىپ باقساق-مىكىن، — دېدى ھوشۇر ئىمام، ئۆز گېپىگە ئۆزى ئىشەنمىگەندەك بىر ئاھاڭدا.

— جان چىقىپ بولغاندا ياسىنىنىڭ نىمە كېرىكى؟ — دېدى دورغا ئاچچىق بىلەن، — ئۆزۈم قارا تۇرۇك بولسامۇ، ئەقلۇ-ھۇشۇم جايىدا. شەرىئەت-پەرىئەتنى قويۇپ، قوللىرىغا دەررىنى ئالساڭلا، ئادەملىرىمدىن تۆتنى قوشىمەن، ئۇ مۇرتەتلەرنىڭ باش-كۆزىگە ساۋاپ، ھېلىقى قازاق قىزنى ھەيدەپ كەلمىسىلە بولمايدۇ. ئۇنداق قىلمىسام، بۇ يۇرتنى قانداق سورايمەن! سەنچۇ، ھەي كۇرۇك، ھازىردىن باشلاپ، ھېلىقى تۇمۇر دىگەننىڭ ئارقىسىغا چۈش. ئۇ زادى نىمە ئادەم؟ بۇ يەرگە نىمىشقا كەپتۇ؟

شۇ ئارىدا خامۇش بەگ ئالدىراپ كىرىپ ئۇردىدىن ياساۋۇل كەلگەنلىگىنى خەۋەر قىلدى. ھەممىسى تالاغا چىقىشتى. ھويلىدا بېشىغا جىيەكلىك ئاق قالپاق، ئۇستىگە كۆك كەمزۇل كىيىپ، قارا پوتا باغلىۋالغان ياساۋۇل قامچىسى بىلەن چاڭ-توزاڭلارنى قېقىشتۇرۇۋاتاتتى ...

ياساۋۇل چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، بۇ يىل شامەخسۇتنىڭ چارۋا سانىغىنى ئون بەش كۈن بۇرۇن ئۆتكۈزۈشكە يارلىق چۈشۈرگەنلىگىنى، ساناقچى بەگلەرنىڭ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدىغانلىغىنى ئېيتتى ۋە ئاخىرىدا: «ساناق كۈنلىرى پېقىرلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىسىلا دورغام» دەپ قوشۇپ قويدى.

— خويمۇ كاتتا ئىش بوپتۇغۇ بۇ ئەمدى، بۇ تېجىمەللەرنىڭ پىلىسىرات كۆۋرۈكتىن قانداق ئۆتىدىغانلىغىنى كۆرىمىز. ئۆزلەنىڭ نېسىۋىلىرىنى ئۇنتۇپ قالامدىغان. بۇ يىل ئۆتكەن يىلىدىكىدىنمۇ ئوبدانىراق بولىدۇ، ئىنشائاللا ھا ... ھا ... ھا ...، — دېدى دورغا خوشال بولۇپ. ئاندىن نېرىنكىرىغا كىمنىڭ كېلىدىغانلىغىنى سورىدى.

ياساۋۇل قىزبەگ غوجىنىڭ① كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ۋاي، ۋاي، ۋاي، مۇنداق دىسىلە، قىزبەگ غوجام كەلسە، خۇدايىمنىڭ بەرگىنى شۇ، — دىدى دورغا تېخىمۇ خوش بولۇپ.

— ئۆزلەگە شاھزادە غوجامىنىڭ ئامانەت گېپى بار، — دىدى ياساۋۇل دورغىغا قاراپ.

— شاھزادە غوجامىنىڭ ئالتۇن بويلىرى، كۈمۈش تەنلىرى ئىسەن بولغاي. ھەرقانداق ئىشقا بىر تەييار، — دىدى دورغا.

— شاھزادە غوجام نېرىنكىر تاغلىرىدىكى ئىللىق پۈرايدىغان ياۋا گۈللەردىن ئەۋەتسۇن دەيدۇ. بۇلتۇرقىلاردەك ئاسان سولىشىپ قالىدىغانلىرىنى ئەمەس، — دىدى ياساۋۇل.

— ھىم، ئۇقتۇم، — دىدى دورغا ھوشۇر ئىمامغا مەنالىق قاراپ، — ئەمدى داپنى باشقا سەنەمگە چالساق بولامدۇ، نىمە؟

— خوش دورغام. ئەقىل - پاراسەتلىرىگە بارىكاللا. خامۇش بەككە نېرىنكىردىن قىز تېپىلماي قالامتى. قولنى كەسمىگۈنچە قان چىقماس دەپتىكەن. شاھزادە غوجام بۇ قازاق پەرىسىنى بىر كۆرسە، ھۇشىدىن كېتىپ، ئۆزلەگە نىمە ئىلتىپاتلارنى قىلىپ تاشلايدىكىن، تېخى، — دىدى ھوشۇر ئىمام خوشامەتگۈيلۇق بىلەن، ئۇ ئۆز كۆڭلىدە بولسا، «تون كىيمىسەممۇ كىيمەي، بۇ قازاق قىزىنىڭ ماجراسىدىن قۇتۇلغىنىم خوپ» دەپ ئويلايتتى.

نىياز دورغا ياساۋۇلغا مۇنداق دىدى:

— مەن شازادە غوجامغا شۇنداق بىر قىز ئەۋەتەي، ئاي دىسە ئاغزى بار، كۈن دىسە، كۆزى بار. ئۇنى ئاسماندىن چۈشكەن پەرىمىكىن دەپ قالسۇن غوجام.

«شاھزادە غوجام» دىگىنى شامەخسۇتنىڭ ئوغلى نەزەر ئىدى. ئۇ، شامەخسۇتنىڭ بالىلىرى ئىچىدە بىر تاللا ئوغۇل بولۇپ كىچىكىدىنلا شۇنداق ئەركە، بەڭۋاش ئىدىكى، ئۇنىڭ دەر-

① قىزبەگ (قازى بەگ) — تەيجىدىن كېيىنلا ئىككىنچى دەرىجىدە تۇرىدىغان ئوردا ئەمەلدارى.

دىدىن پۈتۈن قۇمۇل «دات» دەيتتى. يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئۆكچەكنى
كەينىگە سىلىشۈپلىپ، هاراق، ئەپيۇن، نەشە، زىنا بىلەن كېچىنى
كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ كەيپ ـ ساپا قىلاتتى. كىمنىڭ
قىزى، خوتۇنى چىرايلىقراق بولسا، ئىشنىڭ تۈگىگىنى شۇ ئىدى.

مانا ئەمدى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئاپپاق قارلار بىلەن قاپ-
لانغان ئىگىز چوققىلىرىدىكى قار لەيلىسىدەك پاك، ئىپپەتلىك بىر
قىزنى شۇم تەقدىر ئەنە شۇ لەنىتىنىڭ ئىپلاس قوينىغا تاش-
لىماقچى!

# بەشىنچى باپ

# كۆتۈلمىگەن ۋەقە

بەندە سۆزلەيدۇ،
تەقدىر كۈلىدۇ.

— ئەرەپ خەلق ماقالى

## 1

مەسچىتتىكى مۇنازىرىدە، ھوشۇر ئىمام شەرمەندە بولغاندىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە ۋە سەپەرقۇل ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى «سۇ ئۇخلىسا ئۇخلار، دۈشمەن ئۇخلىماس» دېگەن ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئەتىسىدىن باشلاپ خاتىرجەم ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى: تۆمۈر خەلپە بارىكۆلگە ماڭدى؛ ئامانقۇل ئوۋغا چىقىپ كەتتى؛ سەپەرقۇل بىلەن ئايقىز «قارا يىلپىز»نى ئەگەشتۈرۈۋېلىپ قويلارنى ھەيدەپ كەتتى. نىياز دورغا بولسا، «بۇ قازاق پەرىسىنى شاھزادە غوجامغا ئەۋەتىپ بەرسەم، ماڭا نىمە ئىل-

تىپاتلار بولۇركىن» دىگەن شىرىن خىيالىلارغا غەرق بولۇپ، سا-
ناقچى بەگلەرنىڭ تىزرەك يىتىپ كىلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

بىراق، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ۋەقە سەپەرقۇللارنىڭ
خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ، نىياز دورغىنىڭ خۇشاللىقىنىمۇ بۇرۇندىن
بۇلاق قىلدى. بۇ ۋەقە مۇنداق ئىدى:

ئامانقۇل ئۇۋغا كىتىپ شۇ كىچىسى سەپەرقۇل كىچىچە
قىزىپ ياتالمىدى. تاڭ ئېتىش بىلەنلا، رەۋىخان مومای بىلەن
سەپەرقۇل بوۋاينىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي، ئايقىز قويلارنى ئۆزى
يالغۇز باققىلى ماڭدى. قىزغا پەقەت قولىدىكى تايىغى بىلەن
«قارا يىلپىز»لا ھەمرا ئىدى. قارىغايزارلىق تاغ باغرىدىكى كەڭ
يايلاق شۇنچىلىك كۆكۈللۈك ئىدىكى، ئايقىز ئۆزىنى تامامەن ئۇنۇ-
تۇپ، گاھ تاغ گۈللىرى ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرگەن كىپىنەكلەر
بىلەن ئوينىشاتتى. گاھ ئارپا نىنى پارچىلىرىنى «قارا يىلپىز»نىڭ
ئاغزىغا تاشلاپ، ئۇنى ئەركىلىتەتتى. گاھىدا، تاغ قۇشلىرىنىڭ
ناۋاسىغا مەپتۇن بولغان ھالدا، قازاق خەلقىنىڭ «بۇلبۇل تور-
غاي» دىگەن مەشھۇر ناخشىسىنى ئېيتىپ، يىراق-يىراقلارغا قا-
راپ، نىمىنىدۇ ئويلايتتى.

قىز بىردىنلا ئىدىرلىق ئىچىدىن ئۈچ ئاتلىقنىڭ ئۆزى
تەرەپكە چاپتۇرۇپ كىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. «قارا يىلپىز»
ئەنسىز قاۋاپ ئۇلارغا ئېتىلدى. قامچا-توقماقلارنى تۇتقان ئاتلىق-
لار «قارا يىلپىز» بىلەن ئېيتىشىپ يۈرۈپ، ئايقىزنىڭ ئالدىغا
كەلدى-دە، ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈشتى. ئۇلارنىڭ بىرى
خامۇش ماڭقا، يەنە بىرى ئەمەت كورۇك ئىدى. ئۈچىنچىسىنى
ئايقىز تونۇمىدى. ئۇ ھەممىدىن تەمبەلرەك كەلگەن بۇرنى پاناق
كىشى ئىدى. خامۇش ماڭقا بىلەن ئەمەت كورۇك ئېتىلىپ كەل-
گەن پېتى ئايقىزغا ئېسىلدى. ئايقىز شۇنچە قارشىلىق كۆرسىتىپ
باقسىمۇ، تەڭ كىلەلمىدى. كۆز يۇمۇپ-ئاچقىچە ئۇلار ئايقىزنىڭ
قوللىرىنى ئارقىسىغا باغلاپ، ئاغزىغا لاتا تىقتى-دە، ئۇنى

تاغارغا تىقىپ ئاتقا ئارتىپ باغلىدى. ھەيلىقى پاناق ئادەم قولىدىكى توقماق بىلەن «قارا يىلپىز»نى تۇساپ تۇراتتى. «قارا يىلپىز» چاقچاقلىق بىلەن خاموش ماڭقىغا ئىتتىلىپ بېرىپ، ئۇنى ئوبدانلا تالىشىۋەتتى. ئاندىن پۈتۈن جەھلى بىلەن گاھ پاناققا، گاھ ئەمەت كورۇككە ئىتتىلاتتى. شۇ ئارىدا پاناق ئادەم ئۇنىڭ يانپىشىغا بەك قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. «قارا يىلپىز» ئارقا پۇتلىرىنى سۆرەپ ماڭالماي قالدى، خاموش ماڭقىمۇ دات - پەرياد كۆتىرىپ، يەردە دۈم ياتاتتى.

— قويىسلا ئىنىگىم، چاقچاق ماڭايلى، — دېدى پاناق ئادەم.

— قويىقىنىم بىلەن ئاتقا مىنەلمەيمەن، — دېدى خاموش يىغلامسىراپ.

ئاخىر ئەمەت كورۇك خاموش ماڭقىنى ئىگەرگە ئارتىپ، ئۆزى ئارقىسىغا مىنىۋالدى. پاناق ئادەم ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىنىپ، تاغار ئارتىلغان ئاتنى يېتەكلەپ يولغا چۈشتى.

«قارا يىلپىز» شىددەت بىلەن قاۋاپ قالدى. ئىگىسىز قالغان قوي پادىسى خۇددى قاشقىر تەككەندەك تىرى - پىرەك بولۇپ، چېچىلىپ كەتكەن ئىدى. ئاتلىقلارنىڭ قارىسى كۆزدىن يوقتىكەندە «قارا يىلپىز» مەلە تەرەپكە سۆرۈلۈپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ئالدى پۇتلىرىنى ئۇزىتىپ، چۆپلۈك يەرنى قاتتىق قۇچاقلاپتى. ئاندىن تومشۇغى بىلەن يەر تىرەجەپ ئارقا پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەيتتى. شۇ تاپتا ئۇ خۇددى ئىگكى پۇتىدىن ئايرىلىپ، كۆكرەك ۋە قوللىرى بىلەن يەرنى تىلغاپ ئالغا كېتىۋاتقان قەيسەر جەڭچىگە ئوخشايتتى.

شۇنداق قىلىپ، قۇياش تاققا بېشىنى قويماي دەپ تۇرغاندا، «قارا يىلپىز» ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيگە يېقىنلىشىپ كەلدى - دە، بىر قىسمىلا قاۋاپ كەتتى. رەۋىخان موماي دەرھال ئۆيىدىن چىقتى، «قارا يىلپىز» مومايغا قاراپ ئىڭرايتتى. مومايىنىڭ كۆڭلى غەلىتە بولۇپ، «ھاي، دادىسى، ئىلدام بولسىلا» دەپ

قويۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. سەپەرقۇل يېتىپ كەلگەندە، رەۋىخان موماي «قارا يىلپىز»نىڭ بېشىنى سىلاپ، رەڭگى ئۆچۈپ ھۇشسىز كىشىدەك ئولتۇراتتى. «قارا يىلپىز»نىڭ كۆزلىرىدىن ياش تېمىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يانپاشلىرى قىپ-قىزىل قان ئىدى. بوۋاي بىلەن موماي بىرەر ۋەقە بولغانلىقىنى دەرھال چۈشەندى. رەۋىخان مومايىنىڭ «ۋاي خۇدايىمەي، نېمە ئىش بولغاندۇ» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلىغىنىنى ئاڭلىغان خوشنا-خولۇملارمۇ، «قارا يىلپىز»نىڭ يېنىغا يىغىلدى. سەپەرقۇل بىلەن ئىككىكى كىشى دەرھال ئاتلىنىپ، ئادەتتە قوي ئوتلىتىدىغان يەرگە قاراپ چېپىشتى...

ئايقىزنىڭ تۇيۇقسىز يوقالغانلىقى ئەل-مەلنىڭ ھەممىسىنى ھەيران قالدۇردى. بىردەمدىلا «قازاق قىزىنى ئېيىق ئەپقېچىپتۇدەك» دېگەن گەپلەر تارقىلىپ كەتتى. بۇ خەۋەر كەچكە قالماي، نىياز دورغىغىمۇ يەتتى. «ئاپلاھۇ ئەكبەر، — دەيتتى ئۇ ساقىلىنى يۇلۇپ، — بۇ قانداق بولغىنى؟ ئەمدى شاھزادە غوجامغا نېمە دەرمەن. غوجامغا خەۋەر بېرىۋەتكەن ئەمەسمىدىم؟ ھاي خامۇش، قېنى سەن، بېرى يىقچوا!»

خامۇش ماڭقىنىڭ ئورنىدا نىياز دورغىنىڭ خوتۇنى ئۆيدىن چىقىپ: «بالىنى بۆرە تالىۋېتىپتۇ، بۇنىڭدىن خەۋەرلىرى يوق، نېمانچە ۋاقىرايدىلا!» دېدى.

دەرۋەقە، خامۇش ماڭقا «ۋاي جان، ۋاي تۇۋا» دەپ يوتقانغا چۈمكىنىپ ياتاتتى، نىياز دورغا نېمە قىلىشىنى بىلمەي، ئۆزىنىڭ قۇيرۇغىنى ئۆزى تالايتتى. ئاخىر، تەرەپ-تەرەپكە ئادەم ماڭدۇرۇش قارارىغا كېلىپ، ھويلىدىن چىقتى.

2

شۇ ۋەقەدىن ئىككى كۈن كېيىن، قىبلىن دەرەخلىق غولنىڭ ئىچىدە ئات ئىزلەپ يۈرگەن ئىككى يىلقىچى يىگىت كۈن ئولتۇ-

رايى دەپ قالغاندا، يان تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر سېسىق پۇراقنى سېزىپ قالدى-دە، يۇتكەن ئات ياردىن غۇلاپ ئۆلگەن بولمىسۇن دېگەن گۇمان بىلەن شۇ تەرەپكە چېپىشتى. دەرۋەقە، يۈز قەدەمچە نېرىدا بىر توپ قۇزغۇن قانداقتۇ بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە ئولتىشىۋالغان ئىدى. ئاتلىقلار يېقىنلاشقاندا، قۇزغۇنلار ئېرىنچەكلىك بىلەن هاۋاغا كۆتىرىلدى. ئۇ يەردە بولسا، تىتىلىپ كەتكەن لاتا-چۇتىلار ئارىسىدا كىمنىڭدۇ غاجىلاپ تاشلانغان جەسەت پارچىلىرى تۇپىغا بۇلىنىپ ياتاتتى. ئۈچ قەدەم نېرىدا، قارا جىيەكلىك بىر كونا مەللە قالپاقمۇ تۇراتتى. ئاتلىقلار بىر قاراپلا، بۇ قالپاقنى تونۇۋالدى. بۇ، ئەمەت كورۇكنىڭ قالپىقى ئىدى. ئەمەت كورۇك بۇ قالپاقنى «دورغامنىڭ هەدىيىسى» دەپ هەممىگە كۆز-كۆز قىلىپ ماختىنىشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى.

— ئاخىر، ئۆزىنى بۆرە يەپتۇ، كۆزىنى قۇزغۇن، — دېدى ئاتلىقلارنىڭ بىرى.

— بۇ ئاچكۆز بۆرىلەر نىياز دورغىنىڭ قالپىقىدىن بولسىمۇ هېيىقسا بولغان، — دېدى يەنە بىرى مەسخىرە ئارىلاش.

— بالىلىرىغا ئۇۋال بولدى جۇمۇ، خەۋەر قىلىپ قويايلىمىكىن.

— ...

مەلىدىكىلەر خەۋەر تېپىپ بولغىچە، كەچ كىرىپ كەتتى. ئەمەت كورۇكنىڭ تۇققانلىرى جەسەتنىڭ پارچىلىنىپ، پۇراپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا دەپنە قىلىۋېتىش قارارىغا كېلىشتى-دە، ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن هوشۇر ئىمامىنى باشلاپ، ئازلا كىشى بىلەن غول تەرەپكە ئاتلاندى.

— شۇنداق قىلىپ، بۇ نامازغا ئۆزلەمۇ بارماي قويىدىلا-هە، — دېدى بىر ئوتتۇرا ياش كىشى يېنىدا كېتىۋاتقان نۇرۇل بوۋىغا.

نۇرۇل بوۋا مۇنداق دېدى:

— يامانىنىڭ جىنازىسىدىن، ياخشىنىڭ ھېكايىسى ئوبدان، بۇ ئەمەتاخۇن دادىسىنى دورىمىدى. دادىسى رەھمەتلىك ئۆزىنىڭ ماڭلاي تەرى بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان ھالال ئادەم ئىدى. ئەمەتاخۇن بولسا، بەگ-دورغىلارنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ، شۇلارنىڭ يالىقىنى يالايدىغان ئادەم بولۇپ چىقتى. ئۇنداق قىلمىسىمۇ، خۇدايىم ئاچ قويماس ئىدى.

— شۇنى دېمەمدىلا، ئەلدىن ئايرىلغانىنىڭ ئەگلىگى تۆشۈك دەپ، ئۆزىنىڭ كۆرگەن كۈنىمۇ چاغلىق. مانا ئەمدى نامىزىغا بارىدىغان كىشىنىڭمۇ تايىنى بولمىدى.

— ئوكام، — دېدى نۇرۇل بوۋا، — خۇدايىم ھېچ بەندىسىنى ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرمىسۇن. مەن يىگىرمە يىللار بۇرۇن، قۇمۇل شەھەر ئىچىدىكى چوڭ مەدرىسە باغچىسىدا ياساقچى ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە، تالىپلارنىڭ كىتاپ سۆزلىرىدىن ئېيتىشىدىغان ھېكايىلىرىگە قۇلاق سالىدىغان ئىدىم. بىر كۈنى ئۇلارنىڭ لوقمان ھېكىمدىن ئېيتقان بىر ھېكايىسىنى ئاڭلاپ قالدىم: لوقمان ھېكىمنىڭ بىر كېيەۋ ئوغلى بوپتىكەندۇق، ھەر جۈمە كۈنى نامازدىن يېنىپ، سالامغا كېلىدىكەندۇق. بىر جۈمە كۈنى كەلمەپتۇ، ئىككىنچى جۈمەمۇ كەلمەپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ ئىچى پۇشۇپ، «بىزنىڭ ئوغۇلغا نېمە بولدى؟» دەپ قىزىدىن سوراپتۇ. قىزى: «يىقىلىپ چۈشتى» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. لوقمان ھېكىم ئالدىراپ-تېنەپ «نەدىن يىقىلىپ چۈشتى؟» دەپ سورىغاندا، قىزى: «تامدىن» دەپتۇ. لوقمان ھېكىم كۈلۈپ كېتىپ: «تامدىن يىقىلىپ چۈشكەن بولسا، بۇنىڭ چارىسى ئاسان. مەن تېخى ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتىمىكىن دەپ ئەندىشە قىپتىمەن» دەپتىكەندۇق. قارىسىلاچۇ، بۇ نېمە دېگەن ھېكمەتلىك گەپ!

— ھەق، ھەق! تىرىكىدە ئەلدىن ئايرىلىپ يۈرۈۋىدى، ئۆلۈكىمۇ يالغۇز قالدى. خۇدايىم ھېچ بەندىسىگە مۇنداق كۈننى كۆرسەتمىسۇن.

— لىكىنزە،— دېدى نۇرۇل بوۋا،— ئۇنى بۆرە يەپ كەتتى
دېگەن گەپكە زادى چىن پۈتكۈم كەلمەيدۇ. دائىم ئاتلىق يۈرىدى-
غان چوپ-چوڭ بىر ئادەمنى قانداق قىلىپ بۆرە يەپ كېتەلە-
گەي؟ سەپەرقۇلنىڭ كىيىمىنى ئېيىق ئەپقېچىپتۇ دېگەن گەپكىمۇ
چىن پۈتمەيمەن. بېشىم شۇنچە بولغىچە، بىزنىڭ بۇ يۇرتتا مۇنداق
ئىشلارنىڭ بولغىنىنى زادى كۆرمىگەنمەن. بۇ ئىشلارنىڭ تېگىدە
چوقۇم بىر سىر بار. ئەممازە، سەپەرقۇل بىلەن مومايغا بەك ئۇۋ-
گال بولدى. بىچارىلەر ئادا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.
ئۇمۇمەن، كۆپچىلىكنىڭ تۈيۈقسىز يۈزبەرگەن بۇ ۋەقە توغرى-
سىدىكى پىكىرلىرى ئەنە شۇ نۇرۇل بوۋاينىڭكىگە ئوخشاش ئىدى.
خامۇش ماكئا ئەمەت كۇرۇكنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاپ-
تاپتا قالغان خەمەكتەك سولىشىپ كەتكەن ئىدى. نىياز دورغا بول-
سا، ئەمەت كۇرۇكنى بۆرە يەپ كەتكەنلىكى بىلەن خامۇش ماكئى-
نى بۆرە تالىۋەتكەنلىكى ئارىسىدا قانداقتۇ بىر باغلىنىش بارلىغىنى
سېزىپ، خامۇشنى دەرھال ئالدىغا چاقىرتقۇزدى.
— سىنى بۆرە تالىۋەتكەندە، ئەمەت كۇرۇك بىلەن بىللىمىدىڭ-
لار؟— دەپ قاتتىق ۋاقىردى دورغا.
— ھەئە،... ياق-ياق، مەن كۆرمىدىم،— دەپ تىلىنى چاينى-
دى خامۇش ھودۇقۇپ كېتىپ.
— راستىڭنى ئېيت! بولمىسا تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن.
— ياق، بىللە ئەمەس.
— ئەمىسە، سىنى بۆرە نەدە تالىۋەتكەن؟ ئورنىنى ئېيت؟
خامۇش ماكئا گەپ تېپىپ بېرەلمەي، بىر پۇتىنى سۆرەپ
تالاغا قاچماقچى بولدى. دورغا ئۇنى گەجگىسىدىن تۇتۇۋېلىپ، سىم
قامچا بىلەن ساۋاشقا باشلىدى. نېرىقى ئۆيدىن دورغىنىڭ خوتۇنى
چىقىپ ئارىغا چۈشتى. دورغا ئۇنىڭغىمۇ پەرۋا قىلماي، «راستىڭنى
ئېيت» دەپ ئۇراتتى.
ئاخىر خامۇش ماكئا ھەممە گەپنى ئەينەن ئېيتىپ بېرىشكە

مەجبۇر بولدى. نىياز دورغا: ئېھتىمال ئەمەت كۆرۈك قازاق قىزىـ
نى تاغ ئىچكىرىسىدىكى يىلقىچىلارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ،
قايتار ۋاقتىدا ئۆلگەن بولمىسۇن دېگەن خىيال بىلەن دەرھال تاغ
ئىچكىرىسىگە ئات چاپتۇردى. ئەتىسى تاڭ ۋاقتىدا خەۋەرچىلەر ئۇ
يەرگە قازاق قىزى تۇڭگۇل، ئەمەت كۆرۈكنىڭ ئۆزىنىڭمۇ بارمىغانـ
لىقىنى ئېيتىپ كەلدى. نىياز دورغا ئاچچىقىنى خامۇشتىن ئېلىش
ئۈچۈن، ئۇنى يەنە بىرمۇنچە ساۋىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئۆزى
كاچاتلاپ مۇنداق دېيىتتى: «ۋاي دۆيۈزلەر، مېنى رەسۋا قىلىدىـ
غان بولۇشتۇڭ. ھېلىقىمۇ بىر ئەمەت كۆرۈككەن. ئۇن ئەمەت كۆرۈك
ئۆلسىمۇ، ماڭا نېمە! ئەممازە، ئۇ قازاق قىزىنى تاپالمىسام شاھزادە
غوجامغا نېمە دېيمەن؟ غوجامنىڭ كۆڭلىگە پىسەنت كەلگۈدەك بىر
ئىش قىلمىسام، ماڭا نەدىكى ئېلتىپات! بۇ يامان بولدى... ياق،
ياق ئۇ قازاق قىزى تىرىك، ئۇ مۇشۇ يۇرتتا بار، ئۇنى تاپماي
بولمايدۇ.»

3

ئەمدى ھېكايىنى بىرئاز ئارقىغا ياندۇرۇپ سۆزلىسەك، دەل
ھېلىقى كۈنى «قارا يىلپىز» ئۆيىگە «خەۋەر» قىلىپ كېلىۋاتقان
چاغدا، ئامانقۇلمۇ ئوۋدىن قايتىپ، ئۆيىگە كېلىۋاتاتتى. ئۇ قېلىن
قارىغايلىق جىرادىن چىقىشىغا، ئالدىدىكى چىغىر يولدا كېلىۋاتقان
ئىككى ئاتلىقنى كۆرۈپ قالدى: ئەمەت كۆرۈك بىر ئايال كىشى
مىنگەن ئاتنى يېتەكلەپ كېلىۋاتاتتى. ئايالنىڭ ئاغزىغا لاتا تىقىلىـ
غان بولۇپ، پۇت-قوللىرى ئىگەرگە چەمبەرچەس باغلانغان ئىدى.
ئامانقۇل بىر قاراپلا ئايىقىزنى تونۇدى-دە، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىـ
قىلىپ، گەپ قىلالماي قالدى. ۋە دەرھال ئەھۋالنى چۈشىنىپ،
«توختا، ھەي خاۋارىش» دەپ دەھشەت بىلەن ۋاقىرىدى، ئەمەت
كۆرۈكنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئەمەت كۆرۈك مىلتىق تەڭلەپ تۇر-

غان ئامانقۇلنى كۆرۈپ، ئاتىسى ئۆزىنى يەرگە ئاتتى ۋە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ «بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، مەندە گۇنا يوق، مەندە گۇنا يوق، ھەممىنى قىلغان خاموش ماڭغا» دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

ئامانقۇل مىلتىقنى قارىغايغا يۆلەپ قويۇپ دەرھال ئايقىزنىڭ ئاغزىدىكى لاتىنى تارتىپ چىقاردى ۋە پۇت-قوللىرىدىكى ئارغامچىنى كېسىشكە كىرىشتى. ئەمەت كورۈك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مىلتىقنى قولىغا ئېلىۋالدى-دە، «ھە، ئېجمەل، ئەمدى نىمە دەيسەن، ئۆز ئوتۇڭ بىلەن ئۆز جېنىڭنى ئالىمەن. چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە، مۈشۈكنىڭ قۇيرۇغىنى چىشلەپتۇ دەپ، سەن ئېخى يولۇمنى توساپ نىمە قىلماقچى ئىدىڭ؟ ئۆت بۇ ياققا!» دىدى.

ئامانقۇل ئايقىزنى ئاتىسىن چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، پىچىغىنى غىلاپىغا سېلىپ قويۇپ، چوڭ قەدەملەر بىلەن ئەمەت كورۈكنىڭ ئالدىغا ماڭدى، ئەمەت كورۈك قارا مىلتىقنىڭ چاقمىغىنى قايرىپ، تەپكىسىنى باستى. مىلتىق ئېتىلمىدى. ئەمەت كورۈك ئىشنىڭ چاتاقلىغىنى سېزىپ، مىلتىقنى تاشلاپ ئاتقا يۈگۈردى. «قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، دۈيۈز» دىدى ئامانقۇل ئېتىلىپ بېرىپ. قاتتىق ئېلىشىش باشلاندى... ئەمەت كورۈك جان ئاچچىغىدا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ھەتتا گايىدا ئامانقۇلدىن ئۈستۈن كەلگەندەك كۆرۈنەتتى. ئاتلار ئۈركۈپ، نېرى كېتىشتى. ئايقىز ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلسىمۇ، پۇت-قوللىرى كۈيۈشۈپ كەتكەچكە، تېز ھەرىكەت قىلالمايتتى. شۇ ئارىدا ئامانقۇل ئەمەت كورۈكنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ، غىلاپتىن پىچىغىنى چىقاردى، ئەمەت كورۈك يىغلامسىراپ تۇرۇپ:

— ئاجىز جېنىمغا رەھىم قىل ئۇكام. مەن ئېزىپتىمەن. بالىلىرىم يېتىم قالمىسۇن، — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— ئېيتە، ئايقىزنى نەگە ئېلىپ بارماقچىدىڭ؟ — دىدى ئامانقۇل.

ئەمەت كورۈك ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ۋاتىلداپ كەتتى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، نىياز دورغىنىڭ شاھزادە خوجىغا ياخشىچاق بو-

لۇش ئۈچۈن، ئايقىزنى ئۆردىغا ئەۋەتىپ يەرمەكچى بولغانلىقىنى ئەمەت كۆرۈك خامۇش ماڭقىغا ئېيتقان. خامۇش بۇنى ئاڭلاپ، دادىسىدىن قاتتىق رەنجىپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي يىغلىغان. ئەمەت كۆرۈك بىر ئىگەر جابدۇقلۇق ئات بەرسەڭ، ئايقىزنى ئوغرىلاپ بېرىمەن دىگەن. خامۇش ماڭقا ماقۇل بولۇپ، قەسەم ئىچكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەمەت كۆرۈك ياردەملىشىشكە يەنە بىر ئادەم بېرىشنى شەرت قىلىپ قويىغان. ئاندىن ياسىن پاناق بەش قوي بەدىلىگە ماقۇل بولۇپ، بۇ ئىشقا ئارىلاشقان. ئۇلار ئايقىزنى نىياز دورغىنىڭ تاغ ئىچكىرىسىدىكى يىلقىچىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ، خامۇش ماڭقىغا زورمۇ-زور خوتۇن قىلىپ بەرمەكچى بولغان. ئەمما، خامۇش ماڭقا ئىت تالىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىرئاز ياخشى بولغاندىن كېيىن ئارقىسىدىن كەلمەكچى بولغان.

— نىياز دورغا بۇ ئىشنى راستىنلا بىلمەمدۇ؟ — سورىدى ئامانقۇل.

— راستىنلا بىلمەيدۇ، ئەزبىرايى، بىلمەيدۇ، ئۇكام.

— خەير ئۈچ يالاڭنىڭ يۈزىدىن ساڭا بۇ قېتىم رەھىم قىلاي. مۇندىن كېيىن، كۆتۈكىنى قىسىپ يۈر، بولمىسا... — دىدى ئامانقۇل بىخىرامان ئورنىدىن قوپۇۋېتىپ.

ئەمەت كۆرۈك تۇيۇقسىزدىن ئامانقۇلنىڭ قولىغا بىرنى تېپىپ، پىچاقنى چۈشۈرۈۋەتتى ۋە ئۆزى دەرھال پىچاققا يۇگۈردى. ئەمما ئامانقۇل ئۇنىڭدىن چاققان كېلىپ، گەجگىسىگە بىرنى سالدى-دە، پىچاقنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، «هەي، رەھىم قىلغاننى بىلمىگەن مەلئۇن! ئەمدى مېنىڭدىن قۇتۇلغىنىڭنى كۆرەي» دەپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئەمەت كۆرۈك ئەمدى قارشىلىق كۆرسىتىشكە كۆزى يەتمەي، ئارقىغا شوخشۇپ بېرىپ، بىر تاشقا پۇتلاشتى-دە، تېرەك بويى كېلىدىغان تىك ياردىن غۇلاپ كەتتى. جىمجىت جىلغىدا ئۇنىڭ جان ئاچچىغىدىن «ۋاي جان!..» دەپ ۋاقىرىغان دەھشەتلىك ئۆلۈم پەريادىلا قالدى.

مۇسۇلمانلاردا، مېيىتنى قەۋرىستانلىققا تاۋۇت بىلەن ئېلىپ بېرىش ھەممىگە مەلۇم بىر ئادەت. شۇڭا، بەزى تەسەۋۋۇپچى شائىرلار تاۋۇتنى «ياغاچ ئات» دېگەن كىنايە بىلەن ئىپادىلەپ، «ئىگەرسىز ياغاچ ئاتقا مىنەرسەن ئاقىۋەت بىر كۈن» دەپ يازغان ئىدى. باشقىلارنى بەختسىز قىلىش بەدىلىگە خاتۇش ماڭقىدىن بىر ئىگەر-جابدۇقلۇق ئات ئېلىپ مىنمەكچى بولغان ئەمەت كۆرۈك ئەمدى ئۇ «ياغاچ ئات»قىمۇ مىنەلمەي قالدى.

ئامانقۇل بىلەن ئايقىز دەرھال تىك يارنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ، پەسكە قارىدى. ئەمەت كۆرۈك شېغىل تاشلار ئارىسىدا قانغا مىلىنىپ دۈم ياتاتتى. «ھەركىم قىلسا ئۆزىگە، توپا تىقىلۇر كۆزىگە» دېدى ئامانقۇل، ئايقىزنىڭ چېچىنى سىلاپ. ئايقىز ئىختىيارسىز ھالدا ئامانقۇلنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى. بۇ قانۇنىي ئەر-خوتۇن ئەمدى تۇنجى قېتىم قۇچاقلاشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزىدىن ياش تامچىلىرى تېمىپ تۇراتتى. ئامانقۇل ئايقىزنىڭ ئاغامچا قىيىۋەتكەن نازۇك بىلەكلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئەمدى ئۆزلەنى ئۆيگە ئەپپارغىلى بولمايدۇ. نىياز دورغىنىڭ نىيىتىنى ئۇقتىلا. ھازىرەنلىككە ئاقتاش دېگەن يەردىكى كىچىكنەمنىڭ① قېشىغا كېتەيلى. ئاندىن بىر گەپ بولۇر.»

ئايقىز قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىپ قويۇش لازىملىقىنى ئېيتقاندا، ئامانقۇل «خاتىرجەم بولسىلا، ئەتە ئۆزەم بىر ئىلاج قىلىمەن» دېدى.

شۇ گەپلەردىن كېيىن، ئامانقۇل ئاتلارنى تۇتۇپ كەلدى، قارا مىلتىقنى بەتلىۋېلىپ ئۆزى بىلىدىغان باشقا بىر چىغىر يول بىلەن ئايقىزنى ئاقتاش تەرەپكە باشلاپ كەتتى. گۆگۈم پەردىسى بىلەن قاپلانغان كەڭ دالا جىمجىت ئىدى.

ئەتىسى تاڭ بىلەن تەڭ ئامانقۇل پەيدا بولدى. بۇۋاي بىلەن موماي ئۇنى ئىسسىق كۆز ياشلىرى بىلەن كۈتۈۋالدى.

① كىچىكنەنە — كىچىك ئىنە (ئانا)، ھامماچا.

كېيىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ خېلى كۆڭلى تىنغان بولسىمۇ، ئامانقۇل بىلەن ئايقىزنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىشاتتى. چۈنكى، قاچانلا بولمىسۇن، ئەمەت كورۇكنىڭ ئىستەك ـ سۈرنىغىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇندىن قالسا، ئوردا بەگلىرىنىڭ «تۆمۈر چارۋا» سانىغىنى باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۆتكەن يىلدىكى ساناقتا گەدەنگە ئارتىلغان ئەللىك قويغا بۇ قېتىم ئايقىز بولاپ كېتىلگەندە ئىزسىز يوقالغان ئوتتۇز قوي قوشۇلسا، شامەخسۇتقا سەكسەن قوي قەرزدار بولىدۇ. بۇ ئىشلارنى قانداق قىلىش كېرەك؟!

— دادا، — دېدى ئامانقۇل، — ئۆزۈڭنى تولا ئۇپراتمىسىنا، ئەل نىمە بولسا، شۇ بولىمىز. ئەمەت كورۇكنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇلار ھېچۋاقىتتا ئاشكارا قىلالمايدۇ. ئاشكارا قىلىدىغان بولسا، خامۇشنىڭ بولاڭچىلىقىمۇ ئاشكارىلىنىپ قالمامدۇ!

— ھەي بالام، سەنمۇ تولا ياشلىق قىلما، مۇبادا، خامۇش ماڭقا ھەممە سىرىنى ئېيتىپ، دادىسى بىلەن بىر ياقىدىن باش چىقىرىۋالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟!

— ئۇلار مېنىڭ ھالال جۈپتۈمنى ئوغرىلىغاندىكىن، بىزمۇ ئەرز قىلمايمىزمۇ؟

— كىمگە ئەرز قىلىسەن؟ شامەخسۇتقىمۇ؟ گۆش بىلەن ياغ بىر تۇققان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇسەن؟

— ھەي دادىسى، كۈن چىقاي دەپ قالدى. قويلار قوتاندا تۇرىۋەرگەيمۇ؟ — دېدى رەۋشان مومايى گەپكە ئارىلىشىپ.

شۇنىڭدىن كېيىن، بوۋاي قويغا ماڭدى. ئامانقۇل «قارا يىلپىز»نىڭ قېشىغا باردى. «قارا يىلپىز» بېشىنى قوللىرى ئۈستىگە قويۇپ، مۈگدىنىپ ياتاتتى. ئامانقۇل ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلاپ، نىمىشىدۇ ئويلاپ ئولتۇراتتى.

بەختكە يارىشا، شۇ كۈنى كەچقۇرۇن تۆمۈر خەلپىمۇ بارـ

كۆلدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ، سەپەرقۇللاردىن ھەممە ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، «پالتا چۈشكىچە، كۆتەك دەم ئەپتۇ دېگەندەك، ھازىرچە ‹ئايىقىزنى ئېيىق ئەپقېچىپ كېتىپتۇ› دېگەن گەپلەرنىڭ چىققىنىمۇ ياخشى بوپتۇ. بولمىسا، بۇ ئىش تېخىمۇ چىگىشلىشىپ كېتەتتى» دەپ، ئايىقىزنى نەگە يوشۇرۇش توغرىسىدا ئۆز پىكرىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ پىكرىگە ھەممەيلەن قوشۇلدى ۋە ئەتە ئەتىگەندە، تۆمۈر خەلپە بىلەن ئامانقۇل ئايىقىزنىڭ يېنىغا، يەنى ئاقتاشقا ماڭىدىغان بولدى.

شۇ ئارىدا، تۆمۈر خەلپىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، نۇرۇل بوۋا باشلىق كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كىردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھىلىقى كۈنى مەسچىتتىكى ۋەقەدىن كېيىنلا، تۆمۈر خەلپىنى تونۇغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى. يات ـ ئارىدا بولىدىغان «تۆمۈر چارۋا» سانىغىدىن قانداق ئۆتۈش غېمى ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىسىپ تۇرغاچقا، گەپنىڭ ماۋزۇسى شۇ مەسىلە بولۇپ قالدى. تۆمۈر خەلپە پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئىچكى ئۆلكىلەردە مانجۇ خانىغا قارشى كارامەت ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان خەلقنى يەلكىسىدىن بېسىپ كېلىۋاتقان خانلىق تۈزۈمىنىڭ ئەمدى ئۇزاققا بارماي گۇم بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ مۇنداق دېدى: «مانجۇ خانىنىڭ ئەجىلى يېقىنلاپ قالدى. بۇ پور دەرەخ ئۆرۈلۈپ چۈشسە، شامەخسۇت ۋاڭنىڭمۇ تومۇرى چوقۇم ئۈزۈلىدۇ. خەلقنىڭ زۇلۇمدىن قۇتۇلىدىغان كۈنلىرى ئاز قالدى، بۇ قېتىمقى «تۆمۈر چارۋا» سانىغىدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈۋالساق، يەنە بىر ساناق كەلگىچە شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئۆزىمۇ جەھەننەمگە كېتەر!»

— ئىلاھىم، شۇنداق بولغاي، — دېدى نۇرۇل بوۋا.

— ئۇنداق بولسا، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئۆمرىگە دۇئا قىلىپ تۇرساق بولغىدەك، — دېدى سەپەرقۇل مەنىلىك كۈلۈپ.

— شۇنداق، بىر زاھىتنىڭ زالىم ھەججاجقا قىلغان دۇئا-

سىدەك دۇئا قىلىمىز، — دېدى تۆمۈر خەلپە.

— ئۇ زاھىت قانداق دۇئا قىپتىكەن؟

— ھەججاج دېگەن زالىم پادىشا بىر زاھىتقا ئۇچرىشىپ، ماڭا بىر ياخشى دۇئا قىلغىن دېگەندە، زاھىت قولىنى كۆتىرىپ: «ھەي پەرۋەردىگار، بۇ زالىمنىڭ جېنىنى تېزرەك ئال!» دەپتۇ. ھەججاج: «مۇنداق دۇئاغا نېچۇك تىلىڭ باردى؟» دەپ ئاچچىقلاپتۇ. «سەن تېزرەك ئۆلسەڭ، ئۆزۈڭگىمۇ، پۇقراغىمۇ ياخشى. ئۆزۈڭ گۇنا قىلىشتىن قالىسەن، پۇقرا سېنىڭ زۇلمىڭدىن قۇتۇلىدۇ» دەپتۇ زاھىت.

ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

— لېكىنزە، — دېدى رەۋىخان موماي، — بىزنىڭ شامەخسۇت ۋاڭىمىز دۇئا قىلغانغا ئۆلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ.

— شۇنداق، — دېدى تۆمۈر، — قۇرۇق دۇئاغا پېتىمۇ ئۆلمەيدۇ. ئىلاننىڭ بېشىنى تاياق - توقماق بىلەنلا يانچىغىلى بولىدۇ.

— تاياق - توقماقنى قاچان قولغا ئالىمىز؟ — دېدى ئامانقۇل.

— ئاز قالدى، ئۇكام، ئاز قالدى! ئاڭغىچە بىلىگىڭگە كۈچ يىغىپ تۇر!

# ئالتىنچى باپ

## سەنمۇ گۇۋا بول، قۇياش!

ئەي ھۆكۈمدار! مەزلۇم-
لارنىڭ كۆز يېشىدىن قورق،
ئۇلارنىڭ دۇئاسى نوھنىڭ توپان
بالاسىنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

— ئابدۇراخمان جامى①

### 1

نىياز دورغا ئايقىزنى ھېچيەردىن تاپتۇرالماي، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگەندەك بولۇپ، دەرۋازىسى ئالدىدىكى يوغان تاشتا دومسىيىپ ئولتۇراتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ، سەپەرقۇللاردىن گۇمانلانغۇسى كېلەتتى. بىراق، بىرىنچىدىن، بۇنىڭغا ھېچقانداق ئاساس تاپالمايتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئەمەت كورۇكنىڭ ئۆلۈشىگە باش سەۋەپ-

① نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى — مىلادى 1414 - 1492 - يىللىرى ياشىغان مەشھۇر تاجىك مۇتەپەككۇر شائىرى ۋە 15 - ئەسىر تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى.

چى ئۆزىنىڭ ئوغلى خامۇش ماڭقا ئىكەنلىكى ئېنىق بولغاچقا، بۇ ئىشنى تەگەۋەرسە، ئاخىرى ئۆزىگىمۇ گەپ كېلىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلاتتى. چۈنكى، ئايقىزنى خامۇش ماڭقىغا بۇلاپ بەرگەن ھىلىقى ياسىن پاناق تېخى ھايات... ئىش چىڭىغا چىققاندا، ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويغىلى بولماس. ھەي خامۇش، ھەي خامۇش! ھەممىنى قىلغان سەن!

نىياز دورغا ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ساقىلىنى بارماقلىرىغا يۆگەپ ئولتۇرغاندا، ھوشۇر ئىمامنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ قالدى. ئىمام ھاسىسىنى تۇكۇلدىتىپ ئاقساقلاپ كېلىۋاتاتتى. نىياز دورغا ئۇنىڭ چۈگۈلۈپ كەتكەن كىر سەللىسى بىلەن پۇلاڭلاپ تۇرغان پەرىنجىسىنىڭ پەشلىرىگە قاراپ، «قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ، ئۈچ پۇتى بىلەن دىڭگاكلاپ كېلىۋاتقان ئىشەككە ئوخشايدۇ، خوتۇن تالاق» دەپ غۇدۇڭشۇپ قويدى. يىراق ئىمام يېقىن كېلىپ سالام بېرىشى بىلەن تەڭلا نىياز دورغا ئورنىدىن قوزغىلىپ: «كەلسىلە ئاخۇنۇم، چىرايلىرى كۆلۈپ ئېچىلىپ كېتىپتىغۇ» دەپ ھىجايدى. ئىمام يېڭى خەۋەر تېپىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندا، «ھە، ھە، ئېغىزلىرىغا قەن - ناۋات، قېنى ئىلدامراق ئېيتسىلاچۇ» دىدى دورغا ئىمامغا ئۆز يېنىدىن ئورۇن بېرىپ. ھوشۇر ئىمام ھىلىقى تۆمۈر مۇجاڭنىڭ يېقىندا بۇ يەرلەرگە كېلىپ، بەزىلەرگە غەلىتە گەپلەرنى، مەسىلەن، بېيجىڭدىكى مانجۇ خان ئاز كۈندە موللاق ئېتىپ چۈشىدۇ، ئۇ چاغدا شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئىشىمۇ تۈگەيدۇ؛ «يەرگە بىر نۆۋەت، ئەرگە بىر نۆۋەت» دەپ، ئەمدى نۆۋەت زۇلۇم چەككەن كەمبەغەل پۇقرالارغا كېلىدىغان ئوخشايدۇ، دىگەندەك گەپلەرنى قىلغانلىقىنى ئېيتتى ۋە «تۆمۈر مۇجاڭ بۇ قېتىممۇ سەپەرقۇل دىگەن قېرى تېجىمەلنىڭ ئۆيىدە قونۇپ ئۆتۈپتۇمىش» دەپ قوشۇپ قويدى.

نىياز دورغا بۇ گەپلەرنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، تۆمۈرنىڭ قايسى جەمەت كىشىسى ۋە ھازىر قەيەردە ئولتۇراقلىق ئىكەنلىكىنى،

ھېلىقى گەپلەرنى كىملەرگە ۋە قاچان ئېيتقانلىقى توغرىسىدا ئىمامىغا بىرمۇنچە سوئاللارنى قويدى. ئىمام بۇنىڭ ھېچقايسىسىغا ئېنىق جاۋاپ بېرەلمەي، «ھېلىقى كۈنى مەسچىتتە مەن قۇمۇللۇق، كەسپىم ياغاچچى، دېگەن» ئىدى دەپ تېلىنى چاينىدى.

— ھەي، چەلپەكچى ئاخۇنۇم، — دەپ تېرىكتى دورغا، — ئۆزلەگە ياغلىق چەلپەك بولسىلا بولىدۇ، قۇمۇلدا كۆرمىگىلىغان تۆمۈرلەر بار، قايسىسىغا ئېسىلغۇلۇق. خەير، بوپتۇ، ساناقچى بەگلەر كەلگەندە مەلۇم قىلۇرمىز. ھېلىقى بىر تۆمۈر، يۈز تۆمۈر بولسىمۇ، قىزىبەگ غوجامنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەمدى ئېيتىسلاچۇ، ھېلىقى قازاق قىزى توغرىسىدا يېڭى گەپ بارمۇ؟

ھوشۇر ئىمام سەل چايلىنىپ، دەل مۇشۇ ئىشتا تۆمۈردىن گۇمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. «ھە، قانداقسىغا؟» دەپ قىزىقتى نىياز دورغا يەنە.

شۇ چاغدا يىراقتىن ئېتىنى يورۇتۇپ كېلىۋاتقان بىر ئاتلىق كۆرۈندى، بۇ، ھېلىقى ياقۇپ ياساۋۇل ئىدى. ئۇ، ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپلا، ساناقچى بەگلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى...

نىياز دورغا بۇ ئىشتىن ئالدىقاچان خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەممە تەييارلىقلىرىنى قىلىپ قويغىنىغا قارىماي، ئۆز كىشىلىرىگە يەنە بىرمۇنچە بۇيرۇقلارنى بېرىپ، ئۆزى بىرقانچە يۇرت چوڭلىرى بىلەن ساناقچى بەگلەرنىڭ ئالدىغا چىقىشقا ئاتلىنىپ ماڭدى ۋە ئۇلارنى يەتتە چاقىرىم يەرگە بېرىپ كۈتۈۋالدى.

ساناقچى بەگلەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خە- ۋەر چاقماق تېزلىكىدە تارقىلىپ، يۇرت ئىچىنى دەھشەت باستى.

— ھەر كۈزدە بىر كېلىدىغان بۇ لەنەتى ساناق يەنە كې- لىپ قالدى، ئەلنىڭ بېشىغا يەنە نېمە كۈنلەر چۈشۈركىن! — دېدى نۇرۇل بوۋا شامالدا ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى يەڭگى بىلەن سۈرتۈپ.

— شۇنداق، باشقا ئىقلىمدىكى كىشىلەر، — دىدى سەپەر-قۇل، — گۆر ئازاۋىنى ئۆلگەندىن كېيىن كۆرسە، بىز بىچارىلەر تىرىك تۇرۇپلا كۆردىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەر تېگىدە ياتقانلار گۆر ئازاۋىنى بىزگە ئوخشاش ھەر يىلى كۆرىۋەرمەيدىغاندۇ.

## 2

شۇ ئاخشىمى نىياز دورغىنىڭ كەڭ، ئازادە ھويلىسى خۇدە-دى توي كۈنلىرىدەك قىزىپ كەتتى. ئۈچ - تۆت يەرگە قازان ئېسىلىپ، ئارچا، قارىغاي ئوتۇنلىرىنىڭ چارسىلداپ كۆيۈشى بىلەن ھويلىنىڭ ئىچى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتكەن ئىدى. مەزىلىك تاماق-لارنىڭ پۇرىغى ئەتراپقا يېيىلىپ ھەممە كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىپ تۇراتتى. زىلچا - گىلەم ۋە ئاپپاق كىگىزلەر بىلەن بېزەل-گەن چوڭ مېھمانخانىنىڭ سۇپىسىغا قاتلىما نان، توغاچ، مېۋە-چىۋە، قەن - ناۋات، قايماق - پىشلاق، سېرىق ياغ، قۇرۇت، بو-غۇرساق ۋە ئۇلاي، كەكلىك گۆشلىرى بىلەن تولغان داستىخان يېيىلغان، داستىخانىنى چۆرەدەپ ئون نەچچە كىشى ئولتۇراتتى. تۆردىكى ئېيىق تېرىسى ئۈستىدە ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان سېمىز كىشى بۇ قېتىم تېرىنكىر، تۇزكۆل، ئارا تۇرۇك، باي ۋە نوم تەرەپلەردىكى چارۋا سانىغا باش بولۇپ كەلگەن ئاخۇن قېزبەگ دىگەن كىشى ئىدى. ئۇ شامەخسۇتنىڭ ئانا جەمەت يېقىن تۇققىنى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى قېزبەگ غوجا دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ مانجۇچە قالپاق ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چې-كە چاچلىرى بىلەن شالاڭراق كەلگەن ساقاللىرىغا ئاق كىرىپ قالغىنىغا قارىماي، يۇمۇلاق پولتاي كۆزلىرى ئوينىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، بىرئاز ئارىلىق قويۇپ ئولتۇرغان سەللىلىك كىشى يېشىل پەرەنجە تونىنىڭ يەڭلىرىنى تۈرۈپ، چا ساقلىنى پات - پات سىلاپ قوياتتى. بۇ، ئۈۋەيس مۇپتى ئىدى. قېزبەگ

ئوچىنىڭ سىرتى تەرىپىدىمۇ بىر ئاز ئارىلىق تاشلاپ، تىك ياقىلىق كۆك چاپىنى ئۈستىدىن كەڭ كەمەر باغلىۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى ئولتۇراتتى. ئۇ، قامچىسىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان ئوردا جاللاتلىرىنىڭ بىرى گايىت پاششاپ ئىدى. قالغانلىرى ساناقچى، كاتىپ ۋە ھېساپ - دەپتەرچى بەگلەر ئىدى.

يەكساغا سېلىنغان ئاددىراق داستىخان ئەتراپىدا مىلتىق-قىلىچلىرىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، ياقۇپ ياساۋۇل باشلىق سەككىز نەۋكەر ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆك چاپان، كۆن ئۆتۈك، قارا جىيەكلىك ئاق كىگىز قالپاق كىيگەن قاۋۇل يىگىتلەر ئىدى.

مېھمانلارغا قويۇق قايماق چايدىن كېيىن، پاخلان گۆشىدىن پىشۇرۇلغان ياپما ۋە ياغلىق شورپا تارتىلدى. تېخى ئانچە قاراڭغۇ چۈشمىگەنلىكىگە قارىماي، ئادەتتىكىدىن بۇرۇنراق چىراقلارمۇ يېقىلدى. ئەمدى بۇ مېھمانخانىنى قارا چىراق ئەمەس، بىرنەچچە يوغان موم شاملار يورۇتۇپ تۇراتتى.

كەڭ ۋە قاراڭغۇ دەھلىزنىڭ تېمىغا ئېسىلغان يوغان قارا چىراق تۆۋەندە بولسا، نېرىنكىرىنىڭ بايلىرىدىن سۇۋدىر ھاجى بىلەن باقىنىياز دىخان① نىياز دورغىنىڭ ئالدىنى توساپ، قانداقتۇ بىر مەسىلە ئۈستىدە قىزغىن گەپ تالىشىپ تۇراتتى.

— ھېچبولمىسا، مۇپتى ئاخۇنۇم بىلەن پاششاپ بېگىم بىزنىڭ ئۆيدە قونغاي، — دېدى پۇت - قوللىرى ياچىرىغىنىدەك ئىنچىكە، ئۇزۇن كەلگەن سۇۋدىر ھاجى.

— ئىنساپ قىلسىلا ھاجىم، — دېدى پاكار، دوغىلاق كەلگەن باقىنىياز دىخان، — ئانداق دېگىچە ھەممىسىلا بىزنىڭ ئۆيدە قونسۇن دېمەملا.

---

① قەدىمقى ئىراندا يەرگە ئىگە مۇلۈكدارلار «دىخان» دەپ ئاتىلاتتى. قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدىمۇ، بۇ سۆز شۇ قەدىمقى مەنىسى بويىچە ئوردىنىڭ دىخانچىلىق مەيدانلىرىغا مەسئۇل بولغان كىشىگە بېرىلىدىغان مەنسەپ تەرىقىسىدە ئىشلىتىلگەن.

— ھەر ئىككىلىرى ئىنساپ قىلسىلا. قىزبەگ غوجام باشلىق چوڭلارنىڭ ھەممىسى مىنىڭ ئۆيۈمدە قونىدۇ، قالغانلارنى ھەر قايسىلىرىغا بۆلۈپ بېرىمىز، — دەپ گەپنى ئۈزۈپ تاشلىدى نىياز دورغا.

— جىنىڭ قەستى شاپتۇلدا دىسىلە، دورغام، — دىدى سۇۋىر ھاجى كۈلۈپ.

— ھە، ئۆزلەنىڭ قەستلىرى شاپتۇلدا بولماي، ئۈرۈكنىڭ غورىسىدامىدى؟ — دىدى دورغىمۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ.

شۇنداق، ھەممىسىنىڭ قەستى شاپتۇلدا ئىدى. سەۋەۋى شۇكى، تاغدا ياشىغۇچى خەلقنىڭ كەمبەغەل تەبەقىسىلا ئەمەس، ھاللىقلىرىمۇ، ئۆز ماللىرىغا قوشۇپ شامەخسۇتىنىڭ چارۋىلىرىنى بېقىپ بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. ھەر يىلدىكى «تۆمۈر چارۋا» سانىغىدا ھەممىگە ئوخشاش شەرت قويۇلاتتى. ساناقچى بەگلەرنىڭ ئاغزىنى كىم ئوبدان ياغلىيالىسا، شۇ كۆپرەك ھايان كۆرەتتى. «كانايغا يوق، سۇنەيگە نەدە» دىگەندەك، ساناقچى بەگلەرنىڭ ئاغزىنى ياغلاشقا كەمبەغەللەرنىڭ ئەلۋەتتە كۈچى يەتمەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، چىۋىنمۇ شىرنىسى بار يەرگە قونىدۇ دىگەندەك، ساناقچى بەگلەرمۇ، ھاللىق ئائىلىلەرگە چۈشۈشنى خالايتتى.

شۇنداق قىلىپ، نىياز دورغىنىڭ تەقسىماتى بويىچە، قىزبەگ غوجا، ئۇۋەيس مۇپتى، گايىت پاششاپ ۋە ياقۇپ ياساۋۇل باشلىق ئىككى نەۋكەر نىياز دورغىنىڭ ئۆيىدە قالدى، قالغان بەگ ۋە نەۋكەرلەر ئەھۋالغا قاراپ، ئۆي - ئۆيلەرگە تەقسىم قىلىندى.

داستىخان يىغىلىپ بولغاندىن كىيىن، قىزبەگ غوجا «چىڭگاڭ غوجامنىڭ يارلىغىغا بىنائەن» ساناقنى تېز تۈگىتىش ۋە ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا كىرىشىش لازىملىغىنى قاتتىق جىكىلەپ ئورنىدىن تۇردى.

نىياز دورغا قىزبەگ غوجىنى موم شاملار بىلەن يورۇتۇل-

غان ئۇيردىم بىر ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، «ھەزرەتلىرىگە مۇشۇ ھوجـ
رىنى راسلاپ قويغان ئىدىم» دېدى. ئاندىن، تۆت جۈپ بۆكەن
مۆڭگۈزى، ئالتە جۈپ بۇغا مۆڭگۈزى، ئاشلاپ قويۇلغان بىر ئېيىق
تېرىسىگە قوشۇپ، تاختىلاپ قويۇلغان بىر بۆرە جۇۋا بىلەن بىر
تۈلكە جۇۋىنى ئالدىغا قويۇپ، «ئاز بولسىمۇ، ئىلتىپات قىلغايلا»
دەپ ھىجايدى.

— بەك جۇۋاپ كېتىپتىلا،— دېدى قىزبەگ غوجا سىپايىلىق
بىلەن سوغاتلارغا قاراپ.

— خوش، غوجام، لايىقلىرىدا بولمىدى.

— ھە، ئېيتماقچى، شاھزادە غوجامغا ئەۋەتمەكچى بولغان ھە-
لىقى پەرى قىز نەدە؟ راستىنلا شۇنچىۋالا چىرايلىقمۇ؟ بىر
كۆرسەك بوپتىكەن. چىرايلىققا قاراپ قويۇش ساۋابەت دەيدىغۇ،
ھا... ھا!...

— راستىنلا چىرايلىق ئىدى.

— «ئىدى» دەيدىلىغۇ؟

— خوش، غوجام، بەك چىرايلىق ئىدى. شاھزادە غوجامنىڭ
قولىغا تەككىنچە، ھەزرەتلىرىگىمۇ... ئەمما، ئەستاغپۇرۇللا...

— ھە، نېمە ئەستاغپۇرۇللا؟

شۇنىڭدىن كېيىن، نىياز دورغا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۆزى
بىلگەن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ ئۆتتى. ئەمما، بۇ گەپلەرگە ئوغلىنى
ئارىلاشتۇرماي، سەپەرقۇل بىلەن ئامانقۇلنى ۋە مەدەت بەرگەن
تۆمۈر مۇجاڭنى قاتتىق يامانلاپ، ئاخىرىدا، تۆمۈر خەلپە توغرۇ-
لۇق ھوشۇر ئىمامدىن ئاڭلىغانلىرىنى تەپسىلى ئېيتتى.

قىزبەگ غوجا كۈمۈش غاڭزىسىغا باشقىدىن تاماكا سېلىپ،
بىر-ئىككى قاتتىق شورىغاچ مۇنداق دېدى:

— ھە، ئۇلۇغ بېيجىڭ خان توغرىسىدىكى گەپلەر تاقىمۇ
يېتىپ چىقىپتۇ-دە، بۇ تۆمۈر دېگەن خوتۇنتالاقنى ئاسمانغا
چىقىۋالسا تاپىندىن، يەرگە كىرىۋالسا، كوكۇلىدىن تارتىپ چىقىماي

بولمايدۇ، ئۇنىڭ شېرىكلىرى بۇ يەردىمۇ بار ئىكەن-دە! نېمە قۇل دېدىڭىز ھېلىقى تىجمەللەرنىڭ ئېتىنى، سەپەرقۇلمۇ؟

— خوش غوجام، دادىسى سەپەرقۇل، بالىسى ئامانقۇل.

— ياخشى، چىڭگاڭ غوجام ھەزرەتلىرى «ئىت سەمرىسە ئىگىسىنى چىشلەيدۇ، قۇل سەمرىسە غوجىسىغا يانىدۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان. بۇ تىجمەللەرنى قاتتىقراق ئۇچۇقداپ قويمىساق بولمىغىدەك.

— شۇنداق غوجام، شۇنداق، مەن...

## 3

ئەتىسىدىن باشلاپ ساناق باشلاندى. خەلق تىلى بىلەن ئېيتقاندا بۇ، ساناق ئەمەس، جاننى ئېلىپ ياندا قويىدىغان «قىيناق» ئىدى. ساناقچى بەگلەرنىڭ دەپتىرىدىن ۋاقىتنىڭ ھەر بىر قوشقار ۋە ئەركەكمۇ قوزىلايدىغان، ھەربىر ئاختا ۋە ئايغىرمۇ قۇلۇنلايدىغان، ھەربىر بۇقا ۋە ئۆكۈزمۇ موزايلايدىغان بولۇپ چىقىۋەردى. ساناقچى بەگلەرنىڭ چۆنتىكىنى توشقۇزالىغانلارنىڭ يۈكى يېنىكلەپ، كەمبەغەللەرنىڭ ھېساۋىغا يېزىلىۋەردى.

ئۇۋەيس مۇپتى مەسچىتنىڭ سۇپىسىدا جامائەتكە ئەمرى-مەرۇپ قىلىپ مۇنداق دەيتتى: «پادىشانىڭ ئەمرى ۋاجىپ. ئاللا تائالا ئۆزىنىڭ يېقىن بەندىلىرىگە پادىشالىق تەختىنى نېسىپ قىلىدۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئىنسى-جىن، دىۋە-پەرى ۋە جان-جانىۋارلەرنىڭمۇ پادىشاھى ئىدى. بۆرە، يولۋاسقا ئوخشاش يىرتقۇچلار چىغىدا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجازىتىسىز ئۇنىڭ چارۋىلىرىنى يېمەيتتى. سۇلايمان ھەم پەيغەمبەر، ھەم پادىشا بولغان بىلەن ئىسلام پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۇ كىشىگە نېسىپ بولمىغان. بىزنىڭ ۋاقتىمىز چىڭگاڭ غوجام ئالىيلىرى بولسا، ھەممە دىنلارنىڭ ئۇلۇغى بولغان ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ۋە

پۈتۈن كائىناتنىڭ يەخرى ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستاپا سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسسەلەمنىڭ تەۋەررۇك ئەۋلادى، يەنى سەئىتزادەدۇر. شۇ ۋەجىدىن، چىلڭگاڭ غوجامنىڭ چارىپايلىرىنى بۆرە يېمەيدۇ، ئېيىق ئېلىپ قاچمايدۇ، جۇت سوقمايدۇ، قار باسمايدۇ، كىمىكى چىلڭگاڭ غوجامغا خىيانەت قىلسا، ھەر ئىككى ئالەمدە جازاسىنى تارتىدۇ. بۇنى ھەممىڭلار ئۇقۇپ قېلىڭلار، ئاڭلىمىغانلارغا ئۇقتۇرۇڭلار...»

مۇپتىنىڭ گېپى شۇ يەرگە يەتكەندە، مەسچىتنىڭ ئارقىسىدىن كۆتىرىلگەن يىغا-زارە ۋە دات-پەريات ئاۋازلىرى ھەممىنى چۆچۈتىۋەتتى. جامائەتنىڭ كۆپ قىسمى «دۇر» قىلىپ شۇ تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. توخنىياز مەرگەن دېگەن كىشى تېرەككە ئېسىلىپ ئۆلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ قېرى ئانىسى، خوتۇنى ۋە ئۇششاق بالىلىرى زار-زار يىغلاپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇراتتى.

نېرىنكىسى بىنا بولغاندىن بۇيان مۇنداق ئىشنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. چۈنكى ھەممە مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش بۇ يەرنىڭ خەلقىمۇ ئۆز-ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى بەك يامان كۆرەتتى. بۈگۈن بولسا، توخنىياز مەرگەندەك قاۋۇل ۋە ئاسانلىقچە باش ئەگمەيدىغان بىر كىشىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ھەممىنى بەك ھەيران قىلدى. كۆپچىلىك خۇددى بۇ ئىشنىڭ سىرىنى چۈشەنگەندەك، مەرھۇمغا ئېچىنىپ خەيرىخاھلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى، بىرقانچەيلەن جەسەتنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۈستىگە ئاق يېپىپ قويدى.

ۋەقە مۇنداق ئىدى: بۈلتۈر توخنىياز مەرگەن ئوردىدىن ئالۋاڭغا چۈشكەن بەش جۈپ مۈڭگۈز ئۈچۈن بۆكەن ئوۋلاپ يۈرگەندە، تاغدىن يىقىلىپ پۇتى سۇنغان ئىدى. شۇ قىشلىقى قوتانغا ئۆزى قاريالماي قېلىپ، پاشالىق قويدىن ئەللىك نەچچە قوينى بۆرە يېۋەتكەن. بەش جۈپ مۈڭگۈز بىلەن بۇ قويلارنىڭ

ھىساۋى قوشۇلۇپ، بىر يۈز ئاتمىش قويغا قەرزدار بولغان ۋە بۇنى بۇ يىل چوقۇم تۆلەشكە تىلخەت بەرگەن ئىدى، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، بۇ يىل ئەتىيازدا تۇيۇقسىز قار كۆچۈپ، يەنە سەكسەن نەچچە قوي چىقىم بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆز ھىساۋىدا ئوردىغا ئىككى يۈز ئەللىك قوي قەرزدار ئىدى. تۆنۈگۈنكى ساناق نەتىجىسىدە، بۇنىڭغا يەنە ئەللىك قوي قوشۇلۇپ، تۇپ-توغرا ئۈچ يۈز قويغا قەرزدار بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گايىت پەششاپ: «ئەگەر تولۇق تۆلىيەلمىسەڭ، ئۆزەڭ قول، خوتۇن-قىزلىرىڭ دېدەك، بارلىق ئۆي-سەرەمجانلىرىڭ پاشالىق قىلىنىدۇ» دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتكەن ئىدى.

— توخنىياز مەرگەن ئۆزىنى ئېسىۋالىدىغان ئەر ئەمەس ئىدى، — دېدى نۇرۇل بوۋا، مەرھۇمنىڭ تاۋۇتى ئارقىسىدىن كېتىۋېتىپ.

— ئىلان چاقسا پىلمۇ چىقىراپ تاشلايدۇ، دەرتكە چىدىيالماي قالغاندۇ زە، بىچارە، — دېدى سەپەرقۇل.

ئۇلار تاۋۇتنى مەسچىتكە ئېلىپ كىرگەندە، ئۇۋەيىس مۇپتى بىلەن ھوشۇر ئىمامنىڭ «ئىسلام شەرىئىتىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كىشىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش دۇرۇس ئەمەس» دەپ ئاللىقاچان كېتىپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇنى ئاڭلاپ، جامائەت بىر ئاز تېڭىرقاپ قالدى. نۇرۇل بوۋا: «كېلىڭلار، ئىسلام شەرىئىتى بۇ ئاخۇنۇملارنىڭ كۆڭلىدەك تار ئەمەس. جىنازا نامىزىنى چۈشۈرۈپ باقمىغان بولسامۇ، كۆپ قېتىم كۆرگەنمەن» دېدى-دە، ئۆزى ناماز چۈشۈردى.

بىرنەچچە كۈنلۈك «ساناق» پۈتۈن نېرىنكىرنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋەتتى.

سەپەرقۇلنىڭ ساناق نۆۋىتى، ئىمىشقىدۇ، ھەممىدىن كېيىنكى قاتارغا قويۇلغان ئىدى. بوۋاينىڭ كۆڭلى بىر ئىمىنى تۇيغاندەك كېچىچە بىئارام بولۇپ چىقتى. ئۇ پات-پات تالاغا چىقىپ، قو-

تاڭنى بىر ئايلىنىپ چىقاتتى. «قارا يىلپىز» ئۇنىڭ يېنىدىن كەتمەي، ئەنسىزلىك بىلەن قاۋاپ قوياتتى. بوۋاي بولسا، خىيالچان كۆزلىرى بىلەن ئاسمانغا قارايتتى. ئاسمان گۈمبىزى ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى قارا پەرەنجىگە ئورىنىۋالغان قورقۇنچلۇق بىر جادىگەر مومايدەك كۆرۈنەتتى، پىلىلداپ تۇرغان يۇلتۇزلار بولسا، شۇ جادىگەر مومايىنىڭ پەرەنجە ئىچىدە پارقىراپ تۇرغان سېھىرلىك كۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

... دۇنيا ئەزەلدىن شۇنداق قاراڭغۇ يارالغان بولغىيمىدى، بۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ چېكىمۇ بولامىدىغاندۇ؟ دۇرۇست، تاڭ ئاتقاندا، قىزىل قالىقاندەك پارقىراپ كۈنمۇ چىقىدۇ. ھە، مانا كۈن چىقىپتۇ دەيمىز، ئەمما، تولا چاغلاردا كۈننىڭ يۈزىنى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ كېتىدۇ، يا بولمىسا، ھەش - پەش دېگىچە، يەنە قاراڭغۇ چۈشىدۇ، خۇدايىتائالا كۈندۈزنى ئازراق، كېچىنى كۆپرەك ياراتقانمىكىن؟! ئۇ، شۇ خىياللار بىلەن يېتىپ، تاڭ ئېتىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى.

ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈكۈرلەشلىرى بىلەن «قارا يىلپىز»نىڭ قاتتىق قاۋاشلىرى بوۋاينى خىيالىدىن ئويغاتتى. ساناقچى بەگلەر كەلگەن ئىدى.

رەۋىخان موماي نەچچە كۈندىن بۇيان ساناقچى بەگلەرگە ئاتاپ يىققان قايماق، پىشلاقلىرى بىلەن چاي قويدى. ئارقىدىنلا مەزىلىك پىشقان پاخلان گۆشىمۇ كەلتۈرۈلدى. بەگلەر ساھىپخانلارنى «ئالسىلا، باقسىلا»مۇ دېگۈزمەي بەھوزۇر قوساق تويغۇزۇشتى. ئاندىن «قېنى ئەمسە» دېيىشىپ، ساناقنى باشلىدىيۇ، ئانداق ـ مۇنداق قىلىپ بىردەمدىلا تۈگىتىپ، سەپەرقۇلنى نىياز دورغىنىڭ ھويلىسىغا ھەيدەپ كەلدى.

ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان قاپاق تېرەكتە ئىككى ياش يىگىت يېرىم يالىڭاچ ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇلارنىڭ دۈمبىلىرى قامچا بىلەن تال - تال تىلىنغان، يۈز - كۆزى يېرىلغان ئىدى. تېرەك

تۈۋىدە يەڭلىرى جەينەككىچە تۈرۈلگەن تۆت نەۋكەر قامچا تۇتقان قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ غادىيىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدىكى سۇپىغا ئۈژمە ياغىچىدىن ئۈچ قىرلىق قىلىپ ياسالغان، ھەر بىرى بىر غۇلاچ كېلىدىغان بىر قۇچاق پالاق يۆلەپ قويۇلغان ئىدى. بۇ، «غولدا» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس جازا قورالى ئىدى. پەشايۋانغا سېلىنغان زىلچە-گىلەملەر ئۈستىدە قىزبەگ غوجا بىلەن ئۆۋەيس مۇپتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا باشقا ھسابچى بەگلەر دىققەت بىلەن ئولتۇرۇشاتتى. نىياز دوزغا بىلەن ھوشۇر ئىماممۇ بىر چەتتە مەغرۇر قاراپ ئولتۇراتتى. گايىت پەششاپ كىمدۇ بىرسىنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ، تىلخەتكە بارماق باستۇرۇۋاتاتتى. پۇقرالاردىن نۇرۇل بوۋا باشلىق يىگىرمە-ئوتتۇز كىشى يېرىم دائىرە بولۇپ ئۆرە تۇراتتى.

سەپەرقۇلنى ئېلىپ كەلگەن بەگلەردىن بىرى تازىم بىلەن بىر پارچە قەغەزنى دەرھال قىزبەگ غوجىغا ئىككى قوللاپ سۇندى. قىزبەگ قەغەزنى كۆزدىن كەچۈرە-كەچۈرمەيلا، دەپتەر تۇتۇپ ئولتۇرغان بەگنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى.

— پاشالىقنىڭ قالغان قويلىرىنى نىمە قىلدىڭ؟ — دىدى دەپتەرچى سەپەرقۇلغا ئالىيىپ.

— خوش، بېگىم. يېقىندا بىر پالاكەت كېلىپ، ئوتتۇز قوينى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويدۇق. بۇلتۇرقى ئەللىك قوي بىلەن ئىككى جەمى سەكسەن تۇياق قوي گەدىنىمگە چۈشۈپ قالدى.

— ھەي گالۋاڭ، ئوتتۇزغا يۈز ئەللىكنى قوشسا قانچە بولىدۇ؟

— بىر يۈز سەكسەن، — دىدى سەپەرقۇل سەل تۇرۇۋېلىپ.

— ئەمىسە، ئىككى جەمى سەكسەن دەيسەنغۇ؟

— خوش بېگىم، ئەللىككە ئوتتۇزنى قوشساق سەكسەن بولىدۇ.

— ھەي، خوتۇنتالاق، سەن كىمنى گالۋاڭ ئەتمەكچىسەن،

قارا، يۈزىگە، — دەپتەرچى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ سەپەرقۇلنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە دەپتەرنىڭ قېتىدىن قېلىن خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان بىر مۆھۈرلۈك تىلخەتنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە تىققىدەك بولدى. ئاندىن، — بۇ سىيىنىڭ بارمىقىڭمۇ-ئەمەسمۇ. نىياز دورغام بىلەن ھوشۇر ئىمامنىڭ شاھىت بولغىنىنى يادىڭدىمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق بېگىم، بۇنىڭ ھەممىسى راست.

— ئەمىسە، نېمىشقا سەكسەن دەيسەن؟

— ئەللىككە ئوتتۇزنى قوشساق، سەكسەن بولمامدۇ؟

— تولا ھارامزادىلىك قىلما! — دېدى دەپتەرچى بوۋاينىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ.

— ھاي، ھاي، بېگىم سەۋرى قىلسىلا، — دېدى ئۆۋەيىس مۈپتى، — ھەر ئىش بولسا، شەرىئەت يولى بىلەن قىلغايمىز. قېنى تىلخەتنى ماڭا بەرسىلىچۇ.

ھىساپچى تىلخەتنى ئۆۋەيىس مۈپتىغا ئىككى قوللاپ سۇندى. مۈپتى ئۇنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— سەپەرقۇل، ئۆزىڭىز يۈز ئەللىك قويغا قەرزدار بولدۇم، كېلەر يىلى جەزمەن ياخلىنى بىلەن قوشۇپ تۆلەيمەن دەپ بارماق بېسىپ تىلخەت بېرىپتىكەنسىز، شاھىتلارمۇ ھازىر ئىكەن، ئۆز گېپىدىن يانماق مۇسۇلمانغا جايىز ئەمەس. مانا قاراڭ.

مۈپتى ئورنىدىن تۇرۇپ، تىلخەتنى سەپەرقۇلغا يەنە كۆرسەتتى، ھەقىقەتەنمۇ، موللاچە قىلىپ قومۇش قەلەمدە يېزىلغان تىلخەتتە «1 لگ» دىگەن سۆزنىڭ ئالدىغا «يۈز» دىگەن سۆز قىستاپ كىرگۈزۈلگەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سەپەرقۇل خەت ئوقۇيالمىسىمۇ، ئەھۋالنى دەرھال چۈشىنىپ «يالغان! ئەزبىرايى يالغان!» دەپ ۋاقىراپ تاشلىدى.

— ھەي قېرى ئىبجەمەل، — دەپ كايىپ كەتتى قېزىبەگ غوجا قولىدىكى پىيالىنى داستىخانغا پىقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ، — يۈرد-

گەنىڭ يوغىناپ، تىلىڭ ئۇزۇراپ قاپتىغۇ. كىم ساڭا يەل بېرىۋاتە-
دۇ؟ تۆمۈر مۇجاڭمۇ؟ ئۇنىڭ پالتىسى ھەرقانچە ئىتتىك بولغان
بىلەن تاشنى يارالمايدۇ. ئۇر، بۇ خوتۇنتالاقنى!

نەۋكەرلەر سەپەرقۇلنى شۇ زامان يېرىم يالىڭاچلاپ دۈم يات-
قۇزدى-دە، پۇت-قوللىرىنى بېسىپ تۇردى. گايىت پاششاپ ئۇ-
نىڭ يوتىسىغا غولدا ئۇرۇشقا باشلىدى. ئېغىر غولدا بوۋاينىڭ قۇ-
رۇق سۆڭەك يوتىسىغا تەككەندە، خۇددى تاختايغا تېگىۋاتقاندەك
قاڭقىپ كېتەتتى. شۇ ئارىدا، تالادىن دات-پەريات بىلەن ھاس-
راپ-ھۆمدەپ كىرگەن رەۋىخان موماي ئۆزىنى بوۋاينىڭ ئۈس-
تىگە ئاتتى. كۆز يۇمۇپ-ئاچقىچە موماينىڭ باش-كۆزىمۇ قانغا
بويالدى. ئۇ ئۆز جۈپتىنىڭ ئۈستىدە ھۇشسىز ياتاتتى. گايىت
پاششاپ غولىنى يەنە كۆتەردى. دەل شۇ چاغدا تالادىن يولۋاس-
تەك ئېتىلىپ كىرگەن ئامانقۇل پاششاپنىڭ قولىدىن غولىنى تار-
تىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ساۋاشقا باشلىدى. نەۋكەرلەر ئامانقۇلغا
يوپۇرۇلدى. دەھشەتلىك ئېلىشىش باشلاندى، ھويلىدىكىلەرنىڭ
ھەممىسى قىقاس-چوقان بىلەن ئۆرە-تۆپە بولۇشۇپ كەتتى.

بىراق، بۇ ئىش قانداق تېز باشلانغان بولسا، شۇنداق تېز
تۈگىدى، باش-كۆزى يېرىلغان ئامانقۇلمۇ تېرەككە باغلاپ تاش-
لاندى. گايىت پاششاپمۇ قانغا مىلىنىپ يېرىم ھۇشسىز ياتاتتى.
باشقا نەۋكەرلەر بولسا، باش-كۆزلىرىدىكى قاننى تازىلاش، يارى-
لىرىنى تېڭىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

قېزىبەگ غوجا خۇددى «جىن تەككەن» ساراڭدەك بىردىنلا
قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ھەممە كىشى ئۇنىڭغا ھەيران بو-
لۇپ قارىدى. ئۇ غاڭزىسىغا سەرەڭگە يېقىۋېتىپ مۇنداق دېدى:
«بۇ قورقماس ئارسلاننى قانداق تونارمەن دىۋىدىم. ئۆزى كېلىپ
قاپقانغا چۈشكىنىنى قارىمامدىغان! بىلىقنى بىردىن-بىردىن تۇتۇپ،
دەريا بويىدا قاچانغىچە ئولتۇرارمەن دىۋىدىم. ھەممىسىنىڭ ئۆز
ئايىغى بىلەن كېلىپ تورغا چۈشكىنىنى دىمەمدىغان. قېنى، مۇپتا-

خۇنۇم، پەتىۋالىرىنى ئىلدامراق بەرسىلە!»

ئۈۋەيس مۇپتى كاتىپ بىلەن بىردەم كۇتۇلداشتى. كاتىپنىڭ قۇمۇش قەلىمى ئالدىنئالا يېزىپ قويۇلغان ھۆكۈم قەغىزى ئۈستىدە يەنە بىردەم يورغىلاپ توختىدى.

— قېنى، ئوقۇسىلا، — دېدى قېزىبەگ غوجا.

— خوش، غوجام، — دەپ ھۆكۈمنى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى مۇپتى.

ھۆكۈمنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: بىرىنچى، سەپەرقۇل پاشالىققا بۇلتۇر يۈز ئەللىك قوي قەرزدار بولغان، ئۇنىڭ سەكسىنى ئەلۋەتتە ساغلىق بولىدۇ، يۈز ئەللىك قويغا شۇ سەكسەن پاخلان قوشۇلغاندا، بۇ يىل ئىككى يۈز ئوتتۇز تۇياق بولىدۇ. ئۇنىڭغا يېقىندا يەپ كەتكەن ئوتتۇز تۇياقنى قوشقاندا، جەمئى ئىككى يۈز ئاتمىش تۇياق قوي تۆلەپ بېرىشى لازىم؛ ئىككىنچى، ئوغلى ئامانقۇل ئوغرىلاپ كەلگەن قازاق قىزىنى ئامانقۇلغا نىكاسىز چېتىپ، ئىسلام شەرىئىتىگە قاتتىق خىلاپلىق قىلغان. ئاخىرىدا ئاتا-بالا ئىككىسى ئۆز قىلمىشىدىن قورقۇپ، ئۇ قىزنى كۆزدىن يوقاتقان؛ ئۈچىنچى، چىلىڭ گاڭ غوجامغا دۈشمەنلىك نىيىتىدە بولغان تۆمۈر مۇجاڭ دېگەن بۇزغۇنچىنى ئۆيىدە قوندۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە پىتنە-ئىغۋا تارقاتقان؛ تۆتىنچى، سەپەرقۇلنىڭ ئوغلى ئامانقۇل ساناقچى بەگلەرنىڭ باش-كۆزىنى يېرىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەپەرقۇلنىڭ بارلىق مال-مۈلكى، ئۆي-سەرەمجانلىرى تۆلەڭ ھېساۋىغا پاشالىق قىلىنىدۇ. ئۆزى پاشالىق ماللارنى بېقىش ئۈچۈن نىياز دورغىنىڭ ئۆيىدە ئۆمۈر بويى چاكار بولۇشقا ھۆكۈم قىلىنىدۇ، ئوغلى ئامانقۇل زىندانغا سېلىنىدۇ.

— ئەمدى قازاق قىزى ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىلىرىغا كېلىدىغان بولدى، — دېدى ھوشۇر ئىمام نىياز دورغىنىڭ قۇلىغىغا پىچىرلاپ. نىياز دورغا ھويلىدىن غەمكىن چىقىپ كېتىۋاتقان پۇق-

رالارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، مەغرۇلۇق بىلەن ساقىلىنى سىلاپ قويىدى.

— بۇ ئىشلارنى سەنمۇ كۆرۈپ قوي! — دىدى نۇرۇل يوۋا ئاخىرقى نۇرلىرىنى پارچە بۇلۇتلار مەگزىدە قالدۇرۇپ تاغ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇشقا ئالدىراۋاتقان كۈز قۇياشىغا قاراپ.

## يەتتىنچى باپ

# شامەخسۇت ۋاڭنىڭ چۈشى

شەپەرەڭ ياخشى كۆرمەيدۇ دەپلا،
كۈنگە قارشى چىقىش مۇمكىنمۇ؟

— شەيخ سەئدى①

**1**

— مەن شۇنچىۋالا قېرىپ كېتىپتىمەنمۇ؟ مېنى بۇ قېرى تاز بەگمۇ ئانىتى تاپقىلى تۇردىغۇ؟

— يوقسۇ، پۈجۈك ئاغىچام، ئاي يۈزلىرى ھىلىمۇ گۈلسۇرۇختەك②، چاچلىرى قۇندۇز، كۆزلىرى يۇلتۇزدەك تۇرامدۇ. گېپىمگە چىن پۈتمىسلە، ئەينەككە قاراپ باقسىلا، — دىدى قېلىن قارا دۇردۇندىن تون كىيىپ، بېشىغا ئاق شايىدىن لىچەك سېلىۋالغان

① شەيخ سەئدى — مىلادى 1184—1291 - يىللىرى ياشىغان مەشھۇر پارس مۇتەپەككۇر شائىرى؛

② گۈلسۇرۇخ — قىزىلگۈل.

جىڭەككىنە بىر موماي چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

«پۈجۈك ئاغىچا» ئارقىسىغا ئۆرۈلۈش بىلەن يوغان بوي ئەينەكتە ئۆزىنى كۆردى، بۇ ئەينەككە ھەر كۈنلۈكى ئونلارچە قېتىم قاراپ تۇرىدىغانلىقىغا قارىماي، خۇددى ئۆزىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، قاش-كۆزلىرىنى سىزۈپ، چاچلىرىنى سىلاپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئەينەكتە ئالما ئۇرۇقى رەڭ ئىسىل خاڭجۇ تاۋىرىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن كۆينەك، ئۇستىدىن ئۆرە ياقىلىق كىمخاپ نىمچە، بېشىغا ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن قاداقلار قادالغان زەر دوپپا كىيىپ، ھاۋا رەڭ ئىسىل شايىدىن لېچەك ئارتىۋالغان زىلۋا بويلۇق بىر ئايال تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىنچىكە، ئۇزۇن بارماقلىرىدىكى گۆھەر كۆزلۈك تىللا ئۈزۈكلەر بىلەن قۇلاقلىرىدىكى ياقۇت كۆزلۈك سۆكىلەر چاقناپ تۇراتتى؛ ئىنچىكە قاشلىرى ئاستىدىكى شەھلا كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى. بىراق، ئۇنىڭ يۈزى ھىلىقى موماينىڭ ئېيتقىنىدەك قىزىلگۈلدەك ئەمەس، سېرىق مومدەك ئىدى؛ چاچلىرىغىمۇ ئاق سانچىلغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دېمەك، مۇشۇ نۇقتىدا موماي يالغان ئېيتقان ئىدى.

بۇ «پۈجۈك ئاغىچام» دېگىنى شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئايالى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ئىسمىنى ھېچكىم بىلمەيتتى؛ بىلگەن تەقدىردىمۇ، ھەرگىز تىلغا ئالمايتتى. چۈنكى، ۋاڭنىڭ ئائىلە-تەۋەلىرىنى ئۆز ئىسمى بىلەن ئەمەس، ئۆزىگە خاس دەرىجە-ئۇنۋانلىرى بىلەن ئاتاش ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يوسۇنى ئىدى.

ئەمدى بىزمۇ، شۇ كونا يوسۇنغا رىئايە قىلىپ، بۇ ئايالنى «پۈجۈك ئاغىچا» دەپ ئاتايمىز.

— ئانداق بولسا، بۇ قېرى ناز نىمىشقا ھەدېسىلا ياش قىزلارغا نىكاللىنىپ ئالىدۇ، — دېدى پۈجۈك ئاغىچا، يىپەك گىلەم ئۈستىدە لەرزان مېڭىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ گۈل ۋە كېپىنەك سۈرەتلىرى كەشتىلەنگەن قىپلىن تاپانلىق كالۇتۇن كەشى يوغان

پەنجىرىلەردىن چۈشكەن كۈن نۇرىدا ۋال-ۋۇل قىلىپ، كۆزنى قاماشتۇراتتى.

— ئاڭلىشىمچە، — دېدى موماي، تىۋىپلار چىڭگاك غوجامغا ئۈچ قىزنى دورىلىققا بۇيرۇپتىدەك.

— قىز نېمە ئاغرىققا دورا بولغىدەك؟

— ئەركىشى قېرىپ قالغاندا، ياش قىزلارغا نىكالانسا، ياشىرىپ قالغىدەكمىش، — دېدى موماي مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ.

— ئانداقتا بىز قېرىپ قالساق، بىزگە نېمە دورا بولغىدەك، — دېدى پۈجۈك ئاغىچا يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ. مومايمۇ تەڭلا كۈلۈشۈپ بەردى.

شۇ ئارىدا ئىككى كېنىزەك كۈمۈش پەتنۇستا قەن-گېزەك ۋە مىۋە-چىۋە ئېلىپ كىرىپ، ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان نەقىشلىك شىرەگە تىزدى ۋە ئالتۇن يالىتىلغان پىيالىلەرگە چاي قۇيدى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ، ئايسە ئاپپاق ①، — دېدى پۈجۈك ئاغىچا، ئۆزى دوخاۋا كۆرپىگە ئولتۇرۇۋېتىپ، — مەن رەھمەتلىك ۋاڭ ئاپامغا ئوخشامدىمەن؟

— بۆلەكچىلا ئوخشايدىلا، قويۇپ قويغاندەك.

## 2

پۈجۈك ئاغىچىنىڭ «ۋاڭ ئاپام» دېگىنى قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ سەككىزىنچىسى، يەنى ئاياللاردىن تۇنجى قېتىم ۋاڭ بولغان مېھرىبانۇ چىڭ ۋاڭ بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ يەتتىنچىسى

① ئاپپاق — ئۇ چاغلاردا بەگلەرنىڭ ئاياللىرى ياكى ئوردا بىلەن يېقىن ئالاقىسى بولغان چوڭ ياشلىق ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىغا ئۇلىنىپ ئېيتىلىدىغان بىر خىل ئۇنۋان ئىدى

مۇھەممەت بەشىرۋاڭنىڭ خانىشى ئىدى. مۇھەممەت بەشىرنىڭ ۋاڭلىق دەۋرى مىلادى 1864 - يىلىدىن ئېتىۋارەن خوتەن، يەركەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئىلى، ئۈرۈمچى، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا مانجۇ ئىستىبداتى ۋە يەرلىك فېئودالارغا قارشى ئارقا - ئارقىدىن قوزغالغان خەلق قوزغىلاڭلىرى يىللىرىغا توغرا كەلدى. قوزغىلاڭ يىللىرىدا، مۇھەممەت بەشىر مانجۇ خانلىقى تەرىپىدە تۇرغانلىقتىن، 1866 - يىلى قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ۋاڭلىقى زاۋال تاپقان ۋە مېھرىباتۇ ئۆزىنىڭ ئوغلى غۇلامىددىن بىلەن ئىككى قىزىنى ئېلىپ، تاغمۇ - تاغ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن. ئاخىرى قۇمۇل تەۋەسىدە تۇرۇش خەتەرلىك بولغىنى ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ بېرىپ، بۈگۈر يېڭىساردا تۇرۇپ قالغان ئىدى. مۇھەممەت بەشىرۋاڭ - نىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، «خانىش» ۋە «شاھزادە»سىنىڭ قېچىپ كېتىشى بىلەن قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ تارىخى بىر زامان ئۈزۈلۈپ قالدى. خەلق قوزغىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، مانجۇ خان - لىقى قۇمۇلنىڭ ئىستراتېگىيىدە مۇھىم ئورۇن ئىكەنلىكىنى ۋە قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئىزچىل ھالدا مانجۇ خانغا سادىقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مېھرىبانۇنى بۈگۈر يېڭىساردىن قۇمۇلغا ئېلىپ كەلدى؛ بىراق، ئۇنىڭ ئوغلى غۇلامىددىن تۇغما ئېپىپناق (پالەچ) بولغانلىقتىن، مانجۇ خان مەخسۇس يارلىق بىلەن مېھرى - بانۇنى قۇمۇل ۋاڭى قىلىپ تىكلىدى ۋە قوزغىلاڭ يىللىرى خاراپ بولۇپ كەتكەن ۋاڭ ئوردىسىنى نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغان تارىخى مانجۇ خانلىقىنىڭ قولى بىلەن يەنە ئۇلاندى.

مېھرىبانۇ ۋاڭلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، «يېغىلىق» يىللىرى خاراپ بولغان ئىگىلىكنى تىكلەشكە كىرىشتى: ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە كۆۋرۈكلەرنى تۈزىتىپ، ئاق قالغان يەرلەرنى تېرىتتى،

ئىگىسىز قالغان يەرلەرنى تىزدەللاپ (مۇنداق يەرلەر ئون مىڭ موغا يەتكەن) «گاداي ساڭ يېرى» دەپ نام بېرىش بىلەن بۇ يەرلەرنى ئىجارىگە بەرگۈزدى، ھوسۇلىنى «گاداي ساڭ»غا قويدۇرۇپ، ئۇنىڭغا مەسئۇل كىشىلەرنى بەلگىلىدى. مۇنداق كىشىلەر «سىدىر» دەپ ئاتىلاتتى. سىدىرلار «گاداي ساڭ» ئاشلىقىدىن ھەر كۈنى نۇرغۇن نان ياقتۇرۇپ، باشپاناسىز قالغان پۇقرالارغا تارقىتىپ تۇراتتى. خەلقنىڭ ھال-ئەھۋالى بىرئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دائىرىسىنى كىچىكلىتىپ، پەقەت غېرىپ-مىسكىن، يېتىم-يېسىر، ئاجىز-ئورۇقلارغىلا بېرىدىغان قىلدى①.

مېھرىبانۇ چىڭ ۋاڭ ئۆز «دۈشمەن»لىرىدىن ئۆچ ئېلىشنىمۇ ئۇنۇتمىغان ئىدى. ئۇ يېغىلىق يىللىرى مۇھەممەت بەشىر ۋاڭنى ئۆلتۈرۈشكە قاتنىشىپ، كېيىن ئۆزىنى ۋاڭ، خوتۇنىنى پۇجۇڭ دەپ ئېلان قىلغان يۈسۈپ پاكار بىلەن سىنۇپۇرگە غازىبەگ دىگەنلەرنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ باشلىرىنى سېپىل دەرۋازىسىغا ئاستۇردى.

شۇ ئارىدا، مېھرىبانۇنىڭ چوڭ قىزى (چوڭ ئايلا خېنىم) تېخى ياتلىق قىلىنماي تۇرۇپلا، تۇيۇقسىز بىر ھادىسىگە ئۇچراپ قازا تاپتى. كىچىك قىزى (كىچىك ئايلا خېنىم) مۇ، بويىغا يېتىپ، ھەتتا شۇ زاماننىڭ قائىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتتى. چۈنكى، قومۇل تەۋەسىدە «ئاق سۆڭەك» (ۋاڭ جەمەتى) دىن ئۇنىڭغا لايىق تېپىلمىدى؛ ئاددى پۇقرالارنى ئۇلار ئۆزىگە لايىق كۆرمەيتتى. مېھرىبانۇ چىڭۋاڭ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بېشىنى قاتۇرۇپ تۇرغاندا، ئۆز ۋاقتىدا مۇھەممەت بەشىر ۋاڭنىڭ تەيجى-سى ھەم ئۇنىڭ يېقىن تۇققىنى بولغان تاجىددىن تەيجى دىگەن

---

① كېيىن، شىل مەخسۇت «گاداي ساڭ يېرى»دىن چىققان ئاشلىقنى ئوردىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، پەقەت ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا ئوتتۇز كەمبەغەل مومايغا بىردىن نان، بىر كېيمەلىكتىن بۆز بېرىدىغان بولغان. 1936 - يىلدىن كېيىن «گاداي ساڭ يەرلىرى»نى ئۇيغۇر مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، مەھسۇلاتىنى مەدىنى-مائارىپ ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان.

كىشىنىڭ قومۇل تاغلىرىنىڭ بىرىدە ئامان ساقلىنىپ قالغان بىر ئوغلى بارلىغىنى ئاڭلاپ قالدى-دە، دەرھال ئۇنى تېپىشقا شۇمشۇقلۇق تاھىر مىراپنى ئەۋەتتى. تاھىر مىراپ نەرناسۇ دېگەن تاغدا ياشايدىغان بىر موماينىڭ ئۆيىدىن ئىزلىگەن كىشىسىنى تاپتى. بۇ، راستىنلا تاجىددىن تەيجىنىڭ ئوغلى شا مەخسۇت بولۇپ، يېغىلىق يىللىرى دادىسى قوزغىلاڭچىلاردىن قېچىپ تاققا چىققاندا، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ بارغان ۋە ئاتا-بالا ئىككىسى يۇقراچە ياسىنىپ جان بېقىپ يۈرگەن ئىدى. ئۇ چاغلاردا شامەخسۇت ئون نەچچە ياشلىق بالا ئىدى. ئۇ، دادىسىدىن كېيىن، ھېلىقى موماينىڭ قويىنى بېقىپ، جان ساقلىغان، موماي باشقىلارغا تونۇتماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭ بېشىغا گۆڭگۈرت پوقىنى سۈرتۈپ، تازغا ئوخشىتىپ قويغان ئىدى. ئۇ يىگىرمە ئالتە يېشىغىچە ئۈستىدە ياغاق جىۋۋا، پۇتىدا چورۇق بىلەن شۇ تاغدا ياشىغان. مېھرىبانۇ ئۇنى ئوردىغا كەلتۈرۈپ، بىر نەچچە ۋاقىت پەرۋىش قىلغاندىن كېيىن، چوڭ توي ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىپ ئالغان ۋە ئوردىنىڭ مۆھۈردارلىق (تامغىچى) مەنسىۋىنى بەرگەن.

ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندە، مېھرىبانۇ چىڭۋاڭ: «نىمىلا دېگەن بىلەن مەن ئايال كىشى، گايى-گايىدا ئۆزەمنى بىر قانىتى يوق قۇشتەك سېزىپ قالىمەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆلۈم دېگەن قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا، مېنىڭدىن كېيىن ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلۇم يوق، شۇڭا، كۈيئوغلۇم شا مەخسۇت بەگنى ئۆزەمگە ياردەمچى ۋاڭ قىلىپ بېرىش توغرىسىدا بېيجىڭ خانىغا خەت سۇنسامىكىن» دېگەن خىيالغا كېلىپ، بۇنى ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىسى نەمتۇللا قېزىبەگكە ئېيتىدۇ.

نەمتۇللا قېزىبەگ ئاددى خەلق ئىچىدىن چىققان، كۆڭلى تۈز، گېپى ئوچۇق ساددە ئادەم ئىدى. كۆپىنچە يۇقىرالار تەرەپتە

تۇرۇپ، مېھرىبانۇ چىلىك ۋاڭغا ياخشى مەسلىھەتلەر بېرەتتى. شۇڭا مېھرىبانۇ چىلىك ۋاڭمۇ، ئۇنى قەدىرلەپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى ۋە بەزى ئىشلاردا ياردەمچىسى قىلىۋالغان ئىدى. نەمەتۇللا بولسا، ئۆزىنىڭ ساددىلىقىدىن، «كىم بىلىدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مېھرىبانۇ چىلىك ۋاڭنىڭ كۆڭلى ماڭا چۈشۈپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. ئۇنىسىلا دېگەن بىلەن ئېرى يوق ئايال كىشى ئەمەسمۇ. شۇنداق بولۇپ قالسا، بىرىمىز ۋاڭ، بىرىمىز يۈجۈك ئاغىچا بولۇپ ئالەمدىن ئۆتمەيمىزمۇ» دەپ ئويلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شامەخسۇتنىڭ يۇقىرىلارغا نىسبەتەن قاتتىق كۆڭۈللۈكى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۇغەمبەرلىك بىلەن ئويناپ تۇرىدىغان قوڭۇر كۆزلىرى نەمەتۇللاغا زادى ياقمايتتى. شۇڭا، مېھرىبانۇنىڭ بايىقى پىكرىنى قەتئىي رەت قىلدى.

بىراق، مېھرىبانۇ چىلىك ۋاڭ ئۆز پىكرىدىن يانماي، يۇقۇرىدىكى مەزمۇندا مانجۇ خانغا ئىلتىماس يېزىشنى ئوردىنىڭ خەنزۇ كاتىپلىرىغا تاپشۇردى. شامەخسۇت ئىلتىماسقا تامغا باسىدىغان چاغدا، بۇ ئەھۋالنى بىلىپ قېلىپ، مەسئۇل كاتىپنى نۇرغۇن نەق پۇل ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن مەنسەپ ۋەدە قىلىش بەدىلىگە سېتىۋالدۇ-دە، بۇ ئىلتىماسنى ئۆز پايدىسىغا يازدۇرۇپ، بېيجىڭغا ماڭدۇردى. بېيجىڭدىن: «ئىلتىماسلارغا بىنائەن، شامەخسۇت چىلىك ۋاڭ، مېھرىبانۇ ياردەمچى ۋاڭ بولسۇن» دېگەن مەزمۇندا جاۋاپ كېلىدۇ. مېھرىبانۇ ھەيرەت ۋە غەزەپ بىلەن ئالا-تۇپىلاڭ كۆتىرىپ، بۇ سۇيىقەستنىڭ سىرىنى ئېچىشقا نەمەتۇللانى بۇيرۇيدۇ. نەمەتۇللا قاتتىق تەپتىش قىلىپ، شامەخسۇتنىڭ نەيرىڭى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ. دەل شۇ چاغدا، شامەخسۇت ئۆز كىشىلىرى ئارقىلىق خەلق ئىچىگە «مېھرىبانۇ خېنىم نەمەتۇللا قىزبەككە ئۆگىنىپ قاپتۇ، كېچىلىرى بىللە بولىدىكەن» دېگەن ئېغۋانى تارقىتىدۇ-دە، ئۆزى مېھرىبانۇ چىلىك ۋاڭنىڭ قېشىغا كىرىپ، «بۇ نېمە دېگەن سەت گەپ! سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەم، نەمەتۇللا دېگەن قارا يۈزنىڭ ماختانچاقلىق قىلىپ، ئۆزى تارقاتقان گەپلەر ئىكەن» دەپ چاقىدۇ.

مېھرىبانۇ نومۇس ۋە غەزەپتىن ھوشىدىن كەتكىدەك دەرىجىگە يېتىپ، «ئۇ قارا يۈزنى نېمە قىلىسىڭىز قىلىڭ، مېنى بۇ بەدنامدىن قۇتۇلدۇرۇڭ» دەيدۇ. دەل شۇنداق بۇيرۇقنى كۈتۈپ تۇرغان شامەخسۇت نەمەتۇللانى تاياققا بېسىپ، يوتا ئەلگىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. نەمەتۇللا تاياقنىڭ زەربىسى بىلەن ئۇزۇنغا بارماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. شامەخسۇت ئۆز رەقىبىنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىدىنمۇ قىساس ئالىدۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، مانجۇخاننىڭ قومۇلدىكى ھەربى مەمۇرى ئەمەلدارلىرى زوزۇڭتاڭ باشچىلىغىدا زور داغدۇغا بىلەن ۋاڭ ئوردىسىغا كىرىپ، شامەخسۇتقا چىڭ ۋاڭلىق تاجىنى كىيدۈرىدۇ. مېھرىبانۇ ياردەمچى ۋاڭ نامىدا بىرنەچچە يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

## 3

بابا پۇجۇڭ ئاغىچا بىلەن ئايسە ئاپپاق گەپلىشىپ ئولتۇرغان ئۆي ئەسلىدە مېھرىبانۇ چىڭ ۋاڭنىڭ شامەخسۇت بىلەن پۇجۇڭ ئاغىچىغا ئۆتۈپ بەرگەن ھوجرىسى ئىدى. ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بۇيان، ۋاڭ ئوردىسى بىرقانچە قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ، يېڭىلانغان بولسىمۇ، پۇجۇڭ ئاغىچىنىڭ تەلىۋى بويىچە بۇ ھوجرىنىڭ ئورنى ئۆزگەرتىلمەي كەلگەن. ھەتتا ئوردىنىڭ ياتاق قىسمى ئون نەچچە مېتىر ئېگىزلىتىلگەن چاغدىمۇ، بۇ ھوجرا يەنىلا بۇرۇنقى ئورنىغا توغرا كەلتۈرۈپ قايتا ياسىتىلغان ئىدى.

— بۇ قېرى تاز كۆرگەن كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ، رەھمەتلىك ۋاڭ ئاپامنىڭ ئىلتىپاتلىرىنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ قويدى. بولمىسا، تىۋىپ بۇيرۇدى دەپلا، مېنى شۇنچە خورلاپ ئۆزىنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرسەتمەيدىغان بولۇپ كېتەمدۇ؟ دېدى پۇجۇڭ ئاغىچا كۆز يېشى قىلىپ.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، خېنىم ئاغىچام، دېدى ئايسە ئاپپاق، ھەزرەتلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامسا، مېنىڭ كۆزۈمدىن خۇن

ئاقمامدۇ؟! ياشلىق دىگەن يالقۇن، قىزلىق دىگەن تۈتۈن دەپ، چىلىڭ گاڭ غوجامنىڭ ياشلىرىۋالغۇسى كەلسىمۇ كەلگەندۇ. ئەممازە، تۆگە قانچە، يىغىرى شۇنچە دەپ، چىلىڭ گاڭ غوجامنىڭمۇ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتقان ئوخشايدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ھەزرەتلىرىنى يوقلىماي قويامدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئايسە ئاپپاق ئۆزىنىڭ ئوغلى تۇرشا تۇغبېگىدىن ① ئاڭلىغانلىرىنى قىزغىن سۆزلەپ كەتتى: ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بىرەر ئايدىن بۇيان ئىچكىرىسىدە ناھايىتى چوڭ يىغىلىق بولۇپ كېتىپتۇ. يۇقىرالار خاننىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ياموللارنى ئىگىلەپ ئەپتۇ. ئەمدى بېيجىڭ خانىمۇ تەختتىن چۈشكىدەك، يىغىلىق قىلغانلار بۇ تەرەپلەرگىمۇ كەلگىدەك. ئۇلارنىڭ شىرىكلىرى قۇمۇلدىمۇ خېلى باردەك. تۆمۈر مۇجاڭ دىگەن ئادەم بەش شەر، ئون ئىككى تاغنى ئارىلاپ يۈرۈپ چىڭ گاڭ غوجامنىڭ ئۈستىدىن بولمىغۇر گەپلەرنى تارقىتىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلىپ يۈرگىدەك. مىرشاپ، پاششاپلار تۆمۈر ئىسىملىك بىرەر يۈز ئادەمنى تۇتۇپ، سوراق قىپتۇ. ئەمما، ھىلىقى راست تۆمۈر ھىلىغىچە تۇتۇق بەرمەپتىمىش. سەۋدىيى، ئۇنى ئاڭلىغان بىلەن، تونۇيدىغان كىشى تېپىلماپتىمىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۆمۈرنىڭ سۇلايمان قالپىقى بار ئىمىش، ئۇنى كىيىۋالسا، كۆزگە كۆرۈنمەيدىكەن.

— شۇڭىچۇ، قارىسىلا، پۇچۇڭ ئاغچام، — دەپ داۋام قىلدى ئايسە ئاپپاق، — چىلىڭ گاڭ غوجامنىڭ قىزلارغىمۇ قارايدىغان پۇرسىتى يوق، يىگىنى ئوغا، كىيىگىنى كېپەن بولۇپ، غەم - غۇسسىگە چۆمۈپلا كېتىپتۇدەك. ئۇ، كۈندىلا دىگىدەك خاننىڭ ئەمەلدارلىرى، تەيجى بەگ غوجاملار بىلەن تاڭ تاڭلار ئېتىپ كەتكىچە مەسلىھەت

① تۇغبېگى — ئەسلىدە ھەربى قوشۇننىڭ تۇغ - بايراقلىرىغا مەسئۇل كىشىگە بېرىلىدىغان مەنسەپ بولسىمۇ، شامەخسۇت دەۋرىدە ۋاڭنىڭ خاس مۇھاپىزەتچىلىرى باشلىقى «تۇغبېگى» دەپ ئاتىلاتتى.

قىلىشىپ، تۆۋەنكى ئوردىدا تۈنەپ قالغىدەك. ھازىر خانىقا، مەدرىسە-
لەردە يۇرتنىڭ تېپىلغى ۋە خان بىلەن چىلىك گاڭ غوجامنىڭ
ئامانلىغىنى تىلەپ، نەزىر-چىراق، قۇرئان-تىلاۋەتلەر ئۆتكۈزۈلۈۋې-
تىپتۇ.

ئايسە ئاپپاقنىڭ بۇ گەپلىرى راست ئىدى. كۈنلەر ئۆتكەن-
سېرى، شامەخسۇتنىڭ ئۇيقۇسىمۇ قاتتىق بۇزۇلۇپ، ھەدىسىلا ئې-
گىز-پەس چۈشلەرنى كۆرۈپ، تىنچ ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالغان
ئىدى. كىمدۇ بىرى ئۇنىڭ گېلىنى سىقىپ ئۆلتۈرمەكچى بولاتتى.
پات-پاتلا «تورپاق يېغىلىغى» چۈشىگە كىرىپ قالاتتى-دە، تور-
پاق موللىلارىجى، تورپاق دۇگامەت، ئۆز غوجا غوجامنىيازلارنىڭ
سېپىل دەرۋازىسىغا ئېسىلغان قانلىق باشلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا دو-
مىلاپ كېلىپ، «ھە، مەخسۇت تاز، بىزنى كۆرۈۋاتامسەن، بىز تېخى
تىرىك» دەپ قاقاقلاپ كۈلەتتى.

بىر كۈنى، شامەخسۇت يۇجۇڭ ئاغچىنىڭ يېنىدا قونۇپ قال-
دى. ئاجايىپ چىرايلىق نەقىشلەنگەن مورىدا ئۆرۈك ئوتۇنى خۇش
پۇراق چېچىپ كۆيۈپ تۇراتتى. بىردەملىك ئۇيقۇغا كەتكەن شا-
مەخسۇتنى يەنە قارا باستى: شەرق تەرەپتىن ھەيۋەتلىك ئاۋاز
بىلەن ئۇچۇپ كەلگەن يوغان بىر ئەجدىھا شىڭشىڭشا تاغلىرىنىڭ
بېشىغا قونۇۋېلىپ، ئاغزىدىن ئوت چېچىۋاتقىدەك؛ بىردەمدە قارا
بوران كۆتۈرۈلۈپ، ئوردىنىڭ ئېگىز راۋىقىنى ئۆرۈپ تاشلىغىدەك.
ئەجدىھا بىر قولىنى سوزۇپ، شامەخسۇتنى گېلىدىن سىققان پېتى
ئالدىغا تارتىپ بېرىپ، «ھە، سېنى نېمە قىلسام بولۇر» دېگى-
دەك. شۇ ئارىدا، يەكلىرىنى جەيىنگىچە تۈرۈۋالغان بىر قارا
ساقاللىق كىشى ياغاچچىلار ئىشلىتىدىغان ئۆتكۈر پالتىنى كۆتۈرۈپ
ئەجدىھانىڭ ئالدىغا كەپتۇ-دە، «بۇنى ماڭا بېرىڭ، قۇمۇل
خەلقىنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلاي»
دېگىدەك. ئەجدىھا قاقاقلاپ كۈلۈپ، «خالىغىنىڭنى قىل» دەپ،
شامەخسۇتنى ھېلىقى كىشىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەرگىدەك. ھېلىقى

كىشى ئوردا قوۋۇقىنىڭ ئالدىغا يىغىلغان قىلىن خەلق توپى ئىچىدە ئۇنى بىر كۆتەككە بىسىپ تۇرۇپ، پالتىسىنى ئىگىز كۆتەرگىنىدەك...

شۇ چاغدا شامەخسۇت «ۋاي جان» دەپ قاتتىق چۆچۈپ ئويغاندى. پۈجۈك ئاغىچىمۇ ئويغىنىپ كېتىپ، دەرھال يوغان كىرو-سىن لامپىنى ياقتى-دە، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ قورقۇپ كەتتى ۋە يۈز-كۆزلىرىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈشكە باشلاپ، «تىۋىپ چاقىر-تايمۇ» دىدى. شامەخسۇت بېشىنى چايقىدى. شۇ ئارىدا ئوردا مەسچىتىنىڭ مەزىنى ناماز بامداتقا ئەزەن ئېيتتى. شامەخسۇت نا-مازنى ئۆيىدىلا ئوقۇپ، سەۋسەر تۇمىغى بىلەن قاما جۇۋىسىنى ئىلدام كىيدى-دە، بايا چۈشىدە بوران ئۆرلىۋەتكەن ئوردا راۋىقى تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن قوراللىق مۇھاپىزەتچىلىرى ئەگەشتى.

شامەخسۇت راۋاققا چىقىپ، دەرھال شەرققە قارىدى. ئۆرلەپ چىقىۋاتقان كۈننىڭ نۇرلىرى قىلىن بۇلۇتلارنى خۇددى نەيزىدەك تېشىپ، تاغ باشلىرىغا سانجاق-سانجاق ئەلەملەرنى سانچىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بىراق، شامەخسۇتقا كۈن كۈن ئەمەس، بايا چۈشىدە كۆرگەن ئەجدىھانىڭ ئوت چىچىۋاتقان ئاغزى، تاغ ۋە بۇلۇتلار بولسا ئۇنىڭ گەۋدىسى بولۇپ كۆرۈندى-دە، ئۇ ئالقىنى بىلەن دەرھال كۆزىنى ئېتىۋېلىپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. ئوردىنىڭ غەرپ ۋە جەنۇپ تەرەپلىرىنى يېرىم چەمبەرسىمان ئوراپ تۇرغان ساناق-سىز پاكار-پاكار ئۆيلەرنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن چىقىۋاتقان كۆككۈش ئىس ھالقىلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى ئۆزى تەرەپكە خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئەجدىھادەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئور-دىغا يېقىنراق جايلاشقان مەسچىتلەردىن ئۆيلىرىگە تارقىلىۋاتقان توپ-توپ جامائەت شامەخسۇت ۋاڭنىڭ راۋاقتا تۇرغانلىقىنى كۆ-رۈپ، ھەرقايسىسى ئورۇنلىرىدا يەرگىچە ئېگىلىپ تۇرۇپ قالغان ئىدى. شامەخسۇت ئۇلارغا قارىدى-دە، ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى ھەر بىر توپنىڭ ئىچىدىمۇ بايا چۈشىدە كۆرگەن ھىلىقى قارا ساقاللىق كىشى پالتا تۇتۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. شامەخسۇت: «يائاللا،

بۇ نېمە كارامەت؟ مەن نېمە بولۇۋاتىمەن!» دەپ خىيالغا چۆمدى.

شۇ ئارىدا ئۆرۈمچى يولى تەرەپتىن كېلىۋاتقان زىل قوڭغۇراق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالدى. چاڭ-توزاڭ ئىچىدە ئۇزۇندا تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۈچ كىشى كۆرۈندى. شامەخسۇت راۋاقتىن چۈشۈشكە ئالدىرىدى.

## سەككىزىنچى باپ

# ئۈرۈمچى جاڭجۈڭى قان سورايدۇ

ئايا شاھىم، سىزگە ئېيتار سۆزۈم بار!

— «شاھنامە» دىن

**1**

بۈگۈن تاڭ يورۇش ئالدىدا ھىلقىدەك قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەنىنىڭ ئۈستىگە، ئۈرۈمچى تەرەپتىن مۇنچە ئەتىگەن چاپارمەن كەلگەنلىگى شامەخسۇتنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ بىئارام قىلىۋەتتى. ئۇ، پۈجۈڭ ئاغىچا بىلەن ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ، نانۇشتا قىلدى-دە، ئۆزىنىڭ تۆۋەنكى خاس ھوجرىسىغا چۈشۈپ، كالىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۈستىۋاش يەڭگۈشلىدى: قىزىل مۇنچاقلىق مانجۇچە قالپاق، يان چەكلىرى ئوچۇق ئۆرە ياقىلىق قىزغۇچ تەتىللا تون، ئەجدىھا سۈرىتى كەشتىلەنگەن سېرىق دۇردۇن كالتە چاپان، قىزىل جىيەك تۇتۇلغان كالتە قونجلۇق قېلىن تاپان قارا مەخ-

مەل ئۆتۈك — مانا بۇلار شامەخسۇتنى غەلتە تۈسكە كىرگۈزۈپ قويدى. ئۇ ئادەتتە ئۆزىنىڭ مىللى كىيىملىرىنى كىيسىمۇ، رەسمى قوبۇل ياكى مۇراسىم چاغلىرىدا، مانجۇ خان ئوردىسىنىڭ قائىدىسى بويىچە، ئاشۇنداق ۋاڭلىق سەرپاسىنى كىيىشى شەرت ئىدى.

ئۇ، مانجۇچە كىيىنگەن تۇرشا تۇغبېگى باشلىق تۆت مۇھاپىزەتچىسىنىڭ ھىمايىسىدە ھەلىقى ھوجرىغا تۇتاش ئۇزۇن دەھلىزدىن چۇشۇپ، ئارچا ۋە ئۆرۈك ئوتۇنلىرىنىڭ خۇش پۇراقلىرى بىلەن قاپلانغان كىچىكرەك بىر زالنىڭ تۆر تەرىپىدىكى يان ئىشىگىدىن ئىچكىرى كىردى. قىپ-قىزىل گىلەملەر سېلىنغان زالنىڭ تۆر تەرەپتىكى تېمىغا ئۆرلەپ چىقىۋاتقان كۈن ۋە ھاۋادا ئۇچۇۋاتقان يوغان ئەجدىھا سۈرىتى سىزىلغان، دەل شۇ سۈرەتنىڭ ئالدىدىكى سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئالدى پۇتلىرى ئىككى شىرنىڭ بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر تەخت قويۇلغان، قىزىل دۇخاۋا كۆرپە سېلىنغان تەختنىڭ يۆلەنچۈگىسىمۇ ئەجدىھا سۈرىتى نەقىشلەنگەن ئىدى. شامەخسۇت تەختتە ئولتۇرۇپ بولۇشىغا تۇرشا تۇغبېگى دەرھال بىرىپ ئۇدۇلىدىكى نەقىشلىك قوشقانات ئىشىكنى ئاچتى، ئاپپاق ساقاللىق نوشىرۋان تەيجى بىلەن ئەگىز بويلۇق، كوسا ساقال ئەخمەتشا تۇڭچى (تەرجىمان) ئاستا كىردى-دە، سالام بىلەن تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، قول باغلاپ تۇرۇشتى (ئۇلارمۇ مانجۇچە كىيىنگەن بولۇپ، ئەخمەتشا تۇڭچىنىڭ قولىدا بىر سېرىق لىپاپە تۇراتتى)، ئۇلار شامەخسۇتنىڭ قول ئىشارىتى بىلەن يان تەرەپتىكى ياغاچ كۇرسىغا ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى دۇئاغا كۆتەردى. شامەخسۇت ۋە تۇرشا تۇغبېگى باشلىق مۇھاپىزەتچىلەرمۇ تەڭلا قول كۆتەردى. دۇئادىن كېيىن نوشىرۋان تەيجى بىلەن ئەخمەتشا تۇڭچى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، شامەخسۇتتىن ئىسەنلىك سوراپ:

— چىڭ ۋاڭ غوجام ھەزرەتلىرى ئىسەن قونىدىلامىكىن؟ — دىدى.

— خۇداغا شۈكرى يۇرت ئامان، ئىشلار راۋانمۇ؟ — دېدى شا مەخسۇت.

— خوش، ھەزرەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ دۇئالىرى بەركاتىدا ھەممە ئىشلار جايىدا، — دېدى نوشىرۋان تەيجى، — مۇبارەك خاتىرە شىرىپلىرىگە مەلۇم بولغايكىم، بۈگۈن ئەتىگەن ئۈرۈمچى جاڭجۇڭ يامۇلدىن مۇھىم مەكتۇپ كەلدى. ئىجازەت بولسا، ھەزرەتلىرىگە مەلۇم قىلساق.

— قېنى ئوقۇلسۇن.

نوشىرۋان تەيجى تۇرشا تۇغبېگىسگە قارىدى. تۇغبېگىسىنىڭ ئىشارىتى بىلەن مۇھاپىزەتچىلەر چىقىپ كەتتى. ئەخمەتشا تۆكچى لىپاپىنىڭ ئاغزىنى كىچىك قايچا بىلەن ئېچىپ، يۇڭ قەلەمدە يېزىلىپ، تۆت بۇرجەكلىك قىزىل تامغا بېسىلغان خەنزۇچە خەتنى ئاستا ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ خەت مانجۇ خانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى باش ھەربى - مەمۇرى ئەمەلدارى يۈەن داخۇادىن كەلگەن ئىدى.

بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇم بولدىكى، سۇن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭدىكى تەرەپدارلىرى «گېلاۋخۇي ①» چىلار بىلەن بىرلىشىپ، يېقىندا، يەنى 1911 - يىلى 28 - دېكابىر ئۈرۈمچىدە خانلىققا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەرگەن. بۇ قوزغىلاڭ بېسىقتۇرۇلغان بولسىمۇ، بىر قىسىم كىشىلىرى ئىلى ۋە قۇمۇل تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. ئېچكىرىدە بولسا، بۇ يىل (1912 - يىل) 1 - يانۋار كۈنى 17 ئۆلكىنىڭ ۋەكىللىرى نەنجىڭ دېگەن شەھەرگە توپلىنىپ، «جۇڭخۇا مىنگو» دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىغان ۋە سۇن جۇڭشەننى «ۋاقىتلىق دازۇڭتۇڭ» (بۈيۈك رەئىس جۇمھۇر) قىلىپ سايلىغان. شۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ، سۇن جۇڭشەننىڭ

① گېلاۋخۇي (ئاكا - ئۇكىلار جەمئىيىتى) — مانجۇ خانلىقىغا قارشى بىر خىل دىنىي تەشكىلات بولۇپ، ئاساسەن خاراپ بولغان دىخانلار، ئىشسىز قالغان كاسىپلار، ئەسكەر ۋە سەرگەردانلاردىن تەركىب تاپقان، بۇ تەشكىلات بەزىدە پومىشچىك ۋە ئەمەلدارلار تەرىپىدىنمۇ سۇيىئىستېمال قىلىنىپ كېتەتتى. شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدە بولسا، بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ مۇھىم ئايانچى بولۇپ قالغان.

ئىلىدىكى تەرەپدارلىرى 7-يانۋار كۈنى ئىلىنىڭ گۇرە شەھىرىدە كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، خان لەشكەرلىرىنى گۇرەدىن قوغلاپ چىقارغان ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىلى ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىغان. ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرى، مەسىلەن، خوجىزۇ ئۆلىمالىرىدىن مالىنشياۋ، ئۇيغۇرلاردىن ھېكىم بەگ تەيجى، ھۆسەنبايلار، يەنە بىرمۇنچە موڭغۇل ۋە قازاق چوڭلىرىمۇ ئىلى قوزغىلىڭىغا ماددى ۋە مەنىۋى ياردەملەر بەرگەن. بۇ قوزغىلاڭچىلار ئىلى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، شەرققە، يەنى ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. دىمەك، ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك. ئەگەر بۇ خەتەرنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا، سۇن جۇڭشەن تەرەپدارلىرى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، خانلىق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ، ئۇ ھالدا ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە قۇمۇل ۋاڭلىغىمۇ زاۋال تاپىدۇ. —

«... شۇ ۋەجىدىن، — دېيىلگەن ئىدى خەتنىڭ ئاخىرىدا، — شا مەخسۇت چىنىڭ ۋاڭ جانابلىرى ئۇلۇغ چىنى خاقانىغا بولغان ئەنئەنىۋى ساداقەت ۋە بەكامال ئىتائەت ئىزھارى ھەمدە قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئۇزاق يىللار سەلتەنەت دەۋرانى سۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دەرھال چارە-تەدبىرلەرگە كىرىشىپ، بىرىنچىدىن، يامان ئادەملەرنىڭ قۇمۇل زىمىنىدا توپىلاڭ قىلىشىغا زىنھار يول قويمىغايلا. ئىككىنچىدىن، ئىلىدىكى توپىلاڭچى ئوغرىلارغا جازا يۈرۈشى باشلىشىمىزغا بەتەھقىق ھەمدەم بولۇپ، قۇمۇلدىن بىرنەچچە يۈز ئاتلىق مەرگەن جابدۇپ ئەۋەرتكەيلەر، تاكى ئۇلار خانلىق لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە شىجائەت كۆرسىتىپ، شان-شۆھرەت ۋە مەرتىۋىلىرىنى تېخىمۇ يۇقۇرى قىلغاي...»

خەت ئوقۇلۇپ بولغىچە، شا مەخسۇتنىڭ چىرايى نەچچە خىل بولۇپ كەتتى. گاھ تامدەك تاتىرىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالاتتى؛ گاھ ئاقىرىشقا باشلىغان سېرىق ساقىلىنى سىلاپ، زالنىڭ نەقىشلەنگەن تاملىرىغا قارايتتى، ھېكىم بەگ بىلەن ھۆسەنباينىڭ ئېتى چىققاندا، ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، نوشىرۋان تەيجىگە تىكىلىپ قارىۋالدى. «توپىلاڭ» دىگەن سۆز چىققاندا، چۈشىدە كۆرگەن ھىلىقى قارا

ساقاللىق كىشى ئۆتكۈر پالتىسىنى كۆتىرىپ، ئۇردىغا كىرىپ، كىلىنىۋاتقانداك كۆرۈنۈپ كىتەتتى - دە، يۈرىگى «جىغ» قىلىپ، بەدىنىگە تىترەك ئولىشاتتى.

ھەقىقەتەن، بۇ كۈنلەردە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى جىددىيلەشكەن ئىدى. جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇلۇغ پىشۋالىرىدىن سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ يىتەكچىلىگىدە 1905 - يىلى قۇرۇلغان بۇرژۇئا ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ سىياسى پارتىيىسى — «جۇڭگو ئىنقىلاپچىلىرى ئىتتىپاقى»نىڭ ئەزالىرى 1911 - يىلىدىكى شىڭخەي ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇنلا، شىنجاڭدا مانجۇ خانلىغى ئىستىبداتىغا قارشى بەزى ھەركەتلەرنى باشلىۋەتكەن ئىدى. شۇ ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرنىڭ دەسلەپكى مىۋىسى بولغان ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشى بىلەنلا، نەنجىڭدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە تىلىگىرامما يوللاپ، ئىلى رايونىدا مانجۇ خانلىغى ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بىرىلگەنلىگىنى جاكالىدى ۋە يىۋەن داخۇانى مانجۇ خانلىغىدىن ۋاز كىچىپ، «جۇڭخۇا مىنگو»نى ئىتىراپ قىلىشقا قىستىدى؛ چارپادىشاسىنىڭ ئىلىدىكى كونسۇلخانىسىغىمۇ نوتا تاپشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىغىنى تەلەپ قىلىدى. بىراق، يىۋەن داخۇا بېيجىڭدا جان تالىشىۋاتقان مانجۇ خانلىغىغا ساداقەت بىلدۈرۈپ، ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە قارشى مەيدانىغا چىقتى. بېيجىڭدىكى مانجۇ خانلىغى يىۋەن داخۇاغا ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئوجۇقتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بىرىش بىلەن بىللە چار پادىشاسىدىن ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئىتىراپ قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭدا ئىككى ھاكىمىيەت، يەنى ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇرۇمچىدىكى مانجۇ خانلىغى ھۆكۈمىتى شەكىللىنىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. يىۋەن داخۇا جەنۇپ ۋە شەرقىي شىنجاڭدىن ئەسكەر يۆتكەشكە جىددى كىرىشتى. جۈملىدىن، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربى باشلىق جۇدىچىنغا (خەلق ئۇنى: «جۇدارىن» دەپ ئاتايتتى)

ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن دەرھال ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. بۇ بۇيرۇق شامەخسۇتقا يېزىلغان خەتتىن بىر كۈن بۇرۇن جۇدارىنغا تەككەن ئىدى.

ئەخمەتشا تۇڭچى خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، شامەخسۇتقا قارىدى. شامەخسۇت تەختكە يۆلەپ قويغان ئۆلۈكتەك، رەڭگى ئۆچكەن ھالدا جىم ئولتۇراتتى. زالدا يوغان چۆيۈن مەشنىڭ گۈكۈرىشىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. شۇ ئارىدا مەلۇمچى بەگ كىرىپ، جۇدارىننىڭ كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى...

... جۇدارىن ئەھۋالنىڭ ناھايىتى جىددىي ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قۇمۇلدىن ئەۋەتىلىدىغان مەرگەنلەرنىڭ تېزرەك يولغا چىقىشىنى تەلەپ قىلدى ۋە ئاخىرىدا ئەخمەتشا تۇڭچىغا قاراپ جىددىي قىياپەتتە مۇنداق دېدى:

— چىڭ ۋاڭ ئالىيلىرىغا ئۇشبۇ سۆزلىرىمنى تەكىتلەپ ئېيتىڭكى، ئۇرۇش چىقىمسىز بولمايدۇ، زەمبىرەكنىڭ ھەر بىر تال ئوقى ئۆزى بىلەن تەڭ كۈمۈشكە توختايدۇ. چىڭ ۋاڭ ئالىيلىرى ئۈرۈمچىگە مەرگەنلەردىن تاشقىرى ئۇرۇش خىراجىتى ئۈچۈن پۇل ئەۋەتىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىغاي!

جۇدارىن «يوللۇق» دەپ بېرىلگەن يىڭنىمە سەر ئالتۇننى ئېلىپ، ئۇزىغاندىن كېيىن، شامەخسۇت نوشىرۋان تەيجىگە قاراپ، «ئىشنى نىمىدىن باشلىساق بولۇر؟» دېدى.

— ئەل ئىچىدىن بىرنەچچە يۈز مەرگەن يىغىش ئوڭاي ئىش ئەمەس، — دېدى نوشىرۋان تەيجى، — ھەزرەتلىرىنىڭ رەيىلىرىگە مۇناسىپ كەلسە، ئوردا ئەركانى ۋە يۇرت چوڭلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرسەكمىكىن.

— ئەمىسە، پېشىندىن يېنىپ، ھەممىسى يىغىلغاي! — دېدى شامەخسۇت سەل نارازى قىياپەتتە.

— خوش.

## 2

پېشىندىن كېيىن زالدا يىغىلىش باشلاندى. شا مەخسۇت بايىقى تەخت ئۈستىدە سەۋسەر جۇۋىغا يۆگىنىپ، سەللە بىلەن ئولتۇراتتى. ئوڭ قاناتتىكى ياغاچ كۇرسىلاردا نوشىرۋان تەيجى، هاشىر تەيجى، قىزبەگ غوجا باشلىق ئوردا بەگلىرى، سول قاناتتا نورۇز ئەئلەم، ئۇۋەيس مۇپتى، توختى دورغا باشلىق يۇرت چوڭلىرى بولۇپ، ئون نەچچە كىشى ئولتۇراتتى. مانجۇچە لىباس كىيىپ، بېلىگە شەمشەر ئاسقان توغبېگى شا مەخسۇتنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. قالغان ئوردا بەگلىرىنىڭ هەممىسى مىللىي كىيىم بىلەن ئىدى.

نوشىرۋان تەيجى بايىقى خەتتە ئىزهار قىلىنغان ئەھۋاللارنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈپ، هاردۇق يەتكەن كىشىدەك جىم ئولتۇرۇپ قالدى. شا مەخسۇت:

— ئۇرۇش خىراجىتى خۇسۇسىدا گەپ قىلىنمىدىغۇ! — دېدى رەنجىگەن قىياپەتتە.

— خوش، ئەپۇ قىلسىلا، مەن قۇللىرى بۇ گەپنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى نوشىرۋان تەيجى ئورنىدىن تۇرۇپ. ئاندىن جۇڭدارىيەنىڭ ئۇرۇش خىراجىتى توغرىسىدا تەلەپ قويغانلىغىنى ئېيتىپ ئۆتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن شا مەخسۇت قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، هەممىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاچ، «قېنى، بۇ گەپلەرگە نېمە دەيسىزلەر؟» دېدى.

قېلىن يېشىل موۋۇتتىن تون كىيگەن ئۇۋەيس مۇپتى يوغان سەللىسىنى تۈزىتىپ قويۇپ چىيقىراق ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

— قۇرئان كەرىمدە هەر نىچۇك دۈشمەننى سەل چاغلىماس-

لىق، بەشەرتى لازىم تېپىلغاندا غازات باشلاش خۇسۇسىدا ئايەت-لەر كۆپ. پادىشانىڭ ئەمرى ۋاجىپ. ئەلھال، جاڭجۇڭ جاناپلىرى بىزدىن لەشكەر ۋە خىراج سورىغان ئىكەن، بىز ھىچنەرسىمىزنى ئايىماي، ئىلى كاپىرلىرىغا قارشى غازات باشلاپ، چىڭ گاڭ غوجام ھەزرەتلىرىنىڭ شانۇ-شەۋكەتلىرىنى ئاسمان پەلەك كۆتىرىشىمىز دەركار.

— ئۇرۇمچى جاڭجۇڭى تەرىپىدە تۇرۇپ، ئىلى جاڭجۇڭىغا قارشى تىغ كۆتىرىشنى غازات دىگىلى بولماس، تەقسىر، — دىدى نوشىرۋان تەيجى مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ.

شا مەخسۇت نوشىرۋان تەيجىگە ئالىيىپ قويۇپ، تەتۈر قارىۋالدى.

باياتىن بىرى شامەخسۇتنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇنى دىققەت بىلەن كۈزىتىپ ئولتۇرغان ھاشىر تەيجى مەسىلىنى دەرھال چۈشىنىپ، خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە پاتماي قالدى. ئۇ قىزىبەگلىكتىن كىچىك تەيجى بەگلىك مەنسىۋىگە چىقالمىدىن بۇيان، قانداق قىلىپ نوشىرۋان تەيجىنى يىقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ تەيجى بولۇش كويىدا يۈرەتتى. ئۇنىڭ يېنىدىمۇ ئولتۇرغان پولتاي كۆز ئادەم، يەنى ھىلىقى نىرىنكىرىغا ساناقچى بەگلەر باشلىقى بولۇپ چىققان قىزىبەگ غوجا بولسا، ھاشىر تەيجى بىلەن ھەمنەپەس ئىدى. شۇڭلا، ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا، نوشىرۋان تەيجىنى شامەخسۇتقا چېقىپ، ئۇنىڭغا ئورا كولايتتى. مۇبادا ھاشىر تەيجى چوڭ تەيجى بولۇپ قالسا، قىزىبەگ غوجىنىڭ كىچىك تەيجىلىك مەنسىۋىگە مىنىشى ئېنىق گەپ ئىدى. مانا ئەمدى نوشىرۋان تەيجى شامەخسۇتنىڭ رايىغا باقماي، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويدى. بوي-بەستىنىڭ يوغانلىقى ۋە رەڭگى-رويىنىڭ قارىلىقى بىلەن كۆيۈپ كەتكەن توغراققا ئوخشايدىغان ھاشىر تەيجى بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئورنىدىن دەس قوپتى-دە، شامەخسۇتقا تازىم بىجا كەلتۈرگەچ مۇنداق دىدى:

— مۇپتى ئاخۇنۇمنىڭ ئېيتقانلىرى ھەق گەپ. بىز ئۇچۇن چىڭگاڭ غوجام ئالىلىرىنىڭ شانۇ-شەۋكىتى ھەممىدىن ئەۋزەل. بىز دەرھال يۇرت ئىچىدىن بىرنەچچە يۈز مەرگەن ۋە ئالتۇن، كۈمۈش تويلاپ، ئۇرۇمچى جاڭجۇڭنىڭ ھۇزۇرىغا ماڭدۇرۇشىمىز لازىم.

— ھاشىر تەيجى، — دېدى نوشىرۋان تەيجى ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن، — يۇرتنىڭ ئەھۋالى ئۆزلەرگە مەلۇم. ئۆتكەن يىلى قۇرغاقچىلىق بىلەن ھوسۇل كېمىيىپ كەتتى. ئون ئىككى تاغنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك چارۋا ماللار جۇتقا ئۇچرىدى. قارا كېزىك بىلەن يۇرت ئىچىدە ئۆلۈم-يىتىم كۆپ بولۇۋېتىپتۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، كىچىككىنە قۇمۇلدىن بىرنەچچە يۈز مەرگەن ۋە نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈشنى قانداق يىغقىلى بولسۇن! «تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن، پادىشالىق ئەل بىلەن» دەپتىكەن. چىڭگاڭ غوجامنىڭ شانۇ-شەۋكىتى يۇرتنىڭ تىنچ-ئامانلىقى ۋە ئاۋادانلىقى بىلەن بولمايدۇ، ئەل-يۇرتقا ئېغىرچىلىق سېلىش بىلەن بولغىدەكمۇ! ئۆتكەن ئۇلۇغلار:

«رەئىيەتتىن① ئالما رىئايەت② قولىن،
رىئايەتكە تاپشۇر رەئىيەت يولىن.»

دەپتىكەن. ئەمىر ناۋائىي ھەزرەتلىرى ھۈسەيىن بايقاراغا قىلغان نەسىھەتلىرىنىڭ بىرىدە:

«شاھ تىلەر بولسا شاھلىق قىلماق،
رەئىيەتتىن كېرەكمەس ئايرىلماق.»

دېگەن ئىكەن.

---

① رەئىيەت — پۇقرا، خەلق.
② رىئايەت — رىئايە قىلماق، ھۆرمەت قىلماق.

قىزبىسەك غوجا ئورنىدىن چاچراپ قوپتى-دە، قوللىرىنى پولاڭلىتىپ مۇنداق دېدى:

— ئەمدى ئۆزلە چىلڭگالڭ غوجامغا نەسىھەت قىلغۇدەك بولدىلامۇ؟ چىلڭ گالڭ غوجام ھەزرەتلىرى، ئىنشائاللا، ھېچكىمنىڭ نەسىھىتىگە مۇھتاج ئەمەس.

— سەۋرى قىلسىلا بېگىم، — دېدى ھاشىر تەيجى ئۇنى باسقان بولۇپ، ئاندىن نوشىرۋان تەيجىگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئۆزلە «رەئىيەت - پەئىيەت» دەپ نىمە قىلماقچى؟ ئۇلۇغ بېيجىڭ خان چىلڭگالڭ غوجامغا قۇمۇلنىڭ يېرىنى جاساق، خەلقىنى قۇل قىلىپ بەرگەن، چىلڭگالڭ غوجام نىمە قىلىشىنى خالىسا، شۇنى قىلىدۇ، تولا «رەئىيەت - پەئىيەت» دەۋەرمىسىلە!

نوشىرۋان تەيجى ناھايىتى ئىچىنغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئۆزلە، يەنە بىر «تورپاق يىغىلىغى» بولسۇن دېمەكچىمۇ؟ جاڭجۇڭ يامۇلنىڭ مەرگەن سورىغىنى — قان سورىغىنى؛ خىراج سورىغىنى — جان سورىغىنى. چىلڭگالڭ غوجام يۇرتنىڭ ئاتىسى. پۇقرالار قۇل بولسىمۇ، گۇل بولسىمۇ، چىلڭگالڭ غوجامنىڭ بالىسى، قايسى ئاتا ئۆز بالىلىرىغا مېھرىۋان ئەمەس. شەيخ سەئىدى ھەزرەتلىرى پادىشانى دەرەخكە، خەلقنى يىلتىزغا ئوخشىتىپ، «خەلققە زەرەر يەتكۈزمە، بولمىسا يىلتىزىڭ قۇرۇپ كېتىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك گەپنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بىر چىلڭگالڭ غوجامنىڭ چىنار دەرىخىدەك ئۆزۈن يىللار كۆكلەپ، كۆپچىلىككە سايە، غېرىب-مىسكىنلەرگە ھىمايە بولۇشىنى خالىساق، پۇقرالارغا بىھۇدە زەرەر يەتكۈزمەسلىكىمىز لازىم. پۈتكۈل شىنجاڭنى سوراۋاتقان جاڭجۇڭ جاناپلىرى ئالقانچىلىك كېلىدىغان قۇمۇل دىيارىدىن مەرگەن ۋە پۇل ئالماي تۇرۇپمۇ، ئۆز مۇرادىنى ھاسىل قىلالايدۇ.

نوشىرۋان تەيجى سۆزلەۋاتقاندا، نورۇز ئەئلەم بىرەر پالا-كەتنىڭ يۈز بېرىشىنى ئالدىن سەزگەندەك قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى. ئۇ نوشىرۋان تەيجىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، «تەقسىر، ئۆزلىرىنى ئايىسىلا. بۇلاردا ھەق گەپنى ئاڭلايدىغان قۇلاقمۇ يوق، ئەل-يۇرت-

نىڭ دەردىگە يېتىدىغان يۈرەكمۇ يوق. بۇلارغا نەسىھەت قىلماق قارا تاشنىڭ ئۈستىگە سۇ سەپمەكلىك بولىدۇ» دېمەكچى ئىدى. لېكىن، ئۆزىنى ئاران بېسىپ، جىم ئولتۇرۇۋالدى.

شامەخسۇت نوشىرۋان تەيجىنىڭ ھەق گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، ئاڭلىغۇسى كەلمەي قاپاقلىرىنى سالغان ھالدا، بۇ قېرى تەيجىدىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ تەدبىرى ئۈستىدە خىيال سۈرەتتى. بىراق، نوشىرۋان تەيجىنىڭ ئەڭ كونا ۋە كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن مويسىپىت تەيجى ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ خەلق ئىچىدە يۇقۇرى ئابرويى بارلىقىنى ئەسلەپ، ئۇنى دەرھال جازالاشقا پېتىنالمايتتى. ئاخىر، ئۆزىچە بىر يول تاپتى-دە، مۇنداق دېدى:

— نوشىرۋان تەيجى! سىز كۆپ خىزمەت قىلىپ، ھېرىپ كەتتىڭىز. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ، ھەج تاۋاپ قىلىۋالسام دەپ نەچچە قېتىم ئەرز ئېيتقان ئىدىڭىز. سىزگە رۇخسەت. ھەجگە بېرىشقا جابدۇنۇڭ. سىزنىڭ ۋەزىپىڭىزنى ھاشىر تەيجى ئۆتەپ تۇرغاي!

ئاندىن شامەخسۇت مۇنۇلارنى جاكالىدى:

— ئۇرۇش خىراجى ئۈچۈن ھەر تۈتۈن (ئائىلە)دىن ھال-ئەھۋالىغا قاراپ، ئون سەردىن قىرىق سەرگىچە كۈمۈش پۇل توپلانسۇن؛ ئىككى-ئۈچ ئوغۇللۇق پۇقرالاردىن بىر ئوغۇل ئەسكەرلىككە ئېلىنسۇن؛ يالغۇز ئوغۇللۇق ياكى ئوغلى يوق تۈتۈنلەرنىڭ ھەربىرى يۈز سەر كۈمۈش، ئەللىك سەر قەغەز پۇل چىقىرىپ، باشقا بىر كىشىنى ئەسكەرلىككە ياللاپ بەرسۇن. ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئېگەر-جابدۇقلۇق ئېتى ۋە كىيىم-كېچىگى بىلەن كەلسۇن. پۇل توپلاش ۋە ئەسكەر ئېلىش ئىشىغا ھاشىر تەيجى بىلەن قېزىبەگ غوجا تەيىنلەنسۇن، ئاخۇنۇملار مەسچىت-مەسچىتلەردە جامائەتكە ئەمىر-مەرۇپ قىلسۇن.

شۇنىڭ بىلەن گەپ تۈگىدى.

توختى دورغا ئوردىدىن چىقىشۋېتىپ، يېنىدا كېتىۋاتقان نورۇز ئەئلەمگە پىچىرلىدى:

— نوشىرۋان تەيىجى بەككە ئۇگال بولدى. پۈت يۆگرۆگى ئاشقا، ئېغىز يۆگرۆگى باشقا دىگەن شۇ، «ئەۋلىيادىن پۈتۈكنى تارت، پادىشادىن تىلىگنى» دىگەن ماقالنى ئاڭلىمىغان بولغىمىدى؟

— ھەي دورغام، — دەپ پىچىرلىدى نورۇز ئەئلەم، — نوشىرۋان تەيىجى پادىشا كۆندۆزنى كېچە دىسە، يۇلتۇز چىقىپتۇ دەيدىغان، ساڭقارنى شۇڭقار دىسە، توشقان ئۇۋلاپتۇ دەيدىغان كىشىلەردىن ئەمەس. ئەمدى ھەق گەپنى قىلىمەن دەپ بالاغا قالدى.

## توققۇزىنچى باپ

# قوزغىلاڭ ھارپىسىدا

ئەگەر قىلمىسدى ئەل ھىمايەت ساڭا،
ئۆزۈڭدىن كېرەكتۇر شىكايەت ساڭا.

— ئەلىشىر ناۋايى

**1**

ساغۇچ تولۇن ئاي تۇمانلىق ئاسماننىڭ بىر چېتىدە خۇددى مىس لىگەندەك ئېسىقلىق تۇراتتى. ئەگرى - توقاي، تار كوچىلار بىلەن ئاجرىلىپ تۇرغان مەھەللىلەردىكى پاكار - پاكار ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرىدە چىراق يورۇغى كۆرۈنەتتى. ئاندا - ساندا ئىتلارمۇ قاۋاپ قوياتتى. گايىت پاششاپ نېپىز قار بىلەن قاپلانغان تار كوچىدا ئالدىراش كېتىۋېتىپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقان بىر نىمىگە كۆزى چۈشتى. ئۇ بېلىدىكى قىلىچىنىڭ دەستىسىنى تۇتقان ھالدا، يېقىن كېلىپ قارىدى-دە، ئۇنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى

بايقاپ، «كىمسەن؟» دەپ ۋاقىرىدى. جاۋاپ چىقمىغاچ، ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە ئېگىلىشتى، بۇرنىغا جۇن ھارىغىنىڭ سېسىقى پۇرىدى. «ھوي، كىمسەن؟» دېدى پاششاپ پۇتى بىلەن تۈرتۈپ. بىراق شۇ ھامان ئۇنى تونۇپ قالدى. باش - كۆزى يېرىق، پوتىسى چۇۋۇق ياتقان بۇ ئادەم ھېلىقى ياقۇپ ياساۋۇل ئىدى. بۈگۈن ئەتىگەندىن بۇيان، قىزبەگ غوجىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن گايىت پاششاپ ياساۋۇللارغا ئىش بۇيرۇپ يۈرەتتى. ياقۇپ ياساۋۇلنى بولسا، ھېچيەردىن تاپالماي، ناھايىتى خاپا ئىدى. شۇڭا: «ھەي خوتۇنتالاق، سېنى قوتۇر ئىتتەك يۇندا يالاپ يۈرەمدىكىن دېسەم، ئۆلگىدەك ئىچىپ، يەنە بىرسى بىلەن مۇشتلىشىپ يۈرۈپسەن-دە، قوپە ئورنىڭدىن!» دېدى پاششاپ ئۇنى ئاچچىق بىلەن تېپىپ. ياقۇپ ياساۋۇلدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. «ئۆلگەنمۇ نېمە!» دەپ چۆچۈپ كەتتى پاششاپ.

ۋەقە مۇنداق ئىدى: يېرىم سائەت ئىلگىرى مۇشۇ كوچىنىڭ دوقمۇشىدا سۇمباتلىق ئىككى يىگىت كىمنىدۇ كۈتۈپ تۇرغاندەك پات - پات يولغا قارىشىپ قوياتتى. شۇ ئارىدا ياقۇپ ياساۋۇل قانداقتۇ بىر ناخشىنى دىمىغىدا ئېيتىپ، دەلدەڭشىگەن پېتى ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالدى. ھېلىقى يىگىتلەر ئۇقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، ھايت - ھۇيت دېگىچە، بازغاندەك مۇشتلىرى بىلەن ئۇنى شۇ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى-دە، مۈرىسىگە ئېسىۋالغان قىلىچى بىلەن پوتىسىدىكى پىچىقىنى ئېلىپ، كۆزدىن غايىپ بولغان ئىدى...

پاششاپ ئالاقزادە بولۇپ ئەتراپقا قارىدى. ئون قەدەمچە نېرىدا ئىشىكى كوچىغا قارىغان بىر ئۆينىڭ چىرىغى يېنىپ تۇراتتى. پاششاپ ئۆي ئىگىلىرىنى چاقىرىپ چىقىپ، ياساۋۇلنى ئۆيگە ئەپكىرىشكە بۇيرۇدى ۋە ئۆزى ئۇنى سىلكىشتۈرۈپ ھوشىغا كەلتۈرگەچ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. ياساۋۇل ئىككى كىشىنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ ئۇرۇپ تاشلىغانلىقىدىن باشقا ھېچنېمە

دەپ بىرەلمىدى.

— ھېچقايسىسىنى تونۇمامسەن؟

— ياق، تونۇمايمەن.

— بىرەر نەرسەڭنى ئالدىمۇ؟

شۇ چاغدا ياساۋۇل بىلىنى سىلاپ، «قىلىچىمنى ئېلىپ كېتىپتۇ» دېدى. يېپچاقنىڭمۇ يوقالغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، بۇنى ئېيتمىدى. چۈنكى بۇ ئەسلىدە قازاق يىگىتى جۇماتايدىن ئايقىزغا قالغان يېپچاق بولۇپ، ئۇنى ھېلىقى كۈنى، نىياز دورغىنىڭ ھويلىسىدىكى قانلىق ۋەقەدە ئالتوپىلاڭدىن پايدىلىنىپ، ئامانقۇلنىڭ پوتىسىدىن يېشىۋالغان ۋە باشقىلاردىن قىزغىنىپ، ھېچكىمگە ئېيتمىغان ئىدى.

— يالغۇز قىلىچىنىلا ئالىدىغان قانداق بۇلاڭچىلار ئىكەن ئۇ؟ ئوبدانراق قارا، يەنە نېمەڭ يوق؟

ياساۋۇل پوتىسىنى يېشىپ قاراشتۇردى. خوتۇنىدىن يوشۇرۇپ، ھاراق ئۈچۈن ساقلاپ يۈرگەن ئىككى سەر قەغەز پۇلىمۇ قويۇن يانچۇقىدا ئامان تۇراتتى.

— قىلىچتىن باشقا ھېچنېمەمگە تەگمەپتۇ، — دېدى ياساۋۇل.

— كېيىم-كېچەك بىلەن پۇلغا تەگمەي، پەقەت قىلىچىنىلا ئالىدىغان قانداق بۇلاڭچى ئۇ؟ ئۇلارغا قىلىچنىڭ نېمە كېرىكى؟ — دېدى پاششاپ ھەيران قېلىپ، ئاندىن «بۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇڭلار!» دەپ ئۆي ئىگىلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ قويۇپ، ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

## 2

گايىت پاششاپ ھاشىر تەيجىنىڭ كۆنەمە قىلىپ سېلىنغان ھەيۋەتلىك ئوردىسى ئالدىدا توختىدى. يالىڭاچلىنىپ قالغان ئىگىز چىنار دەرىخىنىڭ تۈۋىدە جۇۋىسىنىڭ ئۈستىدىن دۇشالقىلىق مىل-

تىق ئىسسىقلىقتا ئۇسسۇغان بىر كىشى ئىككى ئاتنى تۇتۇپ، دۇغدىيىپ تۇراتتى.
پاششاپ ھاسىراپ تۇرغان ئاتلارغا بىر قاراپلا، يىراقتىن كەلگەنلىكىنى بايقىدى. شۇ ئارىدا دەرۋازىدىكى قاراۋۇللار «كىم سەن؟»
دەپ ۋاقىرىدى. پاششاپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، ئىچكىرى كىردى.

ھاشىر تەيجى بىلەن قىزبەگ غوجا چوڭ كىرسىن لامپا
بىلەن يورۇتۇلغان ئازادە مېھمانخانىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرۇپ، بىر كىشىدىن گەپ سوراۋاتاتتى. سول قولىنى ئاق ماتا بىلەن بويىنىغا ئېسىۋالغان دوغىلاق بىر ئادەم پەگادا ئولتۇرۇپ سوئاللارغا جاۋاپ بېرىۋاتاتتى. گايىت پاششاپ ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا، ئۇ ئادەمنى
تونۇدى. بۇ، ئۇرۇمچى جاڭجۈنىنىڭ ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇشىغا ياردەم ئۈچۈن شامەخسۇت تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئىككى يۈز ئاتلىق مەرگەنگە باش بولۇپ بارغان
روزىمەت بەگ دېگەن كىشى ئىدى. پاششاپ ئۇنىڭ تېخى بىرئىككى سائەت بۇرۇن قۇمۇلغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاچقا، ئۇنى ئۆز
ئۆيىدە دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمدى بولسا، ئۆيىگە بارماي، توپتوغرا تەيجىنىڭ ئوردىسىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنىڭ جىددى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى-دە، قول باغلىغان پېتى بىر چەتتە
ئۈن-تىنسىز تۇرىۋەردى.

ھاشىر تەيجىلەر بىلەن روزىمەت بەگنىڭ ئارىسىدا بولۇۋاتقان سوئال-جاۋاپلاردىن مەلۇم بولدىكى، ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى
ئۇرۇمچى جاڭجۈنىنىڭ خانلىق لەشكەرلىرىنى سۈرۈپ-توقاي قىلىپ، جىڭ ناھىيىسىنىڭ كۆن چىقىش تەرىپىدىكى قومبۇلاق دېگەن
يەرگە ئەپكېلىپ قويۇپتۇ. ھازىر شۇ يەردە قاتتىق ئۇرۇش بولۇۋاتقىدەك. قۇمۇلدىن بارغان مەرگەنلەر دەسلەپكى كۈنلەردە خېلى ئوبدان ئۇرۇشقان بولسىمۇ، خان لەشكەرلىرى ھەدىسىلا قۇمۇللۇقلارنى
ئالدىغا چىقىرىپ قويغانلىقتىن، بىر ھەپتە ئىچىدە ئەللىك بەش
مەرگەن ئۆلۈپ، ئوتتۇز سەككىز كىشى يارىدار بوپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلارنىڭ روھى چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىلى

قوزغىلاڭچىلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرچە سۆز بىلىدىغان تۇڭگانلارمۇ كۆپ ئىكەن. ئۇلار ھەدىسىلا، «ھەي قۇمۇللۇق قېرىنداشلار، سىلەر كىم ئۈچۈن سوقۇشۇۋاتىسىلەر؟ بېيجىڭدىكى مانجۇ خان تەختىتىن چۈشتى. ئەمدى شامەخسۇت ۋاڭدىن قورقماڭلار» دەپ، كاناي ئارقىلىق ۋاقىرايدىكەن. شۇڭا مەرگەنلەر روزىمەت بەككىمۇ بوي سۇنماي، قېچىشقا باشلاپتۇ.

— شۇنداق قىلىپ، قانچە كىشى بىلەن يېنىپ كەلدىڭ؟ — دىدى ھاشىر تەيجى قاپىغىنى سىلىپ.

— سالامەت كەلگىنىمىز ئۆزەم بىلەن سەكسەن يەتتە. ئېغىر ياردارلارنى ئۆتەڭلەردە تاشلاپ كەلدۇق، — دىدى روزىمەت بەگ.

— سەن بىلەن كەلگەنلەر ھازىر نەدىدۇ؟ — دىدى قىزىبەگ غوجا.

— ھەممىسى ئۆيلىرىگە تاراپ كەتكەن.

— نىمىشقا بىر يەرگە يىغىپ تۇرمىدىڭ؟

— قۇمۇلغا كىرىش بىلەنلا ئۇركۈپ كەتكەن يىلقىدەك تۇتۇق بەرمەي قويىدى. ۋاقىراپ، ئۇرۇپ باقتىم، نەدىكىنى...

— بەس! — دەپ كايىشقا باشلىدى ھاشىر تەيجى، — خوتۇن خەقنىڭ نالىسى تولا، ئىش ئۇقماسنىڭ بانىسى، دەپ، تولا كوتولداۋەرمە، لەشكەر بېشى ئەمەس، بىر پارچە پوق ئىكەنسەن. ئۇ بىر نىمىلىرىڭ ئۆي-ئۆيگە تاراپ كەتكەن بولسا، بايىقى گەپلەر ئەتىگىچە پۈتكۈل قۇمۇلغا بىر كېلىدۇ. ئەمدى ئەسكەر ئېلىش تېخىمۇ تەسلىشىپ كەتمەمدۇ؟ ساڭا ئوخشاش نان قېپىلارنى دارغا ئېسىش كېرەك.

— ئىلتىپاتلىرى بېگىم.

— سەنمۇ بىر نان قېپى، — دىدى تەيجى گايىت پاششاپقا كايىپ، — ئۆزەڭ پاششاپ بېگى تۇرۇپ، يۇرتتا شۇنچە ئەنسىزچىلىك بولۇۋاتسا، غېمىڭدا يوق يۈرىسەن. دورلۇقىنىڭ① يېنىدا،

① دورلۇق (دورىلىق) — ئوق-دورا ئىسكىلاتى. ئۇ چاغلاردا قۇمۇل كونا شەھەر بىلەن «خۇيچەڭ» (مۇسۇلمان شەھىرى) ئوتتۇرىسىدا جايلاشقان بىر كىچىك قورغان بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ قورال-ياراقلىرى شۇ يەردە ساقلىناتتى.

بۇلاڭچىلار ئىككى چېرىكنى بوغۇزلىۋېتىپ، مىلتىقىنى ئېلىپ قاچقانلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ ھېلىقى گېلاۋخۇي دىگەنلەرنىڭ بارىكۆل ئامبىلىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغىنىنى بىلەمسەن؟ تۈنۈگۈن كېچە قۇمۇل ئامبىلىغىمۇ قەست قىپتۇ، ھۇشۇڭلارنى يىغىپ يۈرۈڭلار. دەرھال ئادەملىرىڭنى كۆپەيت، كېچىلىرى كوچا چارلاشنى قويۇقلاشتۇرۇڭلار، ئاڭلىدىڭمۇ؟

— خو... ش...، — دىدى پاشىشاپ، ئاندىن «بابا...» دىدىيۇ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، توختاپ قالدى.

— ھە، نىمە «بابا؟» — دىدى تەيجى.

شۇنىڭدىن كېيىن، گايىت پاشىشاپ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، ياقۇپ ياساۋۇلنىڭ ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى.

— مانا دىمىدىممۇ! ھۆكۈمەت كىشىلىرىنى ئۆلتۈرىدىغان، قورال-ياراق بۇلايدىغان ئىشلارنىڭ پەيدا بولۇشى كىچىك ئىش ئەمەس. بارىكۆل ئامبىلىنىمۇ گېلاۋخۇي ئۆلتۈرۈپتۇ. چېرىكلەر بىلەن ياساۋۇلنىڭ قورالىنى بۇلىغانلار كىم؟ ھېلىقى تۆمۈر مۇجاڭنىڭ ئادەملىرى بولمىسۇن يەنە! سەن نان قېپىدلار ھېلىغىچە تۆمۈرنىڭ ئۆزىنى تۇتماق بۇياقتا تۇرسۇن، رەڭگى-رويىنىمۇ بىلەلمەي يۈرىسىلەر. ئۇ ھەر قانچە بولۇپ كەتسە، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان شاياتۇن ئەمەستۇ؟!

3

ئەتىسى چاشكا ۋاقتى بىلەن توپ-توپ كىشىلەر روزىمەت بەگنىڭ ئۆيى تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى ئاپپاق ساقاللىق بوۋايلار، مۈكچىيىپ قالغان مومايلار، بالا كۆتەرگەن ئاياللار ۋە ئۇششاق ئوغۇل-قىزلار بولۇپ، ھەممىسى دىگۈدەك بېلىگە ئاق باغلىغان، ئاياللار بېشىغا ئاق سېلىۋالغان ئىدى.

چۈش ۋاقتىغا قالماي، روزىمەت بەگنىڭ كونا سېپىل تۈۋىدىكى ھويلىسى نەچچە يۈزلىگەن كىشىنىڭ قورشاۋىدا قالدى. ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى بىلەن، يالىڭاچلىنىپ قالغان تال - سۆگەتلەرنىمۇ، ئادەملەر توپى خۇددى قارا قاغىدەك قاپلاپ كەتكەن ئىدى. «ۋاي بالام»، «ۋاي دادام»، «ۋاي قېرىندىشىم» دېگەن يىغا ئاۋازلىرىغا ئۇششاق نارەسىدىلەرنىڭ قىيا - چىيالىرى قوشۇلۇپ، يەر - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى. گايى ئاياللار ياقىلىرىنى يىرتىپ، چاچلىرىنى يۇلاتتى. گايى كىشىلەر ھوشىدىن كەتكەن مومايلارنى يۆلەشتۈرۈپ، تام تۈۋىلىرىگە ئولتۇرغۇزاتتى. چاچلىرى ئاقىرىپ، چىشلىرى سارغىيىپ كەتكەن بىر موماي ھاسا تاياققا تايىنىپ، قوشاق قېتىپ يىغلايتتى:

جان بالام، جېنىم بالام،
چۆللەردە جان بەرگەن بالام.
ئون گۈلىڭنىڭ بىرسىنىمۇ،
ئېچەلمەي سولغان بالام.

يىگىرمىگە توشماي يېشىڭ،
نەلەردە قالغاندۇ بېشىڭ.
يىغلاپ قالدى قېرىندىشىڭ،
ئارماندا قالدۇققۇ بالام.

تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ،
زەپىرانىدەك سارغىيىپ.
يۈرەك - باغرىم ئېزىلىپ،
ھەسرەتتە قالدىمغۇ بالام.

شۇ ئارىدا گايىت پاششاپ بىر بېشى قىزىل، بىر بېشى

قارا بويالغان پالاقلارنى كۆتەرگەن سەككىز - ئون نەۋكەر بىلەن
كېلىپ، خالايىقنى ھەيۋە بىلەن تارقىتىۋەتمەكچى بولدى. بىراق،
غەزەپلەنگەن خالايىق ئۇلارنىڭ پالاقلىرىنى تارتىۋېلىپ، پارچە -
پارچە قىلىۋەتتى. نەۋكەرلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ قېچىشتى. كىمدۇ
بىرسى «نېمە قاراپ تۇرىسىلەر؟» دېدى - دە، مۇرىسى بىلەن دەر-
ۋازىنى ئىتتىرىشكە باشلىدى. بىر توپ ئادەم ئۇنىڭغا قوشۇلدى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن، شامەخسۇت بىلەن ھاشىر تەيجى ئور-
دا راۋىقىنىڭ ئۈستىدە بۇ ئەھۋالنى بىر كۆزلۈك ئۇزۇنچاق
دۇربۇن بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. ئەھۋال شۇ يەرگە يەتكەندە،
شامەخسۇتنىڭ كۆزىگە بۇندىن بەش يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن
«تورپاق يېغىلىقى» كۆرۈنۈپ كەتتى ۋە ھىلىقى كۆنى نوشىرۋان
تەيجىنىڭ «يەنە بىر توپراق يېغىلىقى بولسۇن دېمەكچىمۇ سىلەر؟»
دېگەن گېپى قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە جاراڭلاپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

— بولمىدى، — دېدى شامەخسۇت ھاشىر تەيجىگە، — چاق-
قان ئادەم ئەۋەتىڭ. ئۇۋەيس ئەئلەم ① بىلەن ئاخۇنۇملار دەر-
ھال كېلىپ، ۋەز - نەسىھەت قىلسۇن. ئۆلگەنلەرگە ئاتاپ، مەسچىت
مەسچىتلەردە نەزىر قىلىشقا ئوردىدىن ئەللىك قوي، بەش كالا ۋە
ئون - گۈرۈچ بېرىمىز دېسۇن. بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىسا، پالگانلارغا
بۇيرۇق بېرىڭ، ئوق چىقارسۇن.

ئۇۋەيس ئەئلەم قارا خېچىرغا مىنىپ، تالىپلىرىنى ئەگەشتۈ-
رۈپ كەلگەندە، خەلق توپى ئاللىقاچان روزىمەت بەگنى ئۆيىدىن
سۆرەپ چىقىپ، ئارىغا ئېلىۋالغان ئىدى. سول قولىنى ئېسىۋالغان
روزىمەت بەگ مۇشۇكنىڭ ئالدىدىكى چاشقاندەك دىرىلدەپ تۇرات-
تى. تەرەپ - تەرەپتىن چىقىۋاتقان غەزەپ نىدالىرى گۈلدۈرماما-
دەك دەھشەتلىك گۈرۈلدەيتتى.

— ھەي قانخور، بالامنى بەر!

---

① بۇ كۈنلەردە ھاشىر تەيجى نورۇز ئەئلەمنى ئەئلەملىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ،
ئۇۋەيس مۇپتىنى ئۇنىڭ ئورنىغا ئەئلەم قىلىپ ئۆستۈرگەن ئىدى.

— دادامنى بەر!

— ئاكامنى بەر!

— تويمىغان بولساڭ ھەممىمىزنى ئۆلتۈرۈپ يە!

ئۇۋەيس ئەئلەم خېچىردىن چۈشمەي تۇرۇپلا، ئىنچىكە ۋە چىقىراق ئاۋازى بىلەن خەلققە خىتاب قىلدى:

— ھاي، مۇسۇلمانلار! مەن يۇرتىنىڭ ئاتىسى چىڭگاڭ غوجام ھەزرەتلىرىنىڭ ۋاكالەتلىرى بىلەن سىزلەردىن ئەھۋال سوراپ كەلدىم. بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئاللا تائالانىڭ ھۆكمى ھەممىدىن ئەلا. ھەر ئىش بولسا، ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. ماڭا قۇلاق سېلىڭلار!

ئادەتتە، ئۇۋەيس ئەئلەمنىڭ ئۆزى تۆگۈل، سايىسىنى كۆرسىمۇ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئىززەت - ئېھتىرام بىلدۈرىدىغان خەلق بۈگۈن ئۇنى بار - يوقنىڭ ئورنىدا ھىساپلاپ، قىلچە پەرۋا قىلمىدى. ئۇۋەيس ئەئلەم ئاللانىڭ تەقدىرىگە بوي سۇنۇپ، سەۋرى قىلىش توغرىسىدا يەنە بىر نىمىلەر دەۋەرگەندىن كېيىن، بىر ئاقساقال بوۋاي قارا خېچىرنىڭ تىزگىنىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دىدى: «خۇدا ماڭا يەتتە ئوغۇل بەرگەن. تۇرۇپ قالغىنى ئىككى ئىدى. كىچىكى كېزىك بىلەن ئاغرىپ ياتقاندا، روزىمەت كېلىپ، ۋاڭ غوجامنىڭ يارلىغى دەپ، چوڭىنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتتى. ئاردىن ئون كۈن ئۆتۈپ، كىچىك ئوغلۇم قازا تاپتى. ۋاڭ غوجامنىڭ يارلىغى بىلەن روزىمەت ھەيدەپ كەتكەن بالامنىڭ ئۆلۈگىمۇ يوق - تىرىگىمۇ. سىلەر بالامنى تۇتۇپ بەرمىسەڭلار، سوقۇشتا ئۆلەمتى؟ سېنىڭ بالاڭ سوقۇشقا بارسۇن دىگەن بۇيرۇقنى خۇدايىم بەرمىگەنمىدۇ؟ شامەخسۇت ۋاڭغا خەقنىڭ باللىرىنى ئۇرۇشقا ئەۋەت دەپ خۇدايىم بۇيرۇق قىپتىكەنمۇ؟»

— توغرا، توغرا! توغرا ئېيتىدۇ، — دەپ تەستىقلىدى كۆپچىلىك.

ئۇۋەيس ئەئلەم يەنە بىر نىمىلەر دەپ ۋاقىراپ باقتى، خالايىق ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىش ئورنىغا قارا خېچىرنى ئۇرۇپ

يۇرۇپ، ئاردىن ھەيدەپ چىقاردى. شۇ ئاردا، ۋاگوننىڭ قوراللىق نەۋكەرلىرى سېپىل ئۈستىدە پەيدا بولدى - دە، مىلتىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ، ئاسماننى ئىس - تۈتەك قاپلاپ كەتتى. خەلق توپى قېچىشقا باشلىدى. يىقىلىپ، دەسسىلىپ ياتقان ئۇششاق باللار بىلەن ئاجىز - ئورۇق موماي‌لارنىڭ قىيا - چىيا ۋە دات - پەرياتلىرى پەلەككە يەتتى.

راۋاق ئۈستىدە تاماشا كۆرۈپ تۇرغان شامەخسۇت ھاشىر تەيجىگە مۇنداق دېدى:

— ئىت سەمرىسە ئىگىسىنى چىشلەيدۇ، قۇل سەمرىسە غوجىسىغا ياندۇ دەپ، بۇ تېجىمەللەر بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. مېنىڭ بەگ - سىپاھلىرىم قاۋۇل ئەرلەردىن بولغان بولسا، پۇقرالىرىم مۇنچىلىكمۇ بولۇپ كەتمەس ئىدى. سىز ھاشىر تەيجى زادى بۇ يۇرتنى تۇتالامسىز - يوقمۇ؟ بولمىسا ...

ھاشىر تەيجى يوغان گەۋدىسى بىلەن يەرگىچە ئېگىلىپ تازىم بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئەتراپقا قارىۋېلىپ، پەس ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— ئالىي كەرەملىرىنىڭ دۆلەتلىرى سايىسىدە، بىز قۇللىرى كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ، يۇرتنىڭ تېچلىقى ئۈچۈن بىر پۇتىمىزنى ئون قىلىپ، يۈگۈرۈپ يۈرۈپتىمىز. ئەمما لېكىن، بىز تۈزگەننى بۇزۇپ تۇرىدىغان كىشىلەرمۇ بار ئىكەن. مەسىلەن، يەنى مەسىلەن ...

— ھە، نېمىشقا توختاپ قالىسىز؟ گەپنى باشلىغاندىكىن، ئايىغىنىمۇ ئېيتقۇلۇق.

— خو... ش — يەنى مەسىلەن، — دەپ داۋام قىلدى تەيجى يەنە ئەتراپقا قارىۋېلىپ، — سۇ ئۇخلىسا ئۇخلار، دۈشمەن ئۇخلىماس دېگەندەك، نوشىرۋان تەيجىلىكتىن چۈشكەن بىلەن ...

— ھە، نېمە، ئېيتىۋېرىڭ؟

— تەيجىلگەنىن چۈشكەن بىلەن ئۆچمەنلىگىدىن كەچمەي، ئاغزىم باردەپ ھەرنىمىلەرنى دىگىدەك. چىڭ گاڭ غوجام بىر جاڭ-جۇڭ ئۈچۈن قومۇللۇقنى قىرىپ تۈگىتىدىغان بولدى. خۇدايىم ئىن-ساۋدنى بەرسۇن، دەپتۇدەك. ھىلىقى نوروز ئەئلەمۇ ئۇنىڭغا دوست تارتىشىپ يۈرگىدەك. يۇرتنىڭ ئابروييلۇق كىشىلىرى شۇنداق گەپ-لەرنى قىلىپ بەرسە، پۇقرالار نىمە بولماقچى. بۇ گەپلەرنى ھەز-رەتلىرىنىڭ خاتىرە شىرىپلىرىگە سىلىپ قويايي دىۋىدىم. يەنە ھاك-چى ئۈنچىسىنى كۆرەلمەپتۇ بولۇپ، بىرەر بەدگۇمانلىق تۇغۇلۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغان ئىدىم.

— بۇ گەپلەر راستمۇ؟

— ئۆردىنىڭ كۆز-قۇلاقلىرى بىكار نان يىمەيدۇ. قوغلا-قوغلا گەپ چىقۇر، گولا-گولا سۇ چىقۇر دەپ، ئېيتىۋەرسەم گەپ تولا.

— نوشىرۋان تەيجىنىڭ ھەج سەپىرىگە تەييارلىغىنى پۈت-مەپتىمۇ؟

— غىمىدىمۇ يوق يۈرگىدەك.

شامەخسۇت خىيالغا چۆمدى. بىر دەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن، «ئۆزىڭىز بىر نىمە قىلىڭ» دەپ ھاشىر تەيجىگە مەنىلىك قاراپ قويدى.

## ئونىنچى باپ

# ئون بالاغا بىر داۋا

جەننەت قىلىچلىرىڭىزنىڭ سايىسىدە،
مەن قىلىچنىڭ پەيغەمبىرى.

—«ھەدىس» تىن

كىمكى قىلىچنىڭ قارا دەستىسىنى
تۇتۇشنى خالىمىسا، ئۇنىڭ ئۆتكۈر
تىغىغا دۇچ كېلىدۇ.

— ۋ.گ. يان

I

ۋەدىگە بىنائەن، شا مەخسۇت ۋاڭ ئۈرۈمچى جاڭجۇڭىغا بەش يۈز ئاتلىق مەرگەن بېرىشى لازىم ئىدى. روزىمەت بەگ باشچىلىغىدا ئەۋەتكەن بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئىككى يۈز مەرگەننىڭ تەقدى-

رى ئەنە شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى. ئەمدى قانداق-لا بولمىسۇن، ۋەدىگە ئەمەل قىلىپ، قالغان ئۈچ يۈز مەرگەننىمۇ ئەۋەتىپ بېرىشى لازىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۈرۈمچى جاڭجۇڭى ھەدەپ خەت- تېلېگرامما ئەۋەتىپ، شا مەخسۇتنى قىستاۋاتاتتى. ئىلى قوزغىلاڭ- چىلىرى خان لەشكەرلىرىنى شىخودىنمۇ قوغلاپ چىقىرىپ، ماناس تەرەپكە سىلجىشقا باشلىغاندا، ئۈرۈمچى جاڭجۇڭىنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ قالدى- دە، شا مەخسۇتقا «پۈتۈن ئۈمىت سىزدە قالدى، بۇ ئۇرۇشتا ئۇتۇپ چىقىشىڭىزغا تولۇق ياردەم بېرىمىز، سىزنى مۇئاۋىن قىلىپ، پۈتكۈل شىنجاڭنى ئىككىمىز تەڭ سورايمىز» دېگەن مەزمۇندا جىددىي تېلې- گرامما ئەۋەتكەن ئىدى.

بىراق، روزىمەت بەگ باشلاپ بارغان مەرگەنلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆلۈپ، بايىقى ۋەقە كېلىپ چىققاندىن كېيىن، شا مەخسۇت- نىڭ ئەسكەر ئېلىش ئىشى تېخىمۇ تەسلىشىپ كەتتى. تۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئوغۇللىرىنى تۈرلۈك بانىلار بىلەن قاچۇرۇۋېتىپ، «قانداق قىلىمىز، جان دېگەن تاتلىق نىمە ئىكەن. بالىلار تۇتۇق بەرمەي، قېچىپ كەتتى» دەپ دولىسىنى چىقىرىپ تۇرىۋەردى. بەگلەر تاياق- توقماققا زورلاپمۇ ئىش چىقىرالمايدىغان بولۇپ قالدى. بەزى كىشىلەر «بالامنى تېپىپ كېلەي» دەپ ئۆزىمۇ قېچىپ كەتتى. بەزى ياشانغان كىشىلەر «ئەمدى ئىلاجىم قالمىدى. بالامنىڭ ئورنىغا ئۆزەم باراي» دەپ ئوردىغا كېلىۋالدى. ئۇلار ئەسكەرلىككە ئەل- ۋەتتە يارىمايتتى. بەزىلەر بولسا، بار- يوقىنى سېتىشتۇرۇپ، بەلگى- لەنگەن مىقداردىن ئىككى- ئۈچ ھەسسە ئوشۇق كۈمۈش تۆلەپ قۇ- تۇلۇشقا تىرىشاتتى. ھاشىر تەيجى بىلەن قېزىبەگ غوجا شامەخ- سۇتنىڭ ئوغۇرلۇقچە قاماقتىكى «گۇناكار»لارنى سېتىشقا باشلىدى. شۇ قاتاردا ئامانقۇل بىلەن بىللە نىيرىنكىردىن تۇتۇپ كېلىنگەن سوپى تىكە ۋە قاسىم قىزىق دېگەن يىگىتنى قاماقتىن چىقىرىپ، ئۈچەيلەننى يۈز سەردىن ئۈچ يۈز سەر كۈمۈشكە ساتتى. شۇ كۈن-

دىن باشلاپ، ئامانقۇلمۇ يېڭى ئەسكەرلەر قاتارىغا ئۆتتى.

شۇنداق قىلىپ، قۇمۇل شەھەر ئىچى، ئەتراپ يېزىلار ۋە «بەش شار» دەپ ئاتىلىدىغان رايوندىن بولۇپ، مىڭ تەسلىكتە بىر يۈز يىگىرمىچە ئەسكەر توپلاندى. شامەخسۇت قالغان سانىنى توشقۇزالماي، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگىدەك بولۇپ، كېچىلىرىمۇ ئۇخلىيالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى.

شۇنداق پەيتتە، تاغ تەرەپتىن «خۇش خەۋەر» كېلىپ قالدى: «تاغ خەلقى بىر يۈز سەكسەن ئاتلىق مەرگەن يىغىپ، چىڭگاڭ غوجامنىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتىپتۇدەك، ئۇلارنى نىياز دورغا باشلاپ كەلگىدەك» (بۇ، راست ئىش ئىدى). شا مەخسۇت بۇ «خۇش خەۋەر» نى ئاڭلاپ، خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلغىغا يەتتى- دە، تاغ مەرگەنلىرى كەلگەن ھامان بۇ يەردىكىلەر قوشۇلۇپ، دەرھال ئۈرۈمچىگە ماڭسۇن، ھاجەر باقى بەگ لەشكەر بېشى بولۇپ بارسۇن دېگەن مەزمۇندا يارلىق چۈشۈردى.

ھەقىقەتتە بولسا، تاغدىن مەرگەن توپلاپ ئەۋەتىش تۆمۈر خەلپىنىڭ ئويۇنى ئىدى.

ئەسلىدە، شامەخسۇت ئەسكەر ئېلىشقا كىرىشكەندىن تارتىپ، تاغ خەلقى قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ كەلگەن ئىدى. «قان تەرىمىزنى شوراپ، تېرىمىزنى شىلىپ، خالىسا ئېتىپ، خالىسا چېپىپ، شۇنچە ئانى ئەتكىنى يەتمىگەندەك، ئەمدى بىزنى ياقا يۇرتلارغا ئاپىرىپ، تۈركۈم- تۈركۈملەپ ئوققا تۇتۇپ بەرگىدەكمۇ؟ شامەخسۇتنىڭ قىلمىغىنى شۇ قاپتىمۇ» دېگەن گەپلەر ھەممىلا يەردە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دورغىلارنىڭ تاياق- توقماقلىرىمۇ ئۆتمەس بولۇپ، خەلق جېنىدىن تويۇپ يۈرەتتى. بۈگۈن ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان كىشى ئەتىسى قېچىپ كېتەتتى-دە، تاغ جىرالارغا، قېلىن قارىغايزارلىقلارغا يوشۇرۇناتتى. شۇڭا بىرىنچى تۈركۈمدە تاغدىن ئازلا كىشى كەلتۈرۈلگەن ئىدى.

تۆمۈر خەلپە ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئاڭلاش

بىلەن قوشۇل خەلقنىڭمۇ ياخشى كۈنلىرى يېقىنلاشتى دەپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۆز سەپداشلىرى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتىرىش پەيتىنى كۈتۈپ يۈرەتتى. شامەخسۇت ئەسكەر ئېلىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، تۆمۈر خەلىپە: «بۇ ياخشى پۇرسەت. ئوتنى چۇقچىلاشقىمۇ كۆسەي كېرەك. پاشا، چىۋىننى قورۇشقىمۇ قورىغۇچ كېرەك، قۇرۇق قول بىلەن ھېچنېمە قىلغىلى بولمايدۇ. يىگىتلىرىمىز ئەسكەر بولىدۇق دەپ شامەخسۇتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئاۋال قورالغا ئىگە بولۇۋالسۇن. قورالغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ. ‹تورپاق يېغىلىغى› دىن قالغان قانلىق ساۋاق شۇ» دېگەن پىكىرگە كەلدى ۋە بۇ ئوي-پىكىرلىرىنى يېقىن سەپداشلىرى قارا بوسۇق، سەيپۇك توختى، ئېلى پالگان، نىياز پالگان، ئەنسارىدەك ئوتلىغان كىشىلەرگە ئېيتتى. بۇ پىكىرگە ھەممەيلەن قوشۇلۇپ، ئىشەنچلىك كىشىلەر ئارىسىدا تەرغىبات يۈرگۈزۈشكە كىرىشتى. تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئۆزىمۇ گايى سېتىقچى، پالچى، گايى تىۋىپ-تومۇرچى قىياپىتىدە، خۇددى چۆچەكلەردىكى «سۇلايمان قالپىقى» بار ئەپسانىۋى قەھرىمانلاردەك، بۈگۈن بۇ تاغدا بولسا، ئەتىسى ئۇ تاغدا پەيدا بولۇپ جىددى ھەرىكەتكە كىرىشتى، نىرىنكىر تەرەپكە ئەنسارى دېگەن يىگىتنى ئەۋەتىپ، سەپەرقۇل ۋە نۇرۇل بوۋا قاتارلىقلار بىلەن ئالاقىلاشاتتى.

شۇنداق قىلىپ، تاغ-تاغدىن بولۇپ، بىرەر يۈز ئادەم ئەسكەرلىككە بېرىشقا رازىلىق بىلدۈردى. لېكىن، بۇ سان شامەخسۇتنىڭ تاققا تەقسىم قىلغان ساندىن خېلىلا كەم ئىدى. شۇڭا، باشقا تاغلارنىڭ دورغىلىرى شامەخسۇتنىڭ جازالىشىدىن ياكى ئۆرۈمچىگە ئەۋەتىۋېتىشىدىن قورقۇپ، شەھەرگە كىرىشتىن قېچىپ تۇراتتى. تۆمۈر خەلىپە نىياز دورغىنىڭ مىجەز-خۇلقىنى ۋە ئۇنىڭ قىزىبەگ غوجا بىلەن يېقىنلىقىنى بىلگەچكە، ئۆز سەپداشلىرى بىلەن كېڭىشىپ، قارا بوسۇقنى نىياز دورغىنىڭ قېشىغا ماڭغۇزدى.

قارا بوسۇق بىر كۈنلۈك يەردىن كېلىپ نىياز دورغىغا

مۇنداق دېدى:
— دورغام، ئۆزلە ئون ئىككى تاغ ئىچىدە ھەممىدىن ئابرويلىرى چوڭ ئادەم. قىرزىبەگ غوجام بىلەن بىر تۇققاندەكلا يېقىنچىلىقلىرى بار. ئۆزلە تۇرغان يەردە باشقا دورغىلار لەشكەر بېشى بولۇپ بىرىشقا پېتىنالمايدىكەن. ھەممىسى ئۆزلەنىڭ ئېغىزلىرىغا قاراپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھىمۇ سەركىسى بولىدۇ، بىزنى ئۆزلە باشلاپ بارمىسىلا، بىز بىز ئۇ تاغدىن، بىر بىز بۇ تاغدىن كېلىپ، نەتىلەردە تېنەپ يۈرىمىز.

بۇ گەپ نىياز دورغىغا ياغدەك ياقتى ۋە «دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ؟ چىڭگاڭ غوجام ئەسكەر باشلاپ بارغىنىمنى كۆرسە، قانچىلىك خوش بولۇپ كېتەر، مېنىڭ بىلەن تۆر تالىشىدىغان دورغىلار ئەمدى بىگىسامنى كۆرسۇن. مېنى چىڭگاڭ غوجام ھېچقاچان ئۇرۇمچىگە ئەۋەتمەيدۇ. مۇبادا ماڭ دەپ قالغاندىمۇ، قىرزىبەگ غوجام قاراپ تۇرماس» دەپ ئويلىدى-دە، رازىلىق بىلدۈرۈپ، قارا بوسۇقنى ھەممىگىلار پالانى يەرگە يىغىلىپ تۇرۇڭلار دەپ يولغا سالدى. ئۆزى سەپەرگە ھازىرلاندى. ھازىرلىقى پۈتكەچ، شامەخسۇت ۋە ئۇنىڭ ئوغلى نەزەرگە، ھاشىر تەيجىگە، قىرزىبەگ غوجىغا نۇرغۇن سوغات تەييارلاپ، نېرىسىكىردىن تىوپلانغان يىگىرمە ئىككى مەرگەننى ئەگەشتۈرۈپ يولغا چىقتى.

## 2

شامەخسۇت نىياز دورغىغا ئۆزى كۈتكىنىدىن ئارتۇقراق ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ھوزۇرىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلدى ۋە سوغاتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا تون ياپقۇزدى. نىياز دورغا ئېسىنى يوقاتقىدەك دەرىجىدە خوشال بولۇپ، شامەخسۇتنىڭ ئىتەكلىرىنى كۆزىگە سۈرتتى ۋە شۇ كۈنىدىن ئېتىۋارەن، قىرزىبەگ غوجىنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە بەگ- غوجىلارنىڭ قىشلىق مەشرەپلىرىدە ئويۇن-

تاماشىغا غەرق بولۇپ كەتتى.

شا مەخسۇتنىڭ يارلىغىغا بىنائەن، ئوردا بەگلىرى يېڭى ئەسكەرلەرگە مىلتىق، قىلىچ، ئەلتىبىردىن تىكىلگەن ئەپلىك جۇۋا ۋە قارا سانسان قۇلاقچا تارقىتىپ، ئۇلارنى ھاجەر باقى بەگنىڭ باشچىلىغىدا ئۈرۈمچىگە يولغا سالدى.

بىراق، بۇ ئەسكەرلەر توغۇچى دىگەن يەردە قونۇپ، ئەتىسى چاشكا بىلەن تارانچى كۆمۈر كېنىنىڭ يېنىغا يەتكەندە، ئاجايىپ بىر ۋەقە يۈز بەردى: ئوڭ قولدىكى دۆڭنىڭ كەينىدىن تۇيۇقسىز بىر پاي مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ، قارا بوسۇق، ئامانقۇل، سوپى تىكە ۋە قاسىم قىزىقلار توپ ئىچىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە ھاجەر باقى بەگنى يول چېتىدىكى قارىياغاچقا باغلاپ تاشلىدى. دۆڭنىڭ كەينىدىن قوللىرىغا مىلتىق تۇتقان ئۈچ كىشى ئات چاپتۇرۇپ چىقتى. ئوتتۇرىدا بوز ئاتقا مىنگەن تۆمۈر خەلپە كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە جەدە ئاتقا مىنىپ كېلىۋاتقىنى قىرىق ياشلار چامىسىدىكى، سوزۇق يۈز سەيپۇڭ توختى ئىدى؛ سول تەرىپىدىكىسى تورۇق ئاتقا مىنگەن ياش يىگىت ئەنسارى ئىدى. ئامانقۇل «تۆمۈر ئاكا!» دەپ ۋاقىراپ تاشلىدى. توپ ئىچىدىن «تۆمۈر ئاكام كەلدى، كەلدى، كەلدى!» دىگەن سادالار ياڭراپ كەتتى. تۆمۈر خەلپە ھەمرالىرى بىلەن يول ياقىسىدىكى كىچىكرەك دۆڭنىڭ ئۈستىدە توختاپ، ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپلا «قېرىنداشلار!» دەپ كۆپچىلىككە خىتاپ قىلدى. تاغ يىگىتلىرى يېرىم ھالقا بولۇپ ئالدىغا يىغىلدى. شەھەر تەرەپتىن كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى بۇ ئىشنىڭ سىرىدىن تېخى خەۋەرسىز بولغاچقا، ئۆز ئورۇنلىرىدا ھاڭ-تاڭ بولۇشۇپ تۇراتتى.

— يېقىن كېلىڭلار، قېرىنداشلار! — دىدى قارا بوسۇق يوغان ئاۋاز بىلەن. ئاندىن ئۆزى ئېتىنى دىۋىتىپ تۆمۈر خەلپىنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇردى. قالغانلارمۇ، ئاستا-ئاستا كېلىپ، غۇژمەكلەشتى.

تۆمۈر خەلپە ئۈزەڭگىگە دەسسەپ تۇرۇپ «قېرىنداشلار!» دەپ

يەنە سۆز باشلىدى: «نەگە بارىسىلەر؟ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەزىز يۇرتنى، مېھرىۋان ئاتا-ئانا، قوۋم-قېرىنداشنى تاشلاپ، شامەخسۇت بىلەن ئۇرۇمچى جاڭجۇڭى ئۇچۇن ئۆلگىلى بارامسىلەر؟ ئۆلگىلى!؟ شا مەخسۇت شۇنچە قىلغانلىرى يەتمەي، ئەمدى بىزنى ئوققا تۇتۇپ بەرمەكچى بولامسىلەر؟ روزىمەت باشلاپ كەتكەن يىگىتلەر قېنى؟ ئۇلارنىڭ ئەزىز باشلىرى قايسى تاغ، قايسى دەشت، قايسى قىرلاردا قالدى، بىلەمسىلەر؟ ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانا، قوۋم-قېرىنداشلىرى بىر كۆزى قان، بىر كۆزى ياش، نىمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ، بىلەمسىلەر؟ شا مەخسۇت بىلەن بەگ-غوجىلار شۇنچە يىللاردىن بېرى بىزنى قۇل قىلىپ، قېنىمىزنى شورىدى، خالىسا ئاتتى، خالىسا ساتتى، بىزمۇ ئادەم ئەمەسمۇ؟ قاچانغىچە ئېزىلىمىز؟ قاچانغىچە خورلىنىمىز؟ ھەممىگە ماقۇل دەپ بويىنىمىزنى ئېگىپ تۇرساق، قۇللۇق زەنجىرىدىن ھەرگىز قۇتۇلالمايمىز. ئۇرۇق-ئەۋلادىمىز تېخىمۇ ئېغىر كۈنلەرگە قالىدۇ. پۇت-قولىمىزدىكى زەنجىر-كىشەننى چاقمىساق، ھېچقاچان ئۆزى چېقىلمايدۇ، تەڭلىك-ئەركىنلىك ئۆزى كەلمەيدۇ. بىزمۇ ئادەم، ئادەم قاتارىدا كۈن كۆرۈشىمىز كېرەك!»

— توغرا، توغرا! — دەپ ۋاقىراشتى كۆپچىلىك.

— ئاكىلار، — دېدى كۆرۈنۈشىدىن تېخى يىگىرمىگە توشمىغان بىر ياش بالا يىغلاپ تۇرۇپ، — بىز ئاكا-ئىنى ئۈچەيلەن ئىدۇق. چوڭ ئاكام ئاغرىپ يېتىپ قالغان، ئوتتۇرانچى ئاكامنى روزىمەت ئاپىرىپ، ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى. ئۇنىڭ قىرقى توشماي تۇرۇپ، مېنى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋالدى. ئاتا-ئانام قان-يىغلاپ، زار-زار قاقشاپ قالدى. پۇلى بارلار پۇل بېرىپ قۇتۇلدى. ھەممە كەلگۈلۈك بىز كەمبەغەللەرگە كەلدى. مەن بويىنۇمدىن سۆرىگەندەك كېتىۋاتىمەن. ئېيتىڭلارچۇ، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى نىمە؟

— بۇنىڭ چارىسى ماۋۇ، — دېدى قارا بوسۇق مىلتىقنى ھاۋادا

پۇلاڭلىتىپ.

— توغرا! — دىدى تۆمۈر خەلپە مىلتىغىنى ئىگىز كۆتىرىپ، — بىزنى قولىمىزدىكى مۇشۇ «جانىگەر» قۇتقۇزىدۇ. مېنى يىمىسىلە غوجام، دىگەنگە بۆرە قوزىنى يىمەي قويامدۇ؟ بۆرىگە يەم بولماسلىق ئۈچۈن، ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك. ئەمما، قۇرۇق قول بىلەن بۆرىنى قانداق ئۆلتۈرگىلى بولسۇن! تەڭلىك، ئەركىنلىك دىگەننى سوراپ ئالىدىغان نەرسە ئەمەس، تارتىپ ئالىدىغان نەرسە، ئاڭلاۋاتامسىلەر. ئىچكىرىدىكى پۇقرالارمۇ، مانجۇ خانىنى قورال بىلەن ئۇرۇپ تاشلاپ، ئەركىنلىك ئېلىۋاتىدۇ. ئەمدى شامەخسۇتتىن قۇتۇلۇشقىمۇ مانا مۇشۇ قورال كېرەك. ئۇن بالاغا بىر داۋا دىگەن شۇ.

— ھە، ئىش مۇنداق دىسىنا، تۆمۈر ئاكا، بىزنى ئەسكەر بولۇڭلار دەپ قويۇپ، ئۆزىڭ نەتلەردە يۈرىدىكىن دەپتىمەن سىنى، — دىدى بىر تاغلىق يىگىت مۇلايىم كۈلۈپ.

— يۈز ئاچقۇسى بولماي تۇرۇپ، كېلىننىڭ يۈزىنى ئېچىۋەتسە، نىمە قىزىقى بولىدۇ، — دىدى قاسىم قىزىق. ئاڭلاپ تۇرغانلار كۈلۈشتى.

— ھە، مانا يۈز ئاچقىسىنىمۇ قىلدۇق، — دەپ داۋام قىلدى تۆمۈر خەلپە، — گەپ شۇ، قېرىنداشلار، خالىغىنىڭلار بىزگە قوشۇلۇڭلار، خالىمىغىنىڭلار قېلىڭلار، ھىچكىمنى زورلىمايمىز.

شەھەردىن چىققانلاردىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى ئېتىنى دېۋىتىپ ئالدىغىراق چىقتى- دە، مۇنداق دىدى:

— سىنىڭ ئېيتقانلىرىڭ ھەق. شامەخسۇتتىن قۇتۇلىدىغانلا ئىش بولسا، جېنىمنىمۇ قۇربان قىلىمەن. شەھەردە قېلىپ، كۈندە مىڭ ئۆلۈپ يۈرگىچە، ئاسمىنى كەڭ يەرنى تېپىپ، ۋاقتى كەلگەندە بىر ئۆلگەن ياخشى. قېنى، باشلا بۇرادەر، نەگە دىسەڭ بارىمەن.

توپ ئىچىدە غۇدۇر- غۇدۇر كۆپىيىدى. قۇمۇل ۋە «بەش شار» تەرەپتىن كەلگەنلەردىن ئوتتۇز- قىرىقچە ئادەم، ئېھتىمال بالا- چاقىلىرىغا تارتىشقان بولسا كېرەك، بىر چەتكە ئايرىلىپ چى—

قسپ، هازرچه تاققا چقالمايدغانلغنى بلدۈرۈشتى. تۆمۈر خەلپه قارشلق قلمدى. سەيپۇك توختى ئوتتۇرغا چقسپ، زل ئاۋاز بلەن مۇنداق ددى:

— قالدغانلار قوراللرڭلارنى بزگه بېرڭلار، ئۇنى كۆترپ يۈرسەڭلار، ئۆزەڭلارغا بالا بولدۇ.

هەلقى كشلەر قوراللرنى تاپشۇردى. شۇ ئارىدا ئامانقۇل قارياغاچقا باغلاقلق تۇرغان هاجەر باقنڭ يېنغا كېلپ، «ماۋۇ چوشقنى ئرسم قلايلى» دەپ ئاتماقچى بولدى. توپ ئچدن «ئات، ئات!» دگەن سادالار ياڭردى. تۆمۈر خەلپه ئالدراشلق بلەن «توختا!» دەپ ۋاقردى ۋە:

— بۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، بزنڭ خەۋدرمزنى شامەخسۇتقا كم يەتكۈزدۇ؟ هاجەر باقى بېگمنڭ ئۆزى يېرسپ ئېيتقنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دەپ كۈلدى.

— ئۆلگەننڭ ئۈستگه تەپكەن قلمز دسنا، تۆمۈر ئاكا، — ددى قاسم قزق، هاجەر باقنڭ پۇت - قولنى يېشپ تۇرۇپ.

— قېنى ئەمسه ماڭايلى قېرنداشلار!— ددى تۆمۈر خەلپه ئېتنڭ بېشنى تاغ تەرەپكه بۇراپ.

بالا - چاقسغا تارتشپ قالغانلار چاڭ - توزاڭ توزدۇرۇپ كېتۋاتقان قېلن توپقا بردەم قاراپ تۇرۇشقاندن كېين، ئۆز يوللرغا راۋان بولدى.

رەڭگى - روىي گۆردن ئېچۋالغان ئۆلۈكتەك تاترپ كەتكەن هاجەر باقى قارياغاچ تۈۋدە ئۆزى يالغۇز قالدى.

# ئون بىرىنچى باپ

## ئۆز جازاسى ئۆزىگە

كىمكى زالىمغا مەدەت بەرسە،
ئاللا ئۇنى شۇ زالىمنىڭ قولى بىلەن
هالاك قىلىدۇ.

— «هەدىس»تىن

نىياز دورغا شامەخسۇتنىڭ «ئىلتىپاتى»غا ئېرىشكەندىن باشلاپ ئەتىۋارلىق بولۇپ كەتتى، كېچە-كۈندۈز چاي-مەشرەپلەر بىلەن هەتتا ئارام خۇدا ئۇخلاشقىمۇ ۋاقتى يەتمەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، شامەخسۇتنىڭ ئوغلى نەزەرنىڭ نەزىرىگە ئېلىنالماي كۆڭلى يېرىم ئىدى. چۈنكى بۇ «شاهزادە غوجا» هىلىقى قازاق قىزنى ئەۋەتىپ بېرەلمىدىڭ دەپ، نىياز دورغىغا كايىپ قالغاندەك، ئۇنى هەر قېتىم «كېيىن كىرسۇن» دەپ، ئۆز «هۇزۇرى»غا كىرگۈزمەي يۈرەتتى. شۇنداق بولسىمۇ نىياز دورغا ئۈمىت ئۈزمەي يۈرۈۋەردى.

تۆمۈر خەلپىلەر قوزغىلىپ تاقتا ماڭغان كۈنى ئەلنىڭ ئالدى يېتىپ بولغان بىر چاغدا، ياقۇپ ياساۋۇل كېلىپ نىياز دورغىدىن سۆيۈنچە سورىدى ۋە بىر كۈمۈش تەڭگە سۆيۈنچە ئالغاندىن كېيىن، شاھزادە غوجىسىنىڭ چاقىرتقانلىغىنى ئېيتتى. نىياز دورغا خوشاللىغىدىن تېرىسىگە پاتماي، سوغا - سالاملىرىنى ئېلىپ، «شاھ-زادە غوجا»نىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىسىغا كەلدى.

ھۆرمەتلىك كىتاپخانلار:

كىتاۋىمىزنىڭ تۆتىنچى بابىدا، بۇ «شاھزادە غوجا» توغرىسىدا ئازراق گەپ بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، مۇئەللىپ ئاپپاق قەغەزنى بۇلغىماسلىق ئۈچۈن، ئۇنى ئىككىنچى تىلغا ئالماسلىق قارارىغا كەلگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، ھىكايىمىزنىڭ تەرەققىياتى مۇئەللىپنى بۇ قارارىدىن يېنىپ، «شاھزادە غوجا»نىڭ مىجەز-خۇلقىدىن يەنە ئازراق يېزىشقا مەجبۇر قىلدى، كەچۈرۈشىڭلارنى سورايمەن.

شۇنداق قىلىپ، ياقۇپ ياساۋۇل نىياز دورغىنى كىرىسىن لامپىلار بىلەن يورۇتۇلغان يوغان بىر ئۆيگە باشلىدى، ئۆينىڭ ئىچىدىن ھاراق ۋە ئەپيۇن ئىسى پۇراپ تۇراتتى. تۆر تەرەپتىكى كىمخاپ كۆرپىلەر سېلىنغان كات ئۈستىدە نەزەر، يەنى «شاھزادە غوجا» پەر-ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى مەستلىكتىن خۇمارلىشىپ، يېرىم ئوچۇقتەك كۆرۈنەتتى. نەزەرنىڭ ئوڭ قانىتى ھېساپلىنىدىغان «يىگىت بېشى» ئاقبەگ كاتنىڭ يېنىدا ئەپيۇن چىرىغى بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى، ئىككى تەرەپكە تۈرلۈك نازى-نېمەتلەر ۋە ھاراق قاچىلىرى بىلەن تولغان پاكار-پاكار شىرەلەر بىر تۇتاش قىلىپ قويۇلغان. شىرەلەرنىڭ كەينىدە يىگىرمە نەچچە ئەر - ئايال ئارىلاش ئولتۇراتتى. ئەرلەر ھەدەپ ئاياللارنى ھاراققا زورلايتتى، پەگادا ئولتۇرغان ئەر-ئايال سازەندىلەر دۇتار، تەمبۇر،

غىجەك ۋە داپلارنى چېلىپ، ناخشا ئېيتىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قول تەرەپتىكى تامىنىڭ يان تۈڭلۈكىگە بىر ئايال چىچىدىن ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ كەشتىلىك پايپاق كىيگەن پۇتلىرى گىلەمگە ئاران-ئاران تېگىپ تۇراتتى.

نەزەر ئولتۇرغانلارغا قاراپ: «ھۆسنارىخانغا ھاراق تۇتماسسىلەر؟» دېدى. ئەرلەردىن بىرى بىر چىنىگە تولدۇرۇپ ھاراق قۇيدى-دە، چىچىدىن ئېسىپ قويۇلغان ئايالنىڭ ئالدىغا دەلدەڭشىپ كېلىپ، بېيىت بىلەن ھاراق تۇتتى: (سازەندىلەر تۇختىدى)

ھاراق ئىچتىم جۇڭزىدا①،
قايناپ تۇرادۇر خۇيىدا②.
ئىچمىسەم ئىچكىم كېلەدۇر،
شۇل جۇگاننىڭ كويىدا.

ئايال كۆزىنى يۇمۇۋالدى. «ئۇيقۇسىنى ئېچىپ قوي» دېدى نەزەر قاقاقلاپ كۈلۈپ. ھېلىقى بېيىت ئېيتقۇچى قولىدىكى ھاراقنى ئايالنىڭ يۈزىگە سەپتى، ئۆينى كۈلكە ئاۋازى قاپلىدى.

شۇ ئارىدا نىياز دورغا بوسۇغا تۈۋىدە تۇختاپ، يەرگىچە ئېگىلىپ تازىم قىلدى ۋە گىلەمنىڭ ئۈستىدىن ئۆمىلەپ بېرىپ، نەزەرنىڭ قوللىرىنى كۆزىگە سۈرتۈشكە باشلىدى.

— ھەزرەتلىرىنىڭ ئالتۇن بويلىرى، كۈمۈش تەنلىرى ئېسەنمىكىن؟

ياقۇپ ياساۋۇل تازىم بىلەن كېلىپ، نىياز دورغىنىڭ سوغاتلىرىنى كاتىنىڭ ئالدىغا يايدى، يوغان شايى ياغلىقنىڭ ئۈستىدە يەتتە جۈپ بۆكەن مۈڭگۈزى، بىر جۈپ قارا تۈلكە تېرىسى، تاختىلانغان بىر سۆلۆيسۈن جۇۋا تۇراتتى، «لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ،

---

① جۇڭزا — خەنزۇچە «ھاراق رومكىسى» دېگەن سۆز.
② خۇ — خەنزۇچە «ھاراق ئىسسىتىدىغان چەينەك» دېگەن سۆز

پەقىر قۇللىرىنىڭ كۆڭلى» دىدى نىياز دوغا.

نەزەر سوغاتلارغا كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويۇپ:

— بەك جۇۋاپ كېتىپسەن، — دىدى، ئاندىن، — ھىلىقى ئاي دىسە، ئاغىزى بار، كۈن دىسە، كۆزى بار چىرايلىغىڭ قېنى؟ ئالغاچ كەلمىدىڭمۇ؟ - دەپ، خۇمار كۆزلىرىنى نىياز دورغىغا تىكتى. نىياز دورغا دۇدۇقلاپ، ئۇ قازاق قىزنى ئېيىق ئېلىپ قاچقانلىغىنى ئېيتتى.

— ئۇ قىزنى ئېيىق ئەپقاچقان بولسا، ئۆزۈڭنىڭ قىزى يوقمىدى؟ — دىدى نەزەر مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ.

— ۋاي غوجام، ئاڭلىشىمچە نىياز دورغا ئاقتا بولۇپ قاپتۇدەك، — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى ئاقبەگ. باشقىلارمۇ كۈلۈشتى.

— ئانداق بولسا، بۇ ئاقتىنى مەزلۇمچە ياساپ ئاۋۇ جۇگانلارنىڭ قاتارىغا قوشۇۋېتىڭلار، — دىدى نەزەر بۇيرۇق ئاھاڭىدا.

ئەپيۈنىنى تولا چېكىپ رەڭگى سارغىيىپ كەتكەن ئاقبەگ تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ ئوتتۇرىغا چۈشتى - دە، «بەللى - بەللى، ئويۇنىمىز ئەمدى تازا قىزىيدىغان بولدى، قېنى كېلىڭلار» دىدى. شۇ ھامان توت - بەش يىگىت نىياز دورغىنى بېسىپ تۇرۇپ، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ئۇستىرا - قايچىلار بىلەن ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىنى بىردەم ئىچىدە قىرقىپ تاشلاپ، تۈلكە جۇۋىسىنىڭ ئورنىغا ئايالچە تون كىيدۈرۈپ قويدى. ئۆيىنىڭ ئىچىنى قاتتىق كۈلكە ئاۋازلىرى قاپلاپ كەتتى. نىياز دورغا ھەم كۈلەتتى، ھەم راستىنلا يىشىنى ئېقىتىپ يىغلايتتى.

ئاقبەگ نەزەرگە قاراپ:

— غوجام قارىسلاچۇ، بۇ چېچى يوق تاز جۇگان بولۇپ قالدى، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دىدى.

— قانداق قىلغۇلۇق دىگەنىمۇ گەپمىكەن! ھۆسنارىخانىنىڭ چېچى ئۇزۇن، شۇنى كېسىپ چاچ سېلىڭلار! — دىدي نەزەر يەنە بۇيرۇق ئاھاڭىدا.

ھەلقىلار ئېسىپ قويۇلغان ئايالنى يەرگە چۈشۈرۈپ، ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ قەددى-قامىتى كېلىشكەن ئايالنىڭ ئىككى تال چېچى تېقىمىدا ئويناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شەھلا كۆز-لىرى چىراق يورۇغىدا ئوتتەك چاقناپ، غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچاتتى. ھەلقى ئەبلەخلەر ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ تۇرۇپ، ئىككى تال چاچنى تۆۋەندىن كېسىۋالدى-دە، كېسىلگەن يېرىدىن تۇلاپ، نىياز دوغىنىڭ بېشىغا كىيگۈزدى. ئۆيىنىڭ ئىچى يەنە كۈلكىگە تولدى. ئايالىلار ئارىسىدا بولسا، كۈلكە ئەمەس، پىچىرلاپ يىغلىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئاقبەگ نەزەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تازىم بىلەن مۇنداق دېدى:

— ھۆسنارىخاننىڭ چېچى بۇ تاز جۇگانغا تاماشالا يارىشىپ كەتتى. ئەمدى بۇ نىيازخان ئاچىمىزنى بىرسىگە نىكا قىلىپ قويى-مىساق، نامەھرەم بولارمىكىن!

نەزەر مۇنداق دېدى:

— يىگىت بېشى راست ئېيتىدۇ، مەن قارىسام، ماۋۇ ھۆسنا-رىخان ئەر كىشىدەك زەپتىسى بار، ئاچچىغى بىلەن قەھرىسى بار جۇگان ئىكەن، ئۆزىمىزنىڭ ئەركەكلەرگە ئوخشاپ قاپتۇ، مۇشۇ كىشى-گە نىكا قىلىپ قويۇڭ.

ئۆينىڭ ئىچى يەنە كۈلكىگە تولدى. نىياز دورغا كۈلۈشنىمۇ، خاپا بولۇشنىمۇ بىلمەي، ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويغان مۇردىدەك قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرى ھېچنىمىنى ئاڭلىمايتتى، كۆزلىرى ھېچنە-مىنى كۆرمەيتتى، ئۆزىنى پەقەت ئۆيىقۇلۇقتا بىر يامان چۈش كۆرۈۋاتقاندەك سېزەتتى. ئاقبەگ: «ئەمدى چىراق ئۆچتى قىلساق بولار» دەپ تۇرغاندا، تۇرشا تۇغبېگى بوسۇغا تۆۋەدە پەيدا بولۇپ، نەزەرگە تازىم بىلەن كەلتۈردى ۋە شامەخسۇت ۋاڭنىڭ يارلىغىغا بىنائەن، نىياز دورغىنى دەرھال ئوردىغا ئاپىرىشقا كەلگەن-لىكىنى ئېيتتى.

— قاراپباق، نىياز دورغا بۇ يەردە بارمىكىن، — دېدى نەزەر. تۇرشا تۇغبېگى ئۆرە-تۆپە بولۇپ تۇرغان ئەرلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇنى تاپالمىغاچ، ئايالLARغا قارىدى-دە، بىر ھازادىن كېيىن، نىياز دورغىنى ھېلىقى ھالەتتە كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى. ئۆيىنىڭ ئىچى يەنە كۈلكىگە تولدى. «بۇنى ئوردىغا شۇ پېتى ئاپېرىسەن!» دەپ بۇيرۇق قىلدى نەزەر. تۇرشا تۇغبېگى: «قېنى، سىلەر!» دەپ تووۋلاش بىلەن تەڭ تۆت نەۋكەر كىرىپ، نىياز دورغىنى قوللىرىدىن سۆرەپ ماڭدى. ھېلىقى چېچى كېسىلگەن ئايالمۇ شۇ پاتىپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى سىرتقا ئالدى-دە، قاراڭغۇدا كۆزدىن غايىپ بولدى.

نىياز دورغا نەۋكەرلەر ئارىسىدا كېتىۋېتىپ، «شاھزادە غوجامغۇ ھېلىقى قازاق قىزىنى ئەپكىلىپ بەرمىدىڭ دېگەن بانا بىلەن ئادەم بالىسىغا قىلمايدىغان مەسخىرىۋازلىقنى قىلدى؛ ئەمدى چىلڭگاڭ غوجام نىمىشقا كايىپ قالغاندۇ؟ ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا دەپ، يەنە كۆرىدىغىنىم بارغا ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلىدى ۋە ئىشنىڭ ئۇچىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن تۇرشا تۇغبېگىنى گەپكە سالدى:

— ئايسە ئاپپاق ئاچىمىز تېپچىلىقمۇ؟

— تېپچىلىق.

— ئوردىغا كىرىپ تۇرامدۇ؟

— ھەئە.

— چىلڭگاڭ غوجام پېقىرلىرىغا نىمە دەپ كايىپ قالدىكىن؟

— بىلمەيمەن.

— بەگ ئۇكام، يۈرىكىم بۆلەكچىلا ئېغىپ كېتىۋاتىدۇ، ھەر نىمە بولسا...

— تولا گەپ قىلمىسىلا!

شۇنىڭ بىلەن گەپ ئۈزۈلدى. تۇرشا تۇغبېگى نىياز دورغىنى موم شاملار بىلەن يورۇتۇلغان زالغا ئېلىپ كىرگەندە، شامەخسۇت

خىيالغا چۆمۈپ تەختىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ يۈرەتتى، ھاشىر تەيجى بىلەن قىپزىبەگ غوجا بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى. ھاجەر باقى يەردىن ئۈستۈن قارىماي يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى، نىياز دورغا يەرگىچە ئېگىلىپ تازىم قىلدى. شامەخسۇت ۋە ھاشىر تەيجىلەر ئۇنى ھىلىقى ھالەتتە كۆرۈپ، ھاڭ-تاڭ قېلىشتى. تۇرشا تۇغبېگى «شاھزادە غوجام قىزىقچىلىق قىلىپ، كۆڭۈل ئېچىۋېتىپتىكەن» دەپ ئىزاھلىدى، «خوپ قىپتۇ» دېدى شامەخسۇت، ئاندىن نىياز دورغىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ، ئىككى كاچات سالدى-دە:

— سەنزە، ئەسكەر باشلاپ كەلدىم دەپ، تاغچى بۆلاڭچىلارغا قورال ئالغىلى كەپتىكەنسەن-دە! تۆمۈر مۇجاڭ بىلەن قاچان گېپىڭنى بىر قىلىۋالغان؟ — دەپ ۋاقىردى.

نىياز دوغا ھىچنىمىنى چۈشىنەلمەي ئۆلۈكتەك قېتىپ قالدى.

ھاشىر تەيجى نىياز دورغىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ:

— ئاڭلاۋاتامسەن، سېنىڭ ئەپكەلگەن ئادەملىرىڭ تۆمۈر مۇجاڭغا ئەگىشىپ، تاقىقا چىقىپ كەتتى. ئەمدى نىمە دەيسەن؟ — دېدى.

شامەخسۇت: «ئۇر!» دەپ يەرنى تەپتى. نەۋكەرلەر نىياز دورغىنى بېسىپ، ئۈچ قىرلىق ئېغىر پالاقىلارنى ئىشقا سالدى. ئۇ بىردەم «ئاللا-تۇۋا» دەپ قاخشاپ ئاخىر جىم بولۇپ قالدى.

— بۇ خوتۇنتالاقىنى زىندانغا تاشلاڭلار، پۈتكۈل مال-مۈلكىنى پاشالىق قىلىنسۇن! — دېدى شامەخسۇت.

# ئون ئىككىنچى باپ

## جەڭ ئالدىدا

يا بىر دۈشمەننىڭ بېشىنى تاشقا ئۇرۇپ يەنچىمىز،
ياكى ئۇلار بىزنى شەھەر سېپىللىرىگە ئاسىدۇ.

— قەدىمقى ئىران شېئىرلىرىدىن

**1**

تەكچى ـ ئويۇقلىرى قېلىن ـ قېلىن كىتاپلار بىلەن تولغان چاققانغىنا بىر ھوجرىنىڭ باغ تەرەپتىكى يوغان پەنجىرىسى ئالدىدا، نوشىرۋان تەيجى بىلەن نورۇز داموللا① كىتاپ ئوقۇشۇپ ئولتۇراتتى. ياغاچ ياغىچىدىن ياسالغان نەقىشلىك شىرە ئۈستىدە شەيخ سەئدىنىڭ قىزغۇچ كۆندىن كۆركەم مۇقاۋىلانغان «بوستان»ناملىق مەشھۇر كىتاۋى ئوچۇق تۇراتتى. دەسلەپكى باھار قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرلىرى نېپىز ياغ قەغەز چاپلانغان پەنجىرىدىن

① نورۇز ئەئلەم ئەئلەملىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، مەدرىستە يەنىلا مۇدەررىس بولغاچقا، داموللا دەپ ئاتىلاتتى.

ئۆتۈپ، كىتاپ سەھىپىلىرى ئۈستىدە جىلۋە قىلاتتى. نوشىرۋان تەيىنجى سەھىپىلەرنى پات-پات ئۆرۈپ، پارىسچە مىسرالارنى شۇنداق ئىختىراس بىلەن ئوقۇيتتىكى، شۇ تاپتا ئۇ، ئۆزىنى تاما-مەن ئۇنتۇپ، خۇددى دەم سىپىلىشۋاتقان بىر قېرى دەمىدەرگە ئوخشايتتى. بۇ مىسرالارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى تەخمىنەن مۇنداق ئىدى:

جاهاندىن كېتەر چاغدا نوشىرۋان①
بۇ سۆزلەرنى هورمۇزغا قىلدى بايان:
ھەممىشە غېرىبىلەر كۆڭلىنى ئاۋلىغىن،
ئۆزۈڭنىڭ راھىتىڭ كۆزلەپ يۈرمىگىن.
ئەگەر راھىتىڭنى قىلارسەن ھەۋەس،
رەئىيەت تىنچ-ئامان كۈن كۆرەلمەس.
ھاجەتتىن چىقارغىن ھەممە مۇھتاجنى،
شۇلار قويىدى شاھ باشىغا تاجنى.
دەرەخ بولسا شاھ، خەلق يىلتىز ئىرۇر،
بىل ئوغلۇم، يىلتىزدا دەرەخ ئۆلغىيۇر.
ئەل كۆڭلىنى ئاغرىتما، بەرمە زەرەر،
قۇرار يىلتىزىڭ، رەنجىسە ئەل ئەگەر.
قەيەردە زۇلۇم ھەددىدىن ئاشقان ئىكەن،
بىرەر لەب ئېچىلمايدۇ كۈلكە بىلەن.
ئەگەر بولسا ئۆتكۈر تىغىڭ قانچىلىك،
ئەمەس تۇل خوتۇننىڭ بىر ئاھىچىلىك.
ئىشتىمەي دىسەڭ ئاخىر ئەل قارغىشىن،
مۇدام ياخشىلىق ئەيلە، ئال ئالقىشىن.
قالالماس جاھان ئىچرە مەڭگۈ كىشى،
پەقەت قالغۇسى ياخشى نامۇ-ئىشى.

① نوشىرۋان — قەدىمقى ئىران شاھلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئادىللىق بىلەن شۆھرەت قازانغان. هورمۇز ئۇنىڭ ئوغلى.

— مانا تەقسىر، — دېدى نوشىرۋان تەيجى، — ئۆتكەن ئۇلۇغ-
لار بىزگە شۇنداق قىممەتلىك نەسىھەتلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن.
بىز بولساق، دەل ئۇنىڭ خىلاپىنى قىلىۋېتىپتىمىز. كېيىنكى ئەۋ-
لادلار بىزنى نېمە دەپ قاغايدىكىن، يارەببى!
نورۇز داموللا تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ مۇنداق دېدى:
— بىر شائىرنىڭ

«جاھان جام كۆللى زىيى جانغا①، ئەجەل مەيدۇر، پەلەك ساقى،
ۋە لېكىن قالغۇسىدۇر قىلسا خەيرات② تائەبەت باقى»

دىگەن مىسرالىرى خاتىرىلىرىدە بولسا كېرەككىم، جاناپلىرى ئەل
يۇرت ئۈچۈن شۇنچە ياخشىلىقلارنى قىلدىلا. ھەق سۇبھانە ۋە تائالا
ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئەزىز بەندىلىرىگە ھېچقاچان قارغىش كەل-
تۈرمەس.
— يوقسۇ، يوقسۇ! مەن ئەلگە نېمە ياخشىلىق قىلالىدىم،
مەن پەقەت بىر مۇنچە جىنايەتلەرنىڭ شاھىدى، بەزى
جانىيلارنىڭ③ شېرىكى بولۇپ قېلىۋاتىمەن، خالاس! ئەبەيدۇللا
تارخان بەگنىڭ زامانىدا، ھېچبولمىسا، شەھەر سېپىلى بىنا
بولغان④: جۇڭغار قالماقلىرى قىرىپ تاشلىغان خەلقنىڭ ئورنىغا

---

① كۆللى زىيى جان — ھەممە تىرىك جان (بۇ يەردە «ئادەم» مەنىسىدە).
② خەيرات — ياخشىلىقلار، ياخشى ئىشلار.
③ جانىي — جىنايەتچىلەر.
④ بۇ يەردە قۇمۇلدىكى خۇيچېڭ (مۇسۇلمان شەھىرى) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەسلىدە بۇ شەھەرنىڭ ئورنىدا چىغاتاي خانلىرىدىن قالغان ئوردا خارابىلىرى بار ئىدى. ئىككىنچى ئەۋلات قۇمۇل ۋاڭى ئەبەيدۇللا تارخان بەگ جۇڭغار توپىلىڭىنى باستۇرۇشتا مانجۇ خانلىقىغا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، كاڭشى ئۇنىڭغا ئالتە يىلدا پۈتتۈرۈشكە مۆلچەرلەپ، چوڭ شەھەر سوقتۇرۇپ بەرمەكچى بولۇپ، سېڭگەر ناملىق ئەمەلدارنى قۇمۇلغا ئەۋەتكەن. سېڭگەر «قۇمۇلدا ئاھالە كۆپ ئەمەس ئىكەن» دىگەن باھانا بىلەن ئەسلى پىلاندىكىدىن ئون ھەسسە كىچىكلىتىپ، مىلادى 1706 - يىلى ئالتە ئاي ئىچىدىلا شەھەرنى پۈتتۈرۈپ، قالغان پۇلغا خىيانەت قىلىپ بېيجىڭغا قايتقان. كاڭشى خان ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاچ، سېڭگەرنى

تۇرپان ۋە ئالتە شەھەر تەرەپتىن ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىپ، قۇمۇل
دىيارى يېڭىۋاشتىن ئاۋات بولۇشقا باشلىغان؛ مەسچىت - مەدرىسلەر
بىنا قىلىنغان. ئىمىن ۋاڭ بىلەن يۈسۈپ ۋاڭ تەرسا بولسىمۇ،
ئۇلارنىڭ زامانىسىدا ھېچبولمىسا، ئىچكىرىدىن قۇمۇل بىلەن
ئۆتىدىغان سودا كارۋان يولى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. چىغاتاي
خانلىرى ئوردىسىنىڭ خارابىسى ئۈستىگە ھازىرقى چوڭ ئوردا تەمىر
قىلىنغان؛ باغداش، ئارىتام باغلىرى بىنا قىلىنغان. مۇھەممەت
بېشىر ۋاڭ زامانىسىدا، ھېچبولمىسا، بىرمۇنچە چوڭ باغلار،
مەدرىسە - جامەلەر بىنا قىلىنغاندىن تاشقىرى، خوتەن، يەركەن،
قەشقەر تەرەپلەردىن ھۆكىمالار تەكلىپ قىلىنىپ، قۇمۇلدا تىبابەت-
چىلىك راۋاج تاپقان. مېھرىبانۇ پۈجۈك خوتۇن كىشى بولسىمۇ،
ھىممەت - شىجائەتتە ئەرلەردىن ئېشىپ، بىرمۇنچە ساۋاپلىق
ئىشلارنى قىلغان. ئۇنىڭ زامانىسىدا، ئىلمۇ - ئىرپان يۇلتۇزلىرىمۇ
جىلۋە قىلىشقا باشلىغان. بىزنىڭ زامانىمىزدىچۇ؟ بىزنىڭ زامانىمىزدا
جەۋرى - زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىكتىن بۆلەكنى كۆرمىدىم. پۇقرانىڭ
ئېتىگى كۆز يېشى بىلەن، يۈرەك - باغرى قان زەرداپ بىلەن توشۇپ،
كىشىلەر ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن بىزار، ياخشىلار
خار، يامانلار ئەتىۋار يەنى سۇ كەلتۈرگەن خارۇ - زار، كوزا چاققان
بەختىيار، ۋەسسالام! شۇ ۋەجىدىن «تورپاق يىغىلىغى»دا
ئاققان قانلار تېخى قۇرۇماي تۇرۇپلا، يەنە بىر يىغىلىق قوپتى.
بەش يىل ئىچىدە ئىككى قېتىم يىغىلىق قوپقان زامان قاچان
بوپتۇ؟ مانا ئەمدى قۇمۇللۇق - قۇمۇللۇقنى، مۇسۇلمان - مۇسۇلماننى
قىرىپ، قان ئۈستىگە قان تۆكۈلدۇ. بۇنىڭغا كىم ئەيىپكار؟ مانا
قارىسىلا، — نوشىرۋان تەيجى ئۆزىنىڭ تىزىغا يۆلىنىپ خورۇلداپ
ياتقان ئالا مۈشۈكنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ داۋام قىلدى، — ئەگەر بۇ

جازالىغان ۋە قوشۇمچە قىلىپ، شىن چىڭ (يېڭى شەھەر) سېپىلىنى سوقتۇرغان. سىڭگەر
سوقتۇرغان شەھەر 1931 - يىلدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن ۋەيران بولۇشقا
باشلىغان.

جانگەرنى ئاچ قويۇپ، ئۇرۇپ - سوقۇپ ئازاپلايدىغان بولسام، مېنى ئۆز كۆرۈپ قېشىمدا ياتارمىدى؟ ھېلىغۇ ئادەم، ھايۋان چېغىدىمۇ دىل ئازارلىقنى كۆتەرمەيدۇ ئەمەسمۇ! پۇقرادا نىمە گۇنا؟

نورۇز داموللا ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ، پارىس خەلقىنىڭ 14 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى خوجاھاپىز شىرازىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئوقۇدى:

«مەي بەخور، مۇسھەپ بىسوزۇ ئاتەش ئەندەر كەئبەزەن،
ساكىنى بۇتخانە باشۇ، مەردۇم ئازارى مەكۇن»①

— ھەق! ھەق! — دېدى نوشىرۋان تەيجى، — مەن مۇشۇنداق دىل ئازارلىق ھاكىم بولغان زاماندا بىرنەچچە يىل تەيجى بولغانلىقىم ۋەجىدىن، ئۆزۈمنى خۇدايى تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھكار ھېساپلايمەن!

— سەۋرى قىلسىلا غوجام، — دەپ پىچىرلىدى نورۇز داموللا، — بىر شۇنداق زاماندا ياشاۋېتىپتىمىزكى، تۈت تامنىڭمۇ گېپى تىڭشايدىغان قۇلىقى، گەپ توشۇيدىغان ئاغزى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، ئۆزلىرىنى ئايىسىلا. چىڭ گاڭ غوجامغا ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان نەسىھەتلىرى بەدىلىگە ھەر قېتىم ئۆزلىرى ئازار يەپ كېلىۋاتىلا.

— ئېيتقانلىرى ھەق، شەيخ سەئدى ھەزرەتلىرى «ھەر كىمكى بىر خۇدبىنگە نەسىھەت ئېيتار، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى بىر نەسىھەتچىگە مۇھتاجدۇر» دېگەن. شۇ ۋەجىدىنمۇ تەركى ۋەتەن قىلىپ، بەيتۇل ھەرەم تاۋابىغا كېتەي دېۋىدىم. خۇداغا شۈكرى، بۇ تەلىۋىممۇ ئىجابەت بولۇپ قالدى. جابدۇغۇم پۈتسە، بۇرۇنراق يولغا چىقاي دەيمەن، — دېدى نوشىرۋان تەيجى، ئاندىن غەمكىن بىر ئاھاڭدا ئەلىشىر ناۋايىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

① «(مەيلى) مەي ئىچ، قۇرئاننى دەسسەپ، ئوتقا تاشلا، كەئبىدە زىنا قىل، دائىم بۇتخانىدا بول، (لېكىن) ئادەمگە ئازار بەرمە.»

جۇنۇن ۋادىسىگە مايىل كۆرەرمەن جانى زارىمنى،
تىلەرمەن بىر يولى بۇزماق بۇزۇلغان روزىگارىمنى.
پەلەك بىدادىدىن گەرچە بۇ كۈن خاكى غۇبار ئولدۇم،
تىلەرمەن تاپمىغايلار تۇتيىالىققا غۇبارىمنى.
دىمەك قاي سارى ئەزىم ئەتكۈك①، ماڭا يوق ئىختىيار ئاخىر،
قازا ئىلكىگە بەرمىشمەن ئىنانى② ئىختىيارىمنى.

شۇ ئارىدا، نوشىرۋان تەيجىنىڭ خاس ئاشپىزى كوسا ساقال ئىسمائىل پەرراش ئىجازەت سوراپ كىردى-دە، تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، چۈشلۈك تاماق تەييار بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. نوشىرۋان تەيجى ئۇنىڭغا مۇلايىم قاراپ، «داستىخاننى مۇشۇ يەرگىلا ئەپكىرىڭ، قوزغىلىپ يۈرمەيلى» دىدى. ئاندىن نورۇز داموللىغا مۇنداق دىدى:

— مانا بۇ كىشى ئۆزلىرىگە مەلۇم، قۇمۇلغا مۇساپىر، بۇ يەردە ھېچنىمىسى يوق، ئۆزى بەك يۇۋاش، ھالال ئادەم، ئۆز قېرىندىشىمدەك كۆرىمەن. ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان، مۇشۇ كىشىنىڭ قولىدىن غىزا يەپ كېلىۋاتىمەن. ئەمدى ھەرەم سەپىرىدىمۇ ئۇنى ئۆزۈمگە ھەمرا قىلىۋالاي دەۋاتىمەن.

— تولىمۇ ئوبدان خىيال قىپتىلا، — دىدى نورۇز داموللا، — بۇنىڭ ساۋاۋى ئۇن قېتىم ھەج قىلغاندىنمۇ ئەۋزەلرەك بولىدۇ. ئىلاھىم مۇرات-مەقسەتلىرى ھاسىل بولغاي!

— يەيدىغان رىسقىمىز بولسا، بىللە يېنىپ كېلەرمىز، بولمىسا، ئىككىمىز جانابى رەسۇلۇللانىڭ مۇبارەك ئايىغى ئاستىدا بىللە ياتارمىز.

ئاشپەز ئىشىك ئارقىسىدا بۇ گەپلەرنى تىڭشاپ تۇرۇپ، بىردىنلا چىرايى غەلىتە بولۇپ كەتتى. پۇت-قوللىرىنىڭ خېمىر-

① ئەزىم ئەتمەك — قارارقىلماق، نىيەت قىلماق، (بۇ يەردە كەتمەك مەنىسىدە.)
② ئىنان — چۇلۋۇر.

دەك يۇمشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى، كۆزلىرىگە ياش ئولىشىپ، نەپىسى بوغۇلۇشقا باشلىدى ۋە ئېغىر كېسەلدىن يېڭى قوپقان كىشىدەك پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ ئاشخانا تەرەپكە كەتتى.

شۇ ئارىدا خىزمەتچى بالا ئاپتۇۋا - چىلاپچا ئەپكىرىپ، نورۇز داموللا بىلەن نوشىرۋان تەيجىنىڭ قولىغا سۇ بەردى، شىرەگە داستىخان سېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئاشپەز قىرغاۋۇل گۆشى بېسىلغان پولونى داستىخانغا قويۇپ يانماقچى بولغاندا، نوشىرۋان تەيجى: «پاھ - پاھ، نىمە دېگەن مەزىلىك پۇرايدۇ؛ قېنى گۆشنى ئۆزىڭىز پارچىلاپ قويۇڭ. ھە، پىچاق يوقمىدى، مانا پىچاق» دەپ سەدەپ ساپلىق قەلەمتۇراچنى ئۇزاتتى. ئاشپەز گۆشنى پارچىلاۋاتقاندا، نوشىرۋان تەيجى ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ ئويدانلا تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ، «سىزگە نىمە بولدى؟ چىرايىڭىز غەلىتە بولۇپ، قوللىرىڭىز تىترەيدىغۇ!» دېدى. ئاشپەز ئالاقزادە بولغان ھالدا، پىچاقنى داستىخانغا قويۇپ، ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلدىيۇ، يەنە ئارقىغا يېنىپ ئەسەبىلىك بىلەن تاۋاقنى كۆتىرىپ ئۆيدىن ئىتتىك چىقىپ كەتمەكچى بولدى. بىراق، بوسۇغىغا پۇتلىشىپ يىقىلدى، چىنە تاۋاق پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى. ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالغان تەيجى بىلەن نورۇز داموللا يەرگە چېچىلغان گۆش پارچىلىرى ئارىسىدا، ھىلىقى ئالا مۈشۈكنىڭ شىنىدەك قېتىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئورۇنلىرىدىن دەس قوپۇشتى. خىزمەتچى بالا ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ئىچكىركى ھويلىدىن نوشىرۋان تەيجىنىڭ ئوغۇللىرىنى قىچقىرىپ چىقتى. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. تەيجىنىڭ چوڭ ئوغلى ئاخۇنبەگ دەرغەزەپ بولۇپ، ئاشپەزنى ئىستەيتتى، ئاخىر ئۇنى ئوتۇنخانىدىن تېپىشتى. ئۇ، چىشلىرى كىرىشكەن، پۇت - قوللىرى تارتىشقان ھالدا قېتىپ قالغان؛ ئاسمانغا قاراپ قالغان نۇرسىز كۆزلىرىدىن ئىككى چېكىسىگە ئاققان ياشلىرى شۇ پېتى توختاپ قالغان ئىدى؛ مۇشتۇملىرى مەھكەم

تۇرۇلگەن بولۇپ، ئۇڭ ئالقىنىدا قانداقتۇ بىر نەرسىنىڭ بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئاخۇنبەگ مىڭ تەسلىكتە ئۇنىڭ بارماقلىرىنى قايرىپ ئالقىنىنى ئاچقاندا، ھەممىنىڭ كوزى كىچىككىنە بىر قارا شىشە قۇتىغا چۈشتى.

دەل شۇ چاغدا، ئات تۇياقلىرى بىلەن مەپە چاقلىرىنىڭ تاراقلىشى ئاڭلىنىپ، قىزبەگ غوجا بىلەن تۇرشا تۇغبېگىسى دەرۋازىدىن ئالدىراش كىرىپ كەلدى. سىرتتا بىرنەچچە نەۋكەرنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. ئۇلار شامەخسۇت نامىدىن نوشىرۋان تەيجىنى ئوردىغا چىللاپ كەلگەن ئىدى.

## 2

تۆمۈر خەلپە بىلەن قارا بوسۇقلار بىرنەچچە يۈز قوراللىق مەرگەننى تاقىقا باشلاپ كەتكەندىن بۇيان، ۋاڭ ئوردىسى بىلەن ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي مەھكىمىلەر خۇددى چۇۋۇلۇپ كەتكەن چۇمۇلە ئۇۋىسىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئوردا بىلەن ئامبال ۋە شەتەي يامۇللىرى ئوتتۇرىسىدا بىردەم ئاتلىقلار، بىردەم مەپە ياكى پوچتىغا ئولتۇرغان بەگ - ئەمەلدارلار خۇددى بابكانىڭ مۇكىسىدەك قاتنايتتى. ھەممىسىنىڭ قاپاقلىرى تۇرۇك، ئاۋازلىرى بوغۇق ئىدى. تاغدىن قېچىپ كەلگەن دورغىلار بىلەن ئوردىدىن ئەۋەتىلگەن ئايغاقچىلارنىڭ ھەر كۈنى دېگىدەك ئېلىپ كېلىدىغان خەۋەرلىرى ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى؛ نومغا سۈرگۈن قىلىنغان گۇناكارلار زەنجىر - كىشەنلەرنى چېقىپ، زىندانلارنى بۇزۇپ، ۋاڭنىڭ يىلقىلىرىدىكى ئەڭ ياخشى ئاتلارغا مىنىپ، تۆمۈرنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىۋېتىپتۇدەك؛ ئون ئىككى تاغنىڭ ھەممىسى دېگىدەك قوزغىلىپ كېتىپتۇدەك؛ بەزى دورغىلارمۇ، تۆمۈر تەرەپكە ئوتۇپ كېتىپتۇ؛ ھەتتا خوتۇن - قىزلارمۇ، قوللىرىغا تاياق - توقماق ئېلىپ ئىسيانچىلارغا قوشۇلۇۋاتقۇدەك؛ بۇ ئىسيانچىلار قورايدا توپلىنىپ

تۆمۈرنى ئۆزلىرىگە سەردار قىلىپ، «خەلىپە» دەپ ئاتاپتۇدەك،
ئەمدى تۆمۈر خەلىپە ئىسيانچىلارنى باشلاپ، قۇمۇل شەھىرىگە
باستۇرۇپ كەلگۈدەك ۋاھاكازالار. بۇ خەۋەرلەرنىڭ ھەر بىرى
شا مەخسۇت بىلەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قۇلىقىغا خۇددى
دەھشەتلىك گۈلدۈرمامىدەك ئاڭلىناتتى. ئەمدى قاتتىق چاقماق
بىلەن قارا يامغۇردىن كېيىن ئاجايىپ بىر سەل كېلىپ، ئالەمنى
مالەم قىلىۋېتىدىغاندەك سېزىلمەكتە ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، بىرقانچە
قېتىمقى جىددى يىغىلىشتا شامەخسۇت بىلەن ئامبال بەي ۋۇنچاۋ
تاقىقا دەرھال چېرىك چىقىرىپ، قوزغىلاڭچىلارنى ۋاقتىدا بېسىق-
تۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ھەربى باشلىق چۇشەتەي بولسا، «نەدىكى
تەييار چېرىك؟ بىر زامان تەييارلىق قىلماي سوقۇشقىلى بولمايدۇ»
دەپ تۇرۇۋالاتتى. ئاخىرى، ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىۋېلىش ئۈچۈن،
ھازىرچە ئەلچى ئەۋەتىپ گەپلىشىپ تۇرايلى، دىگەن قارارغا كې-
لىشتى. شۇ قارارغا بىنائەن، قۇمۇل مۆتىۋەرلىرىدىن ئۆۋەيس ئەئلەم،
روزى غوجا، مائاخۇن ۋە ھەسەن بالا ھاجىنى ئەلچىلىككە چى-
قارماقچى بولۇشتى.

جىۋەككىنە كەلگەنكوسا ساقال ھەسەن بالا ھاجى ئەسلى
ئاتۇشتىن بولۇپ، قۇمۇلغا يەرلىشىپ تىجارەت ئىشلىرىدا شامەخسۇت
بىلەنمۇ شىركەتچىلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، خەيرى - ساخا-
ۋەتتە ھىممەتكارلىقى، ئۆزىنىڭ كىچىك پېئىل، تەدبىرلىك ۋە
ۋە توغرا سۆزلۈكلۈكى بىلەن جامائەت ئارىسىدا يۇقۇرى ئابرويغا
ئىگە ئىدى. شامەخسۇت ۋە ئۇنىڭ بەگلىرىمۇ، بىرمۇنچە ئىشلاردا
ئۇنىڭغا يول قوياتتى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ، شامەخسۇتتىن تەپ
تارتمايلا مۇنداق دىدى: «بىزدەكلىدىن ئۇنىمىزنىڭ بارغىنىدىن
نوشىرۋان تەيجىدەك بىر كىشىنىڭ بارغىنى ئەۋزەل. ئۇ كىشى
تەيجىلىكتىن ئەزىل قىلىنغان بىلەن، قۇمۇل خەلقى ھەزرەتلىرىدىن
قالسىلا، ئۇ كىشىنى ئۆز ئاتىسىدەك كۆرىدۇ.»

بۇ پىكىر شا مەخسۇتقا، ئەلۋەتتە ياقمىدى. ھاشىر تەيجى

بىلەن قىزبەگ غوجىغا بولسا، يۈزىگە ئۇرۇلغان بىر كاچاتتەك تۈيۈلدى. بىراق، ئامبال بىلەن شەتەي ھەسەن بالا ھاجىنىڭ پىكرىنى دەرھال قۇۋۋەتلىدى. شامەخسۇت «ئالا مۈشۈگۈم، قارا مۈشۈگۈم، چاشقان تۇتقان ئوبدان مۈشۈگۈم دەپ، تۆمۈرنى گەپكە كىرگۈزۈپ بەرسىلا بولمىدىمۇ» دىگەن ئويغا كېلىپ، نوشىرۋان تەيجىنى غايىۋىدىن ئەلچىلەرگە باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. ۋە ئۇنى ئوردىغا «چىللاپ» كېلىشكە قىزبەگ غوجا بىلەن تۇرشا تۈگىبىگىنى ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇلار نوشىرۋان تەيجىنىڭ ئوردىسىغا كىرىش بىلەن ھىلىقى ئاشپەز ۋەقەسىگە دۇچكېلىپ، ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ قالدى.

ئەمدى بايىقى ۋەقەگە كەلسەك، ئاخۇنبەگ ئاشپەزنىڭ ئالقىنىدىكى ھىلىقى قارا شىشىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، نوشىرۋان تەيجىگە ئۇزاتتى. نوشىرۋان تەيجى تەنە ئارىلاش بىر غەمكىنلىك بىلەن: «بۇنى قىزبەگ غوجىغا ەرسىلە بالام، قۇرۇق شىشە بولسىمۇ، غەزىنىگە ئاپىرىپ ئۆز جايىغا قويۇپ قويسۇن» دىدى. شۇ ئارىدا نوشىرۋان تەيجىنىڭ كەنجى ئوغلى كىچىك بەگ بىلەن خىزمەتچى بالا چىنە تاۋاقنىڭ سۇنۇقلىرىغا قوشۇپ، بايىقى پولو بىلەن ئالا مۈشۈكنىڭ ئۆلۈگىنى ئەخلەت قاچىسىدا ئەپكىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. قىزبەگ غوجا بىلەن تۈگىبىگى بىر بىرىگە پەرىشان قارىشىۋېلىپ، ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

— بالام ئاخۇنبەگ — دىدى نوشىرۋان تەيجى كۆزىگە ياش ئېلىپ، — سەپەر جابدۇغىنى تىزلىتىڭلار، بۇ يۇرتتىن چاققانراق كەتمىسەك بولمىغىدەك!

— يارەببى، — دىدى نوروز داموللا، — بۇ قانداق زامان بولۇپ كەتتى!

«ئەگەرچە پادىشا قىلسا يامانلىق،
نىچۈك بولغاي رەئىيەتتە ئامانلىق؟»

كېيىن شامەخسۇت ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ھاشىر تەيجىگە ئالىيىپ قويدى - دە، «بەك ئالدىراپ كېتىپسىز» دەپ پىچىرلىدى.

## 3

شۇنىڭدىن ئىككى كۈن كېيىن، ئەلچى چىقىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن، ئۈچ ئاتلىق چاپارمەن ئاق بايراقلىرىنى تەييارلاپ، تۆمۈر خەلپىنىڭ قارارگاھى قورايغا ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن شامەخسۇتنىڭ مەخسۇس «مەكتۇبى»نى ئېلىپ ئۇۋەيس ئەئلەم باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەرمۇ يولغا چىقتى. ئۇن، گۈرۈچ، مىۋە - چىۋە، قەن، چاي، گەزلىمە، كىيىم - كېچەك ۋە ئۆتۈك قاتارلىق سوغاتلار بېسىلغان ئۈچ چوڭ ھارۋىمۇ ئۇلار بىلەن تەڭلا شەھەردىن قوزغىلىپ ماڭدى.

تۆمۈر خەلپە ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، قارا بۇسۇق، سەيپۇك توختى، ئېلى پالگان، نىياز پالگان، سەپەرقۇل ۋە نۇرۇل بوۋاي① باشلىق ھەمرالىرى بىلەن كېڭىشىپ، ئەلچىلەرنى قانداق كۈتۈۋېلىش، قانداق جاۋاپ بېرىش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلىشىۋالدى:

ئەلچىلەر شامەخسۇتنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن، ئارىدا ئىككى قونۇپ ئالدىرىماي يېتىپ كېلىشتى. تۆمۈر خەلپىلەر ئۇلارنى تاغ باغرىغا جايلاشقان باغلىق ھويلىغا ئورۇنلاشتۇردى ۋە سېمىز قويلارنى سويۇپ، ئوبدان مېھمان قىلدى. بۇ ھويلا بىر يىل بۇرۇن ۋاڭنىڭ غەزىۋىگە ئۇچراپ، ئاخىرى كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان ئىمىن قورمالنىڭ ھويلىسى ئىدى، ھازىرلىقتا بولسا، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋاقىتلىق بارگاھى (ئىشتاۋى) بولۇپ قالغان. ئەتىسى سۆھبەت باشلانغاندا، ئۇۋەيس ئەئلەم شامەخسۇتنىڭ خېتىنى

① تۆمۈر خەلپە قورايىنى قارارگاھ قىلغاندىن كېيىن، سەپەرقۇل بىلەن نۇرۇل بوۋايلارمۇ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن قورايغا كۆچۈپ كەلگەن.

تۆمۈر خەلپىگە بىردۇبىتىپ، «ئۆزەم ئوقۇپ بېرەيمۇيە» دېدى. تۆمۈر خەلپە مىيىغىدا كۈلۈپ: «رەھمەت تەقسىر. خۇدايى تائالا ئۆزلەگە بەرگەن كۆزنى بىزدىنمۇ ئايىماپتىكەن» دەپ، لىپاپىنى ئېچىشقا باشلىدى. ھەسەن بالا ھاجى ئۈۋەيس ئەئلەمنىڭ بۇ قىلىق-سىزلىقىدىن رەنجىپ، «ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شەر چاغلا دەپتىكەن، ئەمدى خوپ بولدى» دەپ ئويلاپ تەتۈر قارىۋالدى.

تۆمۈر خەلپە خەتنى دانە-دانە قىلىپ ئۆز ھەمراھلىرىغا ئۈنلۈك ئوقۇپ بەردى. خەت ھىچقانداق تەككەللۇپسىزلا «شا-مەخسۇت چىڭ ۋاڭدىن تۆمۈر باشلىق پۇقرالىرىمغا» دەپ باشلانغان ئىدى. خەتنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى: «قۇرالنى تاپشۇرساڭلار سىلەرنى ئەپۇ قىلىمەن، يەنە بۇرۇنقىدەك تىرىكچىلىك يولىنى بېرىمەن، تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ھەمراھلىرىغا مۇناسىپ مەنسەپمۇ بېرىلىشى مۇمكىن. مۇبادا قۇرالنى ياخشىلىقچە تاپشۇرمىساڭلار مەندىن رەنجىمەڭلار» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەردىن ئىبارەت ئىدى.

— بىزنى يەنە قانداق رەنجىتكىدەك، ئۇ تاز،— دېدى قارا بوسۇق ئورنىدىن دەس قوپۇپ،— ئاخۇنۇم، يول ئوچۇق. ئادەملىرى-نى باشلاپ ئۆيلىرىگە راۋان بولسىلا. بۇ نىمە دېگەن گەپتۇ، ئادەمنى مەسخىرە قىلغاندەك.

— سەۋرى قىل ئۇكام، ئاخۇنۇمدا نىمە گۇنا؟ — دېدى تۆمۈر خەلپە.

— شۇنداق، — دېدى ئۈۋەيس ئەئلەم، — ئەلچىگە ئۆلۈم يوق: بۇ ئاخۇن بالام ياشلىق قىلىۋاتىدۇ. ئاسمانغا تۈكۈرسەڭ يۈزۈڭگە چۈشەر دەپ، پاشالىق بىلەن زىتلاشماق ياخشى ئىش ئەمەس. چىڭگاڭ غوجام يۇرتنىڭ ئاتىسى. ئەپۇ قىلىمەن دېگەندىن كېيىن، ئەپۇ قىلىدۇ. ئوق ئىزىدىن يانماس، پادىشا لەۋزىدىن دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ!

— پادىشانىڭ ئەمرى ۋاجىپ، — دېدى روزى غوجا.

— ئۆتكەن ئىش سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ، — دىدى مائاخۇن.

شۇڭغىچە جىم ئولتۇرغان ھەسەن بالا ھاجى مۇنداق دىدى:

— تۆمۈر ئاخۇن! قۇمۇل كىچىك يەر، تىرىكچىلىك قىلىش ئاسان ئەمەس. ئەل - يۇرت تىنچلىقىنى خالايدۇ. بىر بىرىمىزگە تىغ تەڭلەپ، ئالا توپىلاڭ چىقارساق، يۇرتنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلۇپ، پاراكەندىچىلىك بولۇپ كېتەرمىكىن؟

— راس ئېيتىدىلا ھاجىم، — دىدى تۆمۈر خەلپە ۋەزمىنلىك بىلەن، — ئەل - يۇرتقا تىنچلىق كېرەك. ئۆزلىرىنىڭ توققۇزلىرى تەل، مۈشكۈللىرى ھەل، قوساقلىرى توق، غەملىرى يوق، ئۆزلىرى ئەلۋەتتە مۇشۇنداق تىنچ جاھان بولۇشىنى تېخىمۇ خالايدىلا. پۇقراچۇ؟ پۇقرانىڭمۇ قوسىغى توق، ئارتۇق غېمى يوق بولىدىغان بولسا، نېمىشقا تىنچلىقنى خالىمىسۇن؟ خۇداۋەندە كېرىم ئۆز بەندىلىرىگە زاماننىڭ ئاخىرىدا قىيامەتنى بىرلا قېتىم كۆرۈشنى ئىرادە قىلغان بولسا، بىز كەمبەغەللەر قىيامەتنى كۈندە مىڭ قېتىم كۆرۈۋاتىمىز. خۇداۋەندەكېرىم گۇناكار بەندىلىرىگە دوزاق ئازاۋىنى ئۆلگەندىن كېيىن كۆرسىتىشنى ئىرادە قىلغان بولسا، بىگۇنا كەمبەغەللەر تىرىك تۇرۇپلا دوزاق ئازاۋىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئېيتسىلاچۇ، تىنچلىقنى بۇزۇۋاتقان كىم ئىكەن؟ بىزمۇ ياكى شامەخسۇتمۇ؟

— ھەممىسى ئاللانىڭ ئىرادىسى، تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەس، — دىدى ئۆۋەيس ئەئلەم غادىيىپ ئولتۇرۇپ.

— خوپ، — دىدى تۆمۈر خەلپە، — ھەممىسى ئاللانىڭ ئىرادىسى بولسا، نەچچە يۈز تال مىلتىققا ئىگە بولغىنىمىزمۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى. ئەمدى شامەخسۇتنىڭ ئەدىۋىنى بېرىدىغىنىمىزمۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى. ئۇنداق ئەمەسمۇ - يا!؟

— ئىش ئۆتتى، خىش قېلىپتىن چىقتى. ئەمدى شامەخسۇت بىزدىن ياراقنى ئالىمەن دەپ خام خىيال قىلمىسۇن، — دىدى ئاچچىق بىلەن قارا بوسۇق.

— گەپ شۇ، — دىدى تۆمۈر خەلپە، — مۇبادا قولىمىزدا مۇشۇ

ياراقلار بولمىغان بولسا، ھەرقايسىلىرى بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۈچ ھارۋا سوغا-سالام بىلەن كەلمەس ئىدىلە. بىر پۇقرالارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان «چىك گاڭ غوجام ھەزرەتلىرى»مۇ شۇنچە جاۋاپ بىرگە مەكتۇپ يازماس ئىدى. جىنىمىزمۇ ياراق، قېنىمىزمۇ ياراق. نەچچە زامانلاردىن بۇيان، ۋاڭ غوجىلار مۇشۇ «كۆسەي» بىلەن ئەلنى قورقىتىپ، بوينىغا مىنىپ كەلگەن بولسا، ئەمدى بىزمۇ مۇشۇ «كۆسەي» بىلەن زەنجىر-كىشەنلەرنى چېقىپ، ئۆزىمىزنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزىمىز.

— تۆمۈر ئاخۇن، — دېدى ئۇۋەيس ئەئلەم، — ئىسلام شەرىئىتىدە مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكمەكلىك ھارام. بۇ، گۇنايى كەبىر① لەرنىڭ بىرى.

— خوپمۇ ئوبدان دېدىلە، مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكمەكلىك گۇنايى كەبىر بولىدىغان بولسا، ئۆزلىرى ئەئلەم ئاخۇنۇم بولغاندىن كېيىن، ھەممىدىن ئاۋال شامەخسۇت ۋاڭنى قاتتىق جازاغا تارتىسىلا بولمامدۇ؟ «تورپاق يېغىلىغى»دا قولىدا بىر تال تۆمۈرنىڭ سۇنۇغىمۇ يوق بىگۇنا مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى شامەخسۇت تۆككەن ئەمەسمىدى؟!

ئۆينىڭ ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇۋەيس ئەئلەم سەللىسىنى تۈزىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— تۆمۈر ئاخۇن، مۇبادا ياراقنى بەرمەي تۇرۇۋالسىلا، بۇ ئىشقا بېيجىڭ خان لەشكەرلىرى قول تىقىپ قالارمىكىن، ئۇ چاغدا... خەير خۇدايى تائالا ئۇنداق كۈنلەرنى ھارام قىلغاي.

— نېمە دەۋاتىلا ئاخۇنۇم؟ بېيجىڭ خان ئاللىقاچان موللاق ئېتىپ كەتتى. مۇبادا شامەخسۇت «تورپاق يېغىلىغى» دىكىگە ئوخشاش يەنە چېرىكلەرنى چىللاپ كەلسە، ئۇنىمۇ كۆرەرمىز.

«بېيجىڭ خان ئاللىقاچان موللاق ئېتىپ كەتتى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئۇۋەيس ئەئلەمنىڭ بەدىنى سوغ سۇ سېپىلگەندەك

---

① چوڭ گۇنا دېمەكچى.

شۈركىنىپ كەتتى. «ئاپلا بۇ راست گەپ ئوخشىمامدۇ، شەھەردىمۇ شۇ گەپ، تاغدىمۇ شۇ گەپ. مۇبادا، بېيجىڭ خان راستىنلا موللاق ئېتىپ كەتكەن بولسا، چىڭگاڭ غوجامنىڭ ھالى نېمە بولار؟ ئۇ چاغدا مەن كىمنىڭ ھىمايىسىگە سېغىنارمەن؟» دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ. بىر ئاز جىمىلىقتىن كېيىن، ھەسەن بالا ھاجى ئۇۋەيس ئەئلەمگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئاخۇنۇم، سۇ ئېرىقتا، گەپ قېلىپتا دەپ، تۆمۈر ئاخۇنلار-نىڭ گېپى قېلىپتا قويغاندەك چىقىۋاتىدۇ. ئىززىتىمىز بىلەن ئاستا يانساق بولارمىكىن.

شۇ ئارىدا سىرتتىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلار ئۇلغىيىپ، ئوق خالتىسىنى ئەپلىك قىلىپ باغلاپ، مۈرىسىگە مىلتىق ئېسىۋالغان ئامانقۇل ئەركىن قەدەم تاشلاپ ئۆيگە كىردى-دە، «تۆمۈر ئاكا، بىزنىڭكىلەر سېنى بۇيان چىقسۇن، شامەخسۇت نېمە دەپ ئەلچى چىقىرىپتۇ، خەلپەم نېمە دەپ جاۋاپ ئېيتىپتۇ، ئاڭلاپ باقايلى دەۋاتىدۇ» دېدى.

— بۇمۇ ئوبدان گەپ بوپتۇ، يۈرسىلە مېھمانلار، ھەرقايسى-لىرىنى خەلقىمۇ كۆرگەي، — دېدى تۆمۈر خەلپە.

ھويلا ۋە باغ ئادەملەر بىلەن لىق تولغان ئىدى. دۇ-شالقىلىق مىلتىقلار بىلەن قىلىچ-نەيزىلەرنىڭ ئۇچلىرى باش ئەتىياز ئاپتىۋىنىڭ نۇرىدا ۋال-ۋۇل قىلىپ كۆزنى چاقنىتاتتى، تاش ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇلغان پاكار-پاكار سوقما قورۇقلار بىلەن قېرى ئۆرۈك دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرىنى ئۇششاق باللار خۇددى قارا قاغىدەك قاپلاپ كەتكەن ئىدى. تاش-توپا بىلەن قوپۇرۇلغان پەلەمپەينىڭ يېنىدا نەيزە تۇتقان بىرتوپ خوتۇن-قىزلار گۇڭگۇر-مۇڭگۇر قىلىشىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قولاقچا بىلەن كالتە جۇۋا كىيىپ، بېلىنى مەھكەم باغلىۋالغان ئايقىزمۇ بار ئىدى. ئەگەر ئىككى تال سۇمبۇل چېچى بىلەن ھال رەڭ كۆينىكى بولمىسا، ئۇنى ھەر قانداق كىشى ئەجەپ كېلىشكەن ئوغۇل ئىكەن دەپ قالاتتى.

تۆمۈر خەلپىلەر ئۆيدىن چىقىش بىلەن ھەممىسىنىڭ دىققىتى ئۇلارغا بۇرۇلدى. ئوتتەك يېنىپ، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان يۈزلىگەن كۆزلەرنى كۆرۈپ، ئۆۋەيس ئەئەلەم باشلىق ئەلچىلەرنىڭ رەڭگى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. پەقەت ھەسەن بالا ھاجى شالاڭ بۇرۇت-لىرىنى سىلاپ، بىپەرۋالىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

تۆمۈر خەلپە: «قېرىنداشلار! بۇ كىشىلەر شەھەردىن چىققان ئەلچىلەر بولىدۇ. تونۇپ قېلىڭلار!» دەپ، ئۇلارنى بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى. ھەسەن بالا ھاجىغا كەلگەندە، «تونۇيسىز، تونۇيمىز ھاجىم بىزنىڭ يۇرتلارغىمۇ چىققان» دېيىشتى بەزىلەر.

— ھە، بۇ ئەلچىلەر نىمە دەپ چىقىپتۇ؟ — دېدى قايرىلىما بۇرۇتلۇق بىر ئادەم.

— شامەخسۇتنىڭ خېتىنى ئەپچىقىپتۇ، مانا خەت، — تۆمۈر يانچۇغىدىن بىر چوڭ لىپاپە چىقاردى، — قورال-ياراقنى بېرىڭلار دەپتۇ.

— سىلەر نىمە دېدىڭلار؟

— بىز، — دېدى قارا بوسۇق تۆمۈر خەلپىنىڭ ئورنىدا جاۋاپ بېرىپ، — كۆچى يەتسە ئالسۇن دېدۇق.

بۇ جاۋاپتىن ھەممە ئادەم رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

— تۆمۈر ئاكا، — دېدى قاسىم قىزىق، — شامەخسۇتقا سىلەرمۇ خەت بېرەمسىلەر؟

— بەرمەيچۇ!

— ئانداق بولسا، مەن بىر نەزمە ئېيتايمۇ؟

— ھە، ئېيتە.

قاسىم قىزىق پەلەمپەينىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا چىقىۋېلىپ، كىگىز قالپىقىنى سەل كۆتىرىپ قويدى-دە:

چىڭگاڭ غوجام خەت بەردى،
جۇنجاڭلارنى ① بەرسۇن دەپ،
تۆمۈر خەلپەم خەت بەردى...

① جۇنجاڭ — خەنزۇچە، ھەربى قورال-ياراق.

دەپ توختاپ قالدى.

— ھە، ئايىغىنى ئېيتماسەن!

— سەت بولارمىكىن، — دېدى قاسىم قىزدىن گەجگىسىنى تاتىلاپ. كۆپچىلىك كۈلۈشتى.

— نىمە سەت بولىدۇ، ئېيتىۋەر، — دېدى كىمدۇ بىرى.

— ئەمىسە، بېشىغا ئۇلاپ ئېيتاي!

تۆمۈر خەلپەم خەت بەردى،
پالان نىمەنى ئالسۇن دەپ①.

توپ ئىچىدە قاتتىق كۈلكە كۆتىرىلدى. خوتۇن-قىزلار قوللىرى بىلەن يۈزىنى يېپىۋالدى.

— ھەي شەيتان، شۇنداق سەت گەپنىمۇ قىلامدۇ كىشى! — دېدى تۆمۈر خەلپە سەل كايىغاندەك قىلىپ.

ئەلچىلەر ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقاندا، ھەسەن بالا ھاجى تۆمۈر خەلپىلەرگە قاراپ مۇنداق دېدى:

ئىشىك ئالدىدا تاللار،
شاخ-شاخىدا مارجانلار،
قوراي دېگەن يۇرتلاردا
گەپچىكەن ئوغال باللار.

ئۇۋەيىس ئەئلەمدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈپ كەتتى.

كەچقۇرۇن، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ئارىسىدا، ھىلىقى ئۈچ ھارۋا سوغاتىنى ئېلىش-ئالماسلىق مەسىلىسىدە ئىختىلاپ چىقىپ قالدى. تۆمۈر خەلپە قەتئىي ئالماسلىقنى تەشەببۇس قىلدى. قارا

① بۇ نەزمە تۆمۈر خەلپە توغرىسىدىكى قوشاقلار قاتارىدا ھازىرغىچە ساقلانماقتا. ئۇنىڭ ئاخىرقى مىسراسى «ئۇرۇشار بولسا كەلسۇن» دەپ چۈشۈرۈلگەن يەنە بىر شەكلىمۇ بار.

بوسۇق بىلەن سەيپۇڭ توختى: «توڭگۇزنىڭ بىر تال تۈكىنى يۇلغىنىمىز-يۇلغان» دەپ ئېلىش تەرەپدارى بولدى. قالغانلارمۇ بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلىدى. ئاخىر، تۆمۈر خەلپىمۇ، ھەر بىر قوزغىلاڭچىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن ماقۇل بولدى. ئەمما، ئۆزى ھېچنېمە ئالماسلىقىنى بىلدۈردى.

ئەتىسى ئەلچىلەر ئۇزاش ئالدىدا، ھەسەن بالاھاجى تۆمۈر خەلپىگە قاراپ، «بىزنىڭ ماللىرىمىز تېچ-ئامان تۇرار؟» دېدى. «شامەخسۇت بىلەن ئۇنىڭ بەگلىرىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ مېلىغا تەگمەيمىز» دەپ جاۋاپ بەردى تۆمۈر خەلپە.

ئەلچىلەر ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە خەلققە مۇنداق دېدى:

— قېرىنداشلار! ئەمدى شامەخسۇت بىزگە ھارۋا-ھارۋۇندا سوغات ئەمەس، چېرىك چىقىرىدۇ، جەڭ — ئويۇن ئەمەس؛ ئويناپ يۈرۈپ جەرەن ئوۋلاشمۇ ئەمەس، جەرەننىغۇ تۇيدۇرماي ئېتىۋالىمىز سۇغۇرنىمۇ ئالداپ يۈرۈپ سوقۇۋالىمىز، قوترىغان ئېيىق ئېتىلىپ كەلسىچۇ؟ بىر ئوقتا ئۆلسىغۇ خوپ، بولمىسا... شۇنداق، بۇنىڭغا ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى كېرەك، مەن يەنە بىر مەرتەم ئېيتاي، كۈندە مىڭ ئۆلۈپ يۈرگەندىن، دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ، بىر ئۆلگەن ياخشى دەيدىغان ئەرلەر بولسا قالسۇن، ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلارغا رۇخسەت.

تەرەپ-تەرەپتىن ئاڭلانغان قاتتىق ئاۋازلار كەڭ غولنىڭ ئىچىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى:

— ئىتتىن قورققان گاداي بولماپتۇ.
— جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتمەك يوق!
— باتۇر بىر ئۆلىدۇ، قورققان مىڭ ئۆلىدۇ.
— يىگىت سۆزىدىن، ئارسلان ئىزىدىن قايتماس!
— يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم!

توغرا، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم، — دېدى تۆمۈر خەلپە، — بىزنىڭ

ئىشىمىز ھەق، ھەق-ئادالەت ئۈچۈن ئۆلسەكمۇ ئارمان يوق. زۇلۇم، ھاقارەت، تەڭسىزلىككە سەۋرى قىلىپ، باش ئېگىپ تۇرۇشنىڭ ئۆزى گۇناھ. بىزنىڭ خەلقىمىز ئەزەلدىن زۇلۇم، ھاقارەتكە تەن بەرمەيدىغان باتۇر خەلق. ئىنشائاللا، بىز چوقۇم نۇسرەت قازىنىمىز. قېنى ئەمىسە قىلىچىڭلارنى ئوبدان بىلەپ، جەڭگە تەييارلىنىڭلار!

## ئون ئۈچىنچى باپ

# مەرتنى مەيداندا سىنا

ھايات مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت،
ھاياتتىنمۇ قىممەتتۇر مۇھەببەت.
ۋە لېكىن كېچىمەن ھەر ئىككىلىسىدىن،
ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈن مەن پەقەت.

— پېتوفى①

**1**

ئىككى قوراللىق يىگىت ئىگەرگە قىڭغىر ئولتۇرۇۋېلىپ، قىزىق پاراڭ بىلەن ئاستا كېلىۋاتاتتى. ئۇلار شۇنچىلىك يېقىن مېڭىشاتتىكى، ئۈزەڭگىلىرى بىر بىرىگە تېگىپ، پات - پاتلا جىرىڭ- لاپ كېتەتتى. قارا تورۇقتا مىنگىنى ئامانتۇل بولۇپ، جەدە

① ساندور پېتوفى — ۋېنگىرىيە خەلقىنىڭ 1823 — 1849 - يىللىرى ياشىغان دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي شائىرى. چار روسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭ مەيدانىدا، يىگىرمە ئالتە يېشىدا قۇربان بولغان.

قاشقىغا مىنگىنى رازى دىگەن يىگىت ئىدى. بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتىقان بۇ بۇغداي ئۆڭلۈك يىگىتنى كىشىلەر نىمىشقىدۇ «راجى بالا» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ ئەسلىدە ئىدىر دىگەن تاغدىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان ۋە ھىلىقى كۇنى تۆمۈر خەلپىگە ئەگىشىپ، قورايغا كەلگەن يىگىتلەرنىڭ بىرى ئىدى. شۇنىدىن بۇيان، راجى بىلەن ئامانقۇل ئوتتۇرىسىدا بارا - بارا يېقىنلىق باشلىنىپ، ئۇلار خۇددى كونا دوستلاردەك سەمىمى مۇڭدىشىدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۈگۈنمۇ، ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئون نەچچە يىگىتكە مەرگەنلىك سەنئىتىدىن بەزى نەرسىلەرنى ئۆگىتىپ بولۇپ، ئەنە شۇنداق ھال - مۇڭ قىلغاچ، ئالدىنقى سەپكە كېتىۋاتاتتى.

مەلۇم بولدىكى، راجى بالىنىڭ گۈلقىز دىگەن سۆيگىنى بولغان ئىكەن. ئۇ، ئىدىر بويىچە ئەڭ گۈزەل بىر قىز بولۇپ، ھەممىنىڭ كۆزى چۈشىدىكەن، ئۇلار مۇشۇ ئۆتكەن كۈزدە توي قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا، شامەخسۇتقا قىز تاللاپ يۈرگەن ئەبلەخلەر ئىدىرغا كېلىپ قاپتۇ، ئۇ قىزنى قولغا چۈشۈرەلمەي يۈرگەن رەقىپلەرنىڭ بىرى ئۇلارغا قىزنىڭ ئاجايىپ چىرايلىقلىقىنى ئېيتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار قىزنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن «قۇرۇق يانمايدىغان بولدۇق» دىيىشىپ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا «مۇبارەك بولغاي، قىزىڭلار چىڭ گاڭ غوجامغا پىسەت بولۇپ قالسا، بېشىڭلارغا دۆلەت قۇشى قونغىنى شۇ» دەپ، قىزنى ئەتىسىلا ئېلىپ ماڭماقچى بوپتۇ. شۇ كېچىسى گۈلقىز راجى بالا بىلەن قېلىن تاغلارنىڭ ئىچىگە قاراپ قاچقاندا، دۈشمەنلەر تۇيۇپ قېلىپ، ئۇلارنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە راجىنى ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈپتۇ - دە، قىزنى ئوردىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. ھازىرغا قەدەر گۈلقىزنىڭ نىمە بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس ئىكەن، راجى بالىنىڭ قەلبىدە دەھشەتلىك ئىنتىقام ئوتى يېنىپ، ئۆز دۈشمىنىدىن ئۆچ ئېلىشقا قەسەم ئىچىپتۇ ۋە «ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ شەھەرگە كىرسەم، بىرەر سەۋەپ بىلەن شامەخسۇتنى كۆرۈپ قېلىشىم مۇمكىن، شۇ

چاغدا، ئۈچ - تۆت يۈز قەدەم يىراقلىقتا تۇرۇپ بولسىمۇ، شامەماخسۇتنىڭ مىڭىسىنى چېچىۋېتىمەن» دېگەن خىيالدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەسكەرلىككە يېزىلغان ئىكەن. بەختكە قارشى، شەھەردە شامەخسۇتنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمەپتۇ. ئەمما، قەلبىدىكى ئىنتىقام ئوتى بارغانسېرى لاۋۇلداپ، ئۇنى مەس بۇغىردەك قىلىپ قويۇپتۇ.

— يىگىت بېشىم ئامانلا بولسا، ئۈچ ئالماي قويمايمەن، — دەپ سۆزىنى ئاياقلاشتۇردى راجى، ئۇنىڭ بىردىنلا يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى كەچكى شەپەق نۇرىدا قىپ - قىزىل چوغدەك چاقناپ كەتتى.

شۇ ئاردا، ئالدى تەرەپتىكى ئېدىرلىقتىن قاتتىق ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاڭلىنىپ قالدى. ئامانقۇل بىلەن راجى بالا بىر بىرىگە «يالت» قىلىپ قارىشىۋالدى - دە، ئاتلىرىغا قامچا ئۇردى.

ئىككى ئېدىر ئارىسىدىكى بىر ئويمانلىقتا بىر مۇنچە كىشىلەر غۇژمەكلىشىۋېلىپ قانداقتۇ بىر ئىش توغرىسىدا قاتتىق تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتاتتى. «قارا يىلپىز» توپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ قاتتىق قاۋايتتى. ئامانقۇللار يېتىپ كەلگەندە، «قارا يىلپىز» قاۋاشتىن توختاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاقساقلاپ كەلدى - دە، ئامانقۇلنىڭ ئاياق ئاستىدا ئەركىلەشكە باشلىدى. توپ ئىچىدىن ئايقىزنىڭ جاراڭلىغان غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى. «بۇ ئىتنىڭ بالىسىنى ماغان بېرىڭلار، قانداي قىلىشنى ئۆزۈم بىلىم!»

ئامانقۇل ئالدىراپ توپنىڭ ئىچىگە كىردى. ئايقىز سول قولىغا نەيزە تۇتقان ھالدا، ئوڭ قولى بىلەن خامۇشنى ياقىسىدىن تۇتۇپ، ھەدەپ چەتكە سۆرەپ چىقماقچى بولاتتى. ئىككى - ئۈچ كىشى ئايقىزنىڭ قولىغا ئېسىلىۋېلىپ، «توختاپ تۇرسىلا، خەلپەم كەلسۇن، خەلپەمدىن سوراپ بىر ئىش قىلايلى» دەپ ۋاقىرىشاتتى. بەزىلەر: «قويۇپ بېرىڭلار، دەردىنى ئېلىۋالسۇن!» دېسە، بەزىلەر «بولمايدۇ، خەلپەم كەلسۇن!» دەپ تۇۋلايتتى. خامۇشنىڭ يېنىدا،

ئەرەنچە تۇماق ۋە كەمزۇل كىيىپ، بېلىگە پوتا باغلىۋالغان بەستلىك بىر ئايال بىلەن ئوتتۇرا ياشلىق ئىككى دېخان بۇ ئىشلارغا ھەيران قالغاندەك جىم تۇراتتى.

ئايقىز ئامانقۇلنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان پېتى ھۆڭگۈرەك ئېتىپ يىغلاپ تاشلىدى. ئامانقۇل كۆزلىرىگە قان تولغان ھالدا، بېلىدىكى قازاق پىچىقىنى غىلىۋىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، خامۇشنى ياقىسىدىن تۇتۇپ چەتكە سۆرىدى. بىرنەچچە كىشى دەرھال ئامانقۇلغا يېپىشتى، سۇمباتلىق كەلگەن سېرىق ساقال ئېلى پالگان ئامانقۇلنىڭ مۈرىسىگە ئوڭ قولىنى قويۇپ، «ئۇكام، سەنمۇ مۇنداق قىلساڭ، ئىش ئوخشىماي قالىدۇ، بۇ دۆيۈزنى خەلپەم كەلگەندە مەسلىھەت بىلەن جازالىساقمۇ ئۈلگۈرىدۇ ئەمەسمۇ!» دېدى. «توغرا، توغرا!» دېيىشتى بىرقانچەيلەن. ئامانقۇل «ئەستەغپۇرۇللا» دەپ، خامۇشنى قويۇۋېتىپ، ئايقىزنى ياخشى گەپلەر بىلەن بەزلەشكە كىرىشتى.

بۇ ۋەقەنىڭ ئەسلى مۇنداق ئىدى: ئۇنىنچى باپتا ئېيتقىنىمىزدەك، نىياز دورغا تاغ تەرەپتىن يىغىلغان ئەسكەرلەرنى باشلاپ، شەھەرگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتۇنى خېلى كۈنلەرگىچە نىياز دورغىدىن ھېچقانداق خەۋەر ئاڭلىيالماي، بىئارام بولۇپ يۈردى ۋە ئاخىرى «داداڭنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇپ چىق» دەپ خامۇشنى شەھەرگە ئەۋەتكەن ئىدى. خامۇش نىياز دورغىنى ھېچيەردىن تاپالماي گايىت پاششاپتىن سۈرۈشتۈرمەكچى بولدى. گايىت پاششاپ نىياز دورغىنىڭ قانداقتۇ بىر سەۋەپ بىلەن شامەخسۇتنىڭ غەزىۋىگە ئۇچراپ، زىندانغا تاشلانغانلىغىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتتى ۋە نىياز دورغىنىڭ قىزبېگ غوجا بىلەن بولغان دوستلۇغىنى شېپىي كەلتۈرۈپ، خامۇشنى ئۇنىڭ ئوردىسىغا باشلاپ بارماقچى ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم سورىماقچى بولدى. ئەمما، قىزبېگ غوجىنىڭ خامۇشنى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىغىغا گايىت پاششاپنىڭ ئۆزىمۇ گۇمانلىق قارايتتى. كۆتۈلمە-

گەندە، قىزبەگ غوجا خامۇشنى ئوچۇق چىراي بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆيىدە ئېلىپ قالدى ۋە ئۆزى دەرھال ھاشىر تەيجىنىڭ ئوردىسىغا كەتتى.

ئەتىسى قىزبەگ غوجا خامۇشقا مۇنداق دېدى: «داداڭ، ئاخشام جان ئۈزۈپتۇ. ئەمدى باشقا ئىلاج يوق، ئوبدان ۋاختا كەپسەن، مەن داداڭنىڭ ھەققىي قاتىلىنى ئېيتىپ بېرەي: داداڭنى چىلىڭ گاڭ غوجام ئەمەس، تۆمۈر دېگەن ئوغرى ئۆلتۈرگۈزدى. بىز تۆمۈرنىڭ قاپقىنىغا دەسسەپ تاشلاپتىمىز!»

خامۇش ھېچنېمىگە چۈشەنمەي ھاڭۋېقىپ قالدى. بۇنى سەزگەن قىزبەگ غوجا تۆمۈرنىڭ تاغدىن ئېلىنغان ئەسكەرلەرنى نىياز دورغىنىڭ باشچىلىقىدا شەھەرگە كىرگۈزۈپ، ئاخىرى قورالغا ئىگە بولۇۋالغانلىقىنى، بۇنىڭ ھەممىسى تۆمۈرنىڭ ئويۇنى ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ، «ئوغۇل بالا بولساڭ، داداڭنى يەرلىككە قويۇپ بولۇپ، تۆمۈردىن قىساسىڭنى ئال!» دېدى.

— قانداق قىلىپ قىساس ئالىمەن؟ — دېدى خامۇش دومسىيىپ ئولتۇرۇپ.

— بۇ ئوڭاي، — دېدى قىزبەگ غوجا، — ھازىر تاققا چىقىپ كېتىۋاتقانلار ئاز ئەمەس. شۇلارغا قوشۇلۇپ، سەنمۇ تاققا چىق. دادامنى شامەخسۇت ۋاڭ ئولتۇرۇپ تاشلاپتۇ. مەن ئەمدى شامەخسۇتتىن ئۆچ ئالىمەن دېسەڭ، ئىسيانچىلار سېنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر كۈنى بولمىسا، بىر كۈنى قولۇڭغا مىلتىق تېگىدۇ، مىلتىق ئېتىشنى بىلەمسەن؟

— تاغچىلارنىڭ قايسىسى مەرگەن ئەمەس، — دېدى خامۇش تېتىكلىشىپ.

— ھەببەللى، شۇ چاغدا پايلاپ تۇرۇپ، تۆمۈرنى ئاتسەندە، قاچىسەن. ھە راست، ساڭا بىر خۇش خەۋەر ئېيتاي، ئۇ قازاق قىزى ھازىر قورايدا، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئادەملىرى ئارىسىدا ئىمىش. بىز ئىسيانچىلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، ھېلىقى قازاق قىزى

ئەلۋەتتە سىنىڭ بولىدۇ. داداڭنىڭ ئورنىدا ئېرىنكىرغا سىنى
دورغا قىلىمىز! ئەمما، بۇ گەپلەرنى قاتتىق سىر تۇتۇشۇڭ كېرەك.
بولمىسا بېشىڭ كېتىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، خامۇش قوراي تەرەپكە ماڭىدىغان
يولنىڭ ئەتراپىدا بىر كۈن ئەگىپ يۈردى. ئەتىسى بايىقى ئەرەن-
چە تۇماق كىيگەن ئايال بىلەن ئىككى دىخاننىڭ تاغ تەرەپكە
ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا قوشۇلۇۋالدى ۋە ئۆزىنىڭ شا-
مەخسۇتتىن دادىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن تاققا كېتىۋاتقان-
لىقىنى ئېيتتى. بۇ ئايال ئون بىرىنچى باپتا بايان قىلىنغان
«شاھزادە» نەزەرنىڭ ھىلىقى مەشرىپىدە چېچىدىن ئېسىپ قويۇلۇپ،
كېيىن نىياز دورغىنىڭ «ئېرى» قىلىپ نىكا ئوقۇتۇلغان ھۆسنا-
رىخان ئىدى. ئۇ ئەسلىدە يىچانلىق يېتىم قىز بولۇپ، يەتتە يىل
بۇرۇن قومۇلدىن سودا قىلىپ بارغان ئىمىنشا دېگەن كىشى ئۇنى
كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىپ كەلگەن ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە
نەزەرنىڭ دەللاللىرى ئۇنى كۆرۈپ قالدى. ئەتىسى - ئاخشىمى
چىرايلىق بىزەلگەن بېيجىڭ مەپىسى ئىمىنشانىڭ ئىشىگى ئالدىدا
توختىدى - دە، بىر قېرى دەللە ئۆيگە كىرىپ «ھۆسنارىخان
خېنىمنى شاھزادە غوجامنىڭ مەشرىپىگە چىللاپ كەلدۇق» دىدى.
بۇ تەلەپنى رەت قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھۆسنا-
رىخان نەزەرنىڭ مەشرىپىدە ئۆزىنى قاتتىق تۇتقانلىقى ئۈچۈن، چېچى-
دىن ئېسىپ قويۇلدى. كېيىن ھىلىقى پاتىپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ
ئۆيگە قېچىپ كەلدى. بىراق، سودىگەر ئېرى ئۈچ بالىسىنى
تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى «ئۈچ تالاق» دەپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى.
بۇ ئىشقا ئىمىنشانىڭ چوڭ خوتۇنى ئايلاخان ناھايىتى خوشال
بولدى. ھۆسنارىخان بىرنەچچە كۈن سەرسان بولۇپ يۈرۈپ،
ئاخىرى تاغ باتۇرلىرى قېشىدىن ئۆزىگە نىجاتلىق تېپىش ئۈچۈن
يولغا چىقىپ، ھىلىقى ئىككى دىخان بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان
ئىدى.

ئۇلار يولدا ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى ئېيتىپ كېتىۋېتىپ، ھۆسنارىخان نىياز دورغا دېگەن كىشىنىڭ ھىلىقى مەشرەپتە قانداق ھاقارەتلەنگەنلىكىنى بايان قىلغاندا، خامۇش يىغلاپ تاشلىدى ۋە ئۆزىنىڭ شۇ نىياز دورغىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇڭا، ھۆسنارىخان بىلەن ھىلىقى ئىككى دېخان خامۇشقا ئىچىنى ئاغرىتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىپ قالدى. ئۇلار ئىككى كۈن يول مېڭىپ، قورايىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىدىرلىقلارغا كەلگەندە، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇللىرىغا ئۇچرىشىپ قالدى. قاراۋۇللار ئۇلارنى «باشلىقلىرىمىز كۆرسۇن» دەپ تاغ ئىچىگە باشلاپ كېتىۋاتقاندا، ھىلىقى توپ ئىچىدە تۇرغان ئايقىز خامۇشنى دەرھال تونۇپ قېلىپ، بايا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇنىڭغا ئېسىلدى.

ئەمدى شۇ بايىقى گەپكە كەلسەك، ئامانقۇل ئېلى پالگاننىڭ گېپى بىلەن خامۇشنى قويۇۋېتىپ، ئايقىزغا تەسەللى بېرىۋاتقاندا، تۆمۈر خەلپە بىرتوپ ئاتلىقلار بىلەن كېلىپ قالدى. تۆمۈر خەلپە ئەھۋالنى تەپسىلى ئاڭلاپ بولۇپ، ھىلىقى ئىككى دېخان بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ھۆسنارىخاندىن سەممىي ئەھۋال سورىدى. خامۇشقا قاراپ «ئۆتكەنگە سالاۋات. شامەخسۇتتىن ئۆچ ئالماقچى بولساڭ، ئەل بىلەن بىر نىيەتتە بول!» دېدى، ئاندىن ئۇلارنى مەلىگە ئاپىرىپ، ئوبدان دەم ئالدۇرۇشنى ئەنسارىغا تاپشۇردى.

ئەنسارى ئۇلارنى باشلاپ ماڭغاندا، ئايقىز ئۆزىنى تۆمۈر خەلپىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. ئامانقۇل: «تۆمۈر ئاكا، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ خامۇش ماڭقىدىن بىزگە قانداق ياخشىلىق كەلسۇن!» دەپ دومسايدى.

— ئۇكام، — دېدى تۆمۈر خەلپە، — نىياز دورغىنىڭ شامەخسۇت قولىدا ئۆلگىنى راست. ھۆسنارىخان بىلەن ھىلىقى ئىككى قېرىندىشىمىزمۇ گۇۋالىق بېرىۋاتىدۇ. خۇدايى تائالادىن خامۇشقا ئىنساپ-تەۋپىق تىلەيلى. مۇبادا يامانلىق قىلىمەن دېسە، جازاسىنى خۇدايىم بەرسۇن!

— ئىلاننىڭ بالىسىمۇ ئادەمنى چاقىدۇ، جۇمۇ، — دېدى ئامانقۇل رەنجىگەن قىياپەتتە.

— راست ئېيتىسەن ئۇكام، — دېدى تۆمۈر خەلپە، — ئۆتكەن ئۇلۇغلار:

«شەرىئەت ئىزلىسەڭ، ئۆلتۈر ئىلاننى،
تەرىقەت ئىزلىسەڭ، ئاغرىتما جاننى»

دەپتىكەن، ئىلان چاقمىغان دىسە، ئەلۋەتتە ئۆلتۈرۈش كېرەك.

نىياز دورغا بىلەن خامۇشىنىڭ نېرىنكىردىكى قىلمىشى ـ ئەتىمىشلىرىدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى تۆمۈر خەلپىنىڭ بۇ ئىشىدىن نارازى بولۇپ، «مۇنچىۋالامۇ يۇمشاق كۆڭۈللۈك قىلغان بارمۇ؟» دەپ، سەل رەنجىشتى. بەزىلىرى ئۇنىڭ كەڭ قوساقلىقىغا ھەيران قېلىشتى. تۆمۈر خەلپە بولسا، چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەن ھالدا، ئايىغىزنىڭ بېشىنى سىلاپ، ھېچنىمە دىمەي جىم تۇراتتى.

قىشىچە قېلىن قار ئاستىدا ياتقان ئېدىرلىقلار ئەمدى ئانچە ـ مۇنچە كۆكىرىشكە باشلىغان بولسىمۇ، «قىشىنىڭ سوغىقى ياندىن ئۆتەر، ئەتىيازنىڭ سوغىقى جاندىن» دىگەندەك، تاغنىڭ سوغ شامىلى دۇمبىلەرنى خېلىلا قورۇپ تۇراتتى. شۇڭا، ھەر كۈندىكىدەك، بۈگۈنمۇ گۇگۇم چۈشە ـ چۈشمەيلا تەرەپ ـ تەرەپتە گۈلخانلار يېقىلىپ، ئېدىرلىقنىڭ ئىچى كۈندۈزدىكىدەك يورۇپ كەتتى. گۈلخانلارنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئادەملەر قورال ـ ياراقلىرىنى يېنىغا تاشلاپ قويۇپ، ئېرغاي چىۋىقلىرىدىن ياسىۋالغان زىقلىرىدا كاۋاپ پىشۇرۇپ، ئويۇن ـ چاخچاق بىلەن خاتىرجەم ئولتۇرۇشاتتى. چۈنكى، شامەخسۇتنىڭ ئەلچىلىرى قايتىپ كەتكىنىگە ئون كۈن بولغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە بىرەر چېرىكنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. قۇمۇل تەرەپتىن كېلىپ، قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇۋاتقان كىشىلەرمۇ، شەھەردە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى سۆزلەيتتى، شۇنىڭغا قاراپ قوزغىلاڭچىلار، ئېھتىمال، شامەخسۇت ھۇجۇم قىلىشتىن قورققان بولسا كېرەك، دىگەن خىيال بىلەن سەل بوشىشىپ قال-

غان ئىدى. ھەتتا تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۆزىمۇ، «ئەمدى شامەخسۇت ئەلچى ئەمەس، چېرىك چىقىرىدۇ» دېگەن پىكىردە سەل ئىككى- لىنىپ، «ئېھتىمال، چېرىك چىقارماي، يەنە ئەلچى چىقىرىدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن خىيالغا كېلىشكە باشلىدى ۋە ھەمراھلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، «پاراڭ-ماراڭغا قوشۇپ، ناخشا-پاخشىمۇ ئېيتمايمىزمۇ» دېدى. قارا بوسۇق: «راست ئېيتتىڭ تۆمۈر ئاكا، مەن باشلاپ بېرەي» دەپ مىلتىقىنىڭ قوندىقىنى چېكىپ ئولتۇ- رۇپ ناخشا باشلىدى:

قاتار - قاتار كۆرۈنگەنلەر
كارىز دارىغى.
بىزنىڭ يارنى كۆرسەتمىگەن
يولنىڭ يىرىغى.

يەنە بىرنەچچە يىلەن قارا بوسۇقتا ئولاپلا، خوددى شۇ ۋەزىندىكى قوشاقلارنى ئېيتىشقا باشلىدى:

قاتار - قاتار ئۇچقان تورنا
شارغا① بارامسەن؟
مەن يارىمغا خالتا بېرەي
ئالغاش بارامسەن؟

ئىگىز - ئىگىز تاغ بېشىدا
چىراق كۆيەدۇر،
چىراق ئەمەس، يارنىڭ ئوتى،
يۈرەك كۆيەدۇر.

① شەھەرگە دېمەكچى.

ياندىكى بىر گۈلخاندىن راجى بالىنىڭ ناخشىسى ئاڭلاندى:

قاراڭغۇ تۈن، قارىياغاچ مېنىڭ يولدىشىم،
شىلدىرلىسا يوپۇرمىغى، ھۇشياردۇر بېشىم.
دۈشمەن بىلەن جەڭلەر قىلىپ، مەن ئۆلەر بولسام،
مەن غېرىپنى ياد ئېتەرمۇ جان قېرىندىشىم.

— توختاڭلار، توختاڭلار! ناخشىغا قوشۇپ ئۇسۇلمۇ ئوينايلى، — دىدى قاسىم قىزىق ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، ئاندىن بېشىدىن كىگىز قالپىغىنى ئېلىپ، داپ قىلدى - دە، شوخ ئاھاڭدىكى بىر ناخشىنى باشلاپ ئۇسۇلغا چۈشتى:

ساماۋارىم بوسىدى،
چايلىرى قايناپ تۇرسىدى.
بىر چىنە چاينى ئىچكۈنچە،
يارلىرىم ئويناپ تۇرسىدى.

ساماۋارنىڭ سازىمەن،
چۆلدە ئۇچقان غازىمەن.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
ئۆلگەنىمگە رازىمەن.

قاسىم قىزىققا قوشۇلۇپ، بەش - ئالتە يىگىت ئۇسۇلنى قىزىتىۋەتتى. ئامانقۇل بىلەن ئايقىزنىمۇ ئۇسۇلغا تارتتى.

تۈن نىسپىگە يېقىنلاشقاندا، ھەممەيلەنگە ھاردۇق يەتتى چېغى، گۈلخانلار ئەتراپى جىمىپ قالدى. بەزىلەر خورەك تارتىشقا باشلىدى. ئاندا - ساندا ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. «قارا يىلپىز» مۇ، ئامانقۇل بىلەن ئايقىزنىڭ ئاياق تەرد-

پىدە، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ جىم ياتاتتى.

تاڭ سۈزۈلەي دەپ قالغاندا، تويۇقسىزدىن «تاڭ-تۇڭ» قىلىپ، ئىككى پاي مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ "قارايىلپىز" قاتتىق قاۋاپ كەتتى. ئەندىكىپ ئويغانغان كىشىلەر ھوشىنى يىغىپ بولغىچە، ئىدىرلىقنى مىلتىق ئاۋازلىرى قاپلاپ كەتتى. ئاتلار كىشنەپ، پاتىپاراقچىلىق باشلاندى. ھەممە ئادەم ئۆز ئېتىغا يۈگۈردى، «ھودۇقماڭلار! تاڭ يورۇغىچە ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇڭلار!» دەپ ۋاقىرايتتى تۆمۈر خەلپە ئاتقا مىنىۋېتىپ.

## 2

بۇ مۇنداق ۋەقە ئىدى: شامەخسۇت ئۆز ئەلچىلىرىدىن تۆمۈر خەلپىنىڭ جاۋابىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ساقىلىنى گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈك سالغان بارماقلىرىغا يۆگەپ، يۇلۋەتكۈدەك قىلدى-دە، ئوردا بەگلىرىنى ئامبال يامۇل بىلەن شيەتەي يامۇلغا چاپتۇردى. ئامبال بىلەن شيەتەي كېچىكمەي كېلىشتى ۋە شۇ ئاخشىمى قاتتىق مەخپىيەتلىك بىلەن ھەربىي كېڭەش ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كېڭەشكە شامەخسۇت ئۆز كىشىلىرىدىن ھاشىر تەيجى، قىزبەگ غوجا، سايىم ئۈچبېگى①، ئەخمەتشا تۇڭچى ۋە تۇرشا تۇغبېگىدىن باشقا ھېچكىمنى قاتناشتۇرمىدى. يېرىم كېچىگىچە سوزۇلغان كېڭەش نەتىجىسىدە مانجۇ خانلىقىنىڭ قۇمۇلدىكى لەشكەر بېشى چۆشيەتەي ئوتتۇرىغا قويغان لايىھە بويىچە مۇنداق قارارغا كېلىشتى: ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق يەرلىك چېرىكلەر بىلەن شيەتەي يامۇل چېرىكلىرىنى قوشۇپ، تۆت يۈز كىشىلىك قوشۇن تەشكىل قىلىنىدۇ؛ بۇ قوشۇنغا خىل قوراللار تارقىتىپ بېرىلىدۇ؛ شيەتەي بىلەن قىزبەگ غوجا سەرلەشكەر بولىدۇ؛ پۈتۈن تەي-

① ئۈچبېگى — قوشۇننىڭ ئالدىنقى قىسمى، يەنى رازۋېتكا قىسمىنىڭ باشلىقى.

يارلىق ۋە مەشق ئىشلىرى قەتئىي مەخپىي ئېلىپ بېرىلدى. ھەربىي يۈرۈشنىڭ مەقسەت-نىشان ۋە ۋاقىتلىرى ئەسكەرلەردىنمۇ سىر تۇتۇلدى؛ قوشۇن يۈرۈش باشلىغاندا، كېچىسى مېڭىپ، كۈندۈزى ئۆزىنى پىنھان تۇتتى. نىشانغا يېقىنلاشقاندا، ئات تۇياقلىرى بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ ئاياقلىرىغا بىرنەچچە قات كىگىزدىن چو-رۇق تارتىلدى، ھۇجۇم تاڭ سۈزۈلۈشتىن سەل بۇرۇن باشلاندى. يۈرۈش قىلىدىغان كۈننى مۇمكىن قەدەر كېچىكتۈرۈپ، ئىسيانچى-لارنى غەپلەتتە قالدۇرۇش لازىم.

كېڭەش ئاياقلاشقاندا، شامەخسۇتنىڭ ئىشارىتى بىلەن ھاشىر تەيجى قىزىل دۇخاۋا يېپىلغان ئىككى پەتنۇس ئەپكىلىپ، ئامبال بىلەن شيەتەينىڭ ئالدىغا قويدى. شامەخسۇت دۇخاۋا يوپۇقنى ئېچىپ «ئاز بولسىمۇ» دېدى. ھەر بىر پەتنۇستا ئون زىخ ئالتۇن پارقىراپ تۇراتتى. ئامبال بىلەن شيەتەي رەھمەت-ھەشقاللا ئېيى-تىپ، شامەخسۇتقا غەلىبە تىلىدى.

كېڭەش بولۇپ، ئونىنچى كۈنى تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە، چېرىكلەر قورايىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقچۇق دىگەن سايدىن ئۆتتى ۋە خۇددى ئۆز دۈشمىنى قېشىغا تۈيدۇرماي كېلىپ، نەشتەر ئۇرۇشقا تەييارلانغان زەھەرلىك قارا يىلاندەك، ئىدىرلىقلار ئىچىگە توپلاندى. تاڭ سۈزۈلەي دەپ قالغاندا، سايىم ئۈچىبېگى پۈتلىرىغا كىگىز چورۇقلارنى تارتقان يەتتە چېرىكنى باشلاپ، ئاقچۇق سېيىغا تۇتاشقان ئىدىرلىققا كىرگەندە، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەڭ ئال-دىنقى ئۆتكەلدە تۇرغان ئىككى قاراۋۇلى جۇۋىغا يۆگىنىپ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە ھەر ئىككىسى بو-غۇزلاپ تاشلاندى. سايىم ئۈچىبېگىنىڭ بەلگە بېرىشى بىلەن ئۇ يەرگە يەنە بىر توپ چېرىك يېتىپ كەلدى. سايىم ئۈچىبېگى يىگىر-مىدەك چېرىك بىلەن يېرىم چاقىرىم ئىلگىرىلىگەندە، قوزغىلاڭچىلار-نىڭ ئىككىنچى ئۆتكەلدە تۇرغان ئۈچ قاراۋۇلىنى كۆردى. ئۇلار-دىن ئىككىسى ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، بىرى تاماكا چېكىپ ئول-

ئۇراتتى. هايىت-ھۇيت دىگۇچە بۇ ئۇچەيلەنمۇ قۇربان بولدى،
سايىم ئۇچىنچىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئارقىدىكى چېرىكلەر تېز
ئىلگىرىلەپ ماڭدى. يەنە يېرىم چاقىرىمدىن كېيىن، قوزغىلاڭچى-
لارنىڭ ئۇچىنچى ئۆتكەلدىكى قاراۋۇللىرى كۆرۈندى. ئۇلار ئوندەك
ئادەم بولۇپ، كۆپى ئۇخلاپ قالغان بولسىمۇ، ئىككىسى ئويغاق
ئولتۇراتتى. بۇ ئىككىيلەن قانداقتۇ بىر شەپە تۇيغاندەك، «كىم-
سەن؟» دەپ ۋاقىرىشىغا سايىم ئوق چىقاردى. شۇنداق قىلىپ،
جەڭ باشلىنىپ كەتتى. قاراۋۇلدىكى يىگىتلەر ناھايىتى چاققانلىق
بىلەن مۇداپىئەگە ئۆتۈپ، دۈشمەندىن ئون نەچچىسىنى يەر چىش-
لەتتى. يىگىتلەردىن ئۈچ كىشى شۇ يەردىلا قۇربان بولدى.

يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، دۈشمەننىڭ قىلىن توپى باستۇرۇپ
كەلگىچە قوزغىلاڭچىلار تاڭ قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى
دالدىغا ئېلىۋالدى. چېرىكلەر ھەر بىر كۆرۈنگەن تاش-كىسەكنىمۇ
ئادەم دەپ نەچچە مىڭ پاي ئوق ئېتىشەتتى ۋە خېلى ئىچكىرىلەپ
ئادەمسىز ئىدىرلىقلارنى ئىشغال قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىچە قوزغىلاڭ-
چىلارنى جىق ئۆلتۈردۇق ۋە قاچۇرۇۋەتتۇق دەپ كۆرەڭلىشەتتى.
ھەقىقەتەنمۇ، بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن قورقۇپ، قېچىپ قۇيۇش
بىلەن ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، نىشانغا ئېلىنىپ قالغانلاردىن بىر-
نەچچە كىشىگە ئوقمۇ تېگىپ كەتتى. بىرقانچە ئات ئۆلدى.

بىراق تاڭ يورۇپ، ئاق-قارىنى ئىلغىغىدەك بولغان ھامان
ئۆڭكۈر، قورام تاش ۋە دەل-دەرەخلەر ئارىسىدىن ئەجەل ئوق-
لىرى شۇنداق يېغىشقا باشلىدىكى، كۆن نەيزە بويى كۆتىرىلگىچە،
چېرىكلەرنىڭ يېرىمى دىگىدەك قىرىلىپ كېتىپ، قالغانلىرى ئۆلەر-
تىرىلىشىگە باقماي قېچىشقا باشلىدى. ئاقچۇق سېپىنىڭ ئىدىر-
لىقلارغا تۇتاشقان يېرىدە غەلىبە خەۋىرىنى كۈتۈپ تۇرغان
شىيەتەي بىلەن قىزبىبەگ غوجىمۇ، ئاتلىرىغا قامچا ئۇرۇپ،
ئۆز مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە بەدەر تىكىۋەتتى. ساينىڭ
ئىچى چاڭ-توزاڭ بىلەن قاپلاندى.

يىگىتلەر قوغلاشقا باشلىدى. تۆمۈر خەلپە بوز ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قاتتىق تارتىپ، «قوغلىماڭلار، قوغلىماڭلار!» دەپ ۋاقىرىدى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، «توختاڭلار، ھاي توختاڭلار!» دەپ ۋاقىرىدى يەنە بىرقانچەيلەن، يىگىتلەر ئاتلىرىنىڭ تىزگىنلىرىنى تارتىشقا باشلىدى. قىزىپ كەتكەن ئاتلار ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتىرىپ دەھشەتلىك كىشنەيتتى؛ بەزىلىرى ئىگىلىرىگە تەن بەرمەي تىزگىن سىرىپ، ئەپقاچماقچى بولاتتى؛ بەزىلىرى يەرنى چاپچىپ پىقىرايتتى.

— بۇ دۆيۈزلەرنى قوغلاپ بېرىپ قىرىۋەتسەك بولمامدۇ؟ — دېدى قىزىپ كەتكەن قارا بوسۇق.

— ياق، تۈزلەڭگە چىقىپ قالساق، جىق چىقىمغا ئۇچراپ كېتىمىز، دەپ چۈشەندۈردى تۆمۈر خەلپە.

شۇ ئارىدا، كىمدۇ بىرى راجى بالىنىڭ دۈشمەن ئارقىسىدىن ئۆزى يالغۇز قوغلاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ھەممىسى دىققەت بىلەن ساي تەرەپكە قاراشتى. يىراقتا ئاسمان پەلەك چاڭ-توزاڭدىن باشقا ھېچنىمە كۆرۈنمەيتتى.

— ھەي يامان بوپتۇ، چاپسان بېرىپ ئۇنى قايتۇرۇڭلار! — دېدى تۆمۈر خەلپە ئامانقۇلغا قاراپ.

ئامانقۇل تۆت يىگىت بىلەن سايغا ئات سالدى. ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى يەرگە تەگمىگەندەك كۆرۈنەتتى. بىراق، تۆت-بەش چاقىرىم ئىلگىرىلىگەندە، دۈشمەننىڭ پىستىرمىسى بىر يىگىتنى ئاتتىن ئۇچۇرۇۋەتتى. بىر دەملىك ئېتىشىۋازلىقتىن كېيىن، يەنە بىر يىگىت يارىلاندى. ئوتتۇزدەك چېرىك ئۈمىلەپ كەلمەكتە ۋە ئۆلۈۋاتقىنىغا قارىماي ئامانقۇللارنى قورشىۋېلىشقا تىرىشماقتا ئىدى. ئامانقۇل ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى بايقاپ، چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى...

بايا راجى بالىمۇ خۇددى شۇ پىستىرمىغا ئۇچراپ قالغان ئىدى. ئۇ، يەرگە بېغىرلاپ يېتىۋېلىپ، ئوقنى تۈگىگىچە بىر نەچچە

چېرىكنى جېنىدىن جۇدا قىلدى. ئوقى ئۆتكەندىن كېيىن، مىلتىقنىڭ پايىنىگى بىلەن بىرقانچىسىنىڭ بېشىنى ياردى. ئاخىرى، كۆپكە تەڭ كېلەلمەي تىرىك قولغا چۈشۈپ قالدى.

شىيەتەي بىلەن قېزبەگ غوجا ئاقچۇق سېپىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بىر مەلىگە جايلاشقان قارارگاھىدا راجى بالىنى سوراق قىلىشقا كىرىشتى. باش - كۆزى يېرىلغان راجى بالا قېرى قارىياغاچقا مەھكەم تېڭىپ تاشلانغان ئىدى.

— راستىڭنى ئېيت، ئادەملەر زادى قانچە؟

— ئاسماندىكى يۇلتۇزلار قانچە بولسا شۇنچە!

— ئۇر يەنە! — دەپ يەرنى تەپتى قېزبەگ غوجا. جاللاتلار ئىشقا چۈشۈپ، راجى بالىنى ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. يەنە سۇ سېپىپ ھوشىغا كەلتۈردى.

— ئېيتامسەن - يوق؟ بولمىسا، ياش جېنىڭدىن ئايرىلىسەن!

— شامەخسۇتنى ئۆلتۈرەلمىگىنىمگە ئارمىنىم بار.

— ھە ... سەن تېخى چىڭگاڭ غوجامنى ئۆلتۈرمەكچىمىدىڭ؟

— قولۇمغا چۈشۈپ قالسا، چايناپ پۈركۈۋېتەتتىم.

— بولدى، بۇنى ئوجۇقتۇرۇڭلار! — دىدى قېزبەگ غوجا گەپنى تۈگىتىپ.

ئۆزىنىڭ «تۆگچى»سى ئارقىلىق ھەممە گەپنى ئۇقۇپ تۇرغان شىيەتەي مۇنداق دىدى:

— ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىماڭلار، بۇ يىگىتنىڭ يۈرىگى قانچىلىك چوڭكىن؟ ئاۋال مەن ئۇنى بىر كۆرۈپ باقاي!

قېزبەگ غوجىنىڭ ئىشارىتى بىلەن سايىم ئۇچبېگى يەڭلىرىنى تۈرۈپ، راجى بالىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە خەنجەر بىلەن ئۇنىڭ كۆكرىكىنى يېرىپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، شىيەتەيگە كۆرسەتتى. بېغىشىدىن ئۈزۈپ ئېلىنغان قىپ - قىزىل يۈرەك بىر خىلدا لىپىلداپ تۇراتتى. شىيەتەي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. قېزبەگ غوجا بىلەن سايىم ئۇچبېگىدىن باشقا، چېرىكلەرنىڭ

ھەممىسى دىگىدەك باشلىرىنى تۆۋەن قىلىپ يەرگە قارىۋالدى،

— ھەي نان قېپىلار، — دىدى شىيەتەي چېرىكلەرگە قاراپ، — مەن بۇ بالىنىڭ يۈرىگىنى ئۆزىنىڭ بېشىدەك بارمىكىن دىسەم، ئۇنچىلىك ئەمەس ئىكەنغۇ. ئۇ نىمىشقا شۇنداق قورقۇمسىز، باتۇر؟ سىلەر نىمىشقا مۇنداق قورقۇنچاق؟

ئىككى كۈندىن كېيىن، راجى بالىنىڭ قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان بولغان خەۋىرى تاققا ئاڭلاندى، كىسدۇ بىرى ئۇنىڭ نامىنى دەرھال قوشاققا قاتتى. بۇ قوشاقلار قاسىم قىزىقنىڭ ئاغزى بىلەن مۆڭلۈك ناخشىغا ئايلىنىپ، ھەممىگە تارقالدى:

قوراي دىگەن تاش ئىكەن،
تۆمۈر خەلپە باش ئىكەن.
ئەجەپمۇ ئۆلۈپ كەتتى،
راجى بالا ياش ئىكەن.

قوراي يولى زەرەتلىك،
ئۇنىڭ ئىچى ھەيۋەتلىك.
ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن،
راجى بالا رەھمەتلىك①.

① بۇ قوشاقلار «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» ھەققىدىكى خەلق داستانىنىڭ تەركىۋىي قىسمى سۈپىتىدە، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

# ئون تۆتىنچى باپ

# ۋالڭ ئوردىسىدا بىر كېچە

شوخلۇق، بەگۋاشلىغىڭلارنىڭ —
قۇربانىدۇر ھەممىسى.
خىنە ئەمەس قولۇڭلاردىكى، قىپ-قىزىل قان!

— رىزا تەۋپىق

## 1

راجى بالىنىڭ سۆيگىنى گۈلقىز، ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق ئىدى، چىرايلىقلا ئەمەس، بەك مېھرى ئىسسىق مۇلايىم قىز ئىدى. ئۇنىڭ بوتا كۆزلىرى چولپان يۇلتۇزدەك كۈلۈپ تۇراتتى. «ئاتىنىڭ چىرايلىغى تورۇق، قىزنىڭ چىرايلىغى ئورۇق» دىگەنىدەك، ئۇنىڭ ئورۇقراق كەلگەن زىلۋا بويىمۇ، ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى.

بۇلتۇر كەچكۈزدە، ئۇنى شامەخسۇتقا دەپ ئوردىغا ئەپكىرگەن

كۆڭلىنىڭ ئۆزىدىلا پۇجۇڭ ئاغىچىنىڭ قوسىقىغا جەم قىلدى. ئۇ، ئېرى شامەخسۇتنىڭ «دورىلىق ئۇچۇن» ياش قىزلارغا ۋاقىتلىق نىكاھلىنىپ تۇرۇشىغا ئانچە تارلىق قىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، گۈلقىزنى كۆرگەندىن كېيىن، كېلەچەكتىكى خەۋپنى ئالدىن تۇيۇپ قالغاندەك، بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شامەخسۇتمۇ گۈلقىزنى كۆرگەن ھامان، ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن سىنچىلاپ قارىۋالدى ـ دە، مېيىغىدا كۈلۈپ قويغان ئىدى، شۇڭا، پۇجۇڭ ئاغىچا «بۇ تېجىمەل ئاۋۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدىكەن، مۇبادا ۋاڭنىڭ كۆڭلى بۇنىڭغا چۈشۈپ قالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟» دەپ ئويلاپ قالدى ۋە ئەتىسىلا ئايسە ئاپپاققا دەرت تۆكۈپ بەردى. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئوردا ھەرەمخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ قېرى دەللە شامەخسۇت ۋاڭ بىلەن پۇجۇڭدىن تارتىپ، ھەممە ھەرەم ئەھلىنىڭ خۇلقى ـ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى، پۈتۈن شەھەردىكى بەگ ـ خېنىملارنىڭ ئائىلىۋى ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن، ئارىلاپ ئوغلى تۇرشا توغىبېگىنىڭ «ئوردا خىي» دىگەن مەلىدىكى ئۆيىدىمۇ، بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپ كېلەتتى ۋە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى پۇجۇڭ ئاغىچىسىغا ئېيتماي ـ تېمىتماي يەتكۈزۈپ تۇراتتى. پۇجۇڭ ئاغىچىمۇ، ھەرقانداق سىرىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرمايتتى.

بۈگۈنمۇ، پۇجۇڭ ئاغىچا ئۆز دەردىنى تۆكۈش بىلەنلا، يەرنىڭ ئاستىدا يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى تۇيىدىغان ئايسە ئاپپاق دەرھال گەپنىڭ تېگىگە يەتتى ۋە قاش ـ قاپىقىنى سوزۇپ مۇنداق دىدى:

— ئۇلۇغ خۇدايىمىزە، پۇجۇڭ ئاغىچىمىزدىن ھېچنىمىنى ئايىمايتىكەن. ھۆسنى ـ چىرايىدىمۇ، ئەقىل ـ دانىشىدىمۇ ئۆزلەردىن يۇقۇرى تۇرىدىغان كىشىنى كۆرمىدىم. بىزگە ئوخشاش گالۋاڭلارغا قالسا، ھېچنىمىنى تۇيماي يۈرىۋېرەتتۇق. قارىسىلاچۇ ئۆزلەنى؛ سۆز كەلمەستە توغان تۇت دەپ، بۇ ئىشقا شۇنچە بۇرۇن كوش قىپتىلا. دىمىسىمۇ، بۇ تېجىمەلنىڭ كۆزى ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆڭلىنى

رىشتىسىنى خۇددى تىككەندەك ئىلۋالايلا دەپ تۇرىدىكەن. خۇ-
دايىم ساقلىغاي، كونىلار ئېيتقاندەك، كۆڭۈل دېگەن كۆزى يوق نىمە.

ئاق جۇجەم پىشتى، تۆكۈلدى،
يىمىدىم، تاتلىق ئىكەن.
دۇنيانىڭ مازۇزلىغى —
ئاشىق بىلەن مەشۇق ئىكەن.

دەپ، چىلىڭ گاڭ غوجام ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي قالمىغاي يەنە.

بۇ گەپلەر بىلەن پوجۇك ئاغىچىنىڭ غېمى تېخىمۇ ئېشىپ، «ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ بىر چىمىدىم ئوغا بىلەن ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىۋېتەيمۇ - يا!» دىدى.

— گاختى ئەمەسمىكىن، خېنىم، — دىدى ئايسە ئاپپاق.

— ئەمىسە، ئۆزىڭىز بىر چارە تاپمامسىز! — دىدى پوجۇك، ئايسە ئاپپاقنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ، يالۋۇرغان بىر ئاھاڭدا.

ئايسە ئاپپاق چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەندەك، بىردەم جىم ئولتۇردى - دە، مۇنداق دىدى:

— «جەڭ قىلار غەم لەشكىرى ھەركۈن بۆلەك، گۆش سىزىپ، پوستۇم قالار سۆڭەك بىلەن» دەپتىكەن، خېنىم. ھەزرەتلىرى تولا غەم يېمىسىلە. مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلسۇن دەپ، ھازىرەنىلىككە كېچە - كۈندۈز يانلىرىدىن داجىتماي، بىر زامان تۇتۇپ تۇرسىلا ئاخىرى،

ئەشكەن ئاشىمىسىز، كەسكەن ئاشىمىسىز،
قازانغا چۈشۈپ ئېزىلگىلى؛
ماشىمىسىز، پۇرچاقمىسىز،
بولۇقدا تۇرۇپ چىرىگىلى.

دىگەندەك، بىر بۇلۇڭدا تۇرىۋەرمەمدۇ. ئاندىن گاختى كەلگەندە ...
ھەم ... نىمە قىلىسىلا ئىختىيارلىرى ئەمەسمۇ؟

بۇ مەسلىھەت پۇجۇڭ ئاغىچىغا ياغدەك ياقتى. ئايىسەئاپپاق
بۇ خىزمىتى ئۈچۈن بىر ئالتۇن ئۈزۈك مۇكاپات ئالدى. ھەقىقەتتە
بولسا، ئايىسە ئاپپاق شامەخسۇتىنىڭ گۈلقىزغا كۆزى چۈشۈپ قال-
غانلىغىنى ئەستە تۇتۇپ، بىر چاغدا ئىككى پاختەك سوقىماقچى،
يەنى قاچانلا بولمىسۇن، بىر كۈنى شامەخسۇتتىنمۇ مۇكاپات ئالماقچى
بولۇپ، بۇ مەسلىھەتنى بەرگەن ئىدى.

شۇنىداق قىلىپ گۈلقىز ئاق سېرىق كەلگەن ئۈزۈن تۇرا
زەينەپنىڭ ئورنىغا پۇجۇڭ ئاغىچىنىڭ خاس دىدىگى بولۇپ قالدى.
پۇجۇڭنىڭ ئورنىنى يىغىش، تەرىتىگە سۇ بېرىش، غىزا - تاماق
توشۇش، ئورۇن - كۆرپىسىنى سېلىش، يېنىشتىن تارتىپ، ئاخشىمى
پۇت - قوللىرىنى تۇتۇشقىچە ھەممە ئىشلارنى گۈلقىز قىلاتتى؛
كېچىلىرىمۇ، پۇجۇڭنىڭ ئاياق تەرىپىدە كىيىم - كېچىگى بىلەنلا
تۈگۈلۈپ ياتاتتى؛ شامەخسۇت ۋاڭ پۇجۇڭ ئاغىچىنىڭ ھوجرىسىدا
قونغان كېچىلىرىلا، باشقا دىدەكلەرنىڭ يېنىدا يېتىپ قالاتتى.

پۇجۇڭ ئۆز ئادىتى بويىچە، بەزى ئەتىگەنلىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ
روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇسا، بەزى كۈنلىرى چىرايلىق مۇقاۋى-
لانغان قېلىن بىر كىتاپنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ، ئۈيەر - بۇيېرىنى
ئوقۇپ قوياتتى (بۇ، «چاھار دىۋان» ① ئىدى). مۇشۇنداق چاغ-
لاردىمۇ، گۈلقىز يەگا تەرەپتە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا «يولداش» (ھەم-
را) بولۇشى لازىم ئىدى. بىر كۈنى پۇجۇڭ ئاغىچا شۇ كىتاپ-
تىكى بىر غەزەلنىڭ بەزى مىسرالىرىنى تەكرار - تەكرار ئۈنلۈك
ئوقۇشقا باشلىدى:

نەۋ باھار ئەييامى بولمىش، مەن دىيارۇ يارىسىز،
بۇلبۇل ئولغاندەك خازان پەسلى گۈلۈ گۈلزارىسىز.

---

① «چاھار دىۋان» ياكى «خەزا ئىنۇل مەئانى» — ئەلىشىر ناۋائىينىڭ تۆت دىۋاندىن تەركىپ تاپقان چوڭ ھەجىملىك توپلىمى.

تاڭ ئەمەستۇر، گەردىيارۇ يارسىز ئازۇردەمەن،
كى ئەمەس بۇلبۇل گۈلۈ گۈلزاردىسىز ئازارسىز.
تاپمەدۇق گۈل-رەڭگى جامى بىخۇمار، ئەي باغبان،
ۋەھكى، بۇ گۈلشەن ئارا گۈل پۈتمەس ئەرمىش خارىسىز.

گۈلقىز بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە چۈشىنەلمىسىمۇ، خۇددى كىمدۇ بىرى ئۇنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىۋاتقاندەك، ھۆڭگۈر-ئېتىپ يىغلاپ تاشلىغۇسى كەلدىيۇ، پۇجۇڭدىن قورقۇپ دېمىنى ئىچىگە يۇتقان پېتى يەرگە قاراپ جىم ئولتۇرۇۋالدى. شۇ تاپتا خىيال قۇشلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن گۈزەل ئىدىر تاغلىرىدا جەۋلان قىلاتتى، مېھرىۋان ئاتا-ئانىسى، قوۋمى-قېرىنداشلىرى ۋە بىر مەلىدە چوڭ بولغان سۆيۈملۈكى راجى بالا كۆز ئالدىدا تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ، قۇلىغىغا ھىچنېمە كىرمەيتتى.

— ھەي تېجىمەل، شۇنچە قىچقارسام ئاڭلىمايسەنغۇ! ئىشەك قۇلىغىڭ پاڭ بولۇپ قالدىمۇ؟ — دەپ بىرنى تەپتى پۇجۇڭ.

شۇ چاغدىلا، گۈلقىز ھوشىغا كېلىپ، ئورنىدىن دەس قوپتى-دە، قول باغلاپ تۇرۇپ «خوش خېنىم» دېدى.

— ماڭ، ئۇسسۇلۇق ئەپكىر!

## 2

كۈنلەر ۋە ئايلار شۇنداق ئۆتىۋەردى. پۇجۇڭ ئاغىچىنىڭ بۇرۇنقى خاس دېدىكى زەينەپ «بۇ تېجىمەل نەدىنمۇ كەلدى» دەپ گۈلقىزغا رەشك قىلىپ، ئۇنى گەپتە چېقىۋېلىشقا تىرىشاتتى. باشقا دېدەكلەر «گۈلقىزدىن بىزنىڭ كۈنىمىز ياخشىراق، ھەر قانچە بولغان بىلەن كېچىسى ئارام خۇدا ئۇخلىيالايمىز» دەپ ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتىشاتتى. ھەقىقەتەنمۇ گۈلقىز شۇنداق ئەھۋالدا قالدىكى، ئۇ ئەمدى ھەممە دەرتلىرىنى بىرياققا قايرىپ قويۇپ، شامەخسۇتنىڭ پۇجۇڭ ئاغىچا قېشىدا پات-پات قونۇپ قېلىشىنىلا

تىلەيدىغان، شۇنداق بولغاندا، بۇ سۆزەڭگۈر ئايالنىڭ ئۇششاق گەپلىرىنى بىر كېچە بولسىمۇ ئاڭلىماي، ئۆزىگە ئوخشاش دىدەكلەر بىلەن هال - مۇڭ قىلىشىشقا، يوتقاننى چۈمكىنىۋېلىپ بولسىمۇ، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ، ئىچىنى بوشىتىۋېلىشقا پۇرسەت تېپىلغان بولاتتى. ئەمدى بولسا، ئەتىياز كىرىش بىلەن خۇددى قېرىشقاندەك، پۇجۇڭ ئاغىچىنىڭ تاۋى يوق بولۇپ قالدى. شامەخسۇتمۇ پەقەت كۈندۈزلىرى كىرىپ هال - ئەھۋال سوراپ قويۇپلا چىقىپ كېتىدىغان بولدى.

ئون ئۈچىنچى باپتا ئېيتىلغىنىدەك، شامەخسۇت تاقتا چېرىك چىقىرىش بىلەن بەنت بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، پۇجۇڭ ئاغىچىنىڭ ئىسسىتمىسى بىردىنلا ئۆرلەپ، ئۇيقۇسى كەلمەس بولۇپ قالدى. ئوردا تېۋىپلىرى ئوتتۇرىغا تارتىلغان پەردىنىڭ بۇ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، پۇجۇڭ ئاغىچىنىڭ ئاپپاق بىلەكلىرىگە نېپىز داكا يېپىپ، ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆردى ۋە تەكەللۇپ بىلەن بەزى گەپلەرنى سوراپ، هەر خىل دورا - شەرۋەتلەرنى تەييارلاپ بەردى.

شىيەتەي بىلەن قېزبەگ غوجا تۆت يۈز چېرىك بىلەن تاقتا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، شامەخسۇتنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپ، ئەمدى ئۇ پەقەت «غەلىبە» خەۋىرىنىلا كۈتۈپ تۇراتتى. شۇڭا، ئەتىسى ئوردا مەسچىتىدە بامدات نامىزىنى خاتىرجەم ئوقۇپ بولۇپ، پۇجۇڭ ئاغىچىسىنى يوقلاپ كىردى. پۇجۇڭ قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدى. شامەخسۇت ئالتۇندىن هەل بېرىلگەن كارۋاتنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ، پۇجۇڭنىڭ پىشانىسىگە قولىنى قويدى.

— ئىسسىتمىسى خېلى يېنىپتۇ.

— خو...ش، گاڭ غوجام هەزرەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ دۇئالىرى بەركاتىدا، — دېدى ئايسە ئاپپاق، يەردىن ئۈستۈن قارىماي تۇرۇپ.

— بۈگۈن كېچە تىنچ ئۇخلىدىمۇ؟

— تىۋىپلار ئىككى كېچە - كۈندۈز ئۇخلايدىغان دورا بەردى.
شۇنداق قىلسا، ياخشى بولۇپ كەتكىدەك. ئاخشامدىن بۇيان،
ھېچنىمىنى تۇيماي قاتتىق ئۇخلاۋاتىدۇ، — ئايسە ئاپپاق شۇ گەپ-
لەرنى قىلىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ سىنچى كۆزلىرى شامەخسۇتنىڭ
كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بىردەم جىمىلىقتىن كېيىن،
شامەخسۇت گۈلقىزغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى. گۈلقىز پەگادا قول باغلاپ،
يەرگە قاراپ تۇراتتى.

— ياخشى، — دېدى شامەخسۇت ئىشىك تەرەپكە كېتىۋېتىپ.

ئايسە ئاپپاق ئىككى قەدەم ئىلگىرىلەپ، ئاجايىپ بىر
ناز - كەرەشمە بىلەن مۇنداق دېدى:

— ھەزرەتلىرىنىڭ نېمە يارلىقلىرى بارىكەن؟

— بۇيان چىقىڭ، — دېدى شامەخسۇت، ئايسە ئاپپاققا قارىماي
تۇرۇپ.

قاراڭغۇ دالاندا شامەخسۇت بىلەن ئايسە ئاپپاقنىڭ پىچىر-
لاشلىرى ئاڭلاندى.

3

كۈن پاتاي دەپ تۇرغاندا، ئايسە ئاپپاق زەينەپ بىلەن
يەنە بىر دېدەكنى پۈجۈكنىڭ ھوجرىسىغا باشلاپ كىرىپ، «بىر قە-
دەممۇ نېرى كەتمەيسىلەر، بولمىسا، نېمە كۈن كۆرىدىغانلىقىڭلارنى
بىلىسىلەرغۇ - ھە!» دېدى - دە، گۈلقىزنى باشلاپ ماڭدى. ئۇنى
چۆيۈن مەش قويۇلغان بىر ئىسسىق ئۆيگە ئەپكىرىپ، سۇ ئىسسىتىشقا،
پاكىزە يۇيۇنۇپ، باش - كۆزىنى ئوبدان تاراشقا، ئاندىن ھەممە كىيىملى-
رىنى يۆتكەشكە بۇيرۇدى ۋە قولىدىكى بوخچىنى ئالدىغا قويۇپ ئۆزى
چىقىپ كەتتى.

گۈلقىز ئۆزىنىڭ بېشىغا قانداق بىر قارا كۈننىڭ كېلىۋاتقا-
نلىقىنى دەرھال چۈشىنىپ، پەنجىرە تەرەپكە يۈگۈردى؛ ئىشىك

سىرتىدىن سولاقلىق ئىدى. نىمە قىلىشىنى بىلمەي، خۇددى قە-
پەزدىكى قۇشتەك تىپىرلاپ، سۇمبۇل چاچلىرىنى يۇلۇپ باقتى.
ئاخىرى، تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغ-
لاشقا باشلىدى.

بىرەر سائەتتىن كېيىن، ئىشىك ئېچىلىپ، ئايىسە ئاپپاق
كىرىپ كەلدى. ئۇ، گۈلقىزنى شۇ ھالەتتە كۆرۈپ، ئاچچىقىدىن
تىترەپ كەتتى ۋە گۈلقىزنىڭ بىقىنلىرىغا تېپىپ، ئاغزىنى
بۇزۇشقا باشلىدى:

— ۋاي يەر يۇتقۇر، تېخىچە ئولتۇرۇپسەنغۇ؟ مېنى رەسۋايى
ئالەم قىلىدىغان بولدۇڭ، ئەمدى غوجامغا نىمە دەيمەن؟ ئىسىت
ساڭا قىلغان ياخشىلىقىم! تېگى پەسنىڭ ئۆزى پەس دېگەن شۇ.
ھوي ئېچىمەل! — ئاندىن ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ، — ھاي گۈل-
چەرە، پاتەم بىلەن بۇيان كېلىڭلار! — دەپ ۋاقىرىدى.

گۈلچەرە دىگىنى ھەرەم خانىنىڭ كىرچىسى بولۇپ، ئوتتۇرا
ياشلىق بىر ئايال ئىدى. پاتەم مۇندىن بىر يىل بۇرۇن شامەخ-
سۇتنىڭ نىكاھىدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ، «تالاق» قىلىپ تاشلانغان
بىر دىدەك ئىدى.

ئايىسە ئاپپاق گۈلقىزنى يۇيۇندۇرۇپ، چاپسان جابدۇپ چى-
قىشنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى كۆزدىن غايىپ بولدى.

ئاسمان گۈمبىزى زالىمنىڭ كۆڭلىدەك قارىيىپ، سان - سا-
ناقسىز يۇلتۇزلار يېتىم - مىسكىنلەرنىڭ ياشلىق كۆزلىرىدەك غەمكىن
چېمىلداشقا باشلىغان چاغدا، ھەرەمخانە دەرۋازىسىدىن پانۇس كۆ-
تەرگەن پاتەم چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئايىسە ئاپپاق
بىلەن گۈلچەرىخان گۈلقىزنى قولتۇقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار شامەخ-
سۇتنىڭ خاس ھوجرىسى جايلاشقان بىر يورۇش ئۆينىڭ دالىنىدا
توختىدى. دالان قاتار - قاتار موم شاملار بىلەن كۈندۈزدىكىدەك
يورۇتۇلغان ئىدى. ئۇدۇلدىكى نەقىشلىك يوغان باغدات ئىشىكى قىيا
ئوچۇق تۇراتتى. تۇرشا توغىبېگى يالىڭاچلانغان قىلىچىنى تىك

تۇتۇپ، ئېشىك تۈۋىدە غادىيىپ تۇراتتى. گىلەم سېلىنغان سۇپىدا ياشىنىپ قالغان ئوردا ئىمامى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى. ئىمام ئايشە ئاپپاقنىڭ ھۆرمىتىگە ئورنىدىن تۇردى. ئايشە ئاپپاق ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ، ئۆزىمۇ گىلەمنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇردى؛ سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېيىلغان داستىخاندا بىر تىزىق چۇۋۇتا (ھەمەك) نان بىلەن بىر پىيالىدە ئازراق تۇز سۈيى تۇراتتى.

— قېنى باشلىسىلا ئاخۇنۇم، — دېدى ئايشە ئاپپاق.

ئىمام نىكاھ پەتىۋاسىنى ئوقۇپ بولۇپ، گۈلقىزغا قاراپ بىرنېمىلەر دېدى. تاۋا- دۇردۇنغا ئورالغان گۈلقىزنىڭ قۇلىقىغا ھېچنېمە ئاڭلانمايتتى. ئۇنىڭ گۈلدەك يۈزى تاتىرىپ، كۆزلىرى بىر چېكىتكە قادىلىپ قالغان ئىدى. ئەمدى بۇ كۆزلەردە نە ياش تامچىسى، نە ھايات شولىسى كۆرۈنمەيتتى. ئەگەر گۈلچەرىخان بىلەن پاتەملەر قولتۇقلاپ تۇرمىسا، ئۇ ھازىرلا ئارقىسىغا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى.

گۈلقىزدىن ھېچ سادا چىقمىغانلىقتىن، ئايشە ئاپپاق قاقتەك ئىككى پارچە ناننى تۇز سۈيىگە تەككۈزدى-دە، بىر پارچىسىنى گۈلقىزنىڭ ئاغزىغا تىقتى؛ ئىككىنچى پارچىسىنى چىنە تەخسىگە سېلىپ، پەتنۇس بىلەن ئىچكىرى ئۆيگە ئەپكىرىپ كەتتى. ئىمام دۇئا ياندۇرۇپ دالاندىن چىقتى.

ئايشە ئاپپاق ئىچكىرى ئۆيدىن قايتىپ چىقىپ، گۈلقىزنى قولتۇقلىدى ۋە سۆرىگەندەك قىلىپ، ئىچكىرى ئېلىپ كىردى. ئالتۇن شامدانلارغا سانچىلغان مۇم شاملار كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى. شامەخسۇت كېچىلىك كىيىملىرى بىلەن ئۇدۇلدىكى ئالتۇن ھەل بېرىلگەن نەقىشلىك كارۋاتتا پەر ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئايشە ئاپپاق گۈلقىزنىڭ بىقىنىغا نوقۇپ، «ۋاڭ غوجامغا تازىم قىلىڭ قىزىم» دەپ ئىككى قېتىم ئېيتتى. گۈلقىز ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغان ۋە ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك، بايىقى قىياپەتتە تۇرىۋەرگەن-

دىن كېيىن، ئايسە ئاپپاق ئۇنى سۆرەپ دېگىدەك كارۋاتنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. شامەخسۇت ئۆرە ئولتۇرۇۋېلىپ، كۆلۈمسىرە-گەن هالدا گۆلقىزنىڭ قولىنى تۇتتى. گۆلقىز ئۆزىنى شۇنداق چاق-قانلىق بىلەن ئەپقاچتىكى، شامەخسۇت بىلەن ئايسە ئاپپاق ئۇنىڭ قانداق قىلىپ قولدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى. «هاي، ئەدەپسىز» دەپ ۋاقىرىۋەتتى ئايسە ئاپپاق. گۆلقىز ئىشىكنى بىر تېپىپ دالانغا قاچماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا، تۇرشاتۇغبېگى خەنجەرسىمان ئىنچىكە قىلىچىنىڭ ئۇچىنى كۆكسىگە توغرىلاپ ئۇنى توسۇۋالدى. ئايسە ئاپپاق: «تۇت بۇ ئەدەپسىزنى!» دەپ يەنە ۋاقىرىدى. ئاڭغىچە گۆلقىز ئىككى قەدەم ئارقىغا داجىپ، ئۆزىنى كۆكرىكى بىلەن قىلىچقا شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، قىلىچ ئۇنىڭ كۆكسىگە بىر غېرىچتەك كىرىپ كەتتى - دە، گۆلقىز شۇ هامان يىقىلدى. قىلىچمۇ تۇرشاتۇغبېگىنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى.

گۆلقىزنىڭ كۆكرىكىدىن بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتقان قان ئۇنىڭ قاردەك ئاپپاق شايى كۆينىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى قىزىل دوخاۋا جىلتىكىسىگە ئوخشاش قىپ - قىزىل قىلىۋەتتى ....



# ئون بەشىنچى باپ

## ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

كۈچلۈك مەن دېمەڭگىن، ئۆزەڭدىن
كۈچلۈككە يولۇقسەن؛
مەن ھەيبارمۇ دېمەڭگىن، ئۆزەڭدىن ھەيـ
بارراققا ئۇچراپ قالسەن!

— قىرغىز خەلق ماقالى

1

شۇ ئاخشىمى شىيەتەي بىلەن قېزىبەگ غوجا قالدۇق چېرىكلەرنى باشلاپ، سالپىيىشقان ھالدا شەھەرگە قايتىپ كېلىشتى. ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن، قېزىبەگ غوجا شامەخسۇتنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. بۇ «شۇم خەۋەر» شامەخسۇتنى ئاخشامقى يارىسىغا تۇز سەپكەندەك سەگرىتىۋەتتى، ئۆز ئاچچىقىنى قېزىبەگ غوجىدىن ئالماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ

ياقسىدىن تۇتۇپ، ئاغزىنى بۇزدى. گەپ ئارىسىدا، شيەتەينى بىر-مۇنچە قاغاپ، «مەن ئۇ ئەپىيۇنكەشنىڭ ئاتقان پولىرىغا ئىشىنىپ كېتىپتىمەن، ئىسىت-ئىسىت» دەپ ساقلىنى يۇلۇشقا باشلىدى.

شۇ ئارىدا مەلۇمچى بەگ كىرىپ، ئامبالنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ئەخمەتشا تۇگچەمۇ ئامبالنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ قول باغلاپ تۇردى.

ئامبال بەي ۋىنچاۋ شامەخسۇتقا بىرمۇنچە تەسەللى سۆز-لىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— بۇ، كۈتۈلمىگەن ئىش بولدى. جانابىي شيەتەي چىلىڭ گاڭ غوجامنىڭ يۈزىگە قارىيالمايمەن دەپ، هوزۇرلىرىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. جاناپلىرىنىڭ ئالدىدا مەنمۇ خىجىل. ئەمما، ئەهۋالدىن قارىغاندا، گويا بىزنىڭ چېرىكلەردە ئەمەس ئىكەن. چۈنكى بىزنىڭ چېرىكلىرىمىز تاغ شارائىتىنى ياخشى بىلمەيدۇ. تاغدىكى ئوغرىلار چېرىكلىرىمىزنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ كېتىپتۇ. هېلى بولسىمۇ، بۇ ئوغرىلارنى يوقىتىشنىڭ ئامالى بار دەپ ئويلايمەن.

— قانداق قىلماقچى؟ — دېدى شامەخسۇت قاپىقىنى سىلىپ.

— مېنىڭچە يەرلىك خەلقتىن كۆپرەك ئەسكەر ئېلىپ، يەنە تاقىتا چىقارساق دەيمەن. تېرەك كېسىدىغان پالتىنىمۇ ياغاچتىن ساپلايمىز ئەمەسمۇ.

— يەرلىك خەلقتىن ئەسكەر ئالماق تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەرلىكلەردىن ئېلىنغان ئەسكەرلەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۆتكەن قېتىم ئۈرۈمچىگە ماڭدۇرغان ئەسكەرلىرىمىزنىڭ نىمە قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ! — دېدى شامەخسۇت.

— بۇ قېتىم ئۇنداق بولمايدۇ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ئامبال، — مەسىلەن، پادىچى بالا چېغىدا بىر توپ پادىنى بىر تال تاياق بىلەن ئۆزى يالغۇز هەيدەپ ماڭالايدۇ. گەپ ئۇلارنى قانداق باشقۇرۇشتا، ئۇلاردىن قانداق پايدىلىنىشتا. بىز شۇنداق

بىر ئىش قىلايلۇقكى، يا ئوغرىلار قىرىلىپ تۈگەيدۇ، ياكى ئىختىيارسىز تەسلىم بولىدۇ. ئۇرۇش سەنئىتى توغرىسىدىكى كىتاپلاردا، بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ دىگەن ھىكمەت بار. بىز شۇ ھىكمەت بويىچە ئىش قىلىمىز.

ئاندىن ئۇ، ئۆزىنىڭ ھۇجۇم پىلانىنى شامەخسۇتقا تەپسىلى چۈشەندۈردى.

شامەخسۇتنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— يەنە بىر خۇشخەۋەر بار، — دىدى ئامبالمۇ كۈلۈپ.

— خوش، قۇلىغىم ئامبال جاناپلىرىدا.

— ۋاڭ جاناپلىرىغا مەلۇمكى، ھىلىقى سۇڭ جۇڭشەننىڭ ئورنىغا يۈەن شىكەي① دىگەن كىشى دا زۇڭتۇڭ بولغان ئەمەسمىدى، قارىسىلا ئۇ، خانلىققا كارامەت سادىق ئادەم ئىمىش، ھازىردىن باشلاپ، جۇڭگو زىمىنىدا خانلىقنى قايتا تىكلەشكە كىرىشىۋېتىپتۇ. ئۇنداق بولغاندا، سۇ كېتىپ تاش قالىدۇ، ئوسما كېتىپ قاش قالىدۇ، دەپ ۋەزىيەت يەنە باشقىچە بولىدۇ. تاغدىكى ئوغرىلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، ۋاڭ جاناپلىرىنىڭ يەنە بېيجىڭغا زىيارەتكە بېرىشلىرى چوقۇم.

— ئىلاھىم ئېيتقانلىرى كەلسۇن، — دىدى شامەخسۇت.

شۇنىڭدىن كېيىن، يەرلىكلەردىن كۆپرەك ئەسكەر ئېلىپ، شيەتەي يامۇل چېرىكلىرى بىلەن بىرلىكتە يەنە تاققا ھۇجۇم باشلاش قارار قىلىندى.

① يۈەن شىكەي — (1859 — 1916) - شىڭخەي ئىنقىلاۋىغىچە، مانجۇ خانلىق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم ئەمەلدارلىرىدىن ئىدى، شىڭخەي ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە، چەتئەل جاھانگىرلىگىنىڭ قوللىشى بىلەن خانلىق ھۆكۈمەتنىڭ باش مىنىستىرى بولۇۋېلىپ، بىر تەرەپتىن، ئىنقىلاپچىلارنى سۇلھى تۈزۈشكە ۋە سۇڭ جۇڭشەن ئەپەندىنى زۇڭتۇڭلۇقتىن ئىستىپا بېرىشكە زورلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مانجۇ خاننى تەختتىن چۈشۈشكە ئۈندەپ ئاخىر ئۆزى «جۇڭخۇا مىنگو»نىڭ ۋاقىتلىق زۇڭتۇڭلۇغىنى قولغا كىرگۈزۈپ ئالغان ۋە ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلغان. 1916 - يىلى مارتتا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ نارازىلىق سادالىرى ئىچىدە، خانلىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، شۇ يىلى ئىيۇندا ئۆلگەن.

شۇ قارارغا بىنائەن، ئۇردا بەگلىرى بىلەن بىرقانچە دورغا ۋە قىزىللار تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ، بۇرۇن ئەسكەر ئېلىنمىغان يېزىلاردىن ئۈچيۈزدىن ئوشۇق يىگىتنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەلدى. بىرقانچە كۈن ھەربىي مەشىق ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئوردا چېرىكلىرى بىلەن شىيەتەي يامۇل چېرىكلىرى قوشۇلۇپ، جەمى بەشيۈزدىن ئوشۇق چېرىك يەنە تاقىقا ماڭدۇرۇلدى. ئەمما يەرلىكلەردىن ئېلىنغان يېڭى چېرىكلەرگە قارا مىلتىق بىلەن قىلىچ-نەيزىلەر تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ قېتىم قېزىبەگ غوجا سەرلەشكەر، سايىم ئۈچبېگى ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ ماڭدى. شىيەتەي ئۆزىنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ھەربىي ئەمەلدارنى چىقىرىپ بەردى.

## 2

ئەمدى قوزغىلاڭچىلارغا كەلسەك، ئۇلار دۈشمەننىڭ ھىلىقى كۈنى تاڭ يورۇش ئالدىدا قىلغان تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدا قۇربان بولغان ئون سەككىز قېرىنداشنىڭ جەسىدىنى بىر يەرگە توپلاپ، شۇ كۈنىلا نۇرۇل بوۋىنىڭ ئىمامەتچىلىكى بىلەن ناماز چۈشۈرۈپ يەرلىككە قويدى، قۇربان بولغانلارنىڭ يېقىنلىرىغا قوشۇلۇپ كۆز يېشى قىلىشتى. شۇ ئارىدا قەۋرە بېشىدا ئولتۇرغان ياش بىر يىگىت ئاجايىپ مۇڭلۇق قىرائەت باشلىدى. ئۇنىڭ قىرائىتى شۇنداق تەسىرلىك ئىدىكى، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغان تۆمۈر خەلپىنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلۈپ كەتتى. دۇئادىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— قېرىنداشلار: بۇ شېھىتلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى ھەممىمىزنىڭ ئۇيقۇسىنى ئاچتى. بىزنى غەپلەت ئۇيقۇسى باسمىغان بولسا، مۇنچىلىك چىقىمدار بولمايتتۇق، راجى بالىمۇ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماس ئىدى، مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا گۇناكار!

تۆمۈر خەلپە كۆزىگە ياش ئېلىپ جىم تۇرۇپ قالدى.

— ئانداق دېمە تۆمۈر ئاكا، دۈشمەننىڭمۇ شۇنچە كۆپ ئادىمىنى ئۆلتۈردۇققۇ، — دېدى ئامانقۇل.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى كۆپچىلىك.

— جەڭ بولغاندىن كېيىن، بىز تەرەپتىنمۇ چىقىم بولىدۇ-دە، — دېدى قارا بوسۇق.

— شۇنداق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى تۆمۈر خەلپە، — جەڭ بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە چىقىم بولىدۇ. ئەمما، ھوشيار تۇرغان بولساق، مۇنچىلىك چىقىمدار بولمايتتۇق. بىز جەڭ قىلىشقا بەك خام ئىكەنمىز، ئالدىمىزدا تېخى ئىش كۆپ، كۆردۈڭلارغۇ، شامەخسۇت تۈلكىدىنمۇ ھەييار ئىكەن. بىرمۇ ئەمدى جەڭ ھۈنىرىنى ئۆگەنمىسەك بولمايدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى ئۆز سېپىمىزنى رەتلەپ، بىرقانچە توپلارغا بۆلۈشىمىز، ھەربىر توپقا باشلىق قويۇپ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان بولۇشىمىز لازىم.

— توغرا، توغرا، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

شۇنىڭدىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە بىر كىگىز ئۆيدە ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قورال تۇتالايدىغان كىشىلەرنى ئۈچ توپقا بۆلدى. بىرىنچى توپقا قارا بوسۇق، ئىككىنچى توپقا ئېلى پالگان، ئۈچىنچى توپقا نىياز پالگان توپ بېشى بولۇپ بەلگىلەندى. جەڭ ۋاقتىدا قارا بوسۇق سول قاناتتا، ئېلى پالگان ئوڭ قاناتتا، نىياز پالگان ئوتتۇرىدا، تۆمۈر خەلپىمۇ سەر قوشۇن سۈپىتىدە نىياز پالگان بىلەن بىر جايدا تۇرىدىغان بولدى. ئامانقۇل چارلاش قىسمىنىڭ باشلىقى؛ ئەنسارى، قاسىم قىزىق ۋە يەنە بىر يىگىت ئالاقىچى بولۇپ بەلگىلەندى. پۈتۈن ئارقا سەپ ئىشلىرىغا سەييۇڭ توختى بىلەن سەپەرقۇل مەسئۇل بولدى. سەييۇڭ توختىنىڭ ئۆز تەلىۋى شۇنداق ئىدى.

كەچقۇرۇن، ئۇلار كېڭەشتىن تارقاپ چىققاندا، ئىگىز دۆڭلۈكتىكى شېھىتلار قەۋرىستانىدىن يەنە بايىقى يىگىتنىڭ

مۇڭلۇق قىرائىتى ئاڭلاندى. تۆمۈر خەلپە باشلىق ھەممەيلەن جىم تۇرۇپ بىردەم تىڭشىدى.

— بۇ قارى يىگىت كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى تۆمۈر خەلپە.

— ئىدىرلىق سۇلايمان دورغىنىڭ ئوغلى، ئېتى ئاخۇن قارى ئىكەن. قۇمۇلدىكى چوڭ مەدرىسىدە بەش يىل ئوقۇپتۇ. شامەخسۇت سۇلايمان دورغىنى ئۆتكەن كۈزدىكى تۆمۈر چارۋا سانىغىدا مېنىڭ قويلىرىمغا خىيانەت قىپسەن دەپ، سولاپ قويغاندىن كېيىن، بۇ قارى يىگىت شەھەردە تۇرۇشتىن قورقۇپ، تاققا يېنىپ چىقىپتۇ. يېقىندا مەنمۇ شامەخسۇتتىن ئۆچ ئالىمەن دەپ، بىزگە كېلىپ قېتىلدى، — دېدى سەيپۇڭ توختى.

— قۇرئاننى ئوبدان ئوقۇيدىكەن، نۇرۇل ئاكامغا ياردەملىشىپ، يۇرتنىڭ جامائەتچىلىك ئىشلىرىغا قاراشسا قانداق؟ بىزمۇ چوڭ جامائەت بولۇپ قالدۇق، — دېدى تۆمۈر خەلپە.

— مەنمۇ شۇنداق خىيال قىلىۋىدىم، — دېدى سەيپۇڭ توختى.

شۇنىدىن باشلاپ، ئاخۇن قارى ياش يىگىت بولۇشىغا قارىماي، قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ، مويسىپىتلار قاتارىدا ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ، بەك مۇلايىم، سىلىق، ئەدەپ - ئەخلاقلىق كۆرۈنەتتى. ئۆزىمۇ كېلىشكەن چىرايلىق يىگىت ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ يېقىملىق ۋە ھەمىشە كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنىڭ نېمىلەرگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئامانقۇلدىن باشقا ھېچكىم سەزمىگەندەك قىلاتتى. ئامانقۇل بولسا، «ھەي، بۇ قارى يىگىتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر كۆز باردەك قىلىدىغۇ، ماڭا شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامدىكىن - يا؟ خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت» دەپ ئويلايتتى.

بىر كۈنى، كۈن چىقىش تەرەپ ئوبدانلا قىزارغان بىر چاغدا، ئامانقۇل ئۆز ھەمرالىرى بىلەن ئاقچۇق سېيىغا تۇتاش ئىدىرلىقلارنى چارلاپ يۈرگەندە، سايدىن قېلىن چاڭ - توزاڭ كۆتىرىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ، يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك،

ئامبال بەي ۋىنچاۋنىڭ پىلانى بويىچە، ئوچۇق - ئاشكارا ھۇ-جۇمغا كېلىشۋاتقان چېرىكلەر ئىدى.

تۆمۈر خەلپە ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال بىر دۆڭگە چىقىپ قارىدى. كۆردىكى، ئاتلىق چېرىكلەر بىرنەچچە يۈز پۇقرانى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەلمەكتە، بۇ پۇقرالارنىڭ ھەممىسى قورالسىز ئىدى. ئۇلار بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە قاراپ، ناھايىتى تەسلىكتە ئىلگىرىلەيتتى. ئارقىدىكى چېرىكلەر قىلىچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇلارغا ھەيۋە قىلاتتى. ھەتتا بەزىلىرىنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا چېپىپ تاشلايتتى.

— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆزىمىز ئاتىمىزمۇ؟ ھەي جادىگەر شامەخسۇت، تاپقان ھىلەڭنى قارا! — دىدى قارا بوسۇق تېپىچەكلەپ تۇرۇپ.

— راست، يامان بولدى، ئۇيان تارتساق ئۆكۈز ئۆلىدۇ، بۇيان تارتساق ھارۋا سۇنىدۇ، — دىدى ئېلى پالگانىمۇ ئاچچىقى بىلەن ئاغزىغا ناس تاشلاپ.

تۆمۈر خەلپە قامچىسى بىلەن يەرنى جىمجاپ جىم ئولتۇ-راتتى. ھەممەيلەننىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە ئورنىدىن دەس قوپۇپ مۇنداق دىدى:

— سىلەر ئوڭ قانات، سول قاناتتىكىلەر دەرھال چېكىنىپ، ئىدىرلىقلارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇڭلار. مەن نىياز پالگان بىلەن ئۇلارنى بىردەم تىوسۇپ، ئاندىن تاغ ئىچىگە قاچىمىز. ھەممىسى ئىدىرلىقلارغا كىرىپ بولغاندا، ئىككى تەرەپتىن يانداپ كېلىپ، چېرىكلەرنى سوقۇڭلار، شۇ چاغدا بىزمۇ ئالدى تەرەپتىن قاپسايلى، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دىگەن شۇ.

بۇيرۇق دەرھال ئورۇنلاندى. ئۇ تەرەپتە بولسا، ئاتلىق چېرىكلەرنىڭ باشلاپ بېرىشى بىلەن، پىيادىلەرمۇ قارا مىلتىق-لىرىدىن ئوق چىقىرىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەمما، بۇ پىيادىلەر

مىلتىقلىرىنى قارىسىغىلا، ھېچقانداق نىشانغا قاراتمايلا ئاتاتتى. تۆمۈر خەلپە بىلەن نىياز پالگان ئاتلىقلارنى قارىغا ئېلىپ، بىردەم ئېتىشتى - دە، ئاتلىرىغا مىنىپ تاغ ئىچىگە قاچتى. چېرىكلەر پىيادىلەرنى قالقان قىلىپ، ھەيۋە بىلەن ئىلگىرىلەۋەردى.

تەخمىنەن يېرىم سائەتتىن كېيىن، قارا بوسۇق بىلەن ئېلى پالگاننىڭ قىسىملىرى ئىككى ياندىن شۇنداق قاتتىق قىستىكى، ئاتلىق چېرىكلەر ئۆلۈش - تىرىلىشكە باقماي قېچىشقا باشلىدى. پۇقراچە كىيىنگەن يېڭى چېرىكلەرمۇ مىلتىقلىرىنى ئارقىغا قاراتتى.

— ئەمدى قوغلاڭلار! — دېدى تۆمۈر خەلپە ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن.

غەزەپلىك قىقاس - چۇقان سادالىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى مىلتىق ئاۋازلىرىغا قوشۇلۇپ، ئاقچۇق سېيىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئات تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزاڭ ئاسماننى قاپلىدى.

قېزىبەگ غوجا يىگىرمىدەك مۇھاپىزەتچىسىنىڭ ھىمايىسىدە، يىراقتىن دۇربۇن سېلىپ، جەڭ غەلبىسىنى كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنى كۆرۈش بىلەنلا، بەدەر تىكىۋەتتى. سايىم ئۈچبېگى يىگىرمىدەك چېرىك بىلەن بىر ياندىن قېچىپ، بىر ياندىن قارشىلىق كۆرسەتتى. قوغلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئامانقۇل بىلەن نىياز پالگان قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. سايىم ئۈچبېگى قېچىپ كېتىۋېتىپ، نىياز پالگاننى ئېتىپ قويدى، ئۇنىڭ بىر پۇتى ئۈزەڭگىدە قالدى. ئامانقۇل نىياز پالگاننىڭ ئېتىنى تۇسۇپ، ئۇنىڭ پۇتىنى ئۈزەڭگىدىن چىقاردى - دە، ئۆزىنى شۇيەرگىلا ياتقۇزۇپ قويۇپ، سايىم ئۈچبېگىنى قوغلاپ كەتتى. ئەمدى سايىم ئۈچبېگى يالغۇز قېچىپ كېتىۋاتاتتى. ئامانقۇل مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى باستى. مىلتىقتا ئوق قالمىغان ئىدى. «ھوي، دۆيۈز، قېچىپ قۇتۇلغىنىڭنى كۆرەي» دېدى ئامانقۇل، غانجۇغىسىدىكى ئاغامچىنى ئېلىۋېتىپ.

سايىم ئۈچبېگىنىڭمۇ ئوقى تەگكەن ئىدى. ئۇ مىلتىقنى تاشلاپ، قىلىچىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئېتىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆك بوز ئېتى ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. سەككىز-ئون قەدەم قالغاندا، ئامانقۇل ئۇنىڭغا سالغا تاشلىدى. سايىم ئۈچبېگى بويىنىدىن ئىلىندى. ئامانقۇل ھېلىقى قازاق يىگىتى بىلەن ئۇنى بوغۇزلىۋەتمەكچى بولدى. بىراق ئۇ، ئاللىقاچان ئۆلگەن ئىدى. ئامانقۇل «خەپ سېنى» دېدى-دە، ئۇنىڭ كۆك بوز ئېتىنى تۇتۇۋېلىپ، قىلىچىنى بېلىگە ئېسىۋالدى. ئەمدى ئالدى تەرەپتە دۈشمەندىن ئەسەر قالمىغان ئىدى. يىگىتلەر يولدىكى مىلتىقلارنى يىغىشتۇرۇپ يۈرەتتى. ئامانقۇل بىرنەچچەيلەن بىلەن تۆت تال توقۇز ئاتارنى جۈپلەپ، جىرغا ياسىدى. نىياز پالگاننىڭ① جەسىدىنى شۇ جىرغىغا سېلىپ پىيادە قايتىشتى.

ھېلىقى دۆڭلۈكتىكى قەۋرىستانلىقتا يەنە بىر قەۋرە قوشۇلدى. ئاخۇن قارىنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتىدىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ، ئاخىرىدا «جەۋرى-زۇلۇمغا قارشى، ئەركىنلىك ئۈچۈن قۇربان بولغان بۇ قېرىنداشلىرىمىزنى كېيىنكى ئەۋلادلار چوقۇم ئەسلەيدۇ» دېدى. ئاندىن، بايا قورال تاشلاپ، قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتكەن يىگىتلەرگە قاراپ، «سىلەرگە ئىختىيار، خالىساڭلار قېلىڭلار، خالىمىساڭلار كېتىڭلار» دېدى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى قېلىپ بىر قىسمى بالا-چاقىسىغا تارتىشىپ كەتمەكچى بولدى.

خەلق قەۋرىستانلىقتىن يېنىپ بولغاندا، توپنىڭ ئىچىدىن قاسىم قىزىقنىڭ شوخ ناخشىسى ئاڭلاندى:

ساماۋارنىڭ سازىمەن،
چۆلدە ئۇچقان غازىمەن.

---

① نىياز پالگان 1931-يىلدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدا زور قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ خەلق ئاغزىدا داستان بولغان ۋە شۇ قېتىم قارىمۇقچى دېگەن يەردىكى جەڭدە قازا تاپقان قاسىم پالگاننىڭ ئاكىسى بولۇپ، شۇ كۈنلەردە تەخمىنەن ئوتتۇز ياشلاردا ئىدى.

دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
ئۆلگىنىمگە رازىمەن.

هاي ـ هاي باتۇرلار،
هوشيار بولۇڭلار.
دۈشمەنلەر يېتىپ كەلسە،
جەسۇر بولۇڭلار...

ئاسمانغا تاقاشقان قارلىق تاغلار، زۇمرەتتەك يېشىل ئارچا ـ قارىغايلار، كەڭ جىلغا بويلاپ شوخ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرىمۇ بۇ ناخشىغا جۆر بولغاندەك، پۈتۈن ئەتراپتا جاراڭلىق سادالار ياڭراپ كەتتى.

3

ئون كۈن ئېپ ـ تېچ ئۆتتى. يىگىتلەرنىڭ ئىچى پۇشتى.
ـ شامەخسۇتنىڭ قويلىرىنى يەپ يېتىۋېرىمىزمۇ، ئەمدى ئۇنىڭ ئۇردىسىغا تەگسەكمۇ بولار، ـ دېدى ئامانقۇل تۆمۈر خەلپىگە.
ـ شۇنداق قىلايلى تۆمۈر ئاكا، مېنىڭمۇ قولۇم قىچىشىپ كەتتى، ـ دېدى قارا بوسۇق.
ـ ياق، هازىر تېخى ئەتىگەن. ئىچىڭلار پۇشۇپ كەتكەن بولسا، ياغاچ كېسىپ كېلىپ ئۆي سېلىڭلار. ئادىمىمىز كۆپىيىپ ئۆي يېتىشمەيۋاتىدۇ، ـ دېدى تۆمۈر خەلپە.
شۇ چاغدا، ئامانقۇلنىڭ چارلىغۇچى يىگىتلىرىدىن توقپاق ئۆزغوجا ئەمەت ئات يېتىلىگەن بىر كىشىنى باشلاپ كەلدى ۋە سالام بېرىپ «بۇ ئادەم بارىكۆلدىن كەپتۇ، خەلپەمگە بېرىدىغان مۇهىم خەت بار» دەيدۇ دېدى.
خەتنى يازغۇچى بارىكۆلدىكى ئەشرەپ شاكىيۇ ئىدى. خەتتىن مەلۇم بولدىكى، شامەخسۇت بارىكۆلدىكى مانجۇ خانلىق لەشكەرلى-

رىنىڭ باشلىقى يى شىڭفۇغا يوشۇرۇن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ بېرىشنى سورىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىككى يۈز سەر ئالتۇن ۋە ئىككى مىڭ سەر كۈمۈش ئەۋەتكەن. شا مەخسۇت يى شىڭفۇغا: «تورپاق يېغىلىقىمۇ سىزنىڭ قولىڭىز بىلەن ئۇجۇقتۇرۇلغان ئىدى. ئەمدى بۇ ئوغرىلارنىمۇ سىزلا ئۇجۇقتۇرالايسىز، كۆرسەتكەن خىزمىتىڭىز ئۈچۈن، پۈتۈن غەزنەمنى ئېچىپ بېرىمەن» دەپ ۋەدە بېرىپتۇ. ھازىر يى شىڭفۇ ئەسكەرلىرىنى رەتلەپ، يولغا چىقىش ئالدىدا ئىكەن.

ئەشرەپ شاكىر خەتنىڭ ئاخىرىدا، بۇ گەپلەرنى يى شىڭفۇنىڭ ئادەملىرىگە گۆش-ياغ، سەي ۋە ھاراق توشۇپ، ئۇلار بىلەن قويۇق ئارىلىشىدىغان بىر خەنزۇ دوستىدىن ئاڭلىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويغان.

تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىگە خەتنى يەنە بىر قۇر ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دىدى:

— مانا، سىلەرگە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئىشمۇ تېپىلىپ قالدى. ئەمما، بارىكۆلدىكى چېرىكلەر شا مەخسۇت بىلەن شيەتەي يامۇلنىڭ چېرىكلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئۇزاق زامان مەشق قىلىنغان، قوراللىرى خىل، ھەممىسى ئاتلىق، شۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلىساق، زىيان تارتىمىز. بۇ ئىشقا جىق ئادەمنىڭ ھاجىتى يوق. دېلىڭلار، ئوبدان مەسلىھەتلىشىۋالايلى.

مەسلىھەتتىن كېيىن، تۆمۈرخەلپە خىللانغان يۈز يىگىت بىلەن يېرىم كېچىدە ئاتلىنىپ، ئىدىرلىقلار ئىچىدىكى جىم يول بىلەن كۆشۈتە ئېغىزىغا ماڭدى. تاڭ سۈزۈلگەندە، كۆشۈتە ئېغىزىنىڭ ئەپلىك جايلىرىنى ئىگەللەپ، دۈشمەننى كۈتۈپ تۇردى.

كۆشۈتە ئېغىزى — قۇمۇل بىلەن بارىكۆل ئوتتۇرىسىدىكى بىر-دىن-بىر قاتناش يولى بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە ئاسمان پەلەك تاغلار قەد كۆتىرىپ تۇرغان تار بىر جىلغا ئىدى. بۇ جىلغا شۇقەدەر ئەگرى-توقاي ئىدىكى، ئۇنىڭ ئىچىدە كېتىۋاتقان كىشى-

گە قاتمۇ-قات تاغلار گاھ ئېچىلىپ، گاھ يېپىلىۋاتقاندەك سېزىلەتتى. تاغ باغرىدا ئېسىلىپ تۇرغان ھەر خىل چوڭلۇقتىكى تاشلار ھازىرلا دومىلاپ چۈشىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى پۈتۈن جىلغىنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرسىتەتتى. يولۇچىلار ئەنە شۇ شوخ ئېقىننى قانچە-قانچە قېتىم كەچمىگىچە، جىلغىدىن چىقالمايتتى.

تۆمۈر خەلپە ئۆز يىگىتلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ، جىلغىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قارىغاي ۋە قورام تاشلارنىڭ كەينىگە مۆكتۈردى. بەزىلىرى بىرلا تەپسە دومىلاپ كېتىدىغان يوغان تاشلارنىڭ كەينىدىن ئورۇن ئالدى. شۇ ئارىدا، تۆمۈر خەلپە يىگىتلەرنىڭ ئورۇنلاشقان جايلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ يۈرۈپ، ئەرەنچە كىيىنىۋالغان ئايقىز بىلەن ھۆسنارىخاننى تونۇپ قالدى. ئىككىسى يېقىن-يېقىن جايلاشقان ئىككى تاشنىڭ تۈۋىدە مىلتىقلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، يەر بېغىرلاپ ياتاتتى.

— سىلەرنى كىم باشلاپ كەلدى؟ — دېدى تۆمۈر خەلپە جىددىي قىياپەتتە.

— ئۆزىمىز كەلدۇق، — دېدى ئۇلار ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ.

— بۇ يەردە سىلەرگە نىمە بار؟ چاققان كېتىڭلار.

ئۇلار «ياق» دەپ يەنە يەرگە يېتىۋالدى. تۆمۈر خەلپە ئامانقۇلنى چاقىردى. ئامانقۇل ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئايقىزغا «بۇ نىمە قىلغانلىرى؟ چاققان كەتسىلە، ئۆزلەمۇ كەتسىلە ھۆسنارىخان ئاچا» دېدى.

— نىمىشقا كېتىدىكەنمىز، بىزمۇ مىلتىق ئېتىشنى ئۆگەندۇق، — دېدى ھۆسنارىخان.

ئايقىز ئامانقۇلنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، نەچچە ۋاقىتتىن مەرگەنلەرگىمۇ يېتىشمەيۋاتىدۇ دەپ، مىلتىق بەرمەي كەلگەنلىكىنى، ئەمدى ئۆزلىرى مىلتىققا ئىگە بولۇپ جەڭگە كىرىمىز دېسە، بۇنىڭغا نىمە ئۈچۈن يول قويۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ «مۇنداي قىل-

سىڭگىز، مەن سىزدىن رازى بولمايمەن، نىمە قىلسىڭىز قىلىڭ، بىز كەتمەيمىز!» دېدى.

تۆمۈر خەلپە بىلەن ئامانقۇل ئىلاجسىز قېلىپ، بىر-بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى.

— ئۇنداق بولسا، بۇلار يېنىڭدىراق تۇرسۇن، — دېدى تۆمۈر خەلپە ئامانقۇلغا.

چۈشكە يېقىن، ھەيۋەتلىك ھەربىي كاناي ئاۋازلىرى ياڭلاندى. يېڭى شىڭخۇ تۆت چېرىك كۆتەرگەن تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ، ئۈچ يۈز ئاتلىق چېرىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مونچاقلىق قالپاق ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قىسماق كۆزلىرى ئۇيقۇ باسقاندەك، بىر يۇمۇلۇپ، بىر ئېچىلىپ قوياتتى. ياقىسىغا تۇتۇلغان زەر چىلتەكلەر قۇياش نۇرىدا ۋال-ۋۇل قىلىپ پارقىرايتتى. بىردىنلا جىلغىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىن تاشلار دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. تاش-تاشقا تېگىپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە دەھشەتلىك گۈلدۈرلەش پەيدا بولدى. چېرىكلەر ئۆزىنى ئوڭشاپ ئالغىچە، تەرەپ-تەرەپتىن يېغىۋاتقان ئوق يامغۇرى ئىچىدە قالدى. بۇلار ھەقىقەتەنمۇ شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ خىل مىلتىقلىرى بىلەن قوراللانغان تەجرىبىلىك چېرىكلەر بولغاچقا، ئاسانلىقچە تەسلىم بولماي خېلى ئېتىشىپ كۆردى. ئىگىسىز قالغان ئاتلار ئوقچىنىڭ ئوقىدىن ئۈركۈپ قاچقان كېيىكلەردەك، تەرەپ-تەرەپلەرگە قېچىشىپ يۈرەتتى.

تەخمىنەن ئىككى سائەتتىن كېيىن، جىلغىنىڭ ئىچى جىمىپ قالدى. چېرىكلەرنىڭ بىر قىسمى قېچىپ، بىر قىسمى ئۆلدى. قالغانلىرى تىرىك قولغا چۈشتى.

ئامانقۇل بىلەن ئۇزغوجا ئەمەت بىر ئەسكى تامنىڭ ئىچىدىن ئاق سېپىز كەلگەن بىر چېرىكنى تۇتۇۋېلىپ، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ قالپاقسىز تاقىر بېشىدىكى بىر تال ئۆرۈم چېچى ئۆزىگە قىسقا كېلىپ قالغان چاپىنىنىڭ ئارقىسىدىن

چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يوتىسىغا چاپلىشىپ تۇرغان تار ئىشتىنى-
نىڭ ئېغى پۇتۇنلەي ھۆل ئىدى. ئەسىرلەردىن بىرى ئۇنى كۆرۈش
بىلەنلا «بىزنىڭ باشلىغىمىز يىشىڭقۇ دېگەن مۇشۇ، ئۇ كېيىمىنى
يەڭگۈشلىۋاپتۇ» دېدى. تۆمۈر خەلپە باشلىق ھەممە يىگىتلەر ئۇنىڭ
ئىشتىنىغا قاراپ كۈلۈپ تاشلىدى. تۆمۈر خەلپە ئامانقۇلغا قاراپ،
«بۇنىڭغا چېقىلماي ئوبدان ساقلاڭلار، قورايغا ئېلىپ كېتىمىز»
دېدى. ئاندىن، قالغان ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاتلىرى بىلەن
بارىكۆلگە قايتۇرۇۋەتتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، تۆمۈر ئاكا، — دېدى قارا بوسۇق ئاچچىق بىلەن.

— يىقىلغاننى تەپمەك يوق، — دەپ جاۋاپ بەردى تۆمۈر خەلپە.

— ھېچبولمىسا، ئاتلىرىنى تارتىۋالساق بولماسمىدى؟ — دېدى ئامانقۇل.

— يولدا تىرىك ئۆلسۇن دەمسىلەر؟ ئەسكەر بولغانلاردا نېمە گۇنا؟ — دەپ سوئال قويدى تۆمۈر خەلپە.

شۇ ئارىدا ئارقا تەرەپتىن «تاڭ» قىلىپ بىر پاي ئوق ئېتىلدى. قارىغايغا باغلاپ قويۇلغان يى شىڭقۇ قانغا مىلىنىپ تۇراتتى.

— كىم ئاتتى؟ — دەپ قاتتىق ۋاقىردى تۆمۈر خەلپە.

— مەن ئاتتىم، — دېدى كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن تورپاق ئۆز غوجا ئەھمەت.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

— دادامنىڭ قىساسىنى ئالدىم. ئەلقىساسۇل مىنەلھەق دېگەن شۇ ①.

تۆمۈر خەلپە «ئەستاغپۇرۇللا» دەپ كەكە ساقىلىنى تۇتۇپ

---

① ئۆزغوجا ئەھمەت — «تورپاق يىغىلىغى» نىڭ يولباشچىلىرىدىن تورپاق ئۆزغوجا غوجامنىيازنىڭ ئوغلى ئىدى، دادىسى شۇ يىغىلىقتا يى شىڭقۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئۆزغوجا ئەھمەتنى شامەخسۇت نومتا پالاپ تاشلىغان. تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى باشلانغاندا، ئۇ تۈرمىدىن قېچىپ كېلىپ قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئىدى.

بىردەم جىم تۇردى ـ دە، ئامانقۇلغا قاراپ، «بۇنىڭ مىلتىغىنى تارتىۋېلىڭلار» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار قۇربان بولغان بەش قېرىندىشىنىڭ تاغ باغرىدىكى تاش قەۋرىلىرى بىلەن ۋىدالىشىپ، نۇرغۇن غەنىمەت بىلەن قورايغا قاراپ يولغا چىقتى.

شۇ ئارىدا كىمدۇ بىرى بىر قوشاق توقۇدى، بۇ قوشاق شۇ ھامان قاسىم قىزىقنىڭ ئاغزىدىن ناخشا بولۇپ چىقتى:

خويما قاتتىق جەڭ بولدى،
كۆشۆتىدىكى دەڭدە.
چىڭتەي ① كېتىپ ھۇشىدىن،
سىيىۋەتتى بۇ جەڭدە.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

ــ ئەمدىخۇ شەھەرگە تېگەرمىز؟ ــ دېدى قارا بوسۇق تۆمۈر خەلپىنىڭ بوز ئېتى بىلەن ياندىش كېتىۋاتقان قارا تورۇغنىڭ يايلىنى سىلاپ.

ــ خۇدايىم بۇيرۇسا، پات ـ يېقىندا چوڭ توي باشلايمىز، ــ دېدى تۆمۈر خەلپە كۈلۈمسىرەپ.

بىراق، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەر تۈپەيلى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم باشلاش پىلانى بۇزۇلۇپ كەتتى.

---

① چىڭتەي ــ (توغرىسى «جىڭتەي») مانجۇخانلىق ئەسكەرلىرىنىڭ تۈەن (پولك) دەرىجىلىك ئەمەلدارى. بۇ يەردە يى شىڭفۇنى دېمەكچى. بۇ قوشاق «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» ھەققىدىكى قوشاقلار قاتارىدا ھېلىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

# ئون ئالتىنچى باپ

# يالقۇن تاقىقا سوغا

ئىنسانىنىڭ تۈپ ئاساسىي ھوقۇقى
كۆز يېشى بىلەن ئەمەس، ئىسسىق
قان بىلەن قولغا كېلىدۇ.

— جۇلىئان مارتى①

تۆمۈر خەلپە غالىپ سەركەردىلەرگە خاس غۇرۇر ۋە سالاپەت بىلەن يىگىتلىرىنى باشلاپ قورايغا قايتقاندا، خەلق توپى خۇددى توي تارتىپ كەلگەن يىگىتلەرنى قارشى ئالغاندەك، ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. نەچچە ئونلىغان داپلار بىلەن شوخ ناخشا-قوشاقلار ياڭراپ، پۈتۈن جىلغا ھېيت كۈنلىرىدەك جانلىنىپ كەتكەن ئىدى. توپ-توپ ئادەملەر ئىككى-ئۈچتىن مىلتىق ئېسىۋالغان يىگىتلەرنى ئىگەردىن يۇلۇۋېلىپ، يۈز-كۆزلىرىگە سۆيەتتى، باغرىغا بېسىپ قۇچاقلايتتى، كۆشۈتە ئىغىزىدىكى جەڭگە بارالمىغان

① جۇلىئان مارتى — كۇبا خەلقىنىڭ 1853 — 1895 - يىللىرى ياشىغان مىللى قەھرىمانى، مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر شائىرى.

يىگىتلەر غەنىمەت چۈشكەن يېڭى مىلتىقلارنى قولىرىغا ئېلىپ، زوقلىنىپ قارايتتى، توپ-توپ ئۇششاق باللار جەڭچىلەرنىڭ ئاتلىرىغا مىنمەكچى بولۇپ، چۇقۇرىشىپ ئويناياتتى.

مانا، رەۋىخان موماي ئايقىزنى باغرىغا بېسىپ، ئىسسىق ياشلىرى بىلەن ھۆللەنگەن مەڭزىنى ئۇنىڭ ئاناردەك يۈزىگە يېقىپ، «جېنىم بالام، ئۆزلەنى نىمە دىسەم بولار؟ قارىسلاچۇ، ئەر يىگىتلەردەك جەڭ قىلىپ، مىلتىقمۇ ئولجا ئاپتىلا تېخى» دىمەكتە. مانا، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئايىلى زورىخان ئايلا ھۆسنارىخاننى قۇچاقلاپ، «ۋاي سىڭلىم، خۇدايىم ئۆزلەنى ئوغۇل يارىتاي دەپ تۇرۇپ، قىز يارىتىپ قويۇپتىكەن، رەمەتلىك ئىنىم ھايات بولغان بولسا، ئۆزلەنى كېلىن قىلىۋالار ئىدۇق» دەپ ئۇنى كۆلدۈرمەكتە.

تۆمۈر خەلپىنى بولسا، نۇرۇل بوۋا بىلەن سەپەرقۇل باشلىق چوڭلار ئارىغا ئېلىۋېلىپ، خۇددى ھەرەمگە بېرىپ كەلگەن كىشىنى تاۋاپ قىلغاندەك، نۆۋەت بىلەن قۇچاقلايتتى. ياش ئىمام ئاخۇن قارىمۇ نىمدۇر بىر نىمىلەرنى دەپ، ئۇنى تەبرىكلەيتتى.

شۇ ئارىدا قويۇق بۇرۇتلۇق، تەمبەل بىر يىگىت ئىككى ناتونۇش كىشىنى باشلاپ كەلدى. بۇ يىگىت تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىنىسى شاكىر ئىدى. شاكىر ھىلىقى ئىككى كىشىنى «تۇرپاندىن كەلگەن مېھمانلار» دەپ تونۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ بىرى قىرىق ياشلار چامىسىدىكى دىخان سۈپەت كىشى بولۇپ، تۇرپان ئاستانىدا لۈكچۈن ۋاڭىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن مۆيدىن خەلپىنىڭ يېقىنلىرىدىن سەيپۇل دىخان ئىدى. ئىككىنچىسى سۇمباتلىق يىگىت بولۇپ، ئۇ قارىغۇجىلىق مەشھۇر چېلىشچى مامۇت زور ئىدى. تۆمۈر خەلپە ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، ھەممەيلەننى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

ئاپپاق كىگىزلەر سېلىنغان ئاددى تام ئۆي ئادەملەر بىلەن تولدى. بۇ، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق مېھمانخانىسى ئىدى. يېقىندىن بېرى بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار جەڭلەر، بولۇپمۇ، كۆنۆشۆتە ئېغىزىدا يېشىڭگۇنىڭ ئىشتانىغا چىقىرىۋەتكەنلىكى توغرىسى-

دىكى قىزىق گەپلەر بىلەن غىزا يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، باش-
قىلار تارقاپ كەتتى. ئۆيدە قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى بىلەن ھىلىقى
ئىككى كىشى قالدى.

سەييۇل دىخان قوينىدىن نەچچە قات لاتىغا ئورالغان بىر پارچە
خەتنى چىقىرىپ، تۆمۈر خەلپىگە ئىككى قوللاپ سۇندى، تۆمۈر
خەلپە خەتنى ئۈنلۈك ئوقۇدى. بۇ خەت تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى
نامىدىن قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تۆمۈر خەلپە
باشچىلىغىدىكى قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن تۇر-
پان ئاستانە ۋە قارىغۇجىدىكى دىخانلارنىڭ لۈكچۈن ۋاڭىغا قارشى
قوزغىلىپ چىققانلىغى، ھازىر بۇ قوزغىلاڭغا توخسۇن، پىچان قاتار-
لىق جايلاردىنمۇ ئادەملەر كېلىپ قوشۇلۇۋاتقانلىغى بايان قىلىنىپ،
ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەزىز قېرىنداشلار! ھىممەت-غەي-
رىتىڭلارغا بارىكاللا! سىلەر زۇلۇم چەككەن دىخانلارنىڭ قۇتۇلۇش
يولىنى كۆرسىتىپ بەردىڭلار. زالىم ۋاڭلارنىڭ گۇم بولۇشىغا بىزنى
ئىشەندۈردىڭلار. بىز ئاخىرغىچە سىلەرنىڭ ئىزىڭلاردا ماڭىمىز.
سىلەر زالىم شامەخسۇتنى يوقاتساڭلار بىزمۇ جەۋرى-زۇلۇمدىن قۇ-
تۇلىمىز. ئاللا سىلەرگە تېخىمۇ كۆپ نۇسرەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!»

خەتنىڭ ئاخىرىغا تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى نامىدىن مۆيدىن
خەلپە ئىمزا قويغان ئىدى.

تۆمۈر خەلپە خەتنى ئوقۇپ بولغاندا، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممى-
سى خوشال بولدى ۋە تۇرپاندىكى قېرىنداشلىرىغا نۇسرەت تىلەپ
دۇئا قىلىشتى. تۆمۈر خەلپە سەييۇل دىخاندىن شەخسەن مۆيدىن
خەلپىنىڭ ئەھۋالى ۋە تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قورال-ياراقلىرى
توغرىسىدا بەزى گەپلەرنى سورىدى. سەييۇل دىخانىنىڭ ئېيتىشىچە
ئۇلاردا بۇرۇن ئون نەچچە تال قارا مىلتىق بىلەن ئۆزلىرى سو-
قۇۋالغان قىلىچ-نەيزە، تۆمۈر ئارا ۋە تاياق-توقماقتىن باشقا قو-
رال-ياراق يوق ئىكەن، يېقىندا چېرىكلەردىن بىرنەچچە تال
پەرەڭ مىلتىق ئولجا ئاپتۇ. ھازىرچە تېخى چوڭ جەڭلەرمۇ بولماپتۇ.

تۆمۈر خەلپە بۇ مېھمانلارنى ئوبدان كۈتۈشنى شاكىرغا تاپشۇردى ۋە تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا قانداق ياردەم بېرىش توغرىسىدا ئەتىسى ئۆز ھەمرالىرى بىلەن كېڭەشتى. كېڭەشتە تۆمۈر خەلپىنىڭ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا سەكسەن تال مىلتىق، مىڭ تال ئوق ئەۋەتىپ بېرىش دېگەن پىكرىگە سەيپۇڭ توختىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلدى.

— ئۇنداق سېخىلىق قىلىۋەتسەك قانداق بولىدۇ؟ — دەپ قارشى چىقتى سەيپۇڭ توختى، — ئادەملىرىمىز كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ، ئۆزىمىزگە يېتىشمەيۋاتقاندا، تۇرپانلىقلارغا مۇنچىۋالا ياراق بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— قوينىڭدىن تۆكۈلسە قونجۇڭغا دەپتىكەن، بىزدىن تۇرپانلىق قېرىنداشلارغا كەتسە نېمە بوپتۇ؟ — دېدى ئېلى پالگان.

— نېمە بوپتۇ دېگەنلىرى نېمىسى؟ كۈچى يەتسە، تۇرپانلىقلارمۇ، قۇمۇللۇق ئەرلەرگە ئوخشاش قان كېچىپ يۈرۈپ، قورال-ياراقنى ئۆزى تاپسۇن! — دېدى سەيپۇڭ توختى.

— ھاي توختاخۇن! — دېدى تۆمۈر خەلپە سەل كايىپ، — تۇرپانلىق، قۇمۇللۇق دېگەنلىرى نېمىسى؟ باي-باينىڭ قاياشى، گاداي گادايىنىڭ دەپتىكەن، ھەممىمىزنىڭ نىيىتى بىر. ئاق ئىت، كۆك ئىت، ھەممىسى بىر ئىت دەپ، شامەخسۇت بىلەن لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ نېمە پەرقى بار. تۇرپاندىكى قېرىنداشلىرىمىز تېخىمۇ كۈچلىنىپ، لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ ئەدىۋىنى بەرسە، ھەممىمىزگە ياخشى ئەمەسمۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە شامەخسۇت بىلەن لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ يېقىن تۇققان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟①

— مېنىڭ دېگىنىم، — دەپ تۆمۈر خەلپىنىڭ گېپىنى ئەسەبىلىك بىلەن ئۈزدى سەيپۇڭ توختى، — مەنچۇ، مەن ئۆزىمىزنىڭ

① 1902-يىلى شامەخسۇت لۈكچۈن ۋاڭى سۇلتان مەھمۇت بىلەن قۇدىلىشىپ، ئۆزىنىڭ چوڭ قىزى خانىمجۇڭنى سۇلتان مەھمۇتنىڭ ئوغلىغا بەرگەن. ئىككى ئوتتۇرىدا ناھايىتى چوڭ چىقىم بىلەن قىرىق كېچە-كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈلگەن.

ئىشىنى يەۋاتىمەن. مۇنچىۋالا قورالنى قولدىن چىقىرىپ قويساق، ئۆزىمىز ئىچۈك قىلىمىز دەۋاتىمەن، ھەم.

— غەم يىمىسىلە، بۇدو ئورۇمچىدىن كەلگەن چېرىكلەر بىزگە يەنە جىق قورال ئەپكىلىپ بېرىدۇ. داپولارغىمۇ ئىگە بولىمىز تېخى! — دىدى قارا بوسۇق پىخىلداپ كۈلۈپ.

سەيپۇڭ توختى گەپ قىلماي كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالدى. ئۇنىڭ ئورۇقتا كەلگەن گەۋدىسى تېخىمۇ كىچىكلەپ، قانسىز، ياغاق يۈزلىرى پۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

سەيپۇڭ توختى قىرىق ياشلاردىن ئاشقان كىشى بولۇپ، سەيپۇڭلۇق ئۇنىڭ ئاتا كەسپى ئىدى. ئۇ نەچچە يىل بۇرۇن، ئاتىسى قازا تاپقاندىن بۇيان، پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ غېمى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قالدى. قېرىشقاندەك، كېيىنكى چاغلاردا خوتۇنى مارىخان ئىككى قېتىم قوشكېزەك تۇغۇپ، ئۆينى بالا بېسىپ كەتتى. مىڭ قىلسىمۇ، يىڭنە ئىشى بىلەن سەككىز جاننى بېقىش، ھەقىقەتەن تەس گەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەگ-غوجىلارنىڭ ئالۋىڭىغا تۇتۇلۇپ، ئاي-ئايلار بىكارغا ئىشلەش بىلەن ئۆتۈپ كېتەتتى-دە، ھۈنەرنىڭ زادى بەركىتى بولمايتتى. ئايلار-يىللار شۇنداق ئۆتۈۋەرگەنسېرى، ئۇ شۇنداق بىر سەپرا ئادەم بولۇپ قالدىكى، ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە، ھەتتا ئۆزىنىڭ خوتۇن-بالىلىرىمۇ سەت كۆرۈنەتتى! يوقىلاڭ ئىشلارغا چېچىلىپ، ھەدېسىلا خوتۇن-بالىلىرىنى ئۇراتتى. كېيىن، يۈز-كۆزى كۆكىرىپ كەتكەن خوتۇنىغا قاراپ ئىچى سىرىلىپ كېتەتتى-دە، «خاپا بولما خوتۇن، ھەممىنى قىلغان مۇشۇ يوقسۇزلۇق. چۈشۈمگە ئايان بولۇۋاتىدۇ، ماڭا بىر غايىپ غەزنە ئۇچراپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇ چاغدا بىزمۇ باي بولىمىز، ھەممە خاپىلىق تۈگەيدۇ» دەپ ئۇنى بەزلەيتتى. دەرۋەقە، ئۇ ھەمىشە بىرەر غايىپ غەزنە ئۇچراپ قالسىدى، دەپ خىيال قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ چۈشىگە قىزىق-قىزىق ئىشلار كىرىپ قالاتتى، مۇنداق چاغلاردا، دەرھال «تەبىرنامە» دىگەن

چۈش كىتاۋىنى ئىخلاس بىلەن ۋاراقلاپ چىقاتتى-دە، خوتۇنىغا قاراپ سۆزلەپ كېتەتتى: «مانا، دىمىدىمۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا، ماڭا بىر ياخشىلىق بار، بېشىمغا دۆلەت قۇشى قونىدىغاندەك تۇرىدۇ. شامەخسۇت ۋاڭ باللىق چاغلىرىدا نەرناسۇ دىگەن تاغدىكى بىر مومايىنىڭ قوينىنى باقىدىكەندۇق. بىر كۈنى چۈشىدە تولۇن ئاينى كۆرۈپتۇ. تولۇن ئاي ئاسماندىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ قوينىغا كىرىپتۇدەك، شۇنىڭدىن كېيىن، مېھرىبانۇ پۇچۇك ئۇنى قۇمۇلغا ئەپكىلىپ، ئۆزىنىڭ قىزىنى بەرگەن ۋە كېيىن ئۆز ئورنىغا ۋاڭ قىلغان. كۆرۈۋاتقان چۈشلىرىمگە قارىغاندا، ۋاڭ بولمىسامۇ، چوڭ بايلاردىن بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىمەن.»

بىراق، ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى چۈش پېتى قېلىۋەردى. ياش قىرىقتىن ئاشقىچە ھىلىقى «غايىپ غەزنە»لەرنىڭ بىرسىمۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىمىدى. ئەكسىچە، رەھىمسىز تۇرمۇش غەملىرى خۇددى بىر تاغدەك يەلكىسىدىن بېسىپ ئۇنى مۈكچەيتىپ قويدى.

بىر كۈنى ھاشىر تەيجى ئۇنى ئوردىسىغا چاقىرتىپ كېلىپ، ئالدىغا بىر كىيىملىك يېشىل مۇۋۇتنى تاشلىدى ۋە ئۆزىگە ئۆلچەپ تون تىكىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. توختاخۇن كونىراپ كەتكەن قول ماشىنىسىنى ئوردىغا ئەپكىلىپ ئىشقا چۈشتى. بايا ئۆلچىۋالغىنى بويىچە رەختنى كېسىۋاتقاندا، ھىلىقى «غايىپ غەزنە»نىڭ شىرىن خىيالى بىلەن بەنت بولۇپ كەتتى-دە، تونىنىڭ قولتۇغىنى ھەددىدىن زىيادە ئويۇپ تاشلىغانلىقىنى سەزمەي قالدى، ئىش بۇزۇلدى. شۇ ھامان ھاشىر تەيجىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى، ھەتتا ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن يانمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ھاجەتكە چىقىش بانىسى بىلەن ئوردىدىن قېچىپ چىقتى ۋە شەھەر ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈش بىلەن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆيىگىمۇ يولۇقماي، يىراق يېزىلاردا بىرنەچچە كۈن جان ساقلىدى. بىراق، ھاشىر تەيجىنىڭ ياساۋۇللىرىغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ، يېزىلاردىمۇ تۇرماي، تاغ تەرەپكە يول سالدى.

ئۆتكەن يىلى ياز كۈنلىرى، تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭغا تەييارلىق كۆرۈپ، تاغمۇ-تاغ كېزىپ يۈرگەندە، خوتۈنتام تاغلىرىدىكى بىر مالچىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدى. توختاخۇن تۆمۈر خەلپىنىڭ گەپ-سۆزىدىن ئۇنىڭ نىمە ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن سەرگۈزەشتىسىنى ئېيتىپ بەردى. تۆمۈر خەلپە ئۇنىڭ ۋاڭ-غوجىلارغا ئۆچلۈكىنى كۆرگەچ، ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىدىنى ئوچۇق ئېيتتى. ئۇ، تۆمۈر خەلپىگە قەسەميات قىلىپ قول بەردى. شۇنداق قىلىپ، سەيپۇڭ توختى تۆمۈر خەلپىنىڭ سېپىگە دەسلەپ قوشۇلغان كىشىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئاستا-ئاستا قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ قالغان ئىدى. ئۇ قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ئارىسىدىكى ئىش تەقسىماتىدا ئۆز تەلىۋى بويىچە، ئارقا سەپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان كۈندىن بۇيان، چۈشىدە ئايان بولغان ھېلىقى «غايىپ غەزنە»گە ئەمدى ئېرىشكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى، بۇرۇن شا مەخسۇتنىڭ بولۇپ، ئەمدى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئومۇمى مۈلكىگە ئايلانغان نەچچە يۈزمىڭ چارۋا مال ئۇنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. قوزغىلاڭ تېخى ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ، ئۇ ھېلىتىنلا مۇشۇ بايلىقنى كېلەچەكتە قانداق تەقسىم قىلىش كويىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، قورال-ياراقلارمۇ، كېلەچەكتە ئۆز ئارا تەقسىم قىلىنىدىغان بايلىق ئىدى. شۇڭا، تۆمۈر خەلپىنىڭ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا قورال-ياراق ئەۋەتىش دىگەن پىكرىگە قارشى چىققان ئىدى.

قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى سەيپۇڭ توختىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا سەكسەن تال مىلتىق، مىڭ تال ئوق بېرىدىغان بولدى ۋە بۇ سوغاتلارنى تۇرپانغا يەتكۈزۈشكە ياردەملىشىش ئۈچۈن، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىنىسى شاكىر بىلەن تورپاق ئۆز غوجا ئەمەت بەلگىلەندى. ئاندىن تۆمۈر خەلپە تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا سالامنامە يازدۇرماقچى بولۇپ، ئاخۇن قارىنى چاقىرتتى

ۋە ئۇنىڭغا مەقسەتنى چۈشەندۈرۈپ، «مەن يازسام، قاغا پۇتىدەك يېزىپ قويىمەن، ئۆزلە مەدرىسىدە ئۆگەنگەن ھۈنەرلىرىنى بىركۆر-سەتسىلەچۇ» دېدى. ئاخۇن قارى ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇپ، قومۇش قەلەمنى خوتەن قەغىزى ئۈستىدە ئاستا ماڭغۇزۇشقا باشلىدى.

— قارى ئاخۇنۇم سولخاي ئىكەن، ھە، — دېدى قارا بوسۇق.

تۆمۈر خەلپىمۇ ئۇنىڭ خەتنى سول قولى بىلەن قىيىنىلىپ يېزىۋاتقىنىنى ۋە قۇرلارنىڭ قىڭغىر-سىڭغىر چىقىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، بىرئاز ھەيران بولدى.

ئاخۇن قارى خەتنىڭ كىرىش قىسمىنى يېزىپ بولۇپ، تۆ-مۈرگە قارىدى. خەتنىڭ قالغان قىسمى تۆمۈر خەلپىنىڭ ئاغزىدىن چىققىنى بويىچە يېزىلىپ، مۇنۇ قۇرلار بىلەن ئاياقلاشتى: پۇقرا-لارنىڭ دەريا-دەريا ئاققان كۆز ياشلىرىغا تاغۇ-تاغلارمۇ ئېرىسپ كېتەر ئىدى. ئەمما، ۋاڭ-غوجىلارنىڭ كۆڭلى قارا تاشتىنمۇ قاتتىق ئىكەن. بىز شۇنى بىلىپ، قولىمىزغا تىغ ئالدۇق. بىزنى ۋاڭ-غو-جىلارنىڭ زۇلمىدىن كۆز ياشلىرىمىز ئەمەس، قولىمىزدىكى قورال قۇتقۇزىدىغانلىقىغا ئىشەندۇق. سىلەرمۇ شۇنداق قىلىڭلار. ئىلاھىم ھەممىمىزگە تېخىمۇ كۆپ نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!»

ئەتىسى تۇرپانلىق مېھمانلار بىلەن شاكىرلار مىلتىق، ئوقلار يۈكلەنگەن ئاتلارنى يېتىلەپ يولغا چىقتى. تۆمۈر خەلپىلەر شەھەرگە قاندىداق ۋە قاچان ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا ئويلىنىۋاتقاندا، يەنە باشقىچە بىر ئەھۋال يۈز بېرىپ قالدى.

## ئون يەتتىنچى باپ

### سۇيىقەست

كىمدە بار بولسا بىر يامان ئادەت،
قەستىسىز ئۆندىن بولغۇسى سادىر.
نىشنى① ئۆرگۈسى چايان تاشقا،
گەرچە ھەرگىز ئاڭا ئەمەس قادىر.

— «كەلىلە ـ دەمنە» دىن

1

ئۈستى ـ ئۈستىلەپ كەلگەن شىددەتلىك زەربىلەر ئاخىر شامەخسۇتنى يىقىتىپ قويدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ خاس ھوجـرىسىدا، ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىلگەن ھىلقى نەقىشلىك كارۋاتتا، ئۇزۇن گەۋدىسى بىلەن سۇنايلىنىپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ ئاق سېرىق كەلگەن يۈزى تامەدەك تاتىرىپ، كىشىلەرگە دەھشەت سالىـدىغان چېقىر كۆزلىرى يېرىم يۇمۇق ئىدى؛ ئىستىمىسى بىردەم

① نەشتەر مەنىسىدە.

تۆرلەپ، بىردەم يېنىپ، پىشانىسىدىن تەر قۇرۇمايتتى. پات - پاتلا جۆيلۈپ، ئاللىقانداق بىرنىمىلەرنى دەپ ۋاقىرايتتى. ئوردا ھۆكىمالىرىدىن ئىشىپ، ئامبال بەي ۋىنچاۋ ئەۋەتكەن تيەنجىنلىك مەشھۇر تېۋىپ تەييارلىغان تۈرلۈك - تۈمەن دورا - شەربەتلەرمۇ كار قىلمىدى. قارا قويىنىڭ تېرىسىگىمۇ ئېلىشىپ باقتى، قىرقىلمىغان كۆك ئوغلاقنىمۇ قان قىلىشىپ كۆردى، باخشىمۇ ئوقۇپ باقتى، داخانىمۇ چوقۇپ باقتى، ھېچقايسىسى پايدا قىلمىدى. نەچچە ئونلىغان قوي - كالىلار سويۇلۇپ، مەسچىت - خانىقالاردا دۇئا - تەكبىرلەر ئۆتكۈزۈلدى. ئۇۋەيىس ئەئلەم باشلىق ئۆلىمالار: «چىلىڭ گاڭ غوجام ھەزرەتلىرىگە شىپالىق تىلەيلى» دەپ كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋاقىراپ، جامائەتنى يۈزلەرچە قېتىم دۇئاغا قول كۆتەرگۈزدى. بۇمۇ كار قىلمىدى.

شامەخسۇت بولسا، بەش كۈندىن بۇيان، بىر خىلدا ياتاتتى. ئۇ چېقىر كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇيقۇغا باراي دېسىلا، چۈشىگە ئاللىقانداق نەرسىلەر كىرىپ، قۇلىقىغا قانداقتۇ دەھشەتلىك نىدالار ئاڭلانغاندەك بولاتتى - دە، يەنە چۆچۈپ ئويغىناتتى.

مانا، سېپىل دەرۋازىسىغا ئېسىلغان قانلىق باشلار قەپەزدىن چىقىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا دومىلىنىپ كەلمەكتە. قەۋرىلەر يېرىلىپ، ئاپپاق كېپەن كىيگەن باشسىز تەنلەر ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرمەكتە. ئاھ...بۇ نىمە ۋەقە؟ بۇ نىمە دېگەن دەھشەتلىك مەنزىرە!

مانا، ئاق ساقاللىق نوشىرۋان تەيجى ھاشىر تەيجى بىلەن قېزىبەگ غوجىغا قاراپ، نىمە، سىلەر يەنە بىر «توزپاق يېغىلىغى» قويىسۇن دېمەكچىمۇ؟ دەپ ۋاقىرىماقتا. ئۇ قاچاندۇ بىر چاغلاردا: «ئاقىۋىتى يامان بولغان پادىشادىن ئاقىۋىتى خەيرلىك بولغان گاداي ياخشى» دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى راست چىقىپ قالامدۇ نىمە؟! ئەمدى ئۆزىمۇ يوق، سۆزىمۇ! ھېلىقى كىچىككىنە قارا شىشىنى نىمىشقا ئالدىراپ بەرگەندۇ؟ ئۇنى ئىچمىگەن بىلەن ئىچكەندىنمۇ جىقراق كۆڭلى ئاغرىغاندۇ، ئۇلۇغ جايلارغا بېرىپ، قاغاپ كەتسىچۇ تېخى!

ئەنە شەرق تەرەپتىن ھىلىقى يوغان ئەجدەرھا يەنە غاقىراپ ئۈچۈپ كەلدى-دە، شىڭشىڭشا تاغلىرىنىڭ بېشىغا قونۇۋېلىپ، ئوت چېچىشقا باشلىدى. قارا بوران كۆتىرىلىپ، ئوردىنىڭ ئىگىز راۋىقىنى ئۆرۈپ تاشلىدى. ئۇ بىر قولى بىلەن شامەخسۇتنى گېلىدىن سىقىپ ئالدىغا تارتتى. يەڭلىرى تۈرۈلگەن بىر قارا ساقاللىق كىشى ياغاچچىلار ئىشلىتىدىغان ئۆتكۈر پالتىنى كۆتىرىپ كەلدى. ئەمدى ئۇ يالغۇز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ناھايىتى نۇرغۇن ئالامان قىقاس-چۇقان بىلەن كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆكرىگىدىن قىپ-قىزىل قان ئېقىۋاتقان بىر پەرىزات، ياق، ياق، پەرىزاتتىنمۇ خۇشخۇيراق گۈلقىز، ھىلىقى قارا ساقاللىق كىشىگە شامەخسۇتنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى. شامەخسۇت ئۇنىڭدىن قاچىمەن دەپ، چوڭقۇر ئورەككە يىقىلىپ چۈشتى. ئورەكتە قانغا مىلەنگەن يى شىڭفۇ قىسماق كۆزلىرىنى ئالايتىپ، «ھە، سەنمۇ كەلدىڭمۇ؟» دەيتتى. يائاللا، يائاللا بۇ نىمە كارامەت؟...

كېچىمۇ شۇنداق، كۈندۈزمۇ شۇنداق. بۇ نىمە ئۆزى، چۈشمۇ، خىيالمۇ؟ بۇنى شامەخسۇتنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ئۇ بىر كۈنى، كىمدۇ بىرسىنىڭ ئاپپاق شايى ياغلىق بىلەن پېشانىسىنى سۈرتۈۋاتقىنىنى سەزدى. ياغلىق تۇتقان قولمۇ خۇددى شايىدەك ئاق ۋە سىلىق ئىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر ئايال كىشىنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى:

— چىڭ گاڭ غوجامنىڭ بۇ كېسىلىگىمۇ ياش قىزلار دورا بولامدىكىن، ھۆكمالار شۇ دورىنى ئەمدى بېرىپ باقسا بوپتىكەن، — دىدى پۇجۇڭ ئاغىچا ئايسە ئاپپاققا پىچىرلاپ.

ئايسە ئاپپاق بېشىنى ئېگىپ جىم ئولتۇراتتى. شامەخسۇت شۇنىڭدىن كېيىن يەنە نىمىلەر بولغانلىقىنى سېزەلمىدى. ئۇ يېتىپ قالغاندىن بۇيان، پۇجۇڭ ئاغىچا ھەر كۈنى بىر-ئىككى قېتىم يوقلاپ كىرەتتى. ئۇ كىرگەن چاغلاردا بۇ ھوجىرىدا ئەركەك

جىنسى قالماي، ھەتتا تۇرشا تۇغبېگى بىلەن ئوردا تىۋىپلىرىمۇ
كۆزدىن غايىپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ئادەتتە بولسا، ھاشىر تەيجى
ۋە قىزبەگ غوجا تىۋىپلار بىلەن بىرلىكتە نۆۋەتچىلىك قىلاتتى.

بۈگۈن ھاشىر تەيجى ئۆزىگە نۆۋەتچىلىك كەلگەن سائەتتە، ئوردا تىۋىپىنى يەنە تومۇر تۇتۇشقا بۇيرۇدى. تىۋىپ تومۇرنىڭ بوشىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

ھاشىر تەيجى خىيالىغا چۆمدى: «ئەجەلنىڭ نۆۋىتى يوق، مۇبادا بىر ئىش بولۇپ قالسا، بۇ ئادەم ئولتۇرغان تەخت ئەپيۈنكەش نەزەرگە قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاللىقاچان تەخت ۋارىسى دەپ ئېلان قىلىنغان. ئۇ چاغدا مېنىڭ ھالىم نىمە بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئامبالنىڭ ئېيتىشىچە، تاغدىكى ئوغرىلار تەلتۆكۈس نۇسرەت قازىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بېيجىڭدىكى يېڭى ھۆكۈمەت قۇمۇل ۋاڭلىق سەلتەنىتىنى ھامان ساقلاپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. ياخشى كۈننىڭ يامىنىدا، ئەپيۈنكەش نەزەر جەمەت سۈرۈشتۈرۈپ، پولتاي كۆز قىزبەگ غوجىنى تەيجى قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇ چۆرگىلەپ تۇرغان پەلەككە نىمە دىگىلى بولسۇن؛ توختا، ئۆدەكنىڭ گۆشىنى يىسەڭ، غازنىڭ پېيىدا بول دەپتىكەن، سۇ كەلمەستە توغان تۇتۇش لازىم.»

ھاشىر تەيجى شۇ خىياللار بىلەن ئولتۇرغانىدا، قىزبەگ غوجا كىرىپ كەلدى. ئىككىسى پىچىرلىشىپ ئېسەنلىك سوراشتى-دە، ھاشىر تەيجى ھوجرىدىن چىقتى. ئۇ نەۋكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئۆز ئوردىسىغا كېتىۋېتىپ، يەنە شۇ خىيالىنى داۋاملاشتۇردى. ئاخىرى، نەزەرنى قولىغا كەلتۈرۈشنىڭ بىر ئامالىنى تاپتى ۋە نەۋكەرلىرىنىڭ بىرىنى ئۆۋەيس ئەئلەمنى دەرھال چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

ھاشىر تەيجى تەخت ۋارىسى بولغان نەزەرنىڭ خۇلقى-مىجەزىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۇنى خوشال قىلىپ، ئۆزىگە تارتىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بىرەر گۈزەل قىزنى ئۇنىڭغا سوغات

قىلىش ئىدى.

دەل شۇ كۈنلەردە نورۇز داموللا كونا بەگلەرنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن ھوشۇر بەگ دېگەن كىشى بىلەن قۇدا چۈشۈپ، ئۇنىڭ قىزى قاراكۆز ئايلانى ئۆزىنىڭ كەنجى ئوغلىغا ئېلىپ بەرگەن ئىدى. ئۇلار قۇدىلىشىشتىن بۇرۇن، ھاشىر تەيجى بۇ قىزنى ئۆز ئوغلىغا سورانقاندا، ھوشۇربەگ ئەلچىلەرگە: «ئاتا - بوۋام بەگ بولغان بىلەن ئۆزەم ھازىر ئۇدۇللۇق كۈن كەچۈرۈۋاتقان بىر پۇقرامەن. بىز قانداق قىلىپ تەيجى بەگ غوجامنىڭ لايىقى بولالايمىز» دەپ بۇ تەكلىپنى رەت قىلغان ئىدى. ھاشىر تەيجى مۇشۇ ئىشلارنى ئەسلەپ، ئۆزىنىڭ تاپقان ھېلىسىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا، مۇنداق ئويلايتتى: «خەقلەر بىر داڭگالدا ئىككى پاختەك سوقسا، مەن بىر داڭگالدا ئۈچ پاختەك سوقىدىغان بولدۇم. بىرىنچى، ھوشۇربەگدىن ئۆچۈمنى ئالىمەن؛ ئىككىنچى، رەقىبىم نوشىرۋاننىڭ دوستى نورۇز داموللىنى داغىدا قويىمەن؛ ئۈچىنچى، ئەڭ مۇھىمى، بۇ چىرايلىق قىزنى نەزەر غوجىغا توغرىلاپ بېرىپ، ئۇنى رازى قىلىمەن-دە، قازارا، ئۇ ۋاڭلىققا ئولتۇرۇپ قالسا، تەيجى بەگلىك مەرتىۋەمنى ساقلاپ قالىمەن، ئاي تۈندە كېرەك، ئەقىل كۈندە دېگەن مۇشۇ، ھا...ھا...ھا!»

ھاشىر تەيجىنىڭ ئازادە مېھمانخانىسىدا قىزغىن پاراڭ باشلاندى. ئۇۋەيس ئەئلەم ھەربىر گەپكە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى. تەيجى شاھمەخسۇتنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزى كۆرگەندىنمۇ يامانراق قىلىپ ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دەپ تەكىتلىدى:

— خاتىرە شېرىپلىرىدە بولسا كېرەككىم، نورۇز دېگەن يالاڭ ئاياق قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئوقۇپ داموللا بولۇپ كەلگەندە، شاھزادە غوجام تېخى ياش بالا ئىدى. ھىلىقى نوشىرۋان تەيجى چىلىڭ گاڭ غوجامنىڭ قۇلىقىنى بوراپ، نورۇز داموللىنى شاھزادە غوجامغا ئۇستاز قىلدۇرغان، ئۇ ھەر كۈنى ئوردىغا كېلىپ، شاھزادە غوجامغا بىر زامان دەرس بەرگەن. يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىمدەك

تەقدىر ـ قازانىڭ سائىتى يېتىپ، چاڭ گالڭ غوجام ئەجەل شەرۋەتىنى ئىچىپ قالسا (ئىلاھىم ھەرگىز ئۇنداق بولمىغاي)، شاھزادە غوجام ئەلۋەتتە، ۋاڭلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ. قازارا، نورۇز داموللا قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئۆگەنگەن زابانىدارازلىقى بىلەن شاھزادە غوجامنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالسا، شاھزادە غوجاممۇ بۇ كىشى مېنىڭ ئاغزىمغا ئىلىم سالغان دەپ، كونا ئۇستازىغا مايىل بولۇپ قالسا، ئېھتىساللىچۇ؟ جاناپلىرىنىڭ ئەئلەملىك مۆھۈرلىرى ئىگىسىگە ۋاپا قىلارمۇ؟

ئۇۋەيس ئەئلەم قاتتىق ئويغۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان كىشىدەك ئەندىكىپ كەتتى ۋە قۇرئاندىن ساۋادى بولغان مۇسۇلمانلار بىرەر ئېغىر ئەھۋالغا دۇچكەلگەندە ئوقۇيدىغان «لاھەۋلە ۋەلاقۇۋۋەتە...» دىگەن ئايەتنى ئوقۇپ، ياقىسىنى تۇتتى. تەيجى ئۆز سېھرىنىڭ قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ يەنە سورىدى:

— خوش ئاخۇنۇم، بۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق؟

— ھەق سۇبھانە ۋە تائالا تەيجى بەگ غوجامنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن، دۆلەتلىرىنى پۇزۇن قىلغاي، پەقىرلىرىنىڭ غېمىنى يەپ، شۇنچە ئاتىدارچىلىق قىلغانلىقلىرىغا بىر ـ ئىككى كەلىمە سۆز بىلەن مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىشقا تىلىم ئاجىزدۇر. ئەزبىرايى خۇدا، پەقەت جاناپلىرىنىڭ ئەقىل ـ دانىش ۋە تەدبىرى ـ پەرمايىشلىرىغا پەقىرلىرى مۇنتەزىرمەن، — دىدى ئۇۋەيس ئەئلەم بىچارىلىك بىلەن.

— بۇ ئىشنىڭ ئەڭ ياخشى تەدبىرى — ھازىردىن باشلاپ، شاھزادە غوجامنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئىش جاناپلىرىغا ھىچقانچە تەس ئەمەس! — دىدى تەيجى جىددى ئاھاڭدا.

— خو...ش، ئىلاھىم ئېيتقانلىرى كەلسۇن.

— شاھزادە غوجامنىڭ خىزمىتىدىكى ھىلىقى دوك ئاپپاق بىلەن قۇشناچىم بىرىش ـ كېلىش قىلامدۇ؟

— ئېگىچى ـ سىڭىلدەك ئۆتىشىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى تەيجى، ئۆۋەيس ئەئلەمگە يېقىنراق سۈرۈلۈپ. ئۆۋەيس ئەئلەممۇ بويىنىنى سوزدى، تەيجى ئۇنىڭ قۇلىغىغا بىر نىمىلەرنى پىچىرلىدى.

شۇ ئاخشىمى گۈگۈم چۈشكەندە، ئاق خېچىر قوشۇلغان چىرايلىق بېيجىڭ مەپىسى كېلىپ، نورۇز داموللىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى. مەپىكەش بىر دوك مومايىنى مەپىدىن يۆلەپ چۈشۈردى. نورۇز داموللا ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى قۇتۇلغۇسىز بىر بالا - قازانىڭ يېتىپ كەلگەنلىگىنى سېزىپ، ھەممىسىنىڭ يۈرىگى دۈكۈلدەشكە باشلىدى. ئىلاج قانچە؟ نورۇز داموللىنىڭ ئايىلى ھېلىقى دوكنى مېھمانخانىغا باشلاشقا مەجبۇر بولدى. نورۇز داموللا قارا چىراق بىلەن يورۇتۇلغان دالاندا تۇرۇپ، مېھمانخانىنىڭ قىيا ئوچۇق ئىشىگىدىن ئۆز ئايىلىنىڭ مۇنۇ گەپلىرىنى ئاڭلىدى:

— شاھزادە غوجامنىڭ كېلىن قىزىمىزنى مەشرەپكە چىللىغىنىغا مىڭلارچە رەھمەت - تازىم. كېلىن قىزىمىز ساق بولغان بولسا، مېنىڭ مۇراتەم بارار ئىدى. بىچارە ئۈچ كۈندىن بۇيان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپتۇ. مىدىرلىغىدەك ماجالى يوق.

— مەن بىر كۆرەيچۇ، — دېدى دوك ئورنىدىن تۇرۇپ.

قارىكۆز ئايىلا راستىنلا تاۋى يوق بولۇپ، ئۆز ھوجرىسىدا ياتاتتى. دوك كەتكەندىن كېيىن، ھەممەيلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى شەھەردىن بىرنەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى راھەتباغ دېگەن يېزىدا ياشايدىغان بىر تۇققىنىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويماقچى بولۇشتى. بۇ گەپ ئەتىسىلا ئورۇنلاندى. بىراق بۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگىمىدى. ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ھېلىقى دوك يەنە كەلدى. داموللىنىڭ ئايىلى قىزىنىڭ تېخى ئوڭشىلىپ كەتمىگەنلىگىنى ۋە ھاۋالاندۇرۇش ئۈچۈن يېزىغا ئاپىرىپ قويغانلىغىنى ئېيتىپ، ئۆزرخالىق سورىدى. بىراق، بۇنىڭ بىلەنمۇ ئىش تۈگىمىدى.

## 2

بىر كۈنى نورۇز داموللا ئۆز ئادىتى بويىچە، ناماز بامداتتىن كېيىن، ئازراق ناشتا قىلىۋېلىپ، ئاپپاق كىگىز سېلىنغان يورۇق دەرسخانىغا كىردى. دەرسخانىدا ئوتتۇزچە تالىپ ئولتۇراتتى. بۈگۈنكى دەرس پارس تىلى گىراماتىكىسىنىڭ داۋامى ئىدى. داموللا سۆزلەۋېتىپ، «شەۋق گۈلىستان» دىن بىر ھېكايىنى مىسال ئۈچۈن نەقىل كەلتۈردى:

ئىنساپسىز پادىشالاردىن بىرى تەقۋادار بىر ئابىت (ئىبادەت قىلغۇچى) دىن «ئىبادەتلەرنىڭ قايسىسى ھەممىدىن ئەۋزەلرەك؟» دەپ سوراپتۇ. «سىنىڭ ئۈچۈن كۈن چۈش بولغىچە ئۇخلاش ھەممىدىن ياخشى ئىبادەتتۇر. چۈنكى شۇ مۇددەت ئىچىدە خەلقى ئالەمنى رەنجىتىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالىسەن» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئابىت.

تالىپلارنىڭ بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، «رۇخسەت بولسا، بىر سوئالىم بار» دىدى. نورۇز داموللا رۇخسەت قىلدى.

— قەدىم - قەدىمدىن بۇيان، جەۋرى - زۇلۇم شۇنداق كۆپمىدى؟ — دىدى تالىپ.

داموللا بىردەم سۈكۈتتىن كېيىن، ھېلىقى تالىپنى يېنىغا چاقىرىپ، شەيخ سەئىدىنىڭ يەنە بىر كىتاۋى — «بوستان» نىڭ بىر يېرىنى ئاچتى ۋە «ماۋۇ ھېكايەتنى ئوقۇپ تەرجىمە قىلىڭ» دىدى. تالىپ بىر ياندىن ئوقۇپ، بىر ياندىن تەرجىمە قىلدى. داموللا تالىپنىڭ تەرجىمىسىدىكى نۇقسانلارنى تۈزىتىپ تۇردى. بۇ ھېكايەت مۇنداق ئىدى:

نوشىرۋان ئادىل شىكارغا چىققان جايىدا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر كېيىكنى كاۋاپ قىلىپ بېرىشكە توغرا كەلدى. تۇز يوق ئىدى. نوشىرۋان بىر قۇلنى قىشلاققا بېرىپ، «تۇز تېپىپ كەل، ئەمما

تۈزنى باھاسى بىلەن ئال، تاكى پۇل بەرمەي تۈز ئېلىش بىر ئادەت بولۇپ قېلىپ، قىشلاق ئەھلى خاراپ بولمىسۇن» دەپ بۇيرۇدى. نوشىرۋاننىڭ ئادەملىرى «بىر ئوچۇم تۈز ئالماقلىق بىلەن قىشلاققا نىمە زىيان يېتەر» دېدى. نوشىرۋان ئېيتتى: «زۇلۇمنىڭ تۈرلىرى ئاۋال جاھاندا ئاز ئىدى، كېيىن كەلگەنلەرنىڭ ھەربىرى زۇلۇمنىڭ خىللىرىنى كۆپەيتىۋەردى ۋە ئاخىرى بۇ دەرىجىگە يەتتى.»

دەرسخانا شۇقەدەر جىمجىت ئىدىكى، نورۇز داموللىنىڭ ئېغىر - ئېغىر نەپەس ئېلىۋاتقانلىقى يېنىدىكىلەرگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا كىمدۇ بىرىنىڭ پىشايۋاندىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى ۋە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە، دەرسخانا ئىشىگىدە نورۇز داموللىنىڭ ئوغلى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ، لەۋلىرى تىترەيتتى. داموللا دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. مەلۇم بولدىكى، قارىكۆز ئايلا بۈگۈن تاڭ سەھەردە ھاجەتكە چىققان يېرىدىن غايىپ بولغانمىش.

نورۇز داموللىنى تالىپلار ئاران يۆلىۋالدى.

ئىككى كۈنگىچە ھېچيەردىن قىزنىڭ دېرىكى چىقمىدى. ئۈچىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە نورۇز داموللا بامدات نامىزىغا مېڭىپ، دەرۋازىنى ئاچقاندا، قارىكۆز ئايلانىڭ جەسەدى بوسۇغىدا ياتاتتى. ئۇنىڭ باش - كۆزلىرى يېرىلغان، قوسىقى كۆپتەك كۆپۈپ كەتكەن، كىيىم - كېچەكلىرى پۈتۈنلەي ھۆل ئىدى. كۆرۈنۈشىدىن بۇ مەرھۇمە ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلىغان بولسا كېرەك.

— بۇ چوقۇم ئاشۇ ئىبلاس، ئەپيۈنكەش نەزەرنىڭ ئىشى، — دېدى داموللا ياقىسىنى يىرتىپ.

قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن داموللا ئائىلىسى بۇ ئېيتقۇسىز ئېغىر مۇسىبەت كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ، شامەخسۇتقا ئەرز يازدى. ئەرز خەتتە دوك دەللىنىڭ ھەركەتلىرى دەلىل قىلىنىپ، قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن ئىدى.

هاشىر تەيجى ئەرز خەتنى تاپشۇرۇۋېلىش بىلەن «ئەمدى نەزەر دىگەن ئەپيۇنكەش مېنىڭ ئالقىنىمدا، تەيجى بەگلىك مەنسىۋىم ئۆمۈر باقى ماڭلىيىمدا بولدۇ» دەپ خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك تېرىسىگە پاتماي كەتتى. ھەقىقەتەنمۇ، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سۈيىقەستى خىيال قىلغىنىدىن ئارتۇقراق ئۇتۇم بەردى. چۈنكى كىمكى نەزەرنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىگە چىدىماي، ئوردىسىغا ئەرز سۇنۇپ قالسا، شامەخسۇت «شۇنىچە خەق پاتقان شەھەرگە مېنىڭ بىر تال ئوغلۇم پاتماپتىمۇ» دەپ قاتتىق كايىپ، ئەرز سۇنغۇچىدىن چوقۇم ئۆچ ئالاتتى. شۇڭا «خوش، داموللام جاناپلىرى، ئەمدىغۇ پەيمانىلىرى توشقاندۇر» دەپ پىخىلداپ كۈلەتتى تەيجى.

بۈگۈن زادى ھاشىر تەيجىنىڭ قىلغان ئىشى ئوڭ كېلىدىغان كۈن ئوخشايدۇ. ئۇ، بايىقى خوشاللىقلىرىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي تۇرغاندا، تۆمۈر خەلپىنىڭ نەق ئەھۋالى، مۇھىم كىشىلىرى، قورال-ياراقلارنىڭ تۈرى ۋە تەخمىنى سانى، شەھەر-يېزىلاردىن تۆمۈر خەلپىلەرگە ئاشلىق ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى چىقىرىپ بېرىۋاتقان يىگىرمىدەك كىشىنىڭ نامى يېزىلغان بىر پارچە مەخپى خەت ئۇنىڭ قولىغا تەگدى. خەت ناھايىتى چىرايلىق يېزىلغان بولۇپ، ئاخىرىدا، تۆمۈر خەلپىلەرنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇلغان، خەتكە «سىبغىزخان» دىگەن ئىمزا قويۇلغان ئىدى. بىراق، ھاشىر تەيجى خەتنىڭ ئاخىرىدىكى «شەھەرگە ھۇجۇم...» دىگەن سۆزلەرنى ئوقۇپ، ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى ۋە دەرھال شامەخسۇتنىڭ ھوجرىسىغا كىرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئامبال بەي ۋىنچاۋنىڭ مۇھىم ئىش بىلەن كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى-دە، ئۇنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن شامەخسۇتنىڭ قېشىغا باشلاپ كىردى.

بەي ۋىنچاۋ شامەخسۇتقا «خوش خەۋەر» يەتكۈزدى.

— ئۈرۈمچىدىن نۇرغۇن قوشۇن كېلىۋاتىدۇ!

بۇ خەۋەر شامەخسۇتقا جان بېغىشلىغاندەك، ئۇ يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئامبالغا قارىدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. «خۇداغا شۈكرى، كېسەلگە دورىمۇ تېپىلدى» دەپ ئويلىدى ھاشىر تەيجى.

## ئون سەككىزىنچى باپ

# ئۈچ ئاتلىقنىڭ جاسارىتى

قەھرىمانلارنىڭ جاراڭلىق سادالىرى
ئاڭلىنىۋاتقاندا، ھاپىز ناخشىسىنىڭ
نىمە كېرىگى بار؟
ئات جەڭگە چېپىپ كېتىۋاتقاندا، مەن
قانداق قىلىپ چىمەنلىكتە ياتالايمەن؟

— ئىبراھىم مۇنتەسەر①

1

ئۇرومچى تەرەپتىن نۇرغۇن چېرىك كېلىۋاتقانلىغى راست ئىدى، تۆمۈر خەلپىلەرمۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى كېچىكتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئەمدى ئۇلار «قانداق قىلىش كېرەك» دىگەن مەسلە ئۈستىدە باش

① و — ئەسىردە ياشىغان پارىس شائىرى.

قاتۇرۇپ ئولتۇراتتى.

— ھەممىدىن ئاۋال، بۇ كېلىشۋاتقان چېرىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق ئۇقساق ئوبدان بولىۇر ئىدى،— دېدى تۆمۈر خەلپە.

— مەن ئۇقۇپ كېلەي! — دېدى ئامانقۇل.

— ئۆزۈڭ يالغۇزلۇق قىلمىسەن، ئاز دېگەندە ئۈچ كىشى بېرىڭلار.

شۇ گەپتىن كېيىن، ئامانقۇل ئەنسارى بىلەن يەنە بىر يىگىتنى تالىلىشۋالدى. قويۇق قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزى ئوتتەك چاقناپ تۇرىدىغان باشقا بىر يىگىت مەنمۇ بارسام دەپ قاتتىق يالۋۇرۇشقا باشلىدى، ئاخىرى، ئامانقۇل ھېلىقى يىگىتنىڭ ئورنىغا مۇشۇ يىگىتنى ئېلىپ، ئەڭ ياخشى ئاتلار بىلەن شۇ كۈنىلا يولغا چىقتى.

بۇ يىگىت «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى»دىن 19 يىل كېيىن، يەنى 1931-يىلى قۇمۇل تاغلىرىدىن باشلىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭ زېمىنىغا كېڭىيىش بىلەن شۇ چاغدىكى ئىستىبدات جىنىڭ شۇرىپىن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەشھۇر يولباشچىلىرىدىن خوجىنىياز ھاجىم ئىدى. ئۇ چاغلاردا، ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەن، تېخى «ھاجى» بولمىغان ۋە ئۆزىنىڭ يۇرتى تاراتۇ دېگەن تاغدا ئوۋچىلىق قىلىپ يۈرگەن بىر ياش مەرگەن ئىدى. دادىسى ئىمىنىياز بۇ ئوغلىنىڭ قورقۇمسىز، قەيسەر ۋە ئەمگەكچانلىقىدىن خوش بولسىمۇ، بەزى قىلىقلىرىدىن رەنجىپ قالاتتى. چۈنكى، ئۇ ئاسان گەپكە كىرمەيتتى. ھەدىسىلا قارا مىلتىقىنى ئېسىۋېلىپ، ئېگىز تاغ ۋە قويۇق قارىغايلىقلار ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى-دە، غاڭجۇغا ۋە بۆكتۈرمىسى تۈلكە-بۆرە تېرىلىرى بىلەن توشىغىچە ئۆيگە قايتمايتتى. شۇنداق چاغلاردا دادىسى كايىپ، «ئاچ-يالىڭاچ قېلىۋاتامسەن، سېنىڭدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆلەي دېدۇق» دەپ ۋاقىرىسا، «ھەركىم ئۆز رىزقىنى ئۆزى تېپىپ يېگەن ياخشى» دەيتتى خوجىنىياز. بىر كۈنى «خەپ

توختاپتۇر، مەن سېنى شەھەرگە ئاپىرىپ موللامغا تۇتۇپ بەرمىسەم»
دەپ قاتتىق كايىدى بوۋاي. «ھە، سەن-زە، مېنى ئەمدى
چەلپەكچى موللام قىلاي دەمسەن، ئۆلسەممۇ بارمايمەن» دىدى ئۇ.

بولۇپمۇ، ئۆلۈش يىل بولغان بىر ۋەقە بوۋاينى قاتتىق رەنجىتتى: شامەخسۇتنىڭ ساناقچى بەگلىرى بىلەن كەلگەن ياساۋۇل-لارنىڭ بىرى ھۆزۈل دىگەن مالچى بوۋاينى گېلىدىن سىقىپ ئۇرۇۋاتقاندا، خوجىنىياز يۈگۈرۈپ كېلىپ، «ئۆزۈڭدىن ئاجىزنى شۇنچە ئانسى تاپقان بارمۇ؟» دەپ ھىلقى ياساۋۇلنى بىرمۇشت بىلەن ئۈرۈۋېتىپ جىدەلنى سېتىۋالغان. ئىمىنىياز بەگلەرنىڭ ئاغزىنى مايلاپ يۈرۈپ، ئاران قۇتۇلغان ئىدى. شۇندىن بۇيان، دادىسى ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشمەيتتى.

تۆمۈر خەلپىلەرنىڭ كۆشۈتە ئىغىزدىكى غەلىبىسى شامەخسۇت-نى قانچە بىئارام قىلغان بولسا، خەلقنى شۇنچە روھلاندۇرۇپ، كەلگۈسىدىن ئۈمىتۋار قىلغان ۋە شۇندىن كېيىن، تەرەپ-تەرەپ-تىن كېلىپ، قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلىدىغانلار كۈنسايىن كۆپىيىشكە باشلىغان ئىدى. شۇ قاتاردا خوجىنىياز پالگانمۇ يىگىرمە-دەك يىگىت بىلەن كېلىپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلغان ۋە ئۇۋ قىلىپ يۈرگەن تاغلاردا ئامانقۇل بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، قوزغىلاڭچىلار سېپىگە كىرىش بىلەنلا ئۇنى ئامانقۇل ئۆز قىسمىغا، يەنى چارلىغۇچىلار قىسمىغا قوشۇۋالغان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئامانقۇل ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ئاتلىق ئەسكەرلەرگە خاس قىسقا مىلتىقلىرىنى تونلىرىنىڭ ئىچىگە تىقىۋې-لىپ، ھېچكىمگە كۆرۈنمەي، كىچە-كۈندۈزلەپ يول ماڭدى. ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان يولنى يىراقتىن كۆزىتىپ، قۇمۇل شەھىرى-نىڭ غەربىدىكى ئاستانە دىگەن يۇرتتىن ئۆتكەندە، قويۇق چاك-توزاڭنى كۆرۈپ قالدى-دە، يولغا بىر ئاز يېقىنلىشىپ، ئاتلىرىنى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى قويۇق يۇلغۇنزارلىققا يوشۇرۇپ

قويۇپ، ئۆزلىرى ئەپلىك بىر جايدا دۈشمەننى كۈزىتىشكە باشلىدى. ئەگرى-بۈگرى هارۋا يولىدا ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ مېڭىۋاتقان قوشۇن خۇددى ئۇۋۇ ئىستەپ كېتىۋاتقان يوغان بىر سۆرلۈك يىلانغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاتلىق بولۇپ، ئاتلىقلار ئارىسىدا ئىككىدىن خېچىر قوشقان ئۈچ بىيىجىڭ مەپىسى بار ئىدى (ئېهتىمال، بۇ مەپىلەردە لەشكەر باشلىقلىرى بولسا كېرەك). ئۇلاردىن كېيىن، هەر بىرىنى ئۈچ ئات سۆرىگەن بەش زەمبىرەك ئۆتتى، قويرۇق قىسمىدا ئۈچتىن ئات قوشۇلغان بىرنەچچە گۇدۇڭ هارۋا كېلىۋاتاتتى. چېرىكلەرنىڭ بەزىلىرى هارۋىلارنى ياقىلاپ ياياق ماڭاتتى، بەزىلىرى هارۋىلاردا ئۆگدەپ ئولتۇراتتى.

ئامانقۇللار چېرىكلەرنى ساناپ ئولتۇرۇپ، بىرەرسىنى قانداق قىلىپ تىرىك قولغا چۈشۈرۈشنىڭ يولىنى ئويلاپ تۇرغاندا، ئەڭ ئاخىرقى هارۋىنىڭ چاقى كوداڭغا چۈشۈپ كېتىپ هارۋىنىڭ شوتىسى سۇنۇپ كەتتى. هارۋىدىكىلەر مىلتىقلىرىنى ئۆز جايىغا قويۇپ، هەممىسى يەرگە چۈشتى. ئۇلار جەمئىي بەش كىشى ئىدى. ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىغان ئاۋازلار بىلەن ئالدىدىكى هارۋىلارمۇ توختىدى. بىر ئاتلىق چېرىك هىلىقى شوتىسى سۇنغان هارۋىنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر نىمىلەرنى دەپ ۋاقىراپ قويۇپ كېتىۋەردى. چېرىكلەر ئاتلارنى چىقىرىپ، هارۋىنىڭ شوتىسى بىلەن هەپىلىشىشكە باشلىدى. ئالدىنقى هارۋىلار بىر دۆڭلۈكتىن ئۆتۈپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

ئامانقۇللار دەرهال ئاتلىرىغا مىندى-دە، يۇلغۇنلۇق، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن چىقىپ، تۇيدۇرماستىن هارۋىغا يېقىنلاشتى ۋە ئۇن نەچچە قەدەم قالغاندا، بىردىنلا «كۆتەر قولۇڭنى!» دەپ مىلتىقلارنى شاراقلاتتى. باياتىن بېرى هېچنىمىگە قارىماي، هارۋىنىڭ شوتىسى بىلەن هەپىلىشىپ تۇرغان چېرىكلەر چۆچۈپ كەتتى، بەزىلىرى دەرهال قولىنى كۆتەردى، بەزىلىرى يەرگە تىزلاندى.

«كۆتەر قولۇڭنى، بولمىسا، ھەممىڭنى ئاتىمەن!» دەپ تەكرارلىدى ئامانقۇل. چېرىكلەر غال - غال تىترەيتتى. شۇ ئارىدا، ياش بىر چېرىك «ئاتماڭلار ئاغىنىلەر، مېنى ئاتماڭلار. مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمان بالىسى» دېدى ساپ غۇلجا ئۇيغۇرلىرى تەلەپپۇزىدا.

ئامانقۇللار بۇ چېرىكلەر ئارىسىدا ئۇيغۇرچە بىلىدىغان بىرسىنىڭ چىقىپ قالغانلىقىدىن خوشال بولۇشتى.

— جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسا، ماۋۇلارنىڭ قولىنى باغلا! — دېدى ئامانقۇل.

ھېلىقى ياش چېرىك ھارۋىنىڭ ئاغامچا - تاسمىلىرى بىلەن ھەمرالىرىنىڭ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاشقا كىرىشتى. ئەنسارى ئاتتىن ئىرغىپ چۈشۈپ، باغلاقلىق چېرىكلەرنى بىر بىرىگە چاتتى ۋە شەپكىلىرىنى ئاغزىغا تىقىپ قويدى.

— ھە، ئۆزۈڭ نىمە ئادەمسەن؟ — دېدى ئامانقۇل ھېلىقى ياش چېرىككە.

— مەن ئىلىخونىڭ بايانداي دىگەن يېرىدىن، ئۆزۈم دېھقان بالىسى. ئىلى جاڭجۈڭگى ئورۇمچى جاڭجۈڭگى بىلەن سوقۇش باشلىغاندا، ئەسكەرلىككە ئېلىنغان. بۇلار ماڭا ھارۋىسىنى ھەيدىتىپ كېتىۋاتىدۇ.

— بۇ چېرىكلەرنىڭ سانىنى، قورال - ياراقلىرىنى، باشلىقلىرىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، بەش قولدەك بىلىمەن.

ئامانقۇل ئەمدى ئارتۇق گەپ سوراپ تۇرۇشنىڭ ۋاقتى ئەمەسلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، «راست بىلەمسەن» دەپ گەپنى ئۆزمەكچى بولدى.

— راست بىلىمەن. بەش ئايدىن بېرى، شۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرسام، نىمىشقا بىلمەيمەن؟ يالغان ئېيتسام، ئۆز ئۇۋالىم ئۆزۈمگە.

— ئۇنداق بولسا، سىزنى باشلىقلىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئاپىرىمىز. قالغان گەپنى شۇ يەردە قىلايلى.

— رەھمەت سىلەرگە ئاغىنىلەر.

— ھارۋىدا نېمە بار؟

— تۆت ساندۇق ئوق بار.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئامانقۇللار ھارۋىدىكى ئوقلار بىلەن چېرىكلەرنىڭ مىلتىقلىرىنى ئاتلارغا ئارتتى ۋە ھېلىقى ياش چېرىكنى بىر ئاتقا مىندۈرۈپ، تاغ تەرەپكە راۋان بولدى. قالغان چېرىكلەر شۇ يېتى قالدى.

يولدا كېتىۋېتىپ، خوجىنىياز پالگان ھېلىقى ياش چېرىكنىڭ ئىسمىنى سورىدى.

— ئىسمىم ئابدۇللا، ئۆزۈم تارانچى.

— ئۇنداق بولسا، سىنى ئابدۇل تاران دېسەك بولىدىكەن، — دېدى خوجىنىياز، ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

شۇنىدىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇل تاران بولۇپ قالدى.

ئامانقۇل يول بويى ئابدۇل تاراندىن بۇ چېرىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ ماڭدى. ئابدۇل تاران بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى.

## 2

ئۇلار قانداق تېز كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق تېزلىك بىلەن بىرنەچچە مەنزىل يول ماڭدى. بىر كۈنى تاڭ سۈزۈلگەندە، قورايىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆرۈك غولىنىڭ ئىچىدە، ئالدى تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالدى. ئامانقۇللار «بۇنچە ئەتىگەن شەھەر تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ ماڭغان كىم ئىكەن؟» دەپ تۇرغاندا، ھېلىقى ئاتلىق ئۇلارنى

كۆرۈپ قېلىپ، دەرھال يولىنى ئۆزگەرتتى. ئامانقۇل گۇمانلىنىپ، خوجىنىياز پالگان بىلەن ئۇنى قوغلىدى. ئۇ، قېچىپ كېتىۋېتىپ، ھەدەپ ئوق چىقىراتتى. خوجىنىياز پالگان ئۇنى ئاتماقچى بولغاندا، ئامانقۇل: «ئاتما، تىرىك تۇتۇش كېرەك!» دېدى. خوجىنىياز پالگان «ئۇنداق بولسا، مۇنداق قىلايلى!» دېدى-دە، ئىككى يۈز قەدەمچە ئالدىدا چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ بىر پۇتىنى ئۈزۈۋەتتى. ئات مۈدۈرۈلۈپ يىقىلدى. ئاتلىق ئات ئاستىدا قالدى، قولىدىكى مىلتىقىمۇ بىر چەتكە پىقىراپ چۈشتى.

خوجىنىياز پالگان ئۇنى ئات ئاستىدىن سۆرەپ چىقىقاندا، بۇ ئادەم ئامانقۇلغا تونۇشتەك كۆرۈندى. باش-كۆزلىرى يېرىلغان، ئۈستىگە ئەسكى چاپان كىيىۋالغان ياقۇپ ياساۋۇل غال-غال تىترەپ تۇراتتى. ئامانقۇل بىرنەچچە ئاي بۇرۇن نېرىدىكىردا بولغان ئەھۋاللارنى دەرھال ئېسىگە ئالدى-دە، ئاچچىقىدا پايلىماي، ئۇنى بىر-ئىككى كاچات سېلىۋېتىپ:

— ھەي خوتۇنتالاق، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ گېلىدىن سىقتى.

— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، — دەپ يىغلاشقا باشلىدى ياقۇپ ياساۋۇل.

— ھە، ئېيتە! بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

ياقۇپ ياساۋۇل تىترەپ تۇرۇپ ئەھۋالنى ئېيىتتى. ئۇ، ھاشىر تەيجىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كېچە-سى ھۆكەر يۇلتۇز ئۆرلىگەندە، مۇشۇ غولنىڭ يۇقۇرىسىدىكى بىر كۆك قورام تاشنىڭ يېنىغا ئۆلگۈرۈپ كېلىدىكەن، ئۇ يەردە نىياز دورغىنىڭ ئوغلى خاموش ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت تاپشۇرىدىكەن، بۈگۈن كېچە خاموش ئىمىشقىدۇ كېچىكىپ كەپتۇ. ياقۇپ ياساۋۇل ئۇنى ساقلاپ تۇرۇپ، خەتنى ئالغاندىن كېيىن ماڭغان ئىكەن.

— خەت قېنى؟

ياقۇپ ياساۋۇل قويندىن تېرە خالتىنى چىقىرىپ ئامانقۇلغا ئۇزاتتى. خالتىنىڭ ئىچىدىن تۆت پۈكلەنگەن خوتەن قەغىزى چىقتى. ئۇنىڭغا قومۇش قەلەم بىلەن نۇرغۇن گەپلەر يېزىلغان ئىدى. ئامانقۇل خەت بىلمەيتتى. خوجىنىياز پالگانغا قارىدى، ئۇمۇ بېشىنى چايقىدى.

— خەير، بۇ خەتنى خەلپەمنىڭ ئۆزى ئوقۇسۇن، — دېدى ئامانقۇل. ئاندىن ياقۇپ ياساۋۇلنىڭ پوتىسىنى يەشتۈرۈپ قولىنى باغلىدى.

بايىقى پۇتى سۇنغان ئات خاقىراپ ياتاتتى.

— بۇ جانىۋەر قىينىلىپ كەتتى، — دېدى خوجىنىياز پالگان.

— ئەمدى ئىلاج يوق، بوغۇزلىۋېتەيلى، — دېدى ئامانقۇل، سويۇپ ئالىدىغان كىشى چىقىپ قالارمىكىن دېگەن ئوي بىلەن ئەتراپقا قاراپ. ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئاڭغىچە، ئەنسارى بىلەن ئابدۇل تارانچىمۇ يېتىپ كەلدى.

ئۇلار ياقۇپ ياساۋۇلنى قولىدىن سۆرىتىپ يولغا راۋان بولدى. تۆرۈك كەنتىنىڭ چېتىگە كەلگەندە، بىرىنچى ئۇچرىغان كىشىگە ھېلىقى بوغۇزلانغان ئاتنى سويۇۋېلىشنى تاپشۇردى.

ئامانقۇللار تۆمۈر خەلپىنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى قارارگاھىغا يېتىپ كەلگىچە، ياقۇپ ياساۋۇلنى تونۇيدىغان ئونلارچە كىشى ئامانقۇللارنىڭ قورۇغداپ تۇرۇشىغا قارىماي، تاش-داڭگال ئېتىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا ئاز قالدى ۋە ياقۇپ ياساۋۇلنىڭ قولغا چۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر بىردەمدە ھەممىگە تارقىلىپ كەتتى.

ئامانقۇل قارارگاھ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈۋېتىپ، ئەنسارىغا «چاققان بول ئۇكام، خامۇش ماخقىنى نەدىن بولسا تېپىپ، پۇت-قولىنى يەرگە تەككۈزمەي ھەيدەپ كەل» دېدى.

قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ئامانقۇللارنىڭ بۇ قېتىمقى چارلاشتا

ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرى ۋە ئابدۇل تارانىدىن يول بويى
ئاڭلىغانلىرى توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتلىرىنى ئاڭلاپ ئۆتكەندىن
كېيىن، ئابدۇل تارانىڭ ئەپكىرىپ، يەنە بىرمۇنچە گەپلەرنى
سورىدى. مەلۇم بولدىكى، ئىلى جاڭجۇڭى سوڭ جۇڭشەننى
قوللاپ، ئۈرۈمچى جاڭجۇڭىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرگەندە،
ئىلىدىكى ھېكىم بەگ غوجا قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۆز
تەۋەسىدىن بىرەر يۈز يىگىتنى ئىلى جاڭجۇڭىنىڭ خىزمىتىگە
ئەۋەتكەن ئىكەن. ئابدۇل تارانمۇ شۇ قاتاردا ھەربىي سەپكە
كىرىدىكەن ۋە شىخوغا كەلگىچە ئۈرۈمچى چېرىكلىرى بىلەن
سوقۇشىدىكەن، شىخو ئۇرۇشىدا، ئىلى جاڭجۇڭىنىڭ لەشكەر
باشلىقلىرىدىن بولغان چيەن دارىن قوزغىلاڭچىلاردىن يۈز ئۆرۈپ،
ئۈرۈمچى جاڭجۇڭى يۈەن داخۇا تەرەپكە ئۆتۈۋالىدىكەن. ئابدۇل
تاران بىلەن بىرقىسىم ئۇيغۇر يىگىتلىرى چيەن دارىننىڭ پولكىدا
ئىكەن. چيەن دارىن ئۇلارغا ئىشەنمەي، ھەممىسىنى قوراللىرىزلان-
دۇرۇپ، ئات - هارۋا ئىشلىرىغا قويۇپتۇ. بۇ يىگىتلەرنىڭ پۇرسەت
تاپالىغانلىرى قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. هازىر يۈەن داخۇانىڭ ئورنىغا
ياڭ زىڭشىڭ ئولتۇرۇپتۇ. چيەن دارىن ياڭ زىڭشىڭ بىلەنمۇ
ئەپ ئەمەسكەن. شۇڭا، شىنجاڭدا تۇرالماي، يۈەن داخۇا بىلەن
ئىچكىرىگە كەتمەكچى بولۇپ، ئۆز تەۋەسىدىكى چېرىكلەرنى باشلاپ
يولغا چىقىپتۇ①. يۈەن داخۇا بىلەن چيەن دارىننىڭ ھەر ئىككىسى خان

---

① 1912 - يىلى ئاپرېلنىڭ ئاخىرلىرى ئىلى ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەت
قوشۇنلىرى خان لەشكەرلىرىنى ماناس دەرياسى بويىغا قىستاپ كەلگەندە، مانجۇ خانلىقى-
نىڭ سادىق مالىيى يۈەن داخۇا «شىنخەي ئىنقىلاۋى» نىڭ مېۋىسى بولغان «جۇمھۇرىيەت»
نى ئېتىراپ قىلىپ، ئىلى تەرەپ بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى ۋە ئىككى تەرەپ
ۋەكىللىرى چۆچەك شەھىرىدە سۆھبەت باشلىدى. شىنجاڭدا خانلىق ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ
قېلىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن يۈەن داخۇا دەرھال ئۆز ئورنىغا قەشقەر دوتەيى (ۋالىسى)
يۈەن خۇڭيۇنى شىنجاڭنىڭ باش ۋالىلىقىغا كۆرسەتتى. بىراق، شۇ يىلى 7 - ماي كۈنى،
قەشقەردىكى «گېلاۋخۇيچىلار» يۈەن خۇڭيۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، يۈەن
شىكەي باشچىلىقىدىكى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى دوتەيى (ۋالىسى) ياڭ زىڭشىڭنى شىنجاڭ-

تەرەپدارى ۋە شامەخسۇتنىڭ كونا دوستى بولغاچقا، قۇمۇلدا ۋاڭلىققا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرگەنلەرگە ناھايىتى ئۆچ ئىكەن. ئۇلار قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن ئىچكىرىگە كەتكىدەك. بۇ قېتىم ئۇلار بىلەن كەلگەن چېرىكلەر جەمى بەش يۈز كىشى بولۇپ، ئۇلاردا بەش زەمبىرەك ۋە نۇرغۇن ئوق-دورا بار ئىكەن. مىلتىقلىرىنىڭ ھەممىسى پەرەڭ مىلتىق ئىكەن.

— چيەن دارىن دىگەن قانداق نىمە؟ — دەپ سورىدى خوجنىياز پالگان.

— خۇددى پوكزەككە ئوخشاش دوپ-دوغىلاق، قارا چوقۇر، يىلاندەك ئاچچىغى يامان، يېشى قىرىقلاردىن ئاشقان ئادەم، — دەپ جاۋاپ بەردى ئابدۇل تاران.

— ئۆزى جەڭگە كىرەمدۇ؟

— بۇ چېرىكلەرنىڭ يوسۇندا، باشلىقلىرى جەڭگە كىرمەيدۇ، سەپنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، قاچقانلارنى ئاتىدۇ.

تۆمۈر خەلپە ئابدۇل تاراننىڭ سەممىلىگىدىن رازى بولۇپ مۇنداق دىدى:

— ئۇبدان يىگىت ئىكەنسەن، ئۇستىۋېشىڭنى يۆتكەپ، بىرنەچچە كۈن ئارام ئال. ئاندىن، ياخشى بىر ئات بىلەن يولغا سېلىپ قويايلى، ئىلىغا بېرىپ ئاتا-ئاناڭنى تېپىۋال.

ئەنسارى ئابدۇل تاراننى ئۆيدىن ئەپچىقىپ كەتكەندىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە ياقۇپ ياساۋۇلنىڭ قويىندىن تېپىلغان ھىلىقى خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا بارغانسېرى ھەيرانلىق ئالامەتلىرى كۆچىيىپ «بۇ نىمە گەپ؟» دىدى-دە، خەتنى يېنىشلاپ ئۈنلۈك ئوقۇدى. ھەممەيلەن چۆچۈپ كەتتى.

نىڭ باش ۋالىلىقىغا تەيىنلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، يوەن داخۇا ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىدىن يۈز ئۆرىگەن چيەن گۇاڭخەن (چيەن دارىن) نىڭ ھىمايىسىدە، قۇمۇل ئارقىلىق ئىچكىرىگە قاچماقچى بولۇپ، يولغا چىققان ئىدى.

بۇ خەتتە قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر قىسىم ئەھۋالىدىن تاشقىرى، يېقىندا تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا قورال-ياراق ئەۋەتكەنلىگى، ھەتتا ئامانقۇل، خوجىنىياز پالگان ۋە ئەنسارىلارنىڭ ئۇرۇمچىدىن كېلىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇش ئۇچۇن ماڭغانلىغىمۇ يېزىلغان ۋە ئاخىرىغا «سېغىزخان» دەپ ئىمزا قويۇلغان ئىدى.

— خامۇش ماڭقا، خەت يېزىشنى بىلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى تۆمۈر خەلپە.

— ۋاي تاگەي، بىز بىر يۇرتتا تۇرۇپ، ئۇنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغىنىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان، — دىدى ئامانقۇل.

— خامۇش ماڭقا خەت بىلگەندىمۇ مۇنچىلىك چىرايلىق يازالىشى ناتايىن. قاراڭلار، بۇ خېلى ئۇزاق زامان ئۇستاز كۆرگەن ئادەمنىڭ قەلىمىدەك قىلىدۇ. بۇنى كىم يازغاندۇ؟ — دىدى تۆمۈر خەلپە.

— ياقۇپ ياساۋۇلدىن گەپ سوراپ باقمايمىزمۇ؟ — دىدى ئېلى پالگان.

ئامانقۇل باش-كۆزى يېرىق ياقۇپ ياساۋۇلنى سۆرەپ كىردى. خېلى ئۇزۇن سوراق قىلىشتى. بىراق، ئۇ بايا ئامانقۇل-لارغا ئېيتىپ بەرگەن گەپلەردىن بۆلەك، ھىچقانداق يېڭىلىق ئېيتىپ بېرەلمىدى.

— ئەمدى بۇ مۇرتەتنى قانداق قىلساق بولار؟ — دىدى ئېلى پالگان، ئۆي خالى قالغاندا.

— ئۇنىڭ جاجىسى بىرتال ئوق، — دىدى قارا بوسۇق قولىغا مىلتىقنى ئېلىپ.

— توختا ئۇكام، هازىرچە سولاپ قويايلى، ھىلىقى «سېغىز-خان» نى تۇتقاندىن كېيىن، نىمە قىلساق قىلارمىز، — دىدى تۆمۈر خەلپە.

— سېغىزخان ساي بېشىدا. قوينىڭ قېنىنى ئاي بېشىدا دەپ، ئاي بېشىنى ساقلايمىزمۇ؟ سەنزە، تۆمۈر ئاكا، بەكمۇ

ئېغىر ئادەم جۇمۇ!

— سەۋرى قىلساڭ، غورىدىن ھالۋا پىشۇر، دىگەن گەپ بىسار ئەمەسمۇ. — دەپ كۈلدى تۆمۈر خەلپە.

— بۇ «سېغىزخان» دىگەن كىمكىن. ھە؟ خەپ توختاپتۇر، ئاسماندا بولساڭ تاپىنگىدىن، يەردە بولساڭ كوكۇلىگىدىن تارتىپ چىقمايدىغان بولسام! — دىدى قارا بوسۇق غەزەپ بىلەن.

— «سېغىزخان» نىڭ ئۇۋىسىنى خامۇش ماڭقا بىلىدۇ. ئاۋال شۇنى تېپىش كېرەك، — دىدى تۆمۈر خەلپە.

# ئون توققۇزىنچى باپ

# «ئەرۋاھ»

بۇ — ئويۇن ئەمەس، بۇ — تۇرمۇش.
تۇرمۇشتا تاماشىچىلار بولمايدۇ.

— يۇلىئۇس فۇچىك

**1**

خامۇش غايىب بولۇپ كەتكەندەك، شۇ كۈنى كەچكىچە ھېچيەردىن تېپىلمىدى. ئۇ بېقىپ يۈرگەن قويلارمۇ، بىر جىرانىڭ ئىچىدە قالغان ئىدى. بۇ ئىشقا ھەممىدىن ئامانقۇل بىلەن خوجىنىياز پالگان ئىچ-ئىچىدىن تىت-تىت بولۇپ، كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىماي چىقتى.

ئەتىسى يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر خامۇشنى ئىزلەپ، تەرەپ-تەرەپكە كېتىشتى. شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ ئۆلۈكى تېپىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

خامۇش جىلغىنىڭ ئۇ قېتىدىكى بىر ئۆڭكۈردە دۈم ياتاتتى، سول تاغىنىڭ ئاستىدىن ئىككى يەرگە پىچاق ئۇرۇلغان ئىدى.

تۈنۈگۈن، ياقۇپ ياساۋۇلنىڭ قولغا چۈشكەنلىگى توغرىسىدىكى خەۋەر قانداق تېز تارالغان بولسا، خامۇشنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى گەپمۇ بىر دەمدە ھەممىگە يېيىلىپ كەتتى.

— بۇنى كىم ئۆلتۈرگەندۇ؟ — دىدى خوجىنىياز پالگان ئۆلۈككە قاراپ.

— بۇ چوقۇم ھىلىقى «سېغىزخان» نىڭ ئىشى، — دىدى ئامانقۇل، خۇددى «سېغىزخان»نى تاپماقچى بولغاندەك ئادەملەر ئارىسىغا كۆز يۈگۈرتۈپ.

— مانا ئەمدى «سېغىزخان» نىڭ ئۇۋىسىغا بارىدىغان يولمۇ ئۈزۈلدى، — دىدى تۆمۈر خەلپە ئاچچىق بىلەن. ئامانقۇل بىلەن خوجىنىياز پالگانلار ياقۇپ ياساۋۇلنى داۋراڭ بىلەن ئەپكىلىپ خاتا قىلغانلىغىنى چۈشەنگەندەك يەرگە قاراپ جىم تۇرۇشتى.

— بولار ئىش بولدى، ئەمدى ۋاقتىدا كۆمۈۋېتىڭلار، پۇراپ كەتمىگەي يەنە، — دىدى تۆمۈر خەلپە ئاتقا مىنىۋېتىپ.

— ئايەت ئوقۇپ قويمامدىلا، — دىدى ئامانقۇل، بىر چەتتە تۇرغان ئاخۇن قارىغا قاراپ.

— يوقسۇ، يوقسۇ، مۇنداقلارغا ئايەت ئوقۇش ھارام، — دىدى ئاخۇن قارى قىزىرىپ كېتىپ.

بىرنەچچەيلەن ئازگالغا توپا تاشلاۋاتقاندا، ئايقىز ئامانقۇلغا «باياغى ئەخمەت كۈرۈك ئېسىڭىزدە بارمۇ؟» دىدى.

— بار، بار! بۇ خامۇش ماڭقىمۇ كەلگەن كۈنىلا ئەمەت كۈرۈككە ئوخشاش ھاڭغا موللاق ئېتىپ، قاغا-قۇزغۇنلارغا يەم بولسا ئوبدان بولاتتى. تۆمۈر ئاكاممۇ ئەمدى بىلىپ قالغاندۇ، — دىدى ئامانقۇل ئايقىزغا قاراپ.

شۇ كېچىسى يەنە بىر ۋەقە يۈز بەردى:

تۈنۈگۈن ياقۇپ ياساۋۇل قارارگاھتا بىر كېچە باغلاقلىق

تۇرغاندىن كېيىن، بۈگۈن ئامانقۇل ئۇنى مەلىگە ئەپكىلىپ بىر ئۆيگە سولاپ قويغان ئىدى. بۇ ئۆي مەسچىت تېمىغا تۇتاش قىلىپ سېلىنغان مۇستەھەپخانىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىشىكى خېلىلا كونىراپ كەتكەن بولغاچقا، ئامانقۇل ئۇنىڭ پۇت-قولىنى يەنە باغلاپ تاشلىدى. كېچىسى كۆزەتچى قويۇش لازىملىقىنى ئويلاپ، ئىككى يىگىتنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بىراق، ھۆسنارىخان بىلەن ئايقىز «چېرىكلەر كېلەي دەۋاتقاندا، يىگىتلەرگە مەلىدە نىمە بار، پۇت-قولى باغلاقلىق بىر ئىتنى بىز ساقلىيالمايمىزمۇ» دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتتى.

بۇ كۈنلەردە رەۋىخان موماينىڭ تاۋى يوق بولۇپ قالغان ئىدى. سەپەرقۇل قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ يىمەك-ئىچمەك ۋە باشقا تەمىنات ئىشلىرى بىلەن بەنت بولۇپ، كۆپىنچە تاغ-قىر-لاردا تۈنەپ قالاتتى. ئامانقۇل ھەپتە-ھەپتىلەپ ئۆيگە قايتمايتتى. پەقەت بەزى كۈنلىرى ۋاقىت تاپالىسا، ئۆيىنى يوقلاپ كېلەتتى-دە، بىردەم ئولتۇرۇپ يەنە ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتەتتى. شۇڭا، ھۆس-نارىخان ئايقىزغا ھەمرا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ يۈرەتتى.

ئامانقۇل ئايقىز بىلەن ھۆسنارىخاننىڭ بايىقى گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «ئەمىسە ئۆزۈڭلار بىر ئىمە قىلىڭلار» دەپ كېتىپ قالدى. ئايقىز بىلەن ھۆسنارىخان مەسچىت ھوجرىسىدا يېتىپ قوپىدىغان شەرۇللا بوۋاينىڭ قېشىغا كىرىپ مەسلىھەتلەشتى. ئاخىرى، باشقىلارنى ئاۋارە قىلماي، پەقەت شەرۇللا بوۋاينىڭ ئون ئىككى ياشلىق نەۋرىسى گالىنى چاقىرىپ كېلىپ، بۈگۈن كېچە نۆۋەت بىلەن كۆزەتچىلىك قىلىدىغان بولۇشتى.

شۇنداق قىلىپ، ئايقىز بىلەن ھۆسنارىخان مىلتىقلىرىنى مۈرىلىرىگە ئېسىپ، تۈن نىسپىدىن ئاشقىچە كۆزەتچىلىك قىلدى. «قارا يىلپىز» رەۋىخان مومىنىڭ بوسۇغىسىدىن دالىجىماي ئۆيىنى ساقلاپ ياتتى (رەۋىخان مومايلارنىڭ ئۆيى مەسچىتكە يېقىنلا

بەردە ئىدى). نۆۋەت شەرۇللا بوۋايغا كەلگەندە، گالى بوۋىسىنىڭ نەيزىسىنى ئېلىپ، ئىككى سەكرەپلا ھىلىقى ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە خۇددى ئەسكەردەك، نەيزىسىنى تىك تۇتۇپ، ئىشىك تۈۋىدە قېتىپ تۇردى. شەرۇللا بوۋاي نەۋرىسىگە زوقلىنىپ بىردەم قاراپ تۇرغاچ، «بىرى كەل بالام، كۆزەتچىلىكنى ئولتۇرۇپ قىلساقمۇ بولىدۇ» دەپ، تام تۈۋىدىكى سۇپىغا ئولتۇردى ۋە نەۋرىسىنى ئۇخلاپ قالمىسۇن دىگەن خىيال بىلەن ئۇنىڭغا چۆچەك ئېيتىپ بىرىشكە باشلىدى. بالا «ھە... ھە...» دەپ ئولتۇرۇپ، بىر چاغدا ئۇخلاپ قالدى. شەرۇللا بوۋاي كىگىز قالپىقىنى ئۇنىڭ بېشىغا قويۇپ بەردى. چۈنكى ئۇ، «بۆگۈن كېچە كۆزەت قىلىمىز» دىگەن گەپنى ئاڭلىغاندىن بۇيان، نەۋرىسىنىڭ زادى ئۇخلىيالمىغانلىقىنى بىلەتتى.

تەبىئەتمۇ خۇددى ئۇيقۇغا كەتكەندەك، پۈتۈن ئەتراپ جىمجىت ئىدى. پەقەت يىراقتا ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىنىڭ كۆڭۈللەرگە ئارام بېغىشلىغۇچى مۇزىكىدەك يېقىملىق شاقىراشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شالاڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇن ئاي ھەممە ئەتراپنى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇۋەتكەن ئىدى.

شەرۇللا بوۋاي ئۆز ئېتىقادى بويىچە، جىن-ئالۋاستىلارنىڭ زىيانداشلىقىدىن ساقلايدۇ، دەپ ئىشەنگەن «ئايەتەلكۇرسى» دىگەن ئايەتنى تەكرار-تەكرار ئوقۇپ بىردەم مېڭىپ يۈرگەندىن كېيىن، سۇپىغا ئولتۇرۇپ، نەيزىگە تايساندى. ئاستا-ئاستا ئۇنىمۇ ئۇيقۇ بېسىشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا كۆزىگە بىرنىمە كۆرۈنگەندەك بولدى: بېشىدىن تاپىنىغىچە ئاققا ئورالغان ئېگىز بىر گەۋدە بوۋايغا يېقىنلاشماقتا ئىدى. بوۋاي بۇنى «ئەرۋاھ» دەپ ئويلاپ، كۆزىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى. شۇ ھامان كۈچلۈك بىر قول بوۋاينىڭ گېلىنى سىقتى. ئارقىدىنلا قاتتىق بىر نەرسە بېشىغا تەگدى. بوۋاي ھوشسىزلىنىپ سۇپىغا يىقىلدى. «ئەرۋاھ» ئىشىكنى ئەپچىللىك بىلەن قومۇرۇپ تاشلاپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئارقىدىنلا ياقۇپ

ياساۋۇلنىڭ جان تالىشىپ خىقىراۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. «ئەرۋاھ» ئۆيدىن ئىتتىك چىقىۋېتىپ، تامغا يۆلەكلىك تۇرغان ئىشىككە پۇتلىشىپ كەتتى. ئىشىك يىقىلىپ، «تاق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ «قارا يىلپىز» قاۋاپ تاشلىدى. باشقا ھويلىلاردىكى ئىتلارمۇ قاۋاشقا باشلىدى. ھېلىقى «ئەرۋاھ» مەسچىتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

كىيىم-كېچىگى بىلەنلا ياتقان ئايىقىز بىلەن ھۆسنارىخان چۆچۈپ ئويغاندى-دە، مىلتىقلىرىنى ئېلىپ مەسچىتكە يۈگۈردى.

ياقۇپ ياساۋۇل بوغۇزلاپ تاشلانغان ئىدى. ئايىقىز ئاسمانغا قارىتىپ، ئارقا-ئارقىدىن ئىككى پاي مىلتىق ئاتتى. ئۆي-ئۆيدىن يۈگۈرۈشۈپ چىققان ئادەملەرنىڭ ۋاڭ-چۇڭلىرى بىلەن مەھەللە ئىچىنى ئەنسىزچىلىك قاپلاپ كەتتى.

## 2

ئامانقۇل ئۆزىنىڭ ئۆيىدە باش-كۆزى تېڭىلغان شەرۇللا بوۋىغا ئۇسسۇزلۇق ئىچكۈزۈۋاتقاندا، ياش ئىمام ئاخۇن قارى بامدات نامىزىدىن يانغان جامائەتنى باشلاپ، ئەھۋال سوراپ كىردى.

— توۋا دەيدىغان ئىش! ۋاللاھۇ ئەلەم، بۇمۇ ئاخىر زاماننىڭ ئالامەتلىرىدىن بولسا كېرەك، — دېدى ئاخۇن قارى تۆردە ئولتۇرۇپ.

«توۋا، توۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتۇشتى ياشىنىپ قالغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى.

— ئىمام ئاخۇنۇم، — دېدى ئامانقۇل ئاخۇن قارىغا قاراپ، — ئۆزلىرى ئوقۇغان كىتابلاردا ئاخىر زامان بولغاندا، «ئەرۋاھ» لار قولىغا تىغ ئېلىپ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئىشلار بولىدۇ، دەپ يېزىلغانمۇ؟

— ۋاللاھۇ ئەلەم، مۇقەددەس كىتابلاردا بۇ خۇسۇستا ئۇچۇر

بىرلىمىگەن بولسا كېرەك، — دېدى ئىمام كىچىككىنە سەللىسىنى تۈزىتىپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا، شەرۇللا بوۋاينىڭ بېشىنى يېرىپ، ياقۇپ ياساۋۇلنى بوغۇزلىۋەتكەن «ئەرۋاھ» بىزگە ئوخشاش تىرىك ئادەممۇ نېمە؟ — دېدى ئامانقۇل ئىمامغا تىكىلىپ قاراپ.

ياش ئىمام بىرئاز ئوڭايسىزلانغاندەك يەرگە قارىۋالدى، ئاندىن:

— ئاللا تائالانىڭ ھېكمەتلىرى كۆپ. بىز بەندىلەر بۇ ھېكمەتلەرنىڭ سىرىنى بىلىپ كېتىشكە ئاجىزمىز، — دېدى.

— ئاللانىڭ ھېكمەت سىرلىرىنى بىلەلمىگەن بىلەن بەندىنىڭ سىرىنى بەندە بىلەلەيدۇ، — دېدى ئامانقۇل يەنە ئىمامغا تىكىلىپ قاراپ.

نۇرۇل بوۋاي ئامانقۇلنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ مۇنداق دېدى:

— بىگىز قاپتا ياتماس، ئۆلۈك تاغاردا دەپ، بۇ ئىشنىڭ سىرىمۇ ئېچىلىپ قالار.

ياش ئىمام «ئىنشائاللا شۇنداق بولۇر» دەپ دۇئا ياندۇرۇپ ئورنىدىن قوپتى.

توپ-زەمبىرەك ۋە ئەڭ يېڭى مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان ئۇرۇمچى چېرىكلىرىنىڭ يەرلىك چېرىكلەر بىلەن بىرلىكتە قوزغايدىغان يېڭى ھۇجۇمىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسىدە باش قاتۇرۇپ تۇرغاندا، ئارقا-ئارقىدىن يۈز بەرگەن بۇ سىرلىق ۋەقەلەر قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنى بىرئاز گاڭگىرىتىپ قويدى، ھەتتا ھەمراھلىرىنىڭ نەزىرىدە «ناھايىتى ئېغىر ئادەم» ھېسابلانغان تۆمۈر خەلىپىنىڭمۇ خىيالى چېچىلىپ، كۆڭلى پەرىشان بولۇشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ شەرۇللا بوۋاينى يوقلاپ كېلىپ، بىردەم مۇڭداشقاندىن كېيىن، خىيالغا چۆمدى: ھېلىقى «سېغىزخان» نى تۇتالمايۋاتساق، يەنە بىر «ئەرۋاھ» نىڭ پەيدا بولغىنىنى قارا،

ئەمدى بۇ «ئەرۋاھ» كىم بولغىيدى؟ ئەجەپ ياقۇپ ياساۋۇل قولغا چۈشكەن كۈننىڭ ئۆزىدىلا خامۇش ماڭقا غايىپ بولدى ۋە شۇ كېچىسى ئۆلتۈرۈلدى؟ خۇددى بىرسى ماراپ تۇرغاندەك، شەرۇللا بوۋاي كۆزەتچىلىك قىلغان گەزدە، «ئەرۋاھ» پەيدا بولۇپ، ياقۇپ ياساۋۇلنىمۇ ئۆلتۈردى. بۇ «ئەرۋاھ» بىلەن «سېغىزخان» ئىككىسى بىر ئادەم ئەمەسمىدۇ؟ ھە، ھە، شۇنداق، بۇ ئىككىسى بىر ئادەم. دېمەك، ئارىمىزدا بىزنىڭ تېرىمىزگە كىرىۋالغان ناھايىتى مەككار بىر دۈشمەن بار. بۇ دۈشمەن شا مەخسۇتنىڭ نەچچە يۈزلىگەن چېرىكلىرى قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. بىز تېخى قاتتىق غەپلەتتە ئىكەنمىز. بىز تاش سانىساق، شا مەخسۇت قۇم سانايدىكەن. ئەمما بۇ مەككار دۈشمەن بىزنىڭ ھەربىر باسقان قەدىمىمىزنى قانداق قىلىپ مۇنداق ئېنىق كۆرۈپ تۇرغاندۇ؟ ھە، ھە، ئۇقتۇم، ئۇقتۇم. كۆرۈپ تۇرمىدى، بىز ئۆزىمىز كۆرسىتىپ قويۇپتىمىز. ۋاي ئىست، شۇنىڭغىمۇ ئەقلىم يەتمەپتۇ. ئاشۇ كۈنىلا ئىش بۇزۇلغان ئىكەن. ئامانقۇللار ياقۇپ ياساۋۇلنى يۇرت ئىچىگە كۆپ-كۈندۈزى ئەپكىرمىگەن بولسا، بۇ «سېغىزخان» ئاللىقاچان قىلتاققا چۈشكەن بولاتتى. ئۇ، ياقۇپ ياساۋۇلنى كۆرۈپ ياكى ئۇنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپلا، ئۆز ئىزىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشقا كىرىشكەن ئىكەن-دە! ئەمدى بۇ «سېغىزخان»نى ھەرگىز ئاشكارا تۇتقىلى بولمايدۇ. بىزمۇ شۇنىڭغا لايىق ئىش قىلمىساق بولمىدى. ئۇيقۇمىزنى ئېچىپ، بىزگە ئەقىل ئۆگىتىپ قويغان «سېغىزخان» غا رەھمەت.

كېيىن، تۆمۈر خەلپە بۇ ئوي-پىكىرلىرىنى ئۆز ھەمراھلىرىغا ئېيتتى. ئامانقۇل بىلەن خوجىنىياز پالگانلار ھىلىقى كۈنى ياقۇپ ياساۋۇلنى يۇرت ئىچىگە ئاشكارا ئەپكىرىپ «سېغىزخان»نى ئۈركىتىپ تاشلىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

— ئۆتكەنكە سالاۋات، — دىدى تۆمۈر خەلپە، — بۇرۇنقىلار: «سېغىزخان سەگەك نىمە، ئۆزىدىنمۇ جېنى بەك نىمە» دەپ

بىكار ئېيتمىغان، ئەمما، «ئۆگىنەيدىغان ئىش يوق، قىلتاقتا چۈشمەيدىغان قۇش يوق» دېگەن گەپمۇ بار. بۇ «سېغىزخان»نىڭ قىلتاققا چۈشمىگىنىنى مەن كۆرەي. ئەمدى، خىيالىڭلارنى بۇ ئىشقا چاچماي، يېڭى جەڭگە تەييارلىنىڭلار!

## يىگىرمىنچى باپ

# سۆزلەيدىغان تۇمار

تەدان تۈلكە تۇمشۇغىدىن ئىلىنار.

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ئۈرۈمچىدىن چېرىك كەلگەنلىكى ئېنىق بولغاندىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە «ئەمدى ئۇلارنىڭ تاقىغا ھۇجۇم قىلىشى چوقۇم» دەپ، بولغۇسى جەڭنىڭ پىلانلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى ۋە ھەمراھلىرىنى يىغىپ، «ئابدۇل تارانىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىدىڭلار، ئۈرۈمچى چېرىكلىرىگە شىيەتەي بىلەن شا مەخسۇتنىڭ كۈچۈكلىرى قوشۇلسا، بىزگە ھۇجۇم قىلىدىغان چېرىكلەرنىڭ سانى مىڭدىن ئېشىپ كېتىشى تۇرغان گەپ. قېنى ئېيتىڭلارچۇ، بىز قانداق قىلساق بولار؟» دىدى.

بۇ ھەقتە ھەركىم ھەرنىمە دەپ، خېلى ئۇزۇن پاراڭ بولدى، ئاخىرى، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان لايىھىسى بويىچە مۇنداق قارارغا كېلىشتى: تازا تاللاپ تۇرۇپ، ئوتتۇرا قولدەك

يىگىتتىن ئۈچيۈزى ئايرىپ چىقىلدى. بۇلار ئۈچ توپقا بۆلۈندى. چېرىكلەر شەھەردىن قوزغىلىپ چىققان ھامان، بىرىنچى توپنى ئېلى پالگان كۆشۈتە ئېغىزىغا مۆكتۈرۈپ، ۋاقتى يەتكەندە، دۈشمەننى ئارقا تەرەپتىن ئۇرىدۇ؛ ئىككىنچى توپنى قارا بوسۇق تۆرۈك غولى بىلەن تۇتاشقان ئىدىرلىقلارغا يوشۇرىدۇ. جەڭ قىزغاندا، دۈشمەنگە ئوڭ قاناتتىن تېگىدۇ. ئوتتۇرىدا تۆمۈر خەلپە، ئامانقۇل، خوجىنىياز پالگانلار تۇرىدۇ. بۇ توپقا ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەر ئاجرىتىلىپ، ھەربىر مەرگەنگە بىردىن ياردەمچى، ئىككىدىن مىلتىق بېرىلىدۇ. ياردەمچى بولغان كىشى مۇمكىن قەدەر ئۆزى ئاتماي، مىلتىقنى ئوقلاپ بېرىدۇ. بۇ توپتىكىلەر ئاقچۇق سېيىغا يېقىن — ئۇدۇلدىكى ئىدىرلىقلارغا جايلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى ئىدىرلىق ئىچىدىكى پىنھان جايلاردا يەتتە-سەككىزدىن قىلىپ، ئايرىم ئادەملەر تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئاھالە ئىچىدىن قالپاق، بۆك، كونا كىيىم-كېچەك، لاتا-پاتا يىغىپ، تاغ قاپتاللىرى بىلەن كۆتەل① ۋە دۆڭلۈكلەر ئۈستىگە قارانچۇقلار ياسىلىدۇ. بىر قىسىم ئاھالە شۇ قارانچۇقلار ئەتراپىدا مىدىرلاپ يۈرۈپ، باراڭ كۆرسىتىشكە سەپەرۋەر قىلىنىدۇ، جەڭ باشلىنىش بىلەن تەڭلا، ئۇلار ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ. ئەنسارى ۋە قاسىم قىزىق باشلىق بىرنەچچە يىگىت ھازىردىن باشلاپ ئاقچۇق سېيىنى چارلاشقا كىرىشىدۇ.

ئېلى پالگان تىكە ساقىلىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇغۇ ئوبدان بولدى. لېكىن، تۆرۈك غولىدىن گەشت قىلمىسەن②، ئۇ يەرگە بۆلگەن ئادىمىمىز ئاز بولۇپ قالدى. چېرىكلەر شۇ تەرەپكە جىققراق ئېسىلىپ ئالارمىكىن.

— ئېلى ئاكا، — دېدى قارا بوسۇق، — ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ ئۆزگىنى شىر چاغلا دەپتىكەن، سەنزە، مېنى كۆزگە ئىلمايسەن-

① كۆتەل — داۋاندىن پەس، ئادەتتىكى دۆڭلۈكتىن ئېگىزرەك كەلگەن تۆپىلىك.

② ئەندىشە قىلمەن دېمەكچى.

ھە! مەن يۈز يىگىت بىلەن ئۇ يەردە پادا باقامدىمەن؟

— سېنى پادا باقامدىكىن دەۋاتقىنىم يوق، تۆرۈك غولى خەۋپلىك يەر، ئادەم جىقراق بولسۇن دەۋاتىمەن.

— بولدى، بولدى تالاشماڭلار، قالغىنىنى ئۆز ۋاقتىدا كۆرەيلى، — دېدى تۆمۈر خەلپە ئارىغا چۈشۈپ.

بۆگۈنكى كۈن تېپ-تېچ ئۆتۈپ كەتتى. چارلىغۇچىلار خېلى يەرگىچە بېرىپمۇ ھېچقانداق خەۋەر ئېلىپ كېلەلمىدى. گۈگۈم چۈشكەندە تۆمۈر خەلپە ئۆيىنى يوقلاپ كەلمەكچى بولۇپ، ئامانقۇل بىلەن ئاتلىنىپ ماڭدى.

تۆمۈر خەلپىنىڭ بالا-چاقىسى ھىلىقى كېچىسى «ئەرۋاھ» ۋەقەسى يۈز بەرگەن مەسچىتتىكە يېقىن، يول بويىدىكى ئىگىزرەك يەرگە سېلىنغان بىر ھويلىدا شاكىرنىڭ بالا-چاقىسى بىلەن بىللە ياشايتتى. بۇ ھويلا ئۇلارنىڭ ئۆز زىمىنى ئىدى. شۇ ھويلىغا تۇتاش يەنە بىر كىچىكرەك ھويلىغا سەپەرقۇللار جايلاشقان ئىدى. ھەر ئىككى ھويلىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى دىگىدەك يېرىم تاش، يېرىم كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ئاددى ۋە تۆڭلۈكلۈك ئۆيلەر بولۇپ، پەقەت تۆمۈر خەلپىنىڭ مېھمانخانا قىلغان ئۆيى بىرقەدەر چوڭ ۋە پەنجىرىلىك ئىدى.

تۆمۈر خەلپە بىلەن ئامانقۇل مەھەللىگە كىرگەندە ئەلنىڭ ئالدى يېتىپ بولغان ئىدى. ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاندا-ساندا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۆمۈر خەلپىلەر ئۆيگە يېقىنلاشقاندا «قارايىلپىز» مۇ بىر پۈتىنى سۆرەپ، ھويلىنىڭ چاقسا ئىشىكىدىن قاۋاپ چىقتى. بىراق، ئىگىسىنى تونۇپ، دەرھال ئەركىلەشكە باشلىدى. ئارقىدىنلا سەپەرقۇل پەيدا بولۇپ، تۆمۈر خەلپە بىلەن ئېسەنلىك سورىشىپ تۇرغاندا، ئامانقۇل تۆمۈر خەلپىنىڭ بالا-چاقىلىرى جايلاشقان ھويلىنىڭ قورۇق تېمىدىن چۈشۈپ، چاقسا ئىشىگىنى ئاچتى ۋە ئاتلارنى ئېغىلغا ئەپكىرىپ كەتتى. شۇ ئارىدا تۆمۈر خەلپىنىڭ ئايىلى زورىخان ئۆيدىن چىراق كۆتىرىپ چىقتى.

— قونۇپ قالارسىلەر، — دېدى سەپەرقۇل تۆمۈر خەلپىگە قاراپ.

— ياق، بىردەم ئولتۇرۇپ كېتىمىز. ئايلاراپام قانداقىراق ياتىدۇ؟

— خۇدايىم شىپالىق بېرىپ، تۈزۈلۈپ قېلىۋاتىدۇ.

— كېچىسى ئاغرىق يوقلاش ياخشى ئەمەس دەيدىكەن، باشقا بىر كۈنى يوقلاپ كىرەي، مېنى سورىدى دېگىن ئاكا.

— خوش، ئامان بولۇڭلار.

تۆمۈر خەلپە ئۆيگە كىرىپ، كاڭدا قاتار ياتقان بالىلىرىنىڭ بېشىغا ئېگىشتى. چەتتە چوڭ قىزى — ئون ئىككى ياشلاردىكى ئايىنۇر، ئوتتۇرىدا سەككىز ياشلاردىكى كىچىك قىزى مەستۈرە، ئۇنىڭ يېنىدا بەش ياشلاردىكى ئوغلى باست بىر خىلدا ئۇخلاپ ياتاتتى. تۆمۈر خەلپە كەڭ ئالقىنى بىلەن باستىنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ قويدى، زورىخان چاي قاينىتىش ئۈچۈن ئوچاققا ئوت ياقتى. قارا چىراق بۇ كىچىككىنە ئۆينى بىر خىلدا يورۇتۇپ تۇراتتى. تۆمۈر خەلپە يېنىدا ئولتۇرغان زورىخاننىڭ سولغۇن يۈزىگە قاراپ، ئىچى سىرىلگەندەك بولدى-دە، قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ مۇنداق دېدى:

— تازىمۇ جاپا تارتتىڭ ئاپىسى. مېنىڭ قولۇمغا چۈشكەندىن بۇيان، بىرەر كۈنىمۇ خاتىرجەم ئۆتەلمىدىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— مۇنداق گەپلەرنى قىلمىسىلا، — دېدى زورىخان غەمكىن بىر تەبەسسۇم بىلەن، خۇدايىم باشلىرىنى ئامان قىلسا، ھەممىسى ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما زە، ئۆزلەدىن بەك غەم يەيمەن. تولىمۇ يوغان ئىشلارغا كىرىشىپ قالدىلا. «تورپاق يېغىلىغى»نىڭ نىمە بولغانلىغىنى خىيال قىلسام، تەنلىرىم شۇقىراپ، بۆلەكچىلا بولۇپ كېتىمەن. خۇدايىم ئۇنداق كۈنلەرنى ھارام قىلغاي.

— ئۇنداق خىياللارنى قىلما. ياغاچ قازاندا بىرلا ئاش پىشىدۇ، شا مەخسۇتنىڭ «تورپاق يېغىلىغى»دىكى مايمۇن ئويۇنىغا

ئەمدى ھېچكىم گول بولماس. ئەتراپقا قاراپ باقماسەن، قىزىلگۈلنىڭ تۇقىدەك، بەش ئاتارنىڭ ئوقىدەك يېگىتلىرىمىز بىلەن پۈتۈن تاغ خەلقى ئەنە ئاۋۇ پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقاندا، نىمىدىن غەم يىگۈلۈك، قالغىنىغا ئاللانىڭ ئۆزى كېپىل.

— ئۇغۇ راست، ھۆسنارىخان بىلەن ئايقىزغا قاراپلا مازۇزلۇغۇم كېلىدۇ. خوتۇن كىشىلەر چېغىدا، شۇنداق قىلىۋاتقاندا، شا مەخسۇتنىڭ چېرىكلىرى نىمىمۇ قىلالار! ئەمما زە، يېغى ياندىن، بالا قېرىنداشتىن دەپ، ئۆپ-چۆرىلىرىدىكى گايى ئادەملەر...

زورىخان تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گېپىنى يۇتۇۋەتتى. تۆمۈر خەلپە خوتۇنىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ مۇلايىم قوي كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ تۇراتتى.

— نىمە بولدۇڭ، گېپىڭنىڭ ئايىغىنى ئېيتمىسەن، — دىدى تۆمۈر خەلپە سەل سەگەكلىشىپ.

— ھېچنىمە، — دىدى زورىخان ئالقىنى بىلەن يېشىنى سۈرتۈپ.

— ياق، بىرنىمىنى ئۇققان ئوخشايسەن، گايى ئادەملەر دەپ توختاپ قالدىڭغۇ؟

زورىخان بىردەم خىيالغا چۆمدى-دە، مۇنداق دىدى:

— سەيپۇڭ توختاخۇن يوچۇنلا بىر ئادەم ئىكەن، بىزنىڭ ئاينۇرغا بىر قىسىملا گەپلەرنى قىپتۇ.

— نىمە دەپتۇ؟

— ئۆتكەن جۈمە كۈنى توختاخۇن مەسچىتنىڭ سۇپىسىدا ئىمام ئاخۇنۇم بىلەن ئولتۇرۇپتىكەندۇق، بىزنىڭ ئاينۇرنى كۆرۈپ قېچىقىرىپتۇ. قىز بالا يېنىغا بارسا، «بىر ئوبدان چوڭ بولۇپ قاپتىلا، دادىلىرى ھازىر خەلپەم بولدى. كېيىن شامەخسۇتنىڭ ئورنىغا ۋاڭ غوجام بولىدۇ، ئاپىلىرى پوجۇڭ بولىدۇ، قارا بوسۇق بىلەن ئىپلى پالگاننى تەيجى بەگ قىلىدۇ. سەپەرقۇلنى قېزىبەگ قىلار، ماڭا ھېچبولمىسا، دورغىلىق تېگەر، ئۇكەم-

دە ئۆزلەنى كىيلىن ئايلا قىلىۋالاي دىسەم، مەرتىۋىسى تۆۋەن ئىكەن دەپ ئاپىلىرى ئۇنىماي تۇرمىغاي جۇمۇ؟ دورغىلىقمۇ تۆۋەن مەرتىۋە ئەمەس» دەپتۇ. قىز بالا ئىزا تارتىپ ئۆيگە يىغلاپ كىرىپتۇ. قارىسىلاچۇ، بۇ توختاخۇننىڭ نىمە دېگىنىدۇ؟

— ئويىنىشىپ ئېيتقىنىدۇ، — دېدى تۆمۈر خەلپە كۈلۈپ كېتىپ، — بىرىمىز ۋاڭ، بىرىمىز تەيجى بولۇش نىيىتىمىزنىڭ يوقلۇغىنى توختاخۇن ئوبدان بىلىدۇ. بىز ئۆزىمىز ۋاڭلىقىنى ئۆرۈۋېتىپ، پۇقرالارغا تەڭلىك، ئەركىنلىك ئالىمىز دەۋاتساق، ئۇنداق ئىشمۇ بولامدۇ؟ بۇ گەپنى سەنمۇ ھېچكىمگە دەپ يۈرمە، ئاپىسى!

— ئۆزلەزە، بەك قىزىق ئادەم. باشلىرىغا ئاق سانچىلغان بىلەن، گايىدا كىچىك بالىدەك قىلىقلارنى قىلىدىلا. كۆڭۈلدە نىمە بولسا، ئېغىزىغا شۇ چىقىدۇ دەپ، توختاخۇننىڭ كۆڭلىدە بىرنىمە بولمىسا، ھېچنىمىدىن ھېچنىمە يوق ھېلىتىنلا ۋاڭلىق، تەيجىلىك تالىشىپ يۈرەمدۇ؟ ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە دەپتىكەن، ئۇيقۇلىرىنى ئېچىۋاراق يۈرسىلە بولۇرمىكىن.

— ۋاي ئاپىسى، تولىمۇ زىيادە گەپلىك بوپقاپسەن. گۇمان ئىشانىنى قاچۇرۇپتۇ دەپ، مۇنداق ئەندۇ① خىياللارنى قىلما، — دېدى تۆمۈر خەلپە، ئاندىن گەپنى باشقا ياققا يۆتكەپ، — ھە راست، ھۆسنارىخان بىلەن گەپلىشىپ باقتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

زورىخان ئېرىنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە، سەيپۇڭ توختى توغرىسىدىكى گەپنىڭ باشقا ياققا يۆتكەلگەنلىگىدىن خوشال بولۇپ، ئۇنىڭ سوئالىغا «ھە، گەپلەشتىم، مەيلى باردەك قىلىدۇ» دەپ دەرھال جاۋاپ بەردى. بۇ، ھۆسنارىخان بىلەن قارا بوسۇقنى چېتىپ قويۇش توغرىسىدىكى گەپ ئىدى. قارا بوسۇق بىرنەچچە

① ئەندۇ — خاتا، غەلىتە.

يىللار بۇرۇن شامەخسۇتنىڭ غەزنىۋىگە ئۇچراپ، نوەغا ئۈچ يىللىق سۈرگۈن قىلىنغان. سۈرگۈن مۇددىتى توشقىچە خوتۇنى ئاغرىق بىلەن قازا تېپىپ، ئۆزى بويتاق قالغان. ئىككى بالىسىنى قېيىنى ئاتىلىرى بېقىۋالغان ئىدى. تۆمۈر خەلپە قارا بوسۇق بىلەن ھۆسنارىخاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئوبدان بىلگەچكە، بۇ ئىككىيە-لەننى چېتىپ قويۇش خىيالىغا كېلىپ، ھۆسنارىخاننىڭ مەيلىنى بىلىپ بېقىشنى زورىخانغا تاپشۇرغان ئىدى.

تۆمۈر خەلپە زورىخاننىڭ جاۋاۋىنى ئاڭلاپ، پىيالىنى داس-تىخانغا قويدى ۋە «خويمۇ ئوبدان بوپتۇ، بىزنىڭ قارا بۇسۇغىمىز بۇ گەپنى ئاڭلىسا، قانچە خوش بولۇپ كېتەر، ئەمدى. كۆڭلىمىزنىڭ بىرئاز ئارامى بولغاندا، تازا قاملاشتۇرۇپ، بىر توي ئوينىۋېتىلى» دەپ قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن كىچىككىنە باسىت ئويغى-نىپ كېتىپ، يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى-دە، يۈگۈرۈپ كېلىپ، دادىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى:

— دادا، دادا، ماڭا مىلتىق ئەپكەلدىڭمۇ؟

— ئەپكەلدىم، بالام، — دېدى تۆمۈر خەلپە قىپ-يالىڭاچ باسىتنى قۇچىغىغا ئېلىپ.

— قېنى؟ — دېدى باسىت، ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ.

— بويۇڭ يەنە بىر غېرىچ ئۆسكەندە بېرىمەن، — دېدى تۆمۈر خەلپە.

باسىت «مانا ئۆستى، مانا ئۆستى» دەپ پۇتىنىڭ سوڭىنى كۆتىرىپ، ئۇچى بىلەن كاڭنىڭ ئۈستىدە يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئاينۇر بىلەن مەستۇرىمۇ ئويغىنىپ كەتتى. چاشقاننىڭ قۇيرۇغىدەك بىر تال نىياز چېچىنى گەجگىسىدە پۇلاڭلىتىپ شوخلۇق قىلىۋاتقان باسىتقا قاراپ، ھەممىيلەن كۈلۈشەتتى.

زورىخان بىر ئوغۇل، بىر قىزدىن جەمى بەش بالا تۇغ-قان بولسىمۇ، ئوغۇللىرى تۇرماي، كۆڭلى يېرىم يۈرگەندە، يەنە

قىساق كۆتىرىپ قالدى. دەل شۇ كۈنلەردە «تورپاق يىغىلىغى»
بولۇۋاتاتتى. كىتاۋىمىزنىڭ باش قىسمىدا ئېيتقىنىمىزدەك، شۇ
يىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆمۈر ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەتتى. ئۇ، زورد-
خان بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، «ئوغۇل تۇغساڭ ئېتىنى باسىت قو-
يۇڭلار» دىگەن ئىدى. شۇنىڭغا بىنائەن، بالىغا باسىت دەپ ئات
قويۇلدى. بىراق، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئانىسى «بۇ بالىنى خۇدا يولىدا
نىياز قىلىۋەتسەك، تۇرۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس» دەپ، قىرىق
چىچى چۈشۈرۈلىدىغان چاغدا، ئوڭ دوقىسىدىن ئالمىدەك يەرنى
قالدۇرۇپ قويدى. بەش يىلدىن بېرى باسىتنىڭ بۇ نىياز چىچى
ئۆسۈپ، بىر غېرىچتىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا، بەزىدە
ئۇششاق باللار «قىز بالا، قىز بالا» دەپ ئۇنىڭ چىشىغىمۇ
تېگىپ قوياتتى. مۇنداق چاغلاردا باسىتمۇ بوشكەلمەي «قىز بالا
دىگەنىڭچۇ، چىچى ئىككى تال بولىدۇ، مېنىڭ بىر تال» دەپ
ئۆزىنى ئاقلايتتى.

تۆمۈر خەلپە باسىتنىڭ ئەنە شۇ چىچىغا قاراپ ئولتۇرۇپ،
ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان ئۈچ بۇرجەكلىك تۇمارنى كۆرۈپ قالدى.

— بۇنىڭ تۇمىرىمۇ بار ئىكەنغۇ، قاچانلاردا ئېسىپ قويى-
غان؟ — دىدى.

— خېلى بولدى، ھىلىقى ئىمام ئاخۇنۇم كەلگەن كۈنلەر-
دە، — دىدى زورىخان.

— تۇمارنى ئىمام ئاخۇنۇم پۈتۈپ بەرگەنمۇ؟

— ھەئە.

— قېنى مەن كۆرۈپباقاي، نىمە دەپ پۈتىدىكىن؟

زورىخان باسىتنىڭ بويىنىدىن تۇمارنى ئېلىپ، قايچا بىلەن
سۆكتى. تۆمۈر خەلپە ئۈچ بۇرجەك قىلىپ قاتلانغان خوتەن قە-
غەزنى ئېچىپ، قومۇش قەلەمدە پۈتۈلگەن ئايەتلەرگە كۆز يۈ-
گۈرتتى. ئۇنىڭ سالاپەتلىك چىرايىدا بىردىنلا ھەيرانلىق ئالا-
مەتلىرى كۆرۈندى. ئۇ قەغەزدىكى قۇرلارغا قارىغانسېرى ھەيران-

لىغى ئېشىپ، ئورنىدىن دەست قوپتى ـ دە، زورىخانىغا قاراپ، «چوڭ ئۆيگە چىراق ياق» دېدى ۋە ئۆزى ئامانقۇلنى چاقىردى. ئىككى ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى قورۇق تامدىن ئامانقۇلنىڭ بېشى كۆرۈنگەن ھامان، «سەپەرقۇل ئاكام بىلەن بۇيان چىقىڭلار!» دېدى تۆمۈر خەلپە.

سەپەرقۇل بىلەن ئامانقۇل كىرگەندە، تۆمۈر خەلپە ئۆزىنىڭ مېھمانخانىسىدىكى قارا چىراق يورۇغىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ، تۇمارغا پۈتۈلگەن خەتلەر بىلەن ھىلىقى «سېغىزخان» يازغان مەخپى مەلۇماتتىكى خەتنىڭ سۆڭگىنى سېلىشتۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، چىشلىرى غۇچۇرلاۋاتقاندەك سېزىلەتتى. سەپەر قۇللار ئۆيگە كىرىشى بىلەن، تۆمۈر خەلپە: قېنى ئولتۇ-رۇڭلار، ھىلىقى «سېغىزخان» تېپىلدى، «ئەرۋاھ»مۇ تېپىلدى دېدى. ئاندىن ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، بۇنىڭ ھەممىسى ھىلىقى ياش ئىمام، يەنى ئاخۇن قارىنىڭ ئىشلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئامانقۇل ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، غەزەپ بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن دېمىدىممۇ! بۇ چىركىن مۇشۇ يۇرتقا ئۇنگەن كۈ-نىلا، كۆزۈمگە يوچۇن كۆرۈنگەن. ھەممە ئادەمنىڭ ئىككى كۆزى بولسا، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدا يەنە ئىككى كۆز باردەك بىلىنگەن. مەن ھازىرلا بېرىپ، پۇت ـ قولىنى يەرگە تەككۈزمەي ئەپكىلىمەن.

— توختا، — دېدى سەپەرقۇل، سەن ئۆتكەن قېتىممۇ مۇ-شۇنداق قىلىپ، خامۇش ماڭقىنى قولدىن چىقىرىپ قويدۇڭ. ئاۋال تۆمۈر ئاكاڭنىڭ گېپى تۈگىسۇن، — دېدى سەپەرقۇل.

— توۋا، — دەپ داۋام قىلدى تۆمۈر خەلپە، — مەن بۇ مەلئۇنىنىڭ چىراي ـ شەكلىگە قاراپ، ئىچىنىمۇ چىرايلىق دەپتى-كەنمەن؛ تىلىنىڭ شېرىنلىكىگە قاراپ دىلىنىمۇ ئاق دەپتى-كەنمەن؛ ئادەمنى ئېرىتىپ تاشلىغۇدەك قىرائەت قىلغىنىغا قاراپ، خىزىر ئاغزىغا ئېلىم سالغان قارى قۇرئان دەپتىكەنمەن؛

بىتەرەت يەر دەسسەمەيدىغانلىغىغا قاراپ، ئەۋلىيادەك تەقۋا مۇ-
سۇلمان ئىكەن دەپتىمەن. تووۋا! ئۇنىڭ جادۇگەر، ئىبلىس، بېشىغا
سەللە ئوراپ، پەرىجە تون كىيىۋالغان تەدان تۈلكە ئىكەنلىگىنى
نەدىن بىلەي. ئۇنىڭ قۇرئان ئوقۇغان ئاغزىمۇ قان، ئايەت پۈت-
كەن قولىمۇ قان ئىكەن. ئۆتكەن قېتىم تۇرپانغا خەت يازغاندا،
نىمىشقا سول قولى بىلەن يازىدىكىن دىسەم، گەپ مۇنداق ئىكەن،
باشتىنىڭ تۇمارى بىزگە ھەممىنى سۆزلەپ بەردى. «شەيخ رى-
يائى، دانالىقتا جىلۋە نامايى، تېشى ئالتۇن بىلەن نەقىش، ئىچى
زەھەر بىلەن غەش» دىگەن شۇ ئىكەن. ئەمدى بۇ مەلئۇننى
ھەرنىمە قىلساق ئاز. ئەمما، ئۇنىڭغا ھازىر تەگمەي تۇرايلى.
قېنى يەنە نىمىلەرنى قىلىدىكىن، كۆرۈپ باقايلى.

— نىمىسىنى كۆرۈپ باقىمىز؟ ئۆزۈڭ ئۇنى سەللە ئورىۋال-
غان تۈلكە دىدىڭغۇ، بىز ئوۋچىلار تۈلكىنى كۆرگەن يەردە ئاتى-
مىز، — دىدى ئامانقۇل قاپىغىنى سىلىپ.

— بالام، ئاتماق نىمە تەس. تەپكىنى باسساڭلا بولدى.
ئەمما ئۇنىڭ شىرىك - مىرىگى بولۇپ قالسىچۇ؟ ئۇلارنى يەنە قې-
چىپ قۇتۇلۇۋالسۇن دەمسەن؟ — دىدى سەپەرقۇل.

— سەپەرقۇل ئاكا! تازىمۇ ئوبدان دىدىڭ. بۈگۈندىن باش-
لاپ، بۇ تۈلكىنى ساقا تاپشۇردۇق. سەگەك بول. قالغان گەپنى
كېيىن قىلىمىز.

شۇنىڭدىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە باشقا بىر پارچە قەغەزنى
ئۈچ بۇرجەك پۈكلەپ، تۇمارنىڭ ئىچىگە تىقتى ۋە بالىلىرى
ياتقان ئۆيگە ئەپچىقىپ، زورىخانغا «بۇنى ئاۋالقىدەك قىلىپ
بالىغا ئېسىپ قوي» دىدى ۋە «مېنىڭ ئېچىپ كۆرگىنىمنى ھېچ-
كىمگە ئېيتما» دەپ پىچىرلىدى.

## يىگىرمە بىرىنچى باپ

# ئاقچۇق سېپىدا

كۆر، ئىتقا بولىۋەرسە، باش ئارسلان،
بولۇر ئىتلار ھەممە ئارسلانسىمان.
ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش،
بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان①.

— «قۇتادغۇبىلىك» دىن

مەغرۇر قوماندان چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.

— خەنزۇ خەلق ئىدىئومى

1

1912- يىلى مايىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئامبال، شىيەتەي، ھاشىر تەيجى، قىزبەگ غوجا، ئۇۋەيس ئەئلەم

① بۇ مىسرالارنىڭ قەدىمقىسى مۇنداق:

قاتارلىق بىرمۇنچە يۇرت چوڭلىرى ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى بىلەن شەھەرنىڭ بىر مەنزىل غەربىدىكى سۇمقاغا دىگەن يەردە ھەشەمەتلىك چاچاڭلارنى تىكتۇرۇپ، يۇەن داخۇانى زور داغدۇغا بىلەن قارشى ئالدى. شامەخسۇت سۇمقاغاغىچە بېرىشنى ئۆز مەرتىۋىسىگە مۇناسىپ كۆرمىدى. چۈنكى ئۇ، 1875- يىلى ۋاڭلىقتا ئولتۇرغاندىن بۇيان، تېخى ھىچقانداق ئەمەلدارنىڭ ئالدىغا چىقىپ باقمىغان ئىدى. نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان، قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ مانجۇ خانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭلارنى بېسىشتا كۆرسەتكەن «خىزمەت»لىرى، بولۇپمۇ شامەخسۇتنىڭ خانلىقتا بولغان «چەكسىز ساداقىتى» بەدىلىگە خانلىقتىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۇنۋان، مەرتىۋە ۋە ئىمتىيازلار شۇقەدەر يۇقۇرى ئىدىكى، شىنجاڭدىكى ھەرقانداق ئەمەلدار بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولالمايتتى. مەسىلەن، گۇاڭ شۈي خانىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى (1906- يىلى) ئۇ بېيجىڭغا ئون ئالتىنچى قېتىم زىيارەتكە بارغاندا، خان ۋە ئۇنىڭ ئانىسى سىشى تەيخۇ ئۇنىڭغا يەتتە ئەژدەرھا سۈرىتى كەشتىلەنگەن سېرىق دۇردۇن پەشمەت «ئىلتىپات» قىلغان. مۇنداق پەشمەت مەرتىۋە جەھەتتە خاندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ۋەزىر - ۋۇزۇرالارغا خاس بولۇپ، ئۇنى كىيگەن كىشىنى كۆرگەندە، ھەرقانداق ئەمەلدارنىڭ تىز پۈكۈپ، تازىم بېجا كەلتۈرۈشى، پۇقرا بولسا، باش قويۇپ قۇللۇق بىلدۈرۈشى شەرت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شامەخسۇت مانجۇ خانىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندە، ئوردىنىڭ يەتتىنچى دەرۋازىسىغىچە ئاتلىق بېرىشقا ۋە خان بىلەن ھەممىسىدىن بۇرۇن كۆرۈشۈشكە ئىمتىيازلىق ئىدى.

بىراق، قۇمۇل تاغلىرىدا ئەۋج ئېلىۋاتقان گۆلدۈرمامىنىڭ دەھ-

---

كۆر، ئارسلان بولۇبىرسە ئىتقا باشى،
بۇ ئىت بارچا ئارسلان بولۇر ئۆز تۇشى.
قالى بولسا، ئارسلانغا ئىت باشچىسى
ئول ئارسلان بولۇر بارچا ئىت ساقىشى.

شەتلىك ئاقىۋىتىدىن قۇتۇلۇش تەقەززاسى ئۇنى بارلىق كىبىر-غۇرۇر، مەرتىۋە ۋە ئىززىتى-نەپسىنى ھازىرچە بىرياققا قايرىپ قويۇشقا مەجبۇر قىلدى-دە، ئاخىر، سەككىز كىشى كۆتەرگەن تەختىراۋانغا چۈشۈپ، شەھەردىن بەش چاقىرىم يىراقلىققا تىكىلگەن ئالاھىدە چاچاقىچە باردى ۋە «مېھمانلار»نى شۇ يەردە كۈتۈۋالدى. قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، يۈەن داخۇانى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، تەختىراۋان بىلەن شيەتەي يامۇلىغىچە ئەپكىلىپ قويدى. «خەپ تۆمۈر، مىنى ئەجەپ ئانمي تېپىپ كەتتىڭ، مىنىڭ بېشىمغا ئەجەپ ئېغىر كۈلپەتلەرنى سالدىڭ، سېنىڭ دەستىڭدىن مانا بۈگۈن مەنسەپتىن چۈشكەن بىر لالمىغا ئۆزۈمدىن باشقا ھىچكىم ئولتۇرۇپ باقمىغان تەختىراۋانىمدىن ئورۇن بېرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىۋاتىمەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن، شامەخسۇت ئۆز ئوردىسىدا يۈەن داخۇا شەرىپىگە تەنتەنىلىك زىياپەت ئۆتكۈزدى ۋە ئوردىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىغىچە چىقىپ، «قەدەم تەشرىپىڭىز قۇتلۇق بولسۇن» دەپ قارشى ئالدى.

شا مەخسۇتنىڭ ئوردىسى «خۇيچىڭ» (مۇسۇلمان شەھىرى) نىڭ شەرقىي-شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، يىراقتىن قارىغاندا، خۇددى ئىگىز دۆڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرغان قەدىمقى بىر قورغانغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئىگىزلىگى بىر يېرىم تېرەك بويىغا كېلىدىغان بۇ ئوردىنىڭ شىمالىي تەرىپى سېپىل بىلەن قورشالغان بولۇپ، شەھەرنىڭ «ئوردا قوۋۇق» دەپ ئاتىلىدىغان دەرۋازىسى دەل شۇ يەردە ئىدى. ئەمما بۇ دەرۋازا توپ-توغرا شىمالغا ئەمەس، غەربىي-شىمال تەرەپكە قارايتتى. بۇ دەرۋازىدىن كىرگەن كىشى ئوڭ قولغا بۇرۇلۇپ، ئون بەش قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن، شىمالغا قارىتىپ كىمىر ئۆي شەكلىدە سېلىنغان يەنە بىر دەرۋازىدىن ئۆتكەندە، ئۇدۇلدا ئەگرى-توقاي كوچىلار، سول قولدا خۇددى سۇرلۇك يامۇل دەرۋازىلىرىدەك قارىيىپ تۇرغان

يەنە بىر دەرۋازا كۆرۈنەتتى. كۆن پىشتاقا قارىتىلغان بۇ چاسا
دەرۋازا، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى
تەرىپىدە قورالىق قاراۋۇللاردىن تاشقىرى، ئاغزىنى
ئېچىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئىككى شىرنىڭ تاش ھەيكىلى ئور-
نىتىلغان ۋە شۇ يەردىن باشلاپ ئىككى قاتار سىدە دەرىخى كۆ-
كەرتىلگەن ئىدى. دەرۋازىدىن كىرىپ ئۇدۇل قارىسىڭىز، يىگىرمە
نەچچە قەدەم نېرىدا گىرۋەكلىرى پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇ-
لۇپ، قىزغۇچ پورەڭدە بويالغان بىر توغرا تام كۆرۈنەتتى. بۇ
تام — خان ياكى ۋاڭ ئوردىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى سىمۋولى ئىدى...
ئوڭ قول تەرەپكە قارىسىڭىز، ئىگىزلىگى بىرتېرەك بويى كېلىدى-
غان پەشتاق كۆرۈنەتتى. بۇ، ئوردىنىڭ ناغراخانىسى ئىدى. سول
تەرەپكە قارىسىڭىز، كۆتەمە قىلىپ سېلىنغان بىرقاتار پىشايىۋان-
لىق ئۆيلەر كۆرۈنەتتى. پىشايىۋان تۈۋرۈكلىرىنىڭ ھەممىسى توق
قىزىل سىردا سىرلانغان بولۇپ، ھەربىر تۈۋرۈك ياغاچتىن ئويۇل-
غان رەڭدار ئەجدىھا بېشى ئارقىلىق لەمپە بىلەن تۇتىشاتتى.
لەمپىنىڭ ھەممە يېرى رەڭدار نەقىشلەر بىلەن جىلۋىلىنىپ، كۆز-
نى قاماشتۇراتتى. ئۆيلەرنىڭ مۇشۇ تەرەپتىكى تېمى ھەر خىل
شەكىلدىكى نەقىشلەر ئويۇلغان ياغاچ پەنجىرىلەردىن تەركىب
تاپقان ئىدى. ئەنە شۇ ئىمارەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەش بالداق
تاش پەلەمپەي بىلەن چىقىدىغان ھەيۋەتلىك بىر دەرۋازا بولۇپ،
ئۇنىڭ ئۈستىدە خەنزۇ مىمارچىلىقى ئۇسلۇبىدىكى پەشتاق قەد
كۆتىرىپ تۇراتتى. بۇ، ئوردىنىڭ ئىككىنچى دەرۋازىسى ئىدى.
دەرۋازىنىڭ ئىچى كورىدور شەكلىدە بولۇپ، ئىككى ياندا قوش
قاناتلىق يوغان ئىشىكلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ، ھىلىقى ئۆي-
لەرنىڭ ئىشىكلىرى بولۇپ، بۇ ئۆيلەر ئوردا ئىشخانىسى ئىدى.

ئىككىنچى دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن، تۆت بۇرجەكلىك
سىلىق تاشلار يېيىتىلغان كەڭ بىر سەينا كۆرۈنەتتى. شۇ سەينا-
نىڭ غەرپ تەرىپىدە شا مەخسۇتنىڭ پۈتۈن غەزنىلىرى، ئۆزگە

خاس ھوجرىسى، قوبۇلخانا ۋە ھەرەمخانىسى جايلاشقان ھەيۋەتلىك ئۆردا قەد كۆتىرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئوتتۇز نەچچە بالداقلىق پەلەمپەي بىلەنلا چىققىلى بولاتتى. پەلەمپەينىڭ ئىككىسى تەرەپتىكى بالداقلىرى تاشتىن بولۇپ ئوتتۇرىسىدىكى بالداقلىرى ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان ۋە بۇنىڭدا ۋاڭدىن باشقا كىشىلەر ماڭمايتتى. پەلەمپەي باشلانغان لەمپە ئاستىدا، تۆتتىن سەككىز قوراللىق قاراۋۇل ئىككى قاتار بولۇپ تۇرغانىدىن تاشقىرى، ئۇزۇن ساپلىق قىلىچ، قىزىل پۆپەكلىك نەيزە، ئەجدىھا باشلىق گۈرزا، ئىككى باشلىق ئاي پالتا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قەدىم زامان قوراللىرى تىزىلىپ، قىزىل سىرلانغان ئىككى ياغاچ جازا تۇراتتى. سەينانىڭ شەرق تەرىپىدە كۆتەمە قىلىپ سېلىنغان يەنە بىر يۈرۈش ئىمارەت بولۇپ، بۇ ئىمارەت بىر قاراشتا ئوردىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىش بىلەنلا سول قولدا كۆرۈنگەن ھىلىقى ئىمارەتكە ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ھەشەمەتلىك ئىدى. بۇ ئىمارەتكە ئوردىنىڭ مۇراسىم زالى، مېھمانخانىسى ۋە باش تەيجىلەرنىڭ ئىشخانىلىرى ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگەن كىشى ئۇيغۇر مىللىي مىمارچىلىق سەنئىتىنىڭ ئاجايىپ دۇردانىلىرىغا مەپتۇن بولۇپ قالاتتى. تاملارغا گەج بىلەن ئويۇلغان نەپىس نەقىشلەر، شاپتۇل ۋە ئانار شەكلىدىكى گۈللۈك ئويۇقلار، مېھراپ شەكلىدىكى نەقىشلىك مورىلار، تام بېشىغا قېنىق كۆك رەڭدە «خەتتى — پارسى» بىلەن يېزىلغان پارسىي ۋە تۈركىي نەزمىلەر ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن چىققان نەققاش ۋە خەتتاتلارنىڭ ئاجايىپ ماھارىتىنى نامايەن قىلىپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى.

كۇۋادىرات شەكلىدە سېلىنغان بۇ ئىمارەتنىڭ شەرق ۋە جەنۇپ تەرەپلىرى باققا تۇتىشاتتى، باققا تۇتاشقان تەرەپتىكى تاملارنىڭ ھەممىسى تورۇستىن يەرگىچە گۈللۈك پەنجىرىلەردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇ پەنجىرىلەر خۇددى قوش قانات ئىشىك

كە ئوخشاش ئىككى يانغا ئېچىلاتتى ۋە ئۆيدە ئولتۇرغان كىشى باغ مەنزىرىسىنى تولۇق كۆرەلەيتتى. ئۈچ تەرىپى سېپىل بىلەن تۇتاشقان بۇ باغ «ياۋاغ» دەپ ئاتىلاتتى. باھار ۋە ياز كۈنلىرى تۈرلۈك-تۈمەن گۈل-چېچەكلەر ئېچىلىپ، قۇشلار سايراپ، ئەلۋەك-ئەلۋەك مېۋىلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان بۇ باغ خىزدى چۆچەكلەردىكى كۆھقاپنىڭ ئېتىكىگە تاسادىپى جايلىشىپ قالغان بىر گۈلزارلىققا ئوخشاش، شامەخسۇتنىڭ ئاۋۇ سۈرلۈك ئىگىز ئۆردىسى بىلەن تامامەن ئىككى دۇنيا ئىدى.

زىياپەت ئەنە شۇ باغقا تۇتاشقان چوڭ زالدا ئۆتكۈزۈلدى. ھەر بىرىگە سەككىزدىن كىشى ئولتۇرىدىغان ئۈچ يۇمىلاق ئۈستەل مېھمان بىلەن تولدى. تۆردىكى ئۈستەلگە شامەخسۇت بىلەن يۈەن داخۇا، چيەن دارىن، ئامبال ۋە شيەتەي قاتارلىق چوڭ ئەمەلدارلار جايلاشتى. قىممەتلىك دېڭىز مەھسۇلاتلىرىدىن تەييارلانغان سەيلەردىن تارتىپ، ئۇيغۇر مىللىي تائاملىرىنىڭ ئەڭ تاڭسۇق خىللىرىغىچە يەپ، ئىسسىل دورا-دەرمەكلەر بىلەن تەييارلانغان ئىچىملىكلەرنى ئىچىپ تويۇشقاندىن كېيىن، شامەخسۇت يۈەن داخۇا بىلەن چيەن دارىنغا سوغا تەقدىم قىلدى. قىزىل دۇخاۋا سېلىنغان پەتنۇسلاردىكى چوكا ئالتۇنلار بىلەن قىزىرىپ تۇرغان تىللالار، جۈپ-جۈپى بىلەن قويۇلغان يامبۇلار، خىل-خىلى بىلەن تۇرغان قارا تۈلكە ۋە بۆكەن مۈڭگۈزلىرىنى كۆرۈپ، يۈەن داخۇانىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، ياغاق يۈزىدىكى قورۇقلىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى؛ چيەن دارىننىڭ قىسماق كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئوغرى مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ كەتتى.

يۈەن داخۇا نۇرغۇن رەھمەت-ھەشقاللادىن كېيىن، قول قوشتۇرۇپ تۇرغان تۇڭچىغا قاراپ قويۇپ، مۇنداق دېدى:

— چىڭ ۋاڭ جانابلىرى خاتىرجەم بولغاي، پەقىر ئاخشامدىن بېرى ھەممە ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويدۇم. تاغدىكى ئىسيانچىلارنى پاك-پاكىزە تازىلاپ، يۇرتنى تىنجىتمىغىچە، چيەن-

دارىن قۇمۇل دىيارىدىن كەتمەيدۇ. جانابى ئامبال بىلەن شيەتەيلەرمۇ، ئاۋالقىدەك ياردەم بېرىدۇ، بۇ ئوتنى ۋاقتىدا ئۆچۈرمەسەك، ھەممىمىزنىڭ بېشىغا بالا بولىدۇ. چىڭ ۋاڭ جاناپلىرى بىلەن ئارىمىزدا ئۈزۈلمەس دوستلۇق رىشتىسى بار. ئىلىدىكى ئىسيانچىلارغا قارشى لەشكەر تارتقان چېغىمىزدا، چىڭ ۋاڭ جاناپلىرىنىڭ نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قۇمۇل پالگانلىرى بىلەن ماڭا ياردەم بەرگەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، شىنجاڭ سىڭغا ئوخشاش زېمىنى كەڭ، ئەھلى پۇقراسى خىلمۇ - خىل، ئون يىلدا بىر چوڭ ئىسيان، ئۈچ يىلدا بىر كىچىك توپىلاڭ بولۇپ تۇرىدىغان مۇنداق دىيارنى تۇتۇپ تۇرۇشتا، چىڭ ۋاڭ جاناپلىرىدەك سادىق ۋە ئىقتىدارلىق ۋاڭلار بولمىسا ئەسلا بولمايدۇ. بۈيۈك مەنچىڭ خاندانلىقى زامانىسىدىمۇ شۇنداق ئىدى. ئەلھال ھازىرقى «مىنگو» زامانىسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مەن بېيجىڭغا بېرىپ، دازۇڭتۇڭ ① ئالىيلىرىغا بۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلى مەلۇم قىلىمەن. چىڭ ۋاڭ جاناپلىرىغا تېخىمۇ ئالى مەرتىۋە ئىلتىپات قىلغاي ۋە ۋە جاناپلىرىنى ئەڭ ئەزىز مېھمانى سۈپىتىدە ئۆز ھۇزۇرىغا چىللاپ، شاھانە لۇتپى كەرەمگە سازاۋەر قىلغاي.

— ئىلاھىم، جاڭجۈڭ جاناپلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى كەلگەي. تۆمۈر دىگەن ئوغرىنىڭ بېشىنى سېپىل دەرۋازىسىغا ئېسىپ، يۇرتنى تىنجىتقاندىن كېيىن، مەنمۇ دازۇڭتۇڭ ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا تازىمغا بارىمەن، — دېدى شامەخسۇت غەمكىن ئاھاڭدا.

ئەتىسى يۈەن داخۇا ئازراق ئادىمى بىلەن ئالدىراش يولغا چىقتى. ئۇنى ئامبال، شيەتەي ۋە ھاشىر تەيجى باشلىق ئەمەلدارلار بىر كۈنلۈك يەرگىچە ئۇزىتىپ قويدى.

---

① يۈەن شىكەينى دىمەكچى.

# 2

شامەخسۇت بىلەن چيەن دارىن ئوتتۇرىسىدا مۇنداق كېلىشىم ھاسىل قىلىندى: بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە، چيەن دارىن پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچى بىلەن تاقا ھۇجۇم باشلايدۇ؛ ھازىردىن باشلاپ، پۈتۈن ھەربىي تەممىناتنى ۋاڭ ئوردىسى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ شامەخسۇت شەخسەن چيەن دارىنغا ئەللىك يامبۇ، ئوتتۇز بېشى (پەيجاڭ) دىن يۇقۇرى ئوفىتسېرلارنىڭ ھەربىرىگە ئوندىن يامبۇ بېرىدۇ، قالغان چېرىكلەرگە ئۈچ ئايلىق مائاشىنى بىراقلا قوشۇپ بېرىدۇ. مۇندىن تاشقىرى، ئىچكىرىگە قايتىش ۋاقتىدا، ھەممىسىگە ئەرزىگىدەك سوغات تەقدىم قىلىنىدۇ.

شۇ كېلىشىم بويىچە، چيەن دارىننىڭ چېرىكلىرى ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى.

— دارىن جاناپلىرىغا يەرلىك چېرىكلىرىمىزدىن قانچىلىك قوشۇپ بەرسەك بولاركىن؟ — دېدى شامەخسۇت.

— مېنىڭ چېرىكلىرىم، — دېدى چيەن دارىن، — مۇنتىزىم قوشۇن. قورال - ياراقلىرى خىل. مەن بۇ قوشۇن بىلەن نۇرغۇن جەڭلەرگە كىرگەن. ئۇزۇن يىللىق تەجرىبەمدىن ھاسىل قىلغان ئالاھىدە جەڭ ئۇسۇللىرىم بار. يەرلىك چېرىكلەرگە بۇنىڭدىن تەلىم بېرىشكە ۋاقتىم يەتمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلاردىن بىر - ئىككى يۈزنى تاللىۋالاي، ئىسيانچىلارغا باراڭ كۆرسىتىشكە ياراپ قالار.

بۇ گەپلەر ئامبال بىلەن شيەتەينىڭ ئىززەت - نەپسىگە قاتتىق تەككەن بولسىمۇ، ئامبال يالغان كۈلكىگە زورلاپ جىم ئولتۇرىۋالدى. شيەتەي ئۆپكىدەك قىزىرىپ كېتىپ، قولىدىكى غاڭزىسىنى قاتتىق بىر شورىدى - دە، مۇنداق دېدى:

— دەرۋەقە، چيەن دارىننىڭ ئۇرۇش ماھارىتى ئۈستۈن، بۇنى بىزمۇ ئاڭلىغان. ئەمما لېكىن، ئىسيانچىلار ئارىسىدا شۇنداق

مەرگەنلەر باركى، خۇدا ساقلىسۇن، بۇ شەيتانلار بىر تال ئوقنىمۇ زايا قىلماي، دىگەن يېرىگە تەككۈزىدىكەن. ھەر ھالدا ئېھتىيات-چانراق بولغىنىمىز ياخشى.

— ئۇ ياۋايىلار تاغ ئۆچكىلىرىنى قارىغا ئېلىپ ئېتىشقا ماھىر بولغان بىلەن، مېنىڭ زەمبىرەكلىرىم گۇلدۇرلىگەندە، بېشىنى كۆتە-رەلمەي قالىدۇ، دەپ ئىشىنىمەن. مەن ئۆزۈمنى ئۇلارغا شۇنداق تونۇتۇپ قويايكى، مۇندىن كېيىن بىزگە كىرپىك كۆتىرىپ قارىيال-مايدىغان بولسۇن، شيەتەي يامۇل بىلەن ئامبال يامۇل ئاتخانىلىرى-دىكى بىدە توغرايدىغان جادۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن بارىدىغان ئاقچۇق سېپىلغا ئاپىرىپ بېرىدىگىلار، ئوقتا ئۆلمەي قالغانلىرىنى شۇ يەردە توغراپ، سايىنىڭ تېشىغا قوشۇۋېتەي!

— دارىنىنىڭ ھىممەت - شىجائىتىگە بارىكاللا، — دىدى شا-مەخسۇت، چيەن دارىنغا قاراپ.

چيەن دارىن شامەخسۇتنىڭ قوش ئارغىماق قوشقان پوچتى-سىغا ئولتۇرۇپ، ئۆز مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئوردىدىن ئۇد-زاپ چىقتى. ئامبال بىلەن شيەتەي پەلەمپەي ئالدىدا تۇرغان مەپىلىرىنىڭ يېنىغا كېلىۋېتىپ پىچىرلاشتى:

— بۇ قارا چوقۇر ئاجايىپ ھاكاۋۇر نىمىكەن، ئاتقان پولى-رىنى قارىمامدىغان تېخى! — دىدى شيەتەي بۇرنىدىن غەلىتە بىر ئاۋاز چىقىرىپ.

— ھەي بۇرادەر، — دىدى ئامبال ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — نىمە دىسە دىسۇن، بىزنى غەمدىن قۇتقۇزسىلا بولدى ئەمەسمۇ!

— ئۆزىنىڭ بېشىنى يىمىگىدى دەيمەن.

— ئۇ بېشىنى يىسە، بىزدىن بىر ئۆلۈك ساندۇقى ئارتۇق كېتەر ناھايىتى.

# 3

ئاقچۇق ــ شىمالىي تەرىپى ھەيۋەتلىك تىيانشان تاغلىرىنىڭ ئېتىگى بىلەن، شەرق تەرىپى ئېدىرلىقلار ئارقىلىق قورايىنىڭ نېرىن دىگەن مەھەللىسى بىلەن، جەنۇپ تەرىپى تۆرۈك غولى بىلەن تۇتاشقان كەڭ بىر ساي ئىدى. شىمال ۋە شەرق تەرەپتىكى بىرەر كۆتەل بېشىدا تۇرۇپ كۆزەتكەن كىشى سايدا مىدىرلىغان ھەممە نەرسىنى كۆرەلەيتتى.

ئامانقۇلنىڭ چارلىغۇچى يىگىتلىرى چېرىكلەرنىڭ سايغا كىرگەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەن ھامان، تۆمۈر خەلپە ئۆز قوشۇنىنى بىر يەرگە يىغىلىشقا بۇيرۇدى.

تەرەپ - تەرەپتىن ئاتلىقلار چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئېدىرلىقلار ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىك قورالىق كىشىلەر بىلەن تولدى. بېشىغا نىپىز كىگىز قالپاق كىيىپ، قارا كەمزۇلى ئۈستىدىن ئوق پوتىسىنى چەپراس قىلىپ باغلىۋالغان تۆمۈر خەلپە كۆك بوز ئاتقا مىنگەن ھالدا، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىر دۆڭنىڭ يانباغرىدا توپقا قاراپ تۇراتتى. كۆك بوز ئات بېشىنى ھەر بىر سىلكىتكەندە، ئۇنىڭ بېلىدىكى قىلىچى ئۆزەڭگىگە تېگىپ جىرىڭلاپ كېتەتتى. قىلىچ دەستىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇلغان ياقۇت ۋە زۇمرەتلەر كۆزنى قاماشتۇراتتى. بۇ، شامەخسۇتنىڭ غەزنىسىدە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن قىلىچلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھىلىقى كېچىسى سايىم ئۇچېيىگى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىنقى ئۆتكەلدە ئۇخلاپ قالغان قاراۋۇللىرىنىڭ بېشىنى شۇ قىلىچ بىلەن كەسكەن ۋە كېيىنكى جەڭدە ئامانقۇل سايىم ئۇچېيىگىنى ئۆلتۈرۈپ غەنىمەت ئالغان قىلىچ شۇ ئىدى. كۆك بوز ئاتمۇ سايىم ئۇچېيىگىدىن غەنىمەت ئېلىنغان بولۇپ، تۆمۈر خەلپە بۇرۇنقى قىرچاڭغۇسىنىڭ ئورنىغا مۇشۇ ئاتنى مىنىدىغان بولغان ئىدى.

تۆمۈر خەلپە ئېتنى دىۋىتىپ بىر قەدەم ئالغا ئۆتتى-دە، دۈمبىسىدىكى مىلتىقىنى تۈزىتىپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

— قېرىنداشلار! كۆرۈۋاتىسلەر، ئىش يوغىناپ كەتتى. ئەمدى ئۇرۇمچى چېرىكلىرىمۇ بىزنى يوقىتىشقا كەلدى. ئاق ئىت-كۆك ئىت ھەممىسى بىر ئىت، مەيلىگە قويۇپ بەرسە، ھەممىسىلا ئادەم چىشلەيدۇ، ئاڭلىدىڭلارمۇ، چيەن دارىن دىگەن چوقۇر ئىككى ھارۋىغا جادو بېسىپ كېلىۋاتقىدەك، بىزنى ئاقچۇق سېپىدا بىدە توغرىغاندەك توغراپ تاشلىغىدەكمىش.

— بىر بىدە ئەمەس، قىينى كېلىپ باقسۇنچۇ، — دەپ ۋاقىرىدى كىمدۇ بىرى.

— راست ئېيتتىڭ، بىر بىدە ئەمەس، — دەپ داۋام قىلدى تۆمۈر خەلپە، — بىزنىڭ سۆڭەكلىرىمىز خېلى قاتتىق، بىزنى ئاتا-ئانىمىز ئوغۇل دەپ تۇققان، لېكىن، شۇنى بىلىپ قېلىڭلاركى، بۇدو كېلىۋاتقان چېرىكلەر ئاز ئەمەس. قورال-ياراقلىرى خىل، داپۇلىرىمۇ بار. ئەمدى مەرتنى مەيداندا سىنايدىغان ۋاق كەلدى. يا بىر ئۆلۈپ تۈگىشىمىز، ياكى شامەخسۇت بىزنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، تورپاقلارنىڭ بېشىنى ئاسقاندەك، بىزنىڭ بېشىمىزنىمۇ سېپىل دەرۋازىسىغا ئاسىدۇ، ماۋۇ قىلىچنى تونۇۋاتامسىلەر! — دىدى تۆمۈر خەلپە قىلىچىنى غىلاپتىن شارتتىدە سۇغۇرۇۋېلىپ، ھاۋادا پۇلاڭلاتتى، — ئۇن نەچچە قېرىنداشىمىزنىڭ بېشىنى كەسكەن، رەھمەتلىك راجى بالىنىڭ يۈرىگىنى ئويغان قىلىچ مانا مۇشۇ. مۇنداق قىلىچلار ئۇلارنىڭ قولىدا تېخى كۆپ. ئەمدى بىز قىلىچلىرىمىزنىڭ سېپىنى چىڭ تۇتمىساق، بىزنىڭمۇ بېشىمىز كېسىلىدۇ، بىزمۇ، ئادەم قاتارىدا ئەركىن-ئازات ياشايلى دەپ، بۇ ئىشنى باشلىدۇق. باشلىغانىدىمۇ يوغان ئىشنى باشلىۋەتتۇق. ئەمدى ئۇلارنىڭ قولىغا ھەرگىز تىرىك چۈشكىلى بولمايدۇ. مانا، مېنىڭ ئاخىرەتلىكىممۇ تەييار! — تۆمۈر خەلپە قوينىدىن بىر پارچە ئاق خەسىنى چىقىرىپ، سول بېلىگە باغلىدى، ئاندىن توپقا قاراپ يەنە سۆزىنى داۋام قىل-

ەی، — بۇ مېنىڭ كېپەنلىگىم بولسۇن، ئەجىلىم يېتىپ شېھىت بولسام، مېنى باشقىدىن كېپەنلىمەڭلار، قانلىق تونۇم بىلەن كۆمۈۋېتىڭلار. مەن ئۇلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشمەيمەن. دۈشمەننىڭ قولىغا تىرىك چۈشكەندىن، ئارسلاندەك ئېلىشىپ ئۆلگەن ياخشى.

— بىرمۇ شۇ، بىرمۇ شۇ، — دەپ ۋاقىراشتى قارا بوسۇق باشلىق قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ئارقا-ئارقىدىن.

— مەنچۇ؟ مېنىمۇ ئاتا-ئانام ئوغۇل دەپ تۇققان. قېنى، مېنىڭمۇ كېپەنلىگىمنى بەرسىلە! — دەپ قولىنى سۇندى قاسىم قىزىق. توپ ئىچىدە غەلىيان كۆتىرىلدى. يۈزلىگەن قوللار كۆتىرىلىپ، «بىرگىمۇ، بىرگىمۇ» دىگەن سادالار ئىدىرلىقنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

سەپەرقۇل بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تاغاردىن بىر نەچچە توپ ئاق خەسە چىقاردى ۋە «شېھىتلىق مۇقامىغا يېتىشنى خالايدىغان مەرت يىگىتلەر، قېنى، كېلىڭلار!» دەپ ۋاقىردى.

بىردەمدە نەچچە يۈزلىگەن كىشىنىڭ سول بىلىگىگە ئاق باغلىنىپ بولدى.

— قېرىنداشلار! — دەپ دۇئاغا قول كۆتەردى تۆمۈر خەلپە توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، — خۇدا بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

— ئامىن! ...

— ئامىن! ...

«ئامىن» نىڭ ئايىغى ئۈزۈلە-ئۈزۈلمەيلا قاسىم قىزىق ناخشا باشلىۋەتتى:

ساماۋارنىڭ سازىمەن،
چۆلدە ئۇچقان غازىمەن.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
ئۆلگىنىمگە رازىمەن.

هاي ـ هاي باتۇرلار،
هۇشيار بولۇڭلار!
دۈشمەنلەر يېتىپ كەلدى،
جەسۇر بولۇڭلار!...

## 4

ئەتىسى تاڭ يورۇش بىلەن چيەن دارىننىڭ قارارگاھىدا بىردىنلا ھەربى كانايلارنىڭ چىقىراق ئاۋازلىرى ياڭراپ، دۇمباقلار داراڭلاپ كەتتى. يەتتە ـ سەككىز يۈزچە ئاتلىق ۋە پىيادە چېرىك سەپ ـ سەپ بولۇپ، ھۇجۇمغا تەييارلاندى. بىر دۆڭ ئۈستىگە قاتار تىزىپ قويۇلغان بەش زەمبىرەكنىڭ ئاغزى تاغ تەرەپكە قارىتىلغان ئىدى. قارىغىر ئاتقا مىنگەن چيەن دارىن شۇ زەمبىرەكلەر يېنىدا غادىيىپ تۇرۇپ، تاغ تەرەپكە دۇربۇن سېلىشقا باشلىدى. ئىدىرلىقلاردا ھېچنېمە كۆرۈنمىگەندەك قىلغاندىن كېيىن، يۇقۇرىراققا قارىدى، تاغ قاپتاللىرى بىلەن كۆتەل باشلىرىدا نۇرغۇن ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. چيەن دارىن ئارىلىقنى ئۆبدان مۆلچەرلەپ قوماندا بەردى. زەمبىرەكلەر گۈلدۈرلەپ، يەر ـ زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. تاغ تەرەپنى ئىس ـ تۈتەك قاپلاشقا باشلىدى. زەمبىرەكلەردىن ئەللىك پايچە ئوق ئېتىلىپ بولغاندا، يېنىدىكى كانايچىلارغا ئىشارەت قىلدى. بەش كانايدىن ھۇجۇمغا بۇيرۇغان سادا ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ چېرىكلەر ھۇجۇمغا ئۆتتى. زەمبىرەكلەر ھامان گۈلدۈرلەيتتى. غۇيۇلدىغان زەمبىرەك ئوقلىرى چېرىكلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتۈپ، تاققا تېگىپ تۇراتتى.

چېرىكلەر ئىدىرلىقلارغا يېقىنلاشقاندا، بايا ھېچنېمە كۆرۈنمەگەندەك قىلغان يەرلەردىن ئەجەل ئوقلىرى يېغىپ، قاتتىق ئېتىشۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. ئىگىسىز قالغان ئاتلار تىزگىن ـ چۇلۋۇرلىرىنى سۆرەپ، تەرەپ ـ تەرەپكە قاچاتتى. بەزىلىرى پۈتى ئۈزەڭـ

گەدە قالغان ئەگىلىرىنى سۆرەپ، چاڭ ـ توزاڭ ئىچىدە قويۇندەك يېقى-
رايتتى. چيەن دارىن كانايچىلىرى ئارقىلىق چېرىكلەرگە چېكىنىش
قوماندىسى بېرىپ، زەمبىرەكچىلەرنى ئېدىرلىقلارغا ئېتىشقا بۇيرۇدى.
بىراق، ئارىلىق يېقىن بولغاچقا، زەمبىرەك ئوقلىرى ئېدىرلىقلارغا
چۈشمەي، ئۇ يەرلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تاغ قاپتاللىرىغا تېگەتتى.
تاغ قاپتاللىرىدا بولسا، بايا كۆرۈنگەن ئادەملەرنىڭ قارىسى ھامان
بىر خىلدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بىردەملىك جەڭدە يۈزدەك چېرىكىدىن ئايرىلغان چيەن دا-
رىن، شيەتەينىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، بەدىنى شۈر-
كىنىپ كەتتى. ئاندىن ھۇجۇم يولىنى ئۆزگەرتىپ، بىر قىسىم چېرى-
گىنى تۆرۈك غولى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتكۈزدى. بۇ چېرىكلەرگە
گايىت پاشاپ باشچىلىق قىلدى. يەرلىك چېرىكلەر يول باشلاپ
ماڭدى. بۇ ياقتىن ھۇجۇم بولۇشنى كۈتمىگەن قارا بوسۇق ئالدى-
راپ كېتىپ، قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ قويدى ۋە بىردەملىك جەڭ-
دە بىرنەچچە كىشىنى قۇربان بېرىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.①
ساقىلىغا ئاق سانچىلغان سەلىم چورۇقمۇ بەش بالىسىنى يېتىم قويۇپ،
شۇ جەڭدە قازا تاپتى. قارا بوسۇق شۇ چاغدىلا، ھىلىقى
كېچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆڭۈل ئېلى پالگاننىڭ توغرا ئېيتقانلىقىنى
چۈشەندى. تۆمۈر خەلپە ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئامانقۇلنى
بىر تۈركۈم يىگىتلەر بىلەن ياردەمگە ئەۋەتتى. قاتتىق ئېتىشۋاز-
لىقتىن كېيىن، چېرىكلەر بىرمۇنچە ئۆلۈكلەرنى قالدۇرۇپ قاچتى.
ئامانقۇل گايىت پاشاپنى قوغلاپ يۈرۈپ قىلىچ بىلەن ئىككى

---

① كېيىن «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» توغرىسىدا چىققان قوشاقلاردىن:

«ئاقچۇق سېپىغا چىقتۇق،
چيەن دارىنغا ئوق ئاتتۇق.
چيەن دارىنمۇ زور چىقىپ،
ياردىن ياقىلاپ قاچتۇق.»

دىگەن قوشاق ئە نەشۇ جەڭنىڭ خاتىرىسى ئىدى.

پارچە قىلىۋەتتى.

چىيەن دارىن يەنە بۇرۇنقى يول بىلەن بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ باقسىمۇ، كەچكىچە ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئوڭۇشسىزلىقىنى زەمبىرەكلەرنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكىدىن كۆرۈپ، كەچ كىرگەندە، زەمبىرەكلەرنى بىرنەچچە چاقىرىم ئارقىغا يۆتكەتتى. تۆمۈر خەلپە چىيەن دارىننىڭ زەمبىرەكلەرنى يۆتكەشتىكى مەقسىدىنى دەرھال چۈشەندى-دە، تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، قوشۇنىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئىدىرلىقلاردىن ساي بېشىدىكى تاشلىقلارغا يۆتكىۋالدى ۋە ئىدىرلىقلار ئىچىگە يوغان گۈلخان تەييارلاپ، تاڭ ئېتىش بىلەنلا ئوت يېقىۋەتتى. گۈلخاننىڭ قويۇق ئىسلىرى ھاۋانىڭ تىنىقلىقىدا توپ-توغرا ئاسمانغا كۆتىرىلىپ، خۇددى بىر كۆكۈش ئىگىز تۈۋرۈكنى ھاسىل قىلىماقتا ئىدى. بۇ، ئېلى پالگانغا بېرىلگەن سىگنال بولۇپ، چىيەن دارىن بۇنىڭ مەنىسىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە، چىيەن دارىننىڭ زەمبىرەكلىرى يەنە گۈلدۈرلەشكە باشلىدى. زەمبىرەك ئوقلىرى ئادەمسىز قالغان ئىدىرلىقلارنى ئىس-تۈتەككە قاپلىۋەتتى. چېرىكلەر داقا-دۇمباق بىلەن يەنە ھۇجۇم باشلىدى. بىراق، دۈشمەن ئىدىرلىقلارغا يېقىنلاشماي تۇرۇپلا، يەنە ئەجەل ئوقلىرىغا دۇچ كەلدى. دەل شۇ چاغدا، چىيەن دارىننىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئېلى پالگان، ئوڭ بىقىنىدىن قارا بوسۇق ھۇجۇمغا ئۆتتى. چىيەن دارىن گاھ ئارقىغا، گاھ يانغا دۈربۈن سېلىپ ئالاقزادە بولۇۋاتقاندا، تۆمۈر خەلپە ئۆزەڭگىگە دەسسەپ تۇرۇپ، قىلىچىنى ئىگىز كۆتەردى-دە، «قېنى، باتۇرلار ئارقامدىن ئالغا!» دەپ قاتتىق سادا بىلەن ئات سالدى. «ئالغا! ئالغا!» دېگەن قىقاس-چۇقانلار سايىنى تىترىتىۋەتتى. چېرىكلەر خۇددى ئوت كەتكەن چاڭگالدىكى ياۋا توڭگۇز پادىسىدەك ئۆزىنى ھەر تەرەپكە

ئۇرۇپ، ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئېتىپ، چېپىۋاتقىنىغا قارىماي قېچىشقا باشلىدى. چيەن دارىن قارىغىر ئات ئۈستىدە قىلىچىنى پۇلاڭلىتىپ، بىر نىمىلەرنى دەپ ۋاقىراپ باقتى. ئاخىر ئۆزىنىڭمۇ ئامان قالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى بولغاي، قومۇل تەرەپكە قاراپ قاچتى①.

تۆمۈر خەلپە بىلەن خوجىنىياز پالگان ئۇنى تىرىك تۇتماقچى بولۇپ، ئارقىسىدىن ئات سالدى. بىراق، چيەن دارىننىڭ قارىغىر ئېتى خۇددى بوراندەك ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى (بۇ ئات شامەخسۇتنىڭ ئوردىسىدىكى ئەڭ ئۇچقۇر ئاتلارنىڭ بىرى بولۇپ، چيەن دارىن تاقىقا يۈرۈش باشلىغان كۈنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىنغان ئىدى). تۆمۈر خەلپە بىلەن خوجىنىياز پالگان ھەرقانچە قىلىپ باقسىمۇ ئۇنىڭغا يېتىشىپ ئالالماي، ئىككى يۈز قەدەم ئارىلىق ساقلىنىپ تۇراتتى.

— ئاتايمۇ؟ — دىدى خوجىنىياز پالگان.

— ئات! — دىدى تۆمۈر خەلپە.

بىر ئوق بىلەن چيەن دارىننىڭ قالپىقى ئۇچۇپ كەتتى. يالاڭۋاش قالغان چيەن دارىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىغان ھامان ئىككىنچى ئوق سول كۆزىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىن تېگىپ، قاڭشىرىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. چيەن دارىن ئېتىنىڭ يايلىغا يېپىشۋېلىپ، ھەدەپ قامچا ئۇراتتى. خوجىنىياز پالگان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى

① كېيىن، «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» توغرىسىدا چىققان قوشاقلار ئىچىدىكى مۇنۇ ئىككى قوشاق ئەنە شۇ جەڭنىڭ خاتىرىسى ئىدى:

«ئاقچۇق سېپى ئوپۇركەن،
چيەن دارىن بىر چوقۇركەن.
ئاغچى پالكانلار چوشىپە،
چيەن دارىن قوقۇركەن»
«تۆمۈر خەلپە تەۋرەپتۇ،
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
چيەن دارىننى ئويلاتتى (قاچۇردى)
جاڭگالدىكى توڭگۇزدەك.»

تارتتى. تۆمۈر خەلپە ئۇنى ئۆزى ئاتماقچى بولۇپ، قارىغا ئالغاندا، خوجىنىياز پالگان «بولدى، ئاتمىسىلا» دەپ توسۇۋالدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئۆزۈڭ تۈزۈك ئاتمايسەن، ئەمدى مېنىمۇ ئاتقىلى قويمامسەن؟ — دېدى تۆمۈر خەلپە ئاچچىغى بىلەن.

— ئۇنىڭ ئۆلگىنىدىن بىر كۆزى بىلەن تىرىك يېرىپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى شامەخسۇت بىلەن جاڭجۈڭلارغا سۆزلەپ بەرگىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟! — دەپ كۈلدى خوجىنىياز پالگان.

— ئوھوي، مەرگەنلىكىڭ بىلەن بىللە دانىشمەنلىكىڭمۇ جايىدا ئىكەن، — دېدى تۆمۈر خەلپىمۇ كۈلۈپ كېتىپ.

دەرۋەقە، باش - كۆزى تېڭىلغان چىيەن دارىن شىنەھەرگە كىرىش بىلەنلا، ئامبال بىلەن شىيەتەيگە مۇنداق دېدى: «مەن شۇنچە يىللار ھەربى سەپتە تۇرۇپ، مۇنداق ئادەملەرگە دۇچ كېلىپ باقمىغان ئىدىم. ئۇلارنى ئادىمزات دېگەندىن كۆرە، بىر توپ قۇترىغان يولۋاس دېگەن توغرىراق ئوخشايدۇ، يولۋاسمۇ مىلتىق ئاۋازىدىن قورقىدۇ. ئەمما، بۇلارغا مېنىڭ زەمبىرەكلىرىم پوجاڭزىچىلىكمۇ بىلىنمىدى. دۇنيادا ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان كىم بار؟ ئەمما، بۇ ياۋايىلار ئۆلۈمدىن قورقۇش تۈگۈل، ئۆلۈمنىڭ ئۆزىنى قورقىتىدىكەن. ئۇلارغا ئوق ئۆتمەمدۇ نېمە؟ ياق - ياق، ئوق ئۆتسە كېرەك. يولۋاسقىمۇ ئوق ئۆتىدۇ ئەمەسمۇ! ئەمما ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە قانداقتۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر كۈچ بارمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. مېنىڭ زەمبىرەكلىرىم قورام تاشلارنىمۇ كۇكۇم - تالقان قىلىۋېتىپمۇ، ئۇلارنى باش ئەگدۈرەلمىدى. ئۇلارنىڭ سۆڭىكى تاشتىنمۇ قاتتىق ئىكەن. مۇنداق خەلقنى نېمە قىلغىلى بولىدۇ؟ ئۆتكەن قېتىم سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا چوڭ گەپ قىلىپ قويغىنىم ئۈچۈن خىجىلمەن. مېنى كەچۈرۈڭلار. ئەمدى شامەخسۇت ۋاڭ بىلەن كېلىشىپ، ماڭا دەرھال ئىككى يۈز يىگىرمە ئۆلۈك ساندۇغى تەييارلاپ

بېرىڭلار، چېرىكلىرىمىزنىڭ ئۆلۈكى سايدا قالمىسۇن، بولمىسا، تىرىك قالغان چېرىكلىرىم مېنى بوغۇپ قويۇشى مۇمكىن، ھەممىدىن مۇھىمى، شامەخسۇت ۋاڭ ۋەدە قىلغان يامبۇ-كۆمۈشلەرنى ماڭا تېزرەك ئېلىپ بېرىڭلار، — ۋاقتىدىراق يۇرتۇمغا كېتىۋالاي.»

شىيەتەي قىزىل تاۋار كۆرپە سېلىنغان ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرغان چيەن دارىنغا قاراپ، مىيىغىدا كۈلۈپ قويىدى ۋە ھىلىقى راجى بالىنىڭ يۈرىكى كۆزىگە كۆرۈنگەندەك بولۇپ، «دىمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ! ئەگەر بۇ خەلقنى ئۆلۈم بىلەن قورقىتىپ بويسۇندۇرۇش مۇمكىن بولسا، ئاشۇ بالا يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋاتقاندا بولسىمۇ، ۋاي جان دەۋەتكەن بولاتتى» دەپ ئويلىدى.

چيەن دارىننىڭ بايىقى گەپلىرى ئامبالغا ياقمىدى بولغاي، ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ جىم ئولتۇراتتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ، ئاقچۇق سېپىلى جىمجىت بولۇپ قالدى. پەقەت توپ-توپ قۇزغۇنلار ئۆز ئولجىلىرىنى تالىشىپ قاقىلدايتتى. شۇ ئارىدا، ئامانقۇلنىڭ چارلىغۇچى يىگىتلىرى سايىدا، ئاق بايراق قادالغان ھارۋىلارنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى خەۋەر قىلغانىدا، تۆمۈر خەلپە مۇنداق دېدى:

— ئۇلارغا تەگمەڭلار، ئۆلۈكلىرىنى ئەپكەتسۇن، بولمىسا، ئاقچۇق سېپىلىنىڭ ھاۋاسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

كېيىن، ئاقچوق سېپىلىدىكى بۇ جەڭ توغرىسىدا مۇنداق قوشاقلار تارقىلىپ كەتتى:

يۈەن داشەيمۇ① كەلگەندە،
تولا سوقتى داڭداڭنى.
تاغچىلارمۇ ئەر ئىكەن،
تارتىۋالدى جوڭجاڭنى②.

---

① يۈەن داشەي — يۈەن داخۇا.
② جوڭجاڭ — ھەربىي قورال.



دەرۋەقە بۇ قېتىمقى جەڭدە قوزغىلاڭچىلار نۇرغۇن قورال ۋە ئوق-دورا غەنىمەت ئالدى. زەمبىرەكلەرنى بولسا، تۆرۈك غولىنىڭ ئىچىگە سۆرەپ كىرىپ، ئۆڭكۈرلەرگە كۆمۈۋەتتى.

## يىگىرمە ئىككىنچى باپ

# جەڭدىن كېيىن

ئادەمنىڭ روھى چۈشسە، ئۇنىڭ
ئېتىمۇ يۈگۈرەلمەيدۇ.

— قەدىمقى شەرق ماقالى

شۇ جەڭدىن كېيىن، شامەخسۇتمۇ خۇددى تاۋكا ئۇستىدە ھەممىنى ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان قىمارۋازغا ئوخشاپ قالدى. ئۇ ئەمدى قۇمۇلدىكى ئابال ۋە دارىنلارنىڭ كۈچى بىلەن قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرۇشتىن پۈتۈنلەي ئۈمىت ئۈزۈپ، ئۆز بېشىنى قوغداشنىڭ غېمىگە چۈشۈپ قالدى. چۈنكى، ھېلىقى قارا ساقاللىق ياغاچچى ئەمدى چۈشىدە ئەمەس، دەل ئوڭىدا پالتىسىنى شىلتىپ، ئوردىغا كىرىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. دېمىسىمۇ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھېلىدىن - ھېلى قىيانىدەك باستۇرۇپ كېلىدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

— ئەستەغپۇرۇللا، ئەستەغپۇرۇللا، — دەپ ساقىلىنى يۇلاتتى

شامەخسۇت، — ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ يەنە ئەسكەر ئالايمۇ؟
ياق، ياق، بۇ قومۇللۇقلارغا ئىشەنگىلى بولامدۇ! ئۇلارنىڭ
بۇرۇنقىدەكلا تۆمۈر تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى تۇرغان گەپ. بەگ
باللىرىچۇ؟ تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاقنانچى.
مېنىڭ تۇققىنىم بولغان قېزىبەگ غوجىنىڭ ھالى بايىقى، ھەممىسى
ئەركەك ساغىلىق. بىر دىنىدىكى پۇقرالىرىمدا تېخى ئىشەنچ
بولمىسا، تۇزۇمنى يەپ، دۆلىتىمنى كۆرگەن سىپاھلىرىمنىڭ ھالى
شۇ تۇرسا، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن؟

شۇ چاغدا، ئۇنىڭ كۆزىگە نوشىرۋان تەيجى كۆرۈنگەندەك
بولۇپ كەتتى. ئاق ساقال تەيجى ھاسا تايىقىغا تايىنىپ تۇرۇپ،
مۇنداق دىگەندەك بولاتتى: «مەن ئېيتمىدىممۇ، پادىشالىق ئەل
بىلەن، تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن دەپ! ئەلنىڭ ئىشەنچىدىن
مەھرۇم بولغان پادىشا يىلتىزى قۇرۇغان دەرەخكە ئوخشايدۇ.
قاتتىق قىراق بوراندا قالسا، چوقۇم ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. رەھمەتلىك
قېيناپىلىرى مېھرىبانۇ يۇجۇگىنىڭ ياخشى خۇلۇقلىرىنى ئۇنتۇپ
قالمىسىلا بولغان، ئۇ كىشى ئەلنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلگەچكە،
ئۇنىڭ زامانىسىدا ھېچكىم ئوردىغا مۇشت كۆتۈرۈپ چىققان
ئەمەس. ئۆزلەمۇ ئەلنىڭ ئاتىسى. ئاتا مېھرىۋان بولسا، بالا گۇپادار
بولىدۇ. گۇپادار بالا ھېچ ۋاقىتتا ئاتىغا مۇشت كۆتەرمەيدۇ.»

— ئەستەغپۇرۇللا، — دىدى شامەخسۇت ئۆز-ئۆزىگە، —
شۇ قېرى تەيجى بولغان بولسىمۇ كاشكى! ھېچبولمىسا، مۇشۇنداق
ۋاقىتلاردا خالايىققا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشقا يارايتتى. بۇ
قومۇللۇقلار ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالاتتى ئەمەسمۇ؟ ھاشىر
تەيجى دىگەن ئىشەكنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئەجەپ قىپتىمەن.
ئەمدى بۇ ئىشەك ماڭا قۇرۇق ھاڭگىراپ بىرىشتىن باشقىنى
بىلمەيدۇ. ھەي تۆمۈر، ھەي تۆمۈر، مېنى ئەجەپ كويلارغا
سالدىڭ، ئەمدى مېنىڭ كۈنۈم جو يولۇ دىگەن تايىپە بىلەن
«ئىنەك خېچىر» دىگەن تۇنگانغا قالدىمۇ؟ شۇلارغا يالۋۇرماقتىن

بۆلەك چارەم يوق ئوخشايدۇ.
ئۇنىڭ جويۇلۇ دىگىنى قۇمۇلدىكى كونا چىرىك باشلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ، قوزغىلاڭ ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان كۈنلەردە، شامەخسۇت ئۇنى خۇيچىڭ شەھەر مۇداپىئەسىگە مەسئۇل بولۇشقا تەكلىپ قىلغان ۋە بىرمۇنچە ئالتۇن-كۈمۈش خەجلەپ، بىر-ئىككى يۈز چېرىك يىغىپ بەرگەن ئىدى. بۇ چېرىكلەر باشقا مىللەتلەردىن تەركىپ تاپقاچقا، شامەخسۇت ئۇچۇن ئىشەنچلىك ھىساپلىناتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ۋاڭ ئوردىسىدا، قالغان قىسمى لوچىڭ (ھۆكۈمەت يامۇللىرى جايلاشقان شەھەر) بىلەن خۇيچىڭ شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دورلۇق دىگەن قورغاندا تۇراتتى. «ئىنەك خېچىر» ئوتتۇزدەك ئادىمى بىلەن ۋاڭنىڭ ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلاتتى.
شامەخسۇت بايا دىگىنى بويىچە، ئاخىر، جويۇلۇ بىلەن «ئىنەك خېچىر»نى چاقىرىپ، تاغدىكى خەۋپ-خەتەردىن سەگەك بولۇشنى جىكىلىدى ۋە ئۇلارغا كۆپ سوغاتلار بەردى. ھەتتا، كېلىچەككە ئاتاپ نۇرغۇن مال-مۈلۈك ۋەدە قىلدى.
شۇ كۈنى چيەن دارىن ئۆزىنىڭ ئۆلگەن چىرىكلىرى ئۇچۇن چىڭخاگىياۋ دىگەن بۇتخانىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ماتەم مۇراسىمىغا شامەخسۇتنى تەكلىپ قىلدى. شامەخسۇت ئۆزىنىڭ بەگ-سىپاھىلىرى بىلەن «ئىنەك خېچىر» باشچىلىغىدىكى خاس مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ماتەم مۇراسىمغا كېلىپ قاتناشتى. مۇراسىم ئاياقلاشقاندا، چيەن دارىن چېرىكلىرى ئىچىدىن كىمدۇ بىرسى شامەخسۇتقا ئوق ئاتتى. ئوق ئۇنىڭ زەر باسقان ياقىسىنى جىراپ كەتتى. بۇ، ئەلۋەتتە، ھىچ كۈتۈلمىگەن ۋەقە ئىدى. شۇنداقتىمۇ «ئىنەك خېچىر» دەرھال ھۇشىنى يىغىۋىلىپ، ئۆز يىگىتلىرىگە قوماندا بەردى. بۇتخانىدا ئېتىشىۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. شامەخسۇت كۆزىگە چاشقان تۆشۈگى سارايى كۆرۈنۈپ، قوش ئارغىماق قوشقان پوچتىسىنى ئۆزى ھەيدىگەن ھالدا،

ئوردىسىغا قاراپ قاچتى. ئۇنىڭ بەگ ـ سپاھلىرى، ھەتتا پوچتىكىشىمۇ ئاللىقاچان قېچىپ كېتىشكەن ئىدى.

«ھەر كىشى ئۆز غېمىدا، قېرى قىز ئەر غېمىدا» دەپ، ھاشىر تەيجى قوناقلىقتا مۆكۈنۈپ يېتىپ، مۇنداق خىيال قىلاتتى: «بۇ چېرىكلەر چىڭ گاڭ غوجامنى قەستلىگەندەك قىلىدۇ. تېخى ئۇ كۈنىلا ھىلىقى جاڭجۇڭ «مىنگو» قۇرۇلغان بىلەنمۇ، بىزگە چىڭ گاڭ غوجامدەك زاتلار ناھايىتى لازىم دىگەن تۇرسا، بۇ چېرىكلەر نىمە قىلماقچىكىن؟ ھە، تاپتىم، تاپتىم، بۇلارنىڭ غەرىزى شامەخسۇت ۋاڭنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئوغلىنى ۋاڭلىققا تىكلەش ئوخشايدۇ. ئۇنداق بولغاندا، ماۋۇ يېنىمدا ياتقان پولتاي كۆزىنىڭ ئامىتى قوش كېلىپ، باش تەيجى بولۇشى تۇرغان گەپ. خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت!»

قېزىبەگ غوجىمۇ ھاشىر تەيجىنىڭ يېنىدا دەل شۇ توغرىلىق ئويلاپ ياتاتتى: «مۇبادا بۇ مالىماتاڭچىلىقتا چىڭ گاڭ غوجامغا ئوق تېگىپ كەتكەن بولسا، كۆرۈڭ تاماشانى، بىزنىڭ شاھزادىمىز ۋاڭ غوجام بولىدۇ — ... ئەلۋەتتە مېنى باش تەيجى قىلىدۇ. ئۇ ۋاقتا، ماۋۇ سالپاڭ قۇلاق قارا كۆتەك قانداق قىلاركىن؟»

شۇ ئارىدا، مىلتىق ئاۋازلىرى پەسىيىشكە باشلىدى.

— چىڭ گاڭ غوجام ھەزرەتلىرى ئېسەنمىدۇ؟ — دەپ پىچىرلىدى ھاشىر تەيجى.

— ئىلاھىم ئېسەن بولغاي، — دىدى قېزىبەگ غوجا.

— ئېيتقانلىرى كەلگەي، ئەمما زە، ئەجەل دىگەن قارغۇ تۆگىگە ئوخشاش ئۇدۇل كەلگەننى دەسسەپ كېتەرمىش. ئوق دىگەننىڭمۇ كۆزى يوق نىمە. مۇبادا بىر ئىش بولۇپ قالسا، (ئىلاھىم ئۇنداق كۈنلەرنى ھارام قىلار) ئۇ ۋاقتا مېنى ئۇنتۇپ قالمىسلا؟

— بۇ نىمە دىگەنلىرىدۇ؟

— شاھزادە غوجام ئۆزلەگە بەك ئامراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزلە دىگەن ۋاڭ جەمەتى. شاھزادە غوجام ئۇستىخان سۈرۈشتۈرۈپ، ئۆزلەنى باش تەيجىلىككە مۇناسىپ كۆرۈپ قالسا، ئەجەپ ئەمەس. ئۆزلە بىلەن ئىككىمىز خۇددى ئاغا - ئىنىدەك ئوبدان ئۆتۈپ كەلگەن. قوينۇڭدىن تۆكۈلسە، قونجۇڭغا دەپتىكەن. قولۇڭ ياغ بولسا، ئېتىكىڭگە سۈركە دىگەن گەپمۇ بار.

— ھە، مۇنداق دىسىلە، — دەپ كۈلۈپ كەتتى قىزبەگ غوجا، — ئۆزلە تۇرغان يەردە باش تەيجىلىك ماڭا تېگەمدۇ، ئۆزلە دىگەن چوڭ، بىزگە ئاكا يوللۇق ئادەم، ھا ... ھا ... ھا ...

— ھا ... ھا ... ھا ...

مىلتىق ئاۋازلىرى توختاپ، ئۇلار ئوردىغا قايتىپ تۇرۇشىغا، دورلۇق تەرەپتە يەنە ئېتىشۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. ئەمدى چىيەن دارىنىڭ چېرىكلىرى بىلەن دورلۇقتىكى جويلۇ چېرىكلىرى ئارىسىدا سوقۇش بولۇۋاتاتتى. شامەخسۇت ھىچنىمىگە چۈشىنەلمەي، شەھەرگە مۆكۈنۈۋېلىپ، ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، «ئىنەك خېچىر» قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. مەلۇم بولدىكى، چىيەن دارىنىڭ چېرىكلىرى شامەخسۇت ۋەدە قىلغان يامبۇلارنى بەرمىدى دەپ، ھىلىقى بۇتخانىدىكى ماجرانى قوزغىغان ئىكەن. ئامبال بىلەن شىيەتەي كېلىپ، شامەخسۇتنىڭ بۇ يامبۇلارنى ئۆز ۋاقتىدىلا جويلۇغا بەرگەنلىكىنى، جويلۇنىڭ نىيىتىنى بۇزۇپ، بۇ يامبۇلارنى چىيەن دارىغا يەتكۈزۈپ بەرمىگەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئەمدى چىيەن دارىنىڭ چېرىكلىرى دورلۇققا ھۇجۇم باشلاپتۇ.

دورلۇقتىكى جەڭدە، جويلۇ بىر ئوفىتسىردىن ئايرىلغاندىن كېيىن ھىلىقى يامبۇلارنى چىيەن دارىغا قايتۇرۇپ بېرىشكە رازى بولدى.

چىيەن دارىن بۇ يامبۇلاردىن تاشقىرى، ئاقچۇق سېيىدا ئۆلگەن چېرىكلىرىنىڭ ئائىلە - تەۋەسىگە نەپىقە ئۈچۈن شامەخسۇتتىن يەنە بىرنەچچە مىڭ سەر كۈمۈش ئېلىپ، تىرىك قالغان

چىرىكلىرى بىلەن ئىچكىرىگە كىرىشكە ئالدىرىدى.

شۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، شامەخسۇت ئۆز كىشىلىرىگە تېخىمۇ ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ھىلىقى بۇتخانىدىكى خەتەرلىك پەيتتە، ھەممىسىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئەلەم قىلغان ئىدى.

دىمىش خان بىر كۈنىكىم، دەۋرى - دەۋرانلار قايان قالدى،
سەرىرى - سەلتەنەت تەختىدە كەيۋانلار قايان قالدى؟
بېشىڭغا چۈشسە كۈن، مەن باش بېرەي دەپ لاپنى ئۇرغانلار،
بېشىمغا چۈشكەن ئەردى كۈن، قەدىردانلار قايان قالدى؟

ئۇ، قاچاندۇر بىر چاغلاردا، نوشىرۋان تەيجى ئوقۇپ بەرگەن كىتابتىن ئاڭلىغان مۇشۇ مىسرالارنى يادىغا ئالدى - دە، ھاشىر تەيجى، قىزبېگ غوجا، تۇرشا تۇغبېگى باشلىق بەگ - سىپاھلىرىنى چاقىرتىپ، «يالغىمنى يالغان ئىت سىلەردىن ياخشىراق، ھېچبولمىسا، ئاش - تۇزۇمنىڭ يۈزى يوقمۇ، ھەي گۇپاسىزلار دەپ قاتتىق كايىغاندىن كېيىن، تۇرشا تۇغبېگىنى زىندانغا بۇيرۇدى. پوچىتىكەش ئىبراھىمنى قىرىق غولدا ئۇرغۇزۇپ، تارانچى كۆمۈر كېنىدا سۈرگۈن قىلدى. ھاشىر تەيجى بىلەن قىزبېگ غوجىغا كەلگەندە، «ئاللاتائالا ئاچچىق بىلەن سەۋرىنى تەڭ ياراتمىغان بولسا، ھەر ئىككىڭنى بايتال ئاتنىڭ قۇيرۇغىغا سۆرىتىپ، ئارقىسىدىن كۆك ئايغىرنى قويۇپ بېرۈر ئىدىم، كۆزۈمدىن يوقىلىڭلار!» دەپ ۋاقىرىدى. ئۇلار تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، ئارقىچە چىقىپ كېتىۋاتقاندا، مەلۇمچى بەگ كىرىپ، ئامبالنىڭ مۇھىم ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.

ئامبال ئۈرۈمچىدىن جىددىي تېلېگراما كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، تېلېگراما قەغىزىنى تۇتقۇچىغا تۇتقۇزدى. بۇ تېلېگراما ئاقچۇق سىيىدىكى جەڭدىن كېيىن، شامەخسۇت بىلەن ئامبالنىڭ

تېزدىن چېرىك ئەۋەتىلىشىنى سوراپ، ياڭ زىڭشىڭغا يوللىغان تېلېگراممىسىغا قايتۇرۇلغان جاۋاپ ئىدى. تېلېگراممىدا شامەخسۇتقا بىرمۇنچە تەسەللى ۋە نەسىھەتنەما سۆزلەر ئېيتىلىپ كېلىپ، «ھازىر قۇمۇلغا چېرىك ئەۋەتىدىغان ۋاقىت ئەمەس. بۈگۈندىن باشلاپ، ئۇرۇشنى دەرھال توختىتىپ، سۈلھى تۈزەش ئۈچۈن تاققا ئەلچى چىقىرىلغاي، قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ. ياڭاق ياغىچى قاتتىق بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئاسان ئوق ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ پاختا يۇمشاق بولغىنى ئۈچۈن، ئوق ئۆتمەيدۇ. سىلەردە ‹يىگەن ئېغىز ئۇيىلىپتۇ› دىگەن ماقال بار ئىكەنغۇ، ئەلچىلەر خۇرجۇننى ئېغىرراق كۆتىرىپ چىقسۇن، قالغان گەپنى كېيىن قىلىمىز» دىيىلگەن. تېلېگراممىنىڭ ئامبال بەي ۋىنچاۋغا قارىتىلغان قىسمىدا مۇنداق سۆزلەر يېزىلغان: «مەن تاغدىكى ئوغرىلارنى قەتئى يوقىتىپ، ئاپەتنى تۈپ - يىلتىزىدىن تۈگىتىشنى بىلمەيمەنما؟ سىز ئامبال ھەل قىلغۇچ جەڭ ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىپسىز، بۇنىڭغا زادى قانچىلىك ئىشەنچىڭىز بار؟ مەن ئۆزۈم ھەربى ئىشلاردىن ئاز - تولا تەجرىبەم بار تۇرۇقلۇق، قوزغىلاڭچىلارنى كۈچ بىلەن يوقىتىشنى ئاساس قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىمەنۇ، بۇ سىز ئۈچۈن شۇنچە ئاسان ئىشمۇ؟ سىز ئامبالنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىسى تاققا چېرىك چىقىرىپ، ئاپەتنى كېڭەيتىۋېتىش ئەمەس، يۇمشاق سۆز بىلەن ئوغرىلارنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەپ، كېيىنكى پىلانلىرىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يېقىندىن ماسلىشىپ بېرىشتىن ئىبارەت.»

— ئەلچى، ئەلچى! يەنە سوغاتمۇ ئەۋەتكىدەكمىزمۇ تېخى؟ ئۇنداق قىلغانسېرى تۆمۈرنىڭ خورىگى ئۆسۈپ كەتمەمدۇ؟ ياڭ جاڭجۈڭ جاناپلىرى بۇنى نىمىشقا چۈشەنمەيدىغاندۇ! — دىدى شامەخسۇت ئاچچىق بىلەن ساقىلىنى سىقىمداپ.

— ئەمدى ئىلاج يوق. ماڭا قىلىنغان تەنبىلەرنى ئاڭلىمىدى - لامۇ؟ تاققا دەرھال ئەلچى ئەۋەتمىسەك، ئۇ ئوغرىلار كەلكۈندەك

باستۇرۇپ كەلسە، قانداق قىلغۇلۇق؟ ھازىرچە بۇ كەلگۈنگە ئاق بايراق بىلەن تـوغان سىيلىپ تۇرايلى. قالـغان ئىشنى كېيىن كۆرمەيمىزمۇ؟

— بۇ جاڭجۇڭ بۇرۇنقى جاڭجۇڭغا ئوخشىمامدۇ ـ نىمە؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ قالدىم.

— دەرۋەقە، تـورپاق يىغىلىغىنى ئىككى قوۋۇز سـۆز بىلەن جىمىقتۇرۇپ بەرگەن كىشى مۇشۇ جاڭجۇڭ ئىدى. ئۇنىڭ «قۇشنى دان ئالـدايدۇ، ئادەمنى سۆز» دېگەن گېپى ھىـلىمـۇ ئېـسىمـدە تۇرۇپتۇ. ئەمما، مەن ئۆزۈم بىر ۋاڭ تۇرۇقلۇق بۇ شىرە چورۇق تېجىمەللەرنىڭ ئالدىدا شۇنچىلىكمۇ خارلىشىپ كېتەمدىمەن؟ — دېدى شامەخسۇت قاتتىق خورسىنىپ.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باپ

# «ئەۋلىيا»نىڭ ئۆلۈمى

ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى.

— رۇس خەلق ماقالى

### 1

بۇ كۈنلەردە «قوراي» دىگەن تاغلىق يۇرت بىلەن تۆمۈر خەلپە دىگەن نام بىپايان دەشتىتە خۇددى تۈن قاراڭغۇسىدا تېڭىرقاپ قالغان كارۋان ئالدىدا بىردىنلا نامايەن بولغان گۈلخان كەبى مەشگۈلغان كىشىلەرگە كۈچ ۋە ئۈمىت بېغىشلىماقتا، ئۇلارنى ئۆز تەرىپىگە جەلپ قىلماقتا ئىدى. قاتتىق يامغۇردا تاغ ئېتەك-لىرىدىن جىرالارغا ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ئۇششاق ئېقىنلار دەھشەت-لىك بىر قىيانىنى ھاسىل قىلغىنىدەك، تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ قوشۇلۇۋاتقان كىشىلەر بىلەن قوزغىلاڭچىلار سېپى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، زور بىر قوشۇنغا ئايلانماقتا ئىدى. نەچچە ۋاقىتتىن

«بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى نەدىن چىققۇركىن» دەپ يۈرگەن كىشىلەرمۇ، ئەمدى كۆڭلىنى توختىتىپ، قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلۇشقا باشلىدى.

بىر كۈنى، شەھەر تەرەپتىن ئوندەك كاسىپ ۋە دېھقان كېلىپ سەپكە قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىزىل كۆلا بىلەن قۇراق جەندە كىيىپ، بېلىنى قىل ئاغامچا بىلەن باغلىۋالغان دەرۋىش سۈپەت بىر كىشىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ چىگىشلىشىپ، كىگىزدەك بولۇپ كەتكەن قاپ-قارا چېچى دولىسىغا چۈشۈپ تۇراتتى؛ ئوڭ كۆزى ھەمىشە قىسىلىپ تۇرغاچقا، بىر قاراشتا، ئۇ خۇددى چۆچەكلەردىكى يەك چەشمىگە ئوخشاپ كېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، كىشىلەر ئۇنى «قىسماق ئىشان» دەپ ئاتايتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇرپان تۇيۇق غوجامدىكى «ئەسھابۇلكەپ»نىڭ شەيخلىرىدىن دەپ ئېلان قىلىپ، ئون يىلدىن بېرى قۇمۇل دىيارىدا يۇرتمۇ-يۇرت كېزىپ يۈرگەچكە، ئۇنى ھەممە كىشى دېگىدەك تونۇيتتى. ئۇ ھېچقاچان ناماز ئوقۇمايدىغان بولغاچقا، يۈز-كۆزى ھەمىشە كىر ۋە كۆزلىرى چاپاقلىشىپ تۇراتتى. ئادەتتە ناماز ئوقۇمايدىغان كىشىلەرنى

«بىنامازنىڭ ساقىلى، ئىت قۇيرۇغى داقىلى،
ئوتنى ئېلىپ ياقىلى، كۆيۈپ ئۆلسۇن بىنامازى»

دەپ، ئوتتۇز توققۇز دەررە ئۇرىدىغان نائىپلارمۇ، بۇ ئىشاننى ھېچنىمە قىلمايتتى. چۈنكى، ئۇۋەيىس ئەئلەم مۇپتى چاغلىرىدىن تارتىپ، جامائەت توپلانغان سورۇنلاردا ئۇنى «ئەۋلىيا سىياقىدىكى كىشى» دەپ تەرىپلەپ يۈرەتتى. «قىسماق ئىشان» بولسا، قەدىمى يەتكەنلا يېرىدە مۆڭگۈز ساپايىسىنى سوقۇپ، خوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ھېكمەتلىرىنى، بولۇپمۇ، ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ ئۆزى توقۇۋالغان مۇنۇ مىسرالارنى زوق-شوق بىلەن ئوقۇپ يۈرەتتى:

ئايا دوستلار، بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق،
ۋاپا تۇرماق، زەررە - مسقال ساپاسى يوق.
بۇ دۇنيانى دىگەنلەرنىڭ ئاتاسى يوق،
مۆمىن بولساڭ، ئاخىرەتنى ئىزدە دوستلار.

ئۇ، بۇگۈنمۇ قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا كىرىش بىلەنلا، ئاغزىدىن كۆپۈك قايىنىتىپ، «هۆكمەت» ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قورايىغا كەلگەنلىگىنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دىگىدەك، ئۇنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياش ئىمام ئاخۇن قارىمۇ بار ئىدى. «قىسماق ئىشان» ياش ئىمامنىڭ يۇمشاق قوللىرىنى ئالىقىنىغا ئالغاندا، ئۆزىنىڭ بىر بارمىغى بىلەن ئۇنىڭ بىر بارمىغىنى جۈپلەپ، ئىككىنچى قولى بىلەن ئۇچ قېتىم قاتتىق سىقىپ قويىدى ۋە كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكىپ، «بولار تاڭنا قىيامەت، بۇگۈن ئاخشام غەنىمەت» دىدى. بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىنى ياش ئىمامدىن باشقا ھىچكىم چۈشەنمىدى.

شۇ ئاردا، تۆمۈر خەلپىمۇ، ئۆز ھەمرالىرى بىلەن كېلىپ، ئىشان بىلەن سەممىي كۆرۈشتى. ھەتتا، سەپەرقۇلغا مىھمانىنى ئوبدان كۈتۈشنى، نىمە خالىسا شۇنى بېرىشنى جېكىلىدى. سەپەرقۇل ئىشاننى مەسچىت ھوجرىسىغا تەكلىپ قىلدى. ئىشان قولىنى شىلتىپ، «دەرۋىشكە ھوجرىدا يېتىش ھارام، ماڭا ئۆگكۈر ماكان بولغاي، جاپالار ئىمتىھان بولغاي، بىلىڭلاركى خالايىقلار، تاڭنا ئاخىر زامان بولغاي» دەپ، تاغ تەرەپكە بۇرۇلۇپ، بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالدى. سەپەرقۇل دەرھال پىشۇرۇلغان گۆش، نان، قېتىق، قايماق ۋە بىر چۆگۈن چاي ئەپكىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويىدى.

## 2

يىگىرمىنچى باپتىكى بەزى باياتلىرىمىزدىن باستىنىڭ بويىنـ

دىكى تىل تۇمارىنىڭ «سىيغىزخان»نىڭ سىرىنى ئېچىپ بەرگەنلىكى ۋە تۆمۈر خەلپىنىڭ بۇ «سىيغىزخان»نى ئۈركىتىۋەتمەي، ئوبدان پايلاپ تۇرۇشنى سەپەرقۇلغا تاپشۇرغانلىقى ھۆرمەتلىك كىتابخانلارنىڭ يادىدا بولسا كېرەك. شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن، سەپەرقۇل «سىيغىزخان»نىڭ ھەربىر قەدىمىنى ئۆزى كۆزىتىپ تۇرغاندىن تاشقىرى، ئەھۋالنى شەرۇللا بوۋىغىمۇ چۈشەندۈرۈپ قويغان ئىدى. شەرۇللا بوۋاي ھىلىقى كېچىسى مەسچىتتە ئۆزىنى يارىلاندۇرۇپ، ياقۇپ ياساۋۇلنى ئۆلتۈرگەن «ئەرۋاھ» نىڭ شۇ «سىيغىزخان» ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ چۆچۈپ كەتتى ۋە «يا تەقسىر، مۇشۇ مەلئۇننىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇپتىمىز-ھە! ئەمدى مېنىڭ چاڭگىلىمدىن قېچىپ قۇتۇلغىنىنى كۆرەي» دېدى. دەرۋەقە، «سىيغىزخان» نى كۆزىتىپ تۇرۇش شەرۇللا بوۋايغا ھەممىدىن ئاسان ئىدى. چۈنكى، «سىيغىزخان» نىڭ ئۆيىمۇ شەرۇللا بوۋاي يېتىپ-قوپىدىغان مەسچىت ھوجرىسىنىڭ يېنىدىكى سوقما تاملىق ھويلىدا ئىدى، بۇ ھويلىنىڭ تاملىرى شۇ قەدەر پاكا ئىدىكى، ئۇنىڭدىن ئاتلاپ كىرگىلىمۇ بولاتتى.

سەپەرقۇل شەرۇللا بوۋاي بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماي، ئايقىز بىلەن ھۆسنارىخانغىمۇ ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارنى بۇ ئىشقا ياردەملىشىشكە ئۇيۇشتۇرغان ئىدى. شۇندىن باشلاپ، ئايقىز بىلەن ھۆسنارىخان كېچىلىرى ئەرەنچە كىيىنىپ، شەرۇللا بوۋاي بىلەن نۆۋەتمۇ-نۆۋەت «سىيغىزخان» نىڭ ئۆيىنى قاتتىق كۆزىتىشكە كىرىشكەن ئىدى.

«قىسماق ئىشان» ھىلىقى ئۆكتۆرگە كىرىۋالغان كۈنى تۈن نىسپىدىن ئاشقان بىر چاغدا، «سىيغىزخان» نىڭ ئىشىكى «غىچ» قىلىپ ئېچىلدى. ئىگىز تاغلار چوققىسىدا ئېسىلىپ تۇرغان ئون كۈنلۈك ئاي خۇددى تام بېشىدىن يېرىمى چىقىپ تۇرغان پانۇسنەك ھويلىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.

قورام تاشلار ئارىسىدا پايلاپ ياتقان ئايقىز بىلەن ھۆس-

نارىخان دەرھال سەگەكلىشىپ، ئىشىك تەرەپكە قاراشتى. «سىغىزخان» ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ ئەتىراپقا سىنچىلاپ قارىۋالدى ـ دە، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ھىلىقى ئۆڭكۈر تەرەپكە يۆنەلدى. ئايقىز بىلەن ھۆسنارىخانمۇ، ئۆزىنىڭ قارىسىنى كۆرسەتـ ـمەي ئۇنىڭغا ئەگەشتى ۋە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ئۆڭكۈرنى مارىلاپ تۇردى. «سىغىزخان» ئۆڭكۈردىن تېزلا يېنىپ چىقىپ ئۆز ئۆيى تەرەپكە يۆنەلدى...

ئەتىسى تاڭ يورۇش بىلەن مەھەللىدە «قىسماق ئىشان» نىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ساپايىسىنى سوقۇپ، ئۆزىنىڭ «ھۆكمەت» لىرىنى ئېيتىپ، تۈنۈگۈن كەلگەن تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. چىڭقى چۈش ۋاقتى بىلەن تۆرۈككە يېقىنلاشقان بىر يەردە، ئامانقۇل باشلىق ئۈچ يىگىت ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ:

ــ ئىشانىم قايان ماڭدىڭىز؟ ــ دىدى.

ــ دەرۋىش ئۈچۈن جاھانىڭ ھەممە يېرى ئوخشاش. بېشىم قايغان، ئايىغىم تايغان تەرەپكە كېتىۋاتىمەن.

ــ خەلپەم ئۆزلەنى ئاشقا چىللىدى.

ــ دەرۋىشكە تەييار غىزا جانغا ئىزا.

ــ قۇشمۇ دانسىز ئۇچالمايدۇ، قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ. ئازراق بىر نىمە يەۋېلىپ ماڭسىلا.

ــ يوقسۇ، مەن كېچە نىيەت قىلىۋالدىم، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېغىز ئاچىمەن.

ــ ئەمىسە، خەلپەم بىلەن خوشلىشىپ رازىلىق ئېلىپ كەتسىلە.

ــ دەرۋىشكە بىر خۇدادىن بۆلەك ھېچكىمنىڭ رازىلىقى كېرەك ئەمەس.

ئامانقۇل ئەمدى ئۇنىڭغا گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانـ ـلىقىنى سېزىپ، «باغلا بۇ تەلۋىنى!» دەپ ۋاقىرىدى. كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە، يىگىتلەر ئۇنى چەمبەرچەس باغلاپ، ئاتقا ئارتىۋالدى.

بىرەر سائەتتىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە ئۆز ھەمرالىرى بىلەن چوڭ كىگىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ، «قىسماق ئىشان»نى سوراق قىلىشقا باشلىدى. «قىسماق ئىشان» ئىككى قولىنى تىزىغا قويۇپ يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى، ئەمدى بەكمۇ يۇۋاشلاپ قالغان ئىدى. بۇ سوراقتا سەيپۇڭ توختىدىن بۆلەك، چوڭلارنىڭ ھەممىسى دىگىدەك قاتناشقان ئىدى. تۆمۈر خەلپىنىڭ ئالدىدا ئىشاننىڭ جەندىسىگە تىكىۋالغان يېرىدىن سۆكۈپ ئېلىنغان ئۈچ دانە تىللا، قويندىن چىققان بىر خەنجەر، كۆلاسىنىڭ قېتىدىن تېپىلغان بىر پارچە خەت تۇراتتى. خوتەن قەغىزىگە قومۇش قەلەم بىلەن يېزىلغان بۇ خەتكىمۇ «سىغىزخان» دەپ ئىمزا قويۇلغان ئىدى. خەتتە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاقچۇق سىپىدىكى جەڭدىن كېيىن كۆپىيىپ كەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ پات ئارىدا شەھەرگە ھۇجۇم قوزغىشى مۇمكىنلىكى ئېيتىلىپ كېلىپ، ئاخىرىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن: «ئەمما بۇ ئوغرىلارنىڭ باشلىقلىرى ئۇزۇنغا قالماي بىر بىرىنىڭ كۆزىنى چوقۇلايدىغاندەك تۇرىدۇ. سەيپۇڭ توختى ناھايىتى ئاچكۆز، جېنىغا جۇت كىرگەن، ئىچى تار، ھەسەتخور، زىدى يامان ئادەم ئىكەن، ئۇ تۆمۈرلەردىن يوشۇرۇنچە چىڭ گاڭ غوجامنىڭ يىل-قىلىرىدىن بەش يۈز ئاتقا ئۆز نامىدىن تامغا باستۇرۇۋالدى، ئىككى يۈز تۆگىنى نوم تەرەپكە ئەۋەتىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ بىر-ئىككى يېقىنىدىن باشقا، ھېچكىم ئۇقمايدۇ. سەيپۇڭ توختىنىڭ تېخى تەيجى بەگمۇ بولغۇسى بار ئىكەن. ئەمما، ئۆزىنىڭ جېنىنى ئاياپ، جەڭگە كىرمىگەنلىكى ۋەجىدىن باتۇرلۇق ئاتىغىنى ئالالماي، تەيجى بەگلىك قارا بوسۇققا يا بولمىسا، ئېلى پالگانىغا تېگىپ كېتەرمىكىن دەپ گەشەت قىلىدىكەن. سەيپۇڭ توختى شۇ ۋەسۋەسە بىلەن بىر ئىش چىقىرىپ قويىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن ئۇنى ھەدەپ كۆشكۈرتىۋاتىمەن.»

— تۆمۈر خەلپە خەتنىڭ بۇ ئاخىرقى قىسمىنى باشقىلارغا ئوقۇپ بەرمىدى.

— بۇ نىمە؟ — دىدى تۇمۇر خەلپە ھەلىقى ئۈچ تىللانى ئالقىنىدا شاراقلىتىپ.

— ھاشىر تەيجى بەرگەن، — دىدى ئىشان يەردىن ئۈستۈن قارىماي.

— تەركى دۇنيا بولغان دەرۋىشكە تىللانىڭ نىمە كېرىگى بار؟

— ...

— خالايىقتا ئاخىرەتنى ئىزلەگۈلار دەپ ئەمىر - مەرۇپ قىلىپ يۈرگەن ئىشان، ئىماننى ئۈچ تىللاغا ساتقان بولسا، ئەمدى ئۇنى نىمە قىلماق كېرەك؟

— شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپتىمەن.

— ئۆزۈڭ قايسى شەيتاندىن كەم، — دىدى قارا بوسۇق يەرگە بىرنى مۇشتلاپ، ئىشان تىترەپ كەتتى.

— بۇچۇ؟ بۇ خەنجەرنى نىمە قىلماقچى؟ — سورىدى تۇمۇر خەلپە.

— ئۇنىمۇ ھاشىر تەيجى بەرگەن.

— بۇنىڭ بىلەن نىمە قىلماقچى دەۋاتىمەن!

— لازىم بولغاندا ئىشلەتسىلە دىگەن.

— بىزنىڭ قېنىمىزنى تۆكمەكچىمۇ؟ ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يەتكەن كىشىگە غازىلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش راۋامۇ؟

— قويىسىنا تۇمۇر ئاكا، بۇ چىركىنگە مۇنداق گەپلەرنىڭ نىمە كېرىگى بار؟ بۇنىڭ جاجىسى بىر تال ئوق، — دىدى قارا بوسۇق ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ.

— توختاپ تۇر، — دىدى تۇمۇر خەلپە، ئاندىن ئىشانغا قاراپ داۋام قىلدى، — سۇلايمان دورغىنىڭ ئوغلى ئاخۇن قارى، يەنى سىبغىزخان يەنە نىمىلەرنى دىدى؟

— تۇمۇر تەقۋادار ۋە بىر نىمىگە ئاسان ئىشىنىپ كېتىدىغان ئادەم ئىكەن، ئۆزلەدىن گۇمان قىلمايدۇ، پات - پات كېلىپ تۇرسىلا دىدى.

— يەنىچۇ؟
— باشقا گەپ قىلمىدى.
— نىياز دورغىنىڭ ئوغلى خامۇش بىلەن ياقۇپ ياساۋۇلنى كىم ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتمىدىمۇ؟
— يوقسۇ، خەلپەم.
— ئۇنداق بولسا، ئۆزىدىن ئاڭلا.
سىرتتا ئات تۇياقلىرىنىڭ تاراقلىشى ئاڭلىنىپ، ئەنسارى ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى ۋە «سىغىزخان» نى تـوخـتاخـۇن ئاكام ئېتىۋەتتى دېدى.
— بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى تۆمۈر خەلپە غەزەپ بىلەن.
— بىز ئۇنى باغلاپ ماڭايلى دەپ تۇرغانـدا، تـوخـتاخـۇن ئاكام كېلىپ «ئىمام ئاخۇنۇم نىمە قىپتۇ، نەگە ئاپىرىـسىلە؟» دېدى. مەن «ھىلىقى سىغىزخان دىگەن مۇشۇ چىركىن بولىدىكەن، خەلپەم سوراق قىلماقچى» دىۋىدىم، «ھوي، سىغىزخـان دىگەن شۇمىكەن، بۇ دۈيۈزنى سوراق قىلىپ نىمە قىلىدۇ، بۇنىڭ جاجىسىنى ئۆزۈم بېرەي» دەپ قولۇمدىكى مىلتىقنى تارتىۋېلىپ شۇ يەردىلا ئېتىۋەتتى.
— ئەستەغپۇرۇللا، — دېدى تـۆمـۈر خەلـپـە ئىـڭـىـگىـنـى تاتىلاپ، — قولۇڭدىكى كۆسەيمىدى تارتقـۇزۇپ قـويـغـىـلى، ئـۇچ بىردەك يىگىت شۇنچىلىك ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغىنىڭلارنى قارا.
ئېلى پالگان باشلىق ھەممەيلەن بۇ ئىشقا ھەيـران بولۇپ بىر بىرىگە قاراشتى. ئۆيىنىڭ ئىچىنى جىمـجـىـتلىق باسـتى. شۇ تاپتا بايىقى خەتنىڭ ئاخىرىدىكى قۇرلار بىلەن ھىلىقى ئاخشىمى زورىخاننىڭ سەييۇك توختى توغرىسىدا ئېيتقان گەپلىرى تـۆمـۈر خەلپىنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ سالاپەتلىك چىرايىدا غەزەپ ئارىلاش بىرخىل مەيۇسلۇك ئالامەتـ لىرى پەيدا بولۇپ، يوغان كۆزلىرى ئاستا يۇمۇلدى.

شۇ ئارىدا قارا بوسۇقنىڭ ئاۋازى جاراڭلاپ، ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزدى:

— بۇ چىركىنلەرمۇ ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ تاشلاي، — دېدى قارا بوسۇق، «قىسماق ئىشان» نى گەجگىسىدىن سۆرەپ.

— توختاپ تۇر، ئۇنىڭ ئىشى بار، — دېدى تۆمۈر خەلىپە، ئاندىن سەپەرقۇلغا قاراپ «ئاۋال خاموش ماڭغا بىلەن ياقۇپ ياساۋۇلنى كىم ئۆلتۈرگەنلىكىنى بۇ ئىشانغا ھېچنېمىسىنى قويماي سۆزلەپ بەر، ئاكا» دېدى.

سەپەرقۇل «قىسماق ئىشان»نى باشلاپ چىقىۋاتقاندا، ئىككى ئاتلىق يىگىت ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، قومۇل تەرەپتىن بەش ھارۋا سوغات بىلەن ئەلچىلەر چىققانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىجازەت سوراپ تۆرۈك غولىدا قالغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئەلچىلەر بەرگەن خەتنى تۆمۈر خەلىپىگە تاپشۇردى. بۇ خەت ئامبال بېي ۋىنچاۋ نامىدىن يېزىلغان بولۇپ، «ئۇرۇشنى توختىتىپ، تەلىۋىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇڭلار، ھەرقانداق تەلىۋىڭلار بولسا، شا مەخسۇت ۋاڭغا قوبۇل قىلدۇرۇشقا مەن كېپىل» دېگەن مەزمۇندا ئىدى.

تۆمۈر خەلىپە ھەمرالىرىغا قارىدى. قارا بوسۇق، ئامانقۇل ۋە خوجىنىياز پالۋانلار ئۇرۇشنى توختىتىش ئەمەس، دەرھال شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى.

تۆمۈر خەلىپە: «ئەلچىلەرنى بۇ يەرگە كەلتۈرمەيمىز، سوغاتلىرىنى ئالمايمىز دېگىنىڭلار توغرا، ئەمما، بىر قولۇڭ ئوتتا بولسا، بىر قولۇڭ سۇدا بولسۇن دېگەن گەپ بار. ئېلى پالۋان بېرىپ، ئەلچىلەرگە تەلىۋىمىزنى ئېنىق ئېيتقاي، قېنى شا مەخسۇت ئاڭلاپ نېمە دەيدىكىن، كۆرۈپ باقمايمىزمۇ! ئاڭغىچە بىرئاز دەم ئېلىۋالساقمۇ يامان بولماس» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئېلى پالۋان، سەپەرقۇل ۋە جامائەت ۋەكىلى سۈپىتىدە كېڭەشلەرگە قاتنىشىپ تۇرىدىغان نۇزۇل بوۋاي بۇ پىكىرنى قوللىدى. شۇنداق قىلىپ، ئېلى پالۋان بىرنەچچە يىگىت بىلەن ئەلچىلەرنىڭ

يېنىغا ماڭماقچى بولدى. تۆمۈر خەلپە ھېلقى «قىسماق ئىشان» نى ئېلى پالگانغا قوشۇپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئۆۋەيىس ئەئلەم «ئەۋلىيا مۇقامىغا يەتكەن كىشى» دەپ داڭلىغان بۇ دۆيۈزنىڭ قىلغان - ئەتكىنىنى ئەلچىلەرگە ئېيتىپ بەرسىلە. ئۇلار بۇنى ئالغاچ كەتسۇن. قۇمۇل خەلقى بۇ كاززاپنىڭ قانداق «ئەۋلىيا» لىغىنى بىلىپ قالغاي!

ئەتىسى ئېلى پالگان قايتىپ كېلىپ، ئەلچىلەرنىڭ تۆمۈر خەلپىدىن رازى بولغانلىغىنى، ئەمما، سوغاتلارنى ئېلىپ كەتكىلى ئۇنىماي قالدۇرۇپ كەتكەنلىگىنى مەلۇم قىلدى. ئېلى پالگان يەنە، ئەلچىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا «قىسماق ئىشان» - نىڭ تاشقا ئۇسۇپ ئۆلۈۋالغانلىغىنى ھىكايە قىلىپ بەردى.

— ئوبدان بوپتۇ، ئەزرائىلنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرمايلا، ئۆزى جەھەننەمگە كېتىپتۇ، — دېدى تۆمۈر خەلپە، ئاندىن قارا بوسۇققا قاراپ، «مانا ئۇكام، بەش ھارۋىدا تويلۇقمۇ كېلىپ قالدى» دەپ كۈلدى.

— قېرى يەڭگىمىزنىڭ تويى تازىمۇ قىزىق بولغۇدەك، نىكا ئوقۇپ بەرسەم، بىرەر تون ياپارلا، — دەپ كۈلدى نۇرۇل بوۋىمۇ چاقچاق قىلىپ.

— ئاپلا، ھېلقى ئىشانىم بولغان بولسا، بوسۇق ئاكامنىڭ تويىدا ساما سېلىپ، پىلدىرغۇچتەك پىقىراپ بېرەتتى، — دېدى قاسىم قىزىق.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

## يىگىرمە ئۆتىنچى باپ

# توي ئۈستىگە توي

ئورمانلاردا شىرلارنىڭ، باغچىلاردا
يىلانلارنىڭ بولۇشىدىن ئەجەپلىنىش-
نىڭ ھاجىتى يوق.

— زەمەخشەرى①

1

بىردىنلا ھاۋا تۇتۇلۇپ، بىر تال، يېرىم تالدىن يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. ئۇششاق بالىلار بىر خىل رىتىمدا چاۋاك پىلەن ناخشا ئېيتىپ، كېيىكتەك سەكرىشىپ ئويناشقا كىرىشتى:

يامغۇر ياغلاق،
ئۆچكە ساغلاق،

① جارۇللا ئوبۇلقاسىم زەمەخشەرى — مىلادى 1075 — 1144 يىللاردا ياشىغان خارەزىملىق بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئالىم.

ئاسماندىكى مومىلارنىڭ
ئەمچەكلىرى دومبىلاق.

يامغۇر ياغلاق،
ئۆچكە ساغلاق،
ئاسماندىكى مومىلارغا
پىشلاق بىلەن ياغ-قايماق.

بىر تال چىچىنى پۇلاڭلىتىپ ئويناپ يۈرگەن كىچىككىنە باست سەپەرقۇل بىلەن ئاتلىق كېلىۋاتقان دادىسىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. تۆمۈر خەلپە ئاتتىن چۈشۈپ، ئوغلىنى كۆتۈرىۋالدى. ھەممە باللار كېلىپ ئولاشتى. بەزىلىرى كۆك بوز ئاتنىڭ يايلىغا قىزىقىپ قارىسا، بەزىلىرى ئىگەر-جابدۇغىغا قىزىقاتتى. ھەقىقەتەنمۇ قۇشۇۋاش ئىگەرنىڭ ئىككى تال چەش قويۇلغان بېشى خۇددى قاراپ تۇرغان بۈركۈتكە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ كۈمۈش يالىتىلغان ئۈزەڭگىلىرى، ئۇششاق تەڭگىلەر بىلەن بېزەلگەن قۇشقۇن ۋە كەمەلدۇرۇكمۇ ھەرقانداق كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. بۇ ئىگەر-جابدۇقلار پۇتلىرى ئىنچىكە، بويىنى ئۇزۇن كەلگەن كۆك بوز ئاتقا شۇنداق ياراشقان ئىدىكى، بىر قاراشتا ئۇ خۇددى چۆچەكلەردىكى ساماۋى ئاتلارغا ئوخشاپ كېتەتتى.

— دادا، دادا، بۇ ئاتنى ساڭا كىم بەردى؟ — دېدى باست، ئاتنىڭ ماڭلىيىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— شاھەخسۇت ۋاڭ، — دېدى تۆمۈر خەلپە.

— ماڭىمۇ بېرەمدۇ؟

— كېكىرتىكىنى شىقىپ تۇرۇپ، خامىرىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇرساڭ ئاندىن بېرىدۇ.

شۇ گەپنى قىلىپ، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىززىمۇ سەپەرقۇلغا

قوشۇلۇپ كۈلۈۋەتتى.

— بولدى، بولدى، بۇ قۇمتەللىنىڭ گېپىدىنى ئاڭلاۋەرسەك، يامغۇردا قالىمىز، قېنى ماڭايلى، — دېدى سەپەرقۇل.

ئۇلارنى دەرۋازا ئالدىدا تۆمۈر خەلپىنىڭ ئايىلى زورىخان بىلەن قىزلىرى ۋە ھۆسنارىخان بىلەن ئايقىزلار كۈتۈپ تۇراتتى. تۆمۈر خەلپىلەر يېقىن كېلىش بىلەن ئايقىز سالام بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى ئالدى. تۆمۈر خەلپە ئايقىزنىڭ بېشىنى سىلاپ، بىر-نەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلدى. ئاينۇر بىلەن مەستۇرىنى ئەركىلىتىپ قويدى. ئاندىن رەۋىخان مۆمىنى يوقلاپ ئۆتمەكچى بولۇپ، ئاۋال سەپەرقۇلنىڭ ئۆيىگە كىردى.

رەۋىخان موماي ئۇبدانلا تۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. ئۇ، تېپچىلىق-ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئايقىز بىلەن ھۆسنارىخاننى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى:

— كۆزدىن ئايرىغان خۇدايىم، ھاسىدىن ئايرىماپتۇ دەپ، بۇ ئايلا قىزلىرىم ئۆيگە كىرسە قىز، تالاغا چىقسا ئوغۇل، چېچىنى يامداق①، قولىنى كۆسەي قىلىپ، مېنىڭ يالغۇزلۇغۇمنى بىلدۈرمىدى. بۇلار بولمىسا، قانداقمۇ قىلاردىمكىن؟ دادىسى بىر كۈن ئۆيدە بولسا، ئون كۈن تالادا. بىزنىڭ ئوغۇلنىمۇ ئايدا-يىلدا بىرەر قېتىم كۆرۈپ قالىمەن، ئۇكام.

— ۋاي، ئايلىراپا، — دېدى تۆمۈر خەلپە كۈلۈپ تۇرۇپ، — تۇرۇمتايىڭىزمۇ ئۇچۇرما بولىدىغان ۋاقتى بولغانغا ئوخشايدۇ، ھۆسنارىخانمۇ بۇ ئۆيدىن ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ.

قازان بېشىدا چۆگىلەپ يۈرگەن ھۆسنارىخان بۇ گەپنىڭ تېگىگە دەرھال يېتىپ، ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى-دە، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى يېپىۋېلىپ تالاغا قاچتى. ئايقىزمۇ، ئەھۋالنى چۈشىنىپ، قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى.

— ناز قىزغا يارىشۇر، غاز كۆلگە دەپتىكەن، سېنىڭ بۇ

① يامداق — سۆرگۈچ.

جۇگان قىزىڭمۇ ناز قىلىدىكەن، ھە! — دېدى سەپەرقۇل مومايغا چاقچاق قىلىپ.

— بۇ نېمە دېگەنلىرىدۇ؟ بۇ ئايلا قىزىم جۇگان بولغان بىلەن بىر قىسما قىزلاردىنمۇ تېپىمزراق. قىشنىڭ يېزى بار، كۆلنىڭ غېزى بار، تويىنىڭ سازى بار، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ تويىنىڭ سازى بولغاندىن كېيىن، قىز بولسىمۇ، جۇگان بولسىمۇ، ئۆزىگە يارىشا نازى بولمامدۇ؟ — دېدى رەۋىخان موماي كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ۋاي ئاكا، سەن قاچان ئايلىراپامغا گەپ تېپىپ بېرەلـگەن، ئەمدى خوپ بولدى ساڭا، — دېدى تۆمۈر خەلپىمۇ چاخچاقنا ئارىلىشىپ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار قارا بوسۇق بىلەن ھۆسنارىخاننىڭ تويى توغرىسىدا خېلى گەپلىشىپ بىر قارارغا كېلىشتى: تۆمۈر خەلپە قارا بوسۇققا، سەپەرقۇل ھۆسنارىخانغا ئاتا بولۇپ، ئەتە-ئۆگۈن توي باشلىماقچى بولۇشتى. گەپ ئارىسىدا رەۋىخان موماي ئامانقۇل بىلەن ئايقىزنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا سۆز ئېچىپ قالدى.

ھۆرمەتلىك كىتابخانلارنىڭ يادىدا بولسا كېرەككى، ئايقىز بىلەن ئامانقۇلنىڭ نىكاسى ئوقۇلغاندا، ئايقىز ھېلىقى قازاق يىگىتنى جۇماتاينىڭ يىلى تۈشمىگىچە، ئامانقۇل بىلەن قوشۇلماي تۇرۇشنى شەرت قىلىپ قويغان ئىدى. شۇ شەرتكە بىنائەن، بۇ قانۇنى ئەر-خوتۇن ھازىرغىچە بىر ئۆيدە بولۇپ باقمىغان ئىدى. رەۋىخان موماي ئەنە شۇ ئىشلارنى ئەسلىتىپ ئۆتكەچ، مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ ھېساۋىمچە، جۇماتاينىڭ يىلىمۇ توشتى. ئەمدى بۇ ئىككىيلەن كاككۇك بىلەن زەينەپتەك قاچانغىچە بىرى تاغدا، بىرى باغدا يۈرۈۋېرىدۇ؟ مەن جاھاندىن نەۋرە كۆرمەي ئۆتەمدىمەن؟

— ۋاي راست، — دېدى تۆمۈر خەلپە بۇرۇتىنى سىلاپ قو-يۇپ، — ئۆز ھالاكەتچىلىگىمىز بىلەن بولۇپ كېتىپ، بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمىز. كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا ئايلىراپا، ھېلى بولسىمۇ

ئىككى تويىنى بىر قىلىپ، توي ئۈستىگە توي ئوينىۋەتسەك، ئۆزۈڭغا قالماي نەۋرەمۇ كۆرىدىلا. بۇ ئالتۇن قىزىمىز يە ئۆزىگە ئوخشاش ئىنساپ - تەۋپىقلىق بىر گۈپادار قىز تۇغۇپ بېرىدۇ، يە ئاماقۇلغا ئوخشاش باتۇر بىر ئوغۇل نەۋرە كۆرۈپ قالارلا.

— ئېيتقانلىرى كەلگەي، ئىلاھىم!

— ئۇنداق بولسا، بۇ ئىككىيلەننىڭ ھوجرا جابدۇغىنى ئىلادامراق قىلساق بولىدىكەن، مومىسى، — دېدى سەپەرقۇل.

— ئەركىشى دېگەنزە، خويىمۇ بىغەم بولىدىكەن. بالىلارنىڭ ھوجرا جابدۇغى ئالىقاچان پۈتۈپ بولغان. ئايقىز بالام ئۆزى گۈل چېكىپ قازاقچە چىمىلدىقىمۇ راسلاپ قويدى.

— ئەمما، — دېدى تۇمۇر خەلپە غەمكىن قىياپەتتە، — توي ئويناشتىن بۇرۇن، رەھمەتلىك نىياز پالىگان بىلەن راجى بالا باشلىق ھەممە شېھىتلارنىڭ، (ھە راست ھېلىقى قازاق يىگىت جۇماتايىنىڭمۇ)، روھىغا ئاتاپ بىر چوڭ نەزىر ئۆتكۈزۈۋەتسەكمىكىن دەيمەن.

بۇ تەكلىپكە سەپەرقۇل بىلەن رەۋىخان مومايى ناھايىتى خوشال بولدى. شۇ ئاردا، ئايقىز كىرىپ، زورىخاننىڭ ھەممەيلەننى غىزاغا تەكلىپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. قوزا گۆشىدىن تەييارلانغان مەزىلىك ياپما يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، تۇمۇرخەلپە سەپەرقۇلنى نىيرىقى ئۆيگە باشلاپ چىقىپ، «قىستىماق ئىشان»نىڭ كۆلاسىدىن تېپىلغان ھېلىقى خەتنى ئۇنىڭغا تۇلۇق ئوقۇپ بەردى ۋە سەيپۇلۇڭ توختى توغرىسىدا زورىخاندىن ئاڭلىغانلىرىنىمۇ ئېيتىپ بەردى. سەيپۇلۇڭ توختىنىڭ بەزى ئىشلىرىدىن گومانلىنىپ يۈرگەن سەپەرقۇل ئەمدى ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ، مۇنداق دېدى:

— ئېتتىن بولغان قۇرۋانلىقتا يارىماپتۇ دەپ، بۇ ئادەمنىڭ گايى-خۇيلىرىنى ئويلىسام، يۈرىگىمنىڭ بىر يېرى ئېچىشىپ كېتىدۇ. ئۇ تېخى بىزنىڭ ھۆسنارىخانغىمۇ كۆز سېلىپ يۈرگىدەك. ھۆسنارىخان يېڭى كەلگەن كۈنلەردە «ئۆۋلەمۇ بۇ يەرگە مۇسايىر،

ھېيت - ئايەم كۆڭلىرى كېيىسلە» دەپ بىر كۆيىنەكلىك تاۋار تەگلەپتۇ. ھۆسنارىخان ئالمايمەن دېسە، قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، بىر نىمىلەر دەپ بېيىت ئېيتىپتۇ. ھۆسنارىخان بۇ گەپلەرنى شۇ گاختىلا بىزنىڭ مومايغا ئېيتىپتىكەن، بىزنىڭ موماي «بۇ توختاخۇن قانداق ئادەم، شەھەردە نەچچە بىردەك بالىسى بىلەن خوتۇنى تۇرۇپ، شۇنداق ئىشلارنى قىلسا بولامدۇ» دەپ ماڭا ئەرز قىلدى.

— شۇنداق گەپلەرمۇ بارمۇ تېخى؟ — دېدى تۆمۈر خەلپە كۈلۈپ كېتىپ.

— بۇنىڭ كارىمىغۇ چاغلىق، — دەپ داۋام قىلدى سەپەرقۇل، — ھەممىدىن ماۋۇ خەتنىكى گەپلەر كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. بىر ۋاقلاردا «جاھاندا قورقادۇرمەن پەنجى كەستىن، بىرى مەستىن، بىرى خەستىن، بىرى پەستىن، بىرى بىلمەس، بىرى مۆرىمەستىن» دېگەن گەپنى ئاڭلىۋىدىم، جىمىغۇرنىڭ چىشى قولتۇغىدا دەپ، بۇ توختاخۇن مۆرىمەس كالىدەك بېشىنى قولتۇغىغا تىقىۋېلىپ، شۇنچىۋالا ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپتۇ ئەمەسمۇ؟ قارىمادىغان بۇنىڭ جونى يامانلىغىنى!

ئۇلار سەيپۇڭ توختى توغرىسىدا بىرئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە مەيۈس بىر ئاھاڭدا مۇنداق دېدى:

— قوغۇننىڭ ئىچىدىن ئادىغىنى يامان. مەن ئۆز ئىچىمىزدىن مۇنداق ئادەملەرنىڭ چىقىپ قېلىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن. يىغا ياندىن، بالا قېرىنداشتىن دېگەن راست گەپ ئىكەن. ھېچنىمىدىن ھېچنىمە يوق، مۇنداق قىلىشىساق، باشلىغان ئىشىمىزنى قانداق قىلىپ باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ؟ توختاخۇننىڭ «سىيىغىزخان»نى ئوپۇل - توپۇل ئېتىپ تاشلىغىنىغا قارىغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا خېلى گەپلەر بولۇپ ئۆتكەن ئوخشايدۇ. ئەمدى بىزنىڭ ئىچىمىزدىمۇ بىر سامانچى ① چىقىپ قال-

① 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، جوڭغار ئۆيراتلىرىنىڭ خانى قۇنتەيجى قومۇل دىيارىنى بېسىۋېلىپ، ئۇ يەرلەردە نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزدى. قۇنتەيجى ئەسكەرلىرى قۇمۇل

مىغىبىدى دەپ قورقىمەن. مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئىشىمىزنىڭ تۈگىمىگىنى شۇ!

— ئەمدى بۇ توختاخۇننى قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى سەپەرقۇل.

— توختاخۇن ماڭا دەسلەپ قول بەرگەن ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى. بىر ئىش باشلىغاندىن بۇيان، ئۇزۇق - تۈلۈك تېپىشقا سىڭدۈرگەن ئەجرىمۇ ئاز ئەمەس. ھېلى بولسىمۇ، خۇدايىمدىن ئىنشاپ - تەۋپىقىنى تىلىسەك بولارمىكىن، — دېدى تۆمۈر.

— ئۇغۇ شۇنداق. ئەمما زە، بەدەنگە چىققان كۆيدۈرگىنى ئاغرىتىدۇ دىمەي، ۋاقتىدا كۆيدۈرۈۋەتمىسە، ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ، — دېدى سەپەرقۇل جىددى قىياپەتتە.

تۆمۈر خەلپە بۇرۇتىنى ئاتىلاپ خىيالغا چۆمدى.

## 2

بىر كېچە - كۈندۈز ياققان سىم - سىم يامغۇردىن كېيىن، شالاڭ بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۆلۈپ چىققان ھەسەن - ھۈسەن بىلەن تاغ - قىرلارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسۈن قوشۇلۇپ، تەبىئەت دۇنياسى توي كېچىسىدىكى كېلىن - قىزلاردەك گۈزەل، سەبى بالىدەك ئوماق بولۇپ كەتتى. قارىغايلىق تاغلارنىڭ باغرىدا يايراپ يۈرگەن پادا ۋە

خەلقنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز جەۋرى — زۇلۇملارنى سالدى، ئاخىرى خەلق ئاممىسى زۇلۇمغا قارشى قوزغالدى. خەلق ئىچىدىن چىققان ياچىبەگ ناملىق بىر قەھرىمان تاغ رايونلىرىدا قۇنتەيجى ئەسكەرلىرىگە قاخشاتقۇچ زەربىلەر بېرىپ، دۈشمەننىڭ كۆزىگە زىق بولۇپ قادالدى. دۈشمەنلەر ياچىبەگنى ئۇرۇشتا يېڭەلمەي، ھىيلە - مىكىر بىلەن قولغا چۈشۈرمەكچى بولۇپ، ئوسمان بەگ دىگەننى سېتىۋالدى. ئوسمان بەگ ياچىبەگنىڭ يېگىلىسىنىڭ ئېرى سامانچى دىگەن بىلەن بىرلىشىپ، ياچىبەگنىڭ پېيىغا چۈشتى. سامانچى ياچىبەگنى ھىيلە - مىكىر بىلەن دۈشمەنگە تۇتۇپ بەردى. ياچىبەگ دۈشمەن قولىدا ھالاك بولىدى. كېيىن، خەلق ئاممىسى سامانچىنى تۇلۇمچە سويۇپ، پوستىغا ساماں تىقتى، ياچىبەگ ھەققىدىكى قوشاقلار مەشھۇر خەلق داستانى سۈپىتىدە ھازىرغا قەدەر ئېيتىلىپ كەلمەكتە. بۇ يەردە شۇ ۋەقە كۆزدە تۇتۇلغان.

يىلقىلار خۇددى يېشىل مەخمەلگە مەشۇت بىلەن چېكىلگەن گۈل-چېچەكلەرگە ئوخشاش كۆزنى قاماشتۇراتتى. قوي-قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى بىلەن تاي-قۇلۇنلارنىڭ كىشنەشلىرى تاغ سۇلىرىنىڭ شاقىراشلىرىغا قوشۇلۇپ، يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئىلھامبەخش بىر ئەلنەغمىنى ئەسلىتەتتى.

ئادەملەرمۇ باشقىدىنلا تېتىكلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. كۈندە دېگىدەك تاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان ئەجەل ئوقلىرى ئىچىدە جىددىيلىشىپ، ئۆزىنى خۇددى پېيى تارتىشىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ يۈرگەن كىشىلەر بۈگۈن كۆڭۈللىرىدە قانداقتۇ بىر خاتىرجەملىك سېزەتتى. خېلىدىن بۇيان، چاچ-ساقاللىرىغا ئۇستىرا تەگكۈزۈپ باقمىغان كىشىلەر خۇددى ئايەم كۈنلىرىگە تەييارلىنىۋاتقاندەك، چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى ياساشقا كىرىشتى. قىز-جۇگانلار ئۆي قېقىش، كىر-قات يۇيۇش، بىسات تۈزەش، ھەتتا تويدا كىيىدىغان ئۇستىۋاشلىرىنى راستلاشقا ئالدىرايتتى. ئوغۇل بالىلار تويدا مىنىدىغان تايلىرىنىڭ غېمىدا بولسا، قىزلار چاچلىرىنى تاراپ، ئۆزلىرىنى ياسايتتى. بەزى يىگىتلەر داڭلىق ھېپىز ۋە سازەندىلەرنى چىللاپ كېلىش ئۈچۈن، يىراق-يېقىندىكى يۇرتلارغا ئات چاپتۇرۇپ كەتتى. قورايلىق سازەندە ۋە ھېپىزلار بولسا غىجەكلىرىگە يېڭى تار سېلىپ، داپلىرىنى قۇرۇتۇپ قويۇشقا ئالدىرايتتى. بەزى شوخ يىگىتلەر قاسىم قىزىقنى گەپكە سېلىپ، ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگىدەك قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى.

تۆمۈرخەلىپىنىڭ ئىنىسى شاكىر بىلەن تورپاق ئۆز غوجا ئەمەتنىڭ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن سوغا-سالاملىرى كىشىلەرنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. مۆيدىن خەلىپىنىڭ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى نامىدىن يازغان خېتىدە، ئەۋەتىلگەن قورال-ياراقلار ئۈچۈن چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈلگەن ۋە قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ شانلىق غەلىبىلىرى قىزغىن تەبرىكلىنىپ، «سىلەر بىزنىڭ ۋە شىنجاڭدىكى بارلىق ئېزىلگەن پۇقرالارنىڭ ئۈمىت يۇلتۇزى

بولۇپ قالدىڭلار» دېيىلگەن ئىدى. تۆمۈر خەلپە مەسچىت سۇپە-
سىدا تۇرۇپ، بۇ خەتنى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، كىمدۇر بىرسى
«تۇرپانلىق ئاغىنىلىرىمىز چىيەن دارىنىڭ ئاقچۇق سېپىدا توڭگۇز-
دەك قاچقىنىنى ئاڭلىسا، بۆلەكچىلا خوش بولۇپ كېتەر» دېدى.
— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دېدى تۆمۈر خەلپە كۆپچىلىككە قاراپ، —
شېھىتلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىكارغا ئاقمىدى. يالقۇن تاغ
ئېتەكلىرىدىمۇ بىزنىڭ نامىمىز يادلىنىپ، مىڭلىغان قېرىنداشلىرىمىز
بىزدىن ئۈمىت كۈتۈۋېتىپتۇ. ئىلاھىم، بىزگە تېخىمۇ كۆپ نۇسرەت
ئاتا قىلغاي!
— ئامىن! — دېدى نۇرۇل بوۋا ئىككى قولىنى ئېگىز
كۆتىرىپ.
نەچچە يۈزلىگەن قوللار تەڭلا كۆتىرىلىپ، جىلغىنىڭ ئىچى
چاراڭلاپ كەتتى. ھەممە ئادەم تۆمۈر خەلپىگە چەكسىز مۇھەب-
بەت، كۈچ ۋە ئۈمىت نۇرلىرى چاقنىغان كۆزلىرى بىلەن قارايتتى.
بىرەر يىل بۇرۇن، سوك-سوك ئاتقا مىنىپ، يۇرتمۇ-يۇرت كې-
زىپ يۈرگەن بۇ قارا ساقاللىق ياغاچچى ئەمدى بۇ كۈنلەردە
خەلقىنىڭ كۆز ئوڭىدا ئۇلارنى بىپايان قاراڭغۇ دەشتتىن يورۇقلۇق
ئالەمىگە باشلاپ كېتىۋاتقان خاسىيەتلىك يولچى بولۇپ قالغان
ئىدى.
بىراق، گۈل بار يەردە تىكەن بار، زەر بار يەردە يىلان
دېگەندەك، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىنلىرىدىن بولغان بىر كىشى باشقىچە
خىيالدا ئىدى. ئۇ، يالغۇز ئۆزى بىر ئۆيدە ناھايىتى خاپا ئولتۇ-
راتتى. ئۇنىڭ سوزۇنچاق كەلگەن قانسىز يۈزى ھىلىلىدەك قورۇ-
لۇپ، قېرىنداش تۇتقان ئىنچىكە بارماقلىرى تىترەۋاتقاندەك كۆرۈ-
نەتتى. ئۇ، گىلەم ئۈستىدە يېيىلىپ ياتقان مۇۋۇت تون، چىپپەر-
قۇت چاپان، ئايالچە گۈللۈك رومال، ئۆتۈك، مەيسە ۋە ئەن
رەختلەرنى ساناپ، ئۆزىگە ياققانلىرىدىن بىر-ئىككىنى ئايرىۋالات-
تى-دە، قالغانلىرىنى دەپتەرگە قوندۇراتتى؛ ئايرىۋالغانلىرىنى ئاي-

رىم تاغارغا تىقىۋېتىپ، پات - پاتلا ئىشىككە قاراپ قوياتتى. بۇ كىشى سەيپۇڭ توختى ئىدى.

كىتاپخانىلارغا مەلۇمكى، ئىككى كۈن بۇرۇن شەھەردىن چىققان ئەلچىلەر بەش ھارۋىدا سوغات قالدۇرۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈچ ھارۋىدىكىسى ئۇن - گۈرۈچ، قەن - گېزەك، شام - سەرەڭگە، چاي ۋە كۆكتات بولۇپ، ئىككى ھارۋىدىكىسى كىيىم - كېچەك، رەخت - پۇچەك ئىدى. شۇ تاپتا سەيپۇڭ توختى باشقا نەرسىلەرنى بىر ياقلىق قىلىپ بولۇپ، كىيىم - كېچەك ۋە رەخ - پۇچەكلەرنى «غەزنە»گە كىرگۈزۈش ئالدىدا تىزىملاش ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى. «غەزنە» دېگىنىمىز سەيپۇڭ توختى ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئېچكىرىسىدىكى بىر چوڭ ئۆي بولۇپ، بۇ ئۆينى سەيپۇڭ توختىنىڭ ئۆزى شۇنداق دەپ ئاتىۋالغان ئىدى. دەرۋەقە، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ بەزى زاپاس بايلىقلىرى، مەسىلەن، ئۇ يەر - بۇ يەردىن كەلگەن سوغاتلار، قوزغىلاڭ ۋاقتىدا شەھەرگە قېچىپ كەتكەن دورغىلاردىن مۇسادىرە قىلىنغان بۇغا - بۆكەن مۈڭگۈزلىرى، تۈلكە - بۆرە تېرىلىرى قاتارلىق نەرسىلەر شۇ ئۆيدە تۇراتتى. بۇ ئۆيگە تۇتاش ئايرىم ئىككى ئېغىز ئۆي ئاشلىق ئامبىرى ئىدى. بۇ «غەزنە» ۋە ئامبارلارنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭ باشلانغان كۈنلەردە تۆمۈر خەلپىلەر قارارگاھ قىلغان ھېلىقى باغلىق ھويلىغا جايلاشقان ئىدى. جەڭ كۈنلىرى قارارگاھ ئالدىنقى سەپكە يۆتكىلىپ كەتكەچكە، سەيپۇڭ توختى بىرنەچچە يىگىتلىرى بىلەن شۇ ھويلىدا تۇراتتى ۋە بۇ ھويلىدىكى بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى شۇلار باشقۇراتتى.

سەيپۇڭ توختى قولىدىكى قېرىنداشنىڭ ئۇچلانمىغان بېشىنى چىشلەپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆمدى. ئۇنىڭ خىيالىچە: بۇرۇن چۈشىدە ئايان بولۇپ كەلگەن «غايىپ غەزنە» ھازىر ئۆڭىدىكى ئىش بولۇپ قالدى. بەش يۈز يىلقا، ئىككى يۈز تۆگە، بىرنەچچە قوتان قوي ۋە باشقا قالدى - قۇتىلار ئاز گەپ ئەمەس، مۇنىدىن

كېيىن، تېخىمۇ كۆپىيىش ئىمكانىيىتىمۇ بار. ئەمما، تۆمۈر خەلپە ھايات بولىدىكەن، بۇ بايلىقتىن نېمە پايدا؟ يۈنى ئۆزىنىڭ كۆزىچە قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغىلى بولىدۇ؟ ياخشىسى تۆمۈر جەڭدە يېڭىلگەندە بىر تال ئوق تەككەن بولسا، ئىش ئوڭىدىن كەلگەن بولاتتى. ئۇ چاغدا، «قۇمۇل بىلەن بەش شەھەر» ئۆزۈڭگە قالسۇن، ئۇن ئىككى تاغنى بىر سورايلى» دېسە، شامەخسۇتىقىمۇ، قېرى كالىغا پىچاق سۈركىگەندەك، خوش ياقاتتى - دە، سەيپۇڭ توختى ئۇن ئىككى تاققا باش بولۇپ قالاتتى. قارا بوسۇق باتۇر بولغان بىلەن قوسىقىدا ئىلىپىنىڭ سۈنۈكىمۇ يوق بىر قارا تۈرۈك. قايان باشلىسا، شۇيان ماڭىدۇ؛ ئېلى پالىگان ئۆزىنى توختاتقان، تەجرىبىلىك ئادەم بولغان بىلەن قويدەك يۇۋاش كىشى، ئۇ ھېچ قاچان گەپ تالىشىپ تۇرمايدۇ. ئامانقۇل بىلەن خوجىنياز پالگانلار ھەر قانچە قارام، باتۇر بولسىمۇ، تېخى ياش، ئۇلارنى گەپكە كىرە-گۈزمەك ئاسان، «ئالدىماققا بالا ياخشى، خۇدا ئۇرسۇن قاقۋاشنى» دەپ، ھەممىدىن گەپ يەمەيدىغىنى سەيپەرقۇل. لېكىن، تىنىملا قىلغان بىلەن ئۇ، بىلى مۇكچىيىپ، كۆزلىرى خىرەلىشىپ قالغان كىشى، ئۇنىڭمۇ كارى چاغلىق ئىدى. ئەمما، تۆمۈر دېگەن بىر نېمە ھازىر ئىشنى چوڭايتىپ تاشلىدى، ئۇرۇمچى جاڭجۇڭلىرىنىڭمۇ چىشىغا تېگىپ قويدى، ئىككى كۈن بۇرۇن قۇمۇل ئامبال يامۇلدىن چىققان ئەلچىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئىشنى تېخىمۇ بۇزدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەي تۆمۈر، ھەي تۆمۈر، سېنى كۆزدىن يوقىتىۋەتمىگىچە، ئىش پۈتمەيدىغان ئوخشايدۇ، ھىلىقى ياش ئىمامنىڭ ئۆمرى قىسقا كېلىپ قالدى - دە!

سەيپۇڭ توختىنىڭ خىيالى شۇ يەرگە يەتكەندە، ئۇنىڭ چىشلىرى غىچىرلاپ قىرىنداشنى سۈندۇرۇۋەتتى. ئۇ، ئوڭىدىسىغا يېتىۋېلىپ يەنە خىيالغا چۆمدى. ئۇنىڭ كۆزىگە بىردىنلا ھۆسنىاردى-خان كۆرۈنۈپ كەتكەندەك بولدى - دە، «ۋاي ئىست، بۇ جۇگانىمۇ قولدىن كېتىپ قالدى. ئەقلى - ھۇشى بولمىسا، گۈلدەك جۇگان

ئۈتقا يالاق دەپ، ئۇنىڭ رەڭگى مورۇن قازانغا ئوخشايدىغان قارا بوسۇققا كۆڭلى چۈشۈپ قالغىنىنى قارىمايدىغان، توۋا» دەپ پىچىرلىدى. شۇ ئارىدا، خۇددى يۈتتۈرۈپ قويغان بىر نەرسىنى تېپىۋالغاندەك، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەشكە باشلىدى: «تازىمۇ ھاماقەت ئىكەنمەن. چىۋىندەك جېنىم بىلەن تۆمۈرنى ئۆزەم يالغۇز نېمىمۇ قىلالايتتىم. قارا بوسۇقنى يېنىمغا تارتسام بولمامدۇ؟ مەندىن نېمە كېتەتتى؟ پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا، يىگىت بېشىم ئامان بولسا، شەھەر - شەھەردە مېنىڭ يارىم دەپتىكەن. ئون ئىككى تاققا باش بولسام، مۇنداق ھۆسنارىخانلاردىن كۆرمىگى تېپىلمامدۇ. قارا بوسۇقنى ئۆزۈمگە ئېگىۋالسام ئىشىنىڭ پۈتكىنى شۇ. تۆمۈرنى قىزىغىدا سوقۇش كېرەك!»

شۇ سۆزلەردىن كېيىن، ئۇ ئالدىدا تۇرغان كىيىم - كېچەك ۋە رەخ - پۈچەكلەردىن بىر بوخچا راسلىدى. ئاندىن ئىشىكنى قۇلۇپلاپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

## 3

نەزىر ۋە توي مەرىكىسىگە دەپ، يىراق - يېقىندىن چاقىرىلغانلار بىلەن يەرلىكلەر قوشۇلۇپ، قورايىنىڭ ئىچى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. تام ئۆيلەر يېتىشمەي، تۈزلەڭلىكلەرگە تىكىلگەن كىگىز ئۆيلەر يىراقتىن قارىغاندا، ئاقىرىپ كۆرۈنگەن گۈمبەزلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى. تاڭ ئېتىش بىلەنلا جىلغىنىڭ ئىچى جانلىنىپ كەتتى. توپ - توپ كىشىلەر شېھىتلار قەۋرىستانلىقىنى يوقلاپ كەلدى. ئەمدى بۇ يەردىكى قەۋرىلەر قىرىق - ئەللىككە يېتىپ قالغان ئىدى. شاقىراپ ئېقىۋاتقان ئېقىن بويىدىكى قېلىن تېرەكلىكلەر ئىچىدە بولسا، قوللىرىغا يوغان پىچاقلارنى تۇتقان كىشىلەر بۈگۈنكى نەزىرگە ئاتالغان توققۇز تورپاق، توققۇز تاي، توققۇز ئەركەك، توققۇز سەركىنى سويۇشقا كىرىشتى، داشقازان ئوچاقلىرى-

دىن چىقىۋاتقان كۆكۈش ئىسلار ھاۋادا لەيلەپ، بۇلۇت پارچە-لىرىدەك ئۆزۈپ يۈرەتتى. ئۇششاق باللار ئوچاق باشلىرى ئەترا-پىدا قوشقاچتەك چۇرۇلدىشىپ ئوينايتتى:

قارنىم - قارنىم قاينايدۇ،
ئاپام ماڭا بەرمەيدۇ،
قازاندا گۆش،
تاۋاقتا تۆش،
مۇشۇگۈم ئۇنى مارايدۇ.

بوستانلىقلاردا سورۇن تۈزەپ ئولتۇرغان قارىلار قۇرئان تا-لاۋەت قىلىشقا باشلاش بىلەن باللارمۇ تىنجىپ، چوڭلارنىڭ يان-لىرىغا بوتىلاقتەك چۆكۈشتى.

داستىخان يىغىلىدىغان چاغدا، شىھىتلارنىڭ بالا - چاقىلىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇققانلىرىنىڭ قارىلىقىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن، ھەر كىشىگە ئۆز لايىقىدا بىرەر كىيىملىكتىن رەخ، دوپپا، كۆينەكلەر قويۇلدى. ئايىقىغا بولسا، بىشىدىن ئايىغىچە سەرپا بېرىلدى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ غەزنىسىدىن چىققان ئى-دى. سەيپۇڭ توختى بۇنىڭغىمۇ تارلىق قىلىپ، بىر چەتتە دومسى-يىپ ئولتۇراتتى. ئىبلى پالگان بىرنىمىنى سەزگەندەك قىلىپ، ئۇنىڭدىن «مىجەزلىرى يوقمۇ؟» دەپ سورىدى. سەيپۇڭ توختى بۇنى غەنىمەت پۇرسەت دەپ ئويلاپ، ئىبلى پالگاننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى بولدى ۋە:

— شۇنچىلىك سېخىلىق قىلامدۇ؟ مەن كۆپنىڭ پايدىسى ئۈچۈن مال يىغىپ ئاۋارە. خەلپەم ئۇنى چېچىپ ئاۋارە. ئۆزى تەر تۆكۈپ تاپمىغان مال بولغاندىكىن، خەلپەمنىڭ يېنى ئاغرىمايدۇ - دە، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دەپ غۇدۇڭشۇپ كەتتى.

ئىبلى پالگان گەپنىڭ تېگىگە يەتەلمىگەچكە، مۇنداق دېدى:

— ئۇنداق گەپلەرنى قىلمىسىلا تۇختاخۇن! بۇ، ئاتا-بوۋى-
مىزدىن كېلىۋاتقان قائىدە-يوسۇنغۇ؟ بۇنى خەلپەم ئۆزى ئۈچۈن
قىلىۋاتامدۇ!

— ئۆزلە تازىمۇ ساددا ئادەم-دە، — دېدى سەيپۇڭ تۇختى،—
خەلپەم بۇنى ئۆزى ئۈچۈن قىلماي كىم ئۈچۈن قىپتۇ؟ بۇنىڭ
بىلەن ئۆزى تېخىمۇ يۈز تاپماقچى. ماۋۇ خەقنىڭ خەلپەمنى ماخ-
تاپ كۆككە ئۇچۇرغىنىنى ئاڭلىمىدىلامۇ؟ ئۆزلە بىلەن مېنى كىم
ئاغزىغا ئېلىپ قويدى؟

— رەخ-پۇچەكلەرنى ئۆزلە ئۆلەشتۈردىلەغۇ. ئۆزلەدىنمۇ را-
زى بولغاندۇ زە! — دېدى ئېلى پالگان. ئاندىن سەيپۇڭ تۇختىغا
دىققەت بىلەن قاراپ مۇنۇ گەپلەرنى ئېيتتى،— قارا قۇشنىڭمۇ بىر
بېشى، ئىككى قانىتى، ئىككى پۇتى بولىدۇ. ئەگەر قانات تەڭ سىل-
كىنمىسە، قۇش ئۇچالمايدۇ، ئىككى پۇتى تەڭ ھەركەت قىلمىسا، ئۇ
تۈلكىنى ئالالمايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ خەلپەمنى ئۆزىمىز باش
قىلىپ كۆتەردۇق. ئەمدى بىرىمىز ئۇنداق، بىرىمىز مۇنداق دەپ
يۈرسەك، باشلىغان ئىشىمىزنى قانداق قىلىپ باشقا ئەپچىقىلى
بولىدۇ؟

سەيپۇڭ تۇختى ئېلى پالگاننىڭ قىلتاقىقا چۈشەيدىغانلىغىنى
سەزگەچ، «ئېيتقانلىرى ھەق گەپ، مەن خەلپەمگە ھەممىدىن بۇرۇن
قول بەرگەن ئادەم. مۇندىن كېيىنمۇ گەدەمگە گوپا قىلىمەن»
دېدى. ئېلى پالگان ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن رازى بولۇپ كۈلۈپ
قويدى.

كەچقۇرۇن توي باشلاندى.

ئۇ چاغلاردا ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان قائى-
دە-يوسۇن بويىچە، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي ئىشلىرى مۇنداق
ئۆتكۈزۈلەتتى: ئوتتۇرا ھال ئائىلىلەر ئارىسىدا، ئىككى تەرەپ ما-
قۇللاشقاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ تويلۇق ئۈچۈن توققۇز كېي-
ىملىك رەخ، توققۇز تۇياق قوي، توققۇز كۈرە بۇغداي، توققۇز شىڭ

گۆرۆچ، توققۇز جىلىك ياغ، توققۇز شىرە مىۋە - چىۋە ۋە يېتەرلىك
ئوتۇن، كۆمۈر، چاي - تۇز قاتارلىق نەرسىلەرنى ھارۋىلارغا سېلىپ،
قىز تەرەپكە داغدۇغا بىلەن ئاپىرىپ بېرەتتى. توينىڭ بىرىنچى
كۈنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مېھمانلىرى قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە چا-
قىرىلاتتى. بۇ، «باش توي» دەپ ئاتىلاتتى. شۇ كۈنى سۇلتان
يىگىت ئۆزىنىڭ قولداشلىرى بىلەن نىكاغا كېلەتتى. قىزنىڭ مە-
ھەللىسىدىكى يىگىتلەر «قىز كۆركى»نى قىلىمىز دەپ، دەرۋازىنى
تۆمۈر ھارۋىنىڭ چاقى بىلەن توساپ ئالاتتى. يىگىت تەرەپتىن
كەلگەنلەر شۇ چاقنى كۆچەپ ئېلىشى لازىم ئىدى. ئالالمىسا قىز
تەرەپتىكى يىگىتلەر «ئالالمىغانلار» دەپ چۇقان كۆتىرىپ ئۇلارنى
مەسخىرە قىلاتتى. شۇڭا، ئادەتتە يىگىت تەرەپتىنمۇ خېلى ساندا
ئادەم كېلەتتى. نىكادىن كېيىن، بۇ چاقنى يىگىت تەرەپ ئېلىپ
كېتىپ، ئاغاچا بىلەن ئىگىز دەرەخ بېشىغا ئېسىپ قوياتتى، بىر-
قانچە كۈندىن كېيىن، قىز تەرەپ كېلىپ قايتۇرۇپ كېتەتتى. نى-
كا ئاساسلىق مېھمانلار جايلاشقان ئۆيدە كۆپچىلىك جامائەت ئال-
دىدا ئوقۇلاتتى. نىكا ئوقۇلىدىغان چاغدا، سۇلتان يىگىت تۆت-
بەش ھەمرىيى بىلەن شۇ ئۆيگە كىرەتتى. نىكادىن كېيىن، قىز
تەرەپ يىگىتكە بىر قۇر كىيىم ياكى كىيىملىك رەخ قوياتتى، بۇ،
«كۆيۈللۈك» دەپ ئاتىلاتتى. يىگىتلەر نىكادىن قايتقاندىن كېيىن،
ئۇلارنى سۇلتان يىگىتنىڭ تۇققانلىرى ياكى ئاغىنىلىرىدىن بىرسى
ئۆز ئۆيىدە ئايرىم ئولتۇرغۇزۇپ بېرەتتى. بۇ، «چاچ چۈشۈرگە»
دەپ ئاتىلاتتى. يىگىتلەر كۈن بويى ئويۇن - تاماشا قىلىپ، ئولتۇ-
رۇش ئاياقلاشقاندا، ئۆي ئىگىسى سۇلتان يىگىتكە بىر قۇر كىيىم
كىيدۈرەتتى ياكى بىر كىيىملىك رەخ قوياتتى. كەچ كىرگەندە،
توي مەشرىپى باشلىناتتى. ئەمما، مەشرەپ باشلاشتىن بۇرۇن،
پاششاپ بەگكە بىر كىيىملىك رەخ، بىر قوي ۋە بىر مۇنچە مىۋە-
چىۋە تەقدىم قىلىنىش شەرت ئىدى. بۇ، «پاششاپلىق» دەپ ئاتى-
لاتتى. ئەگەر «پاششاپلىق» بېرىلمىسە، پاششاپ بەگ ئۇلارنىڭ يېرىم

كېچىگىچە مەشرەپ ئويىنىشىغا رۇخسەت قىلماي، خۇپتەندىن كېيىنلا، ھەممەيلەننى تارقىتىۋېتەتتى. ئۇنىمىغانلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ ئالاتتى - دە، ئەتىسى ھەربىرىگە بەش شىڭدىن بۇغداي جەرىمانە سېلىپ، ئاندىن قايتۇرۇپ بېرەتتى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى يىگىت تەرەپتىن ئون نەچچە ئايال بىلەن ئون نەچچە ئەركىشى قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن قىز تەرەپكە توققۇز قېتىم تازىمغا باراتتى. توققۇزىنچى قېتىم تازىمدىن كېيىنلا، قىزنى ھارۋا ياكى مەپە بىلەن كۆچۈرۈپ ماڭاتتى. قىزنىڭ مەھەللىسىدىكى يىگىتلەر بىرقانچە جايدا ئاغامچا تۇتۇپ يول توسايتتى. يىگىت تەرەپ توققۇز غېرىچ كېلىدىغان بىر ئەركەك قوي بەرگەندىن كېيىنلا، يولنى ئېچىپ بېرەتتى. بۇ ئەركەك قوينى يول توسقان يىگىتلەر ئۆزلىرى سويۇپ يەيتتى. قىز كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن، يىگىتلەر ئۇنى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۈچ يەرگە يېقىلغان ئوتنىڭ ئۈستىدىن توققۇز قېتىم چۆرگۈلىتىپ، ئاندىن ھوجرىغا ئەپكىرىشەتتى.

تويىنىڭ ئىككىنچى كۈنى يىگىت تەرەپ قىزنىڭ ئائىلىسىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇققان، ئەللە - مەھەللىسىنى تويغا چاقىراتتى. بۇ، «يۈز ئاچقا» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ كۈنى قىز تەرەپ تويغا سويۇلغان قويلارنىڭ ئۆپكىسىدىن ئىككىنى قويۇپ، ئىسسىق پېتى ئەپكېلەتتى. ئارىلىق يىراق بولۇپ، سوۋۇپ قالغان بولسا، قايتىدىن ئىسسىتىپ، قىز بىلەن يىگىتنىڭ بېشىنى جۈپلەپ ئۇنىڭ ھورىغا تۇتاتتى. بۇنىڭدىن مەقسەت، بۇ ئىككى ياشنىڭ ئۆمۈرلۈك بولۇپ كېتىشىنى تىلەش ئىدى. ئەر مېھمانلار يانغاندىن كېيىن، يۈزىگە پۈركەنجە سېلىنغان قىزنى ئايال مېھمانلارنىڭ قېشىغا ئېلىپ چىقاتتى. قىزنىڭ ئانىسى ئۆز قىزىنى، ئوغۇلنىڭ ئانىسى ئۆز ئوغلىنى تەرىپلەپ بېيىت ئېيتىشاتتى. قىز تەرەپتىن ئېيتىلىدىغان بېيىتلار مۇنداق ئىدى:

ئاقىنا ياغلىق ئىچىدە
بىر تۇگۈن گۈل ساقلىدىم،
گۈلنى ئېلىپ بېشىمغا
تاجى قىلىپ چانچىدىم.

ئەل خالايىق تولا كەلدى،
ھېچ كىشىگە باقمىدىم.
شۇنچە خەقلەر ئارىسىدىن،
ئۆزلىرىگە ساقلىدىم.

بالا قىلىسلا ئايدەككىنە،
بويى قىرچىن تالدەككىنە،
كىشى كۆرسە گۈلدەككىنە،
خىزمەت قىلار ئەردەككىنە.

ئوغۇل تەرەپتىن كۆپىنچە مۇنداق بېيىتلار ئېيتىلاتتى:

بىزمۇ ئوغۇل چوڭ قىلدۇق،
موللا - ئالىم.
جېنىم بالام تولۇن ئايىم،
كېچە - كۈندۈز تىلشۇىدۇق
ئەمدى بەردى خۇدايىم.

بازارلاردىن ئات ئالدۇق
ساغرىسى ئالا،
يۇقۇرى مەلدىن قىز ئالدۇق
ئالتۇندەك بالا.

بىرى لەنغار، بىرى مىغار
قاملىشىپ قالار.
قاچورىنىڭ(1)يىلىمىدەك
يېپىشىپ قالار.

شۇنىڭدىن كېيىن، خالىسلاردىن بىرسى مۇنداق بېيىت ئېيتاتتى:

تاغدىن چۈشتى تاش بېلىق،
سۇدىن چىقتى ئاي بېلىق
نەدىن چىقتى بۇ لايىق،
بىر بىرىگە خوپ لايىق.
ھەيران قالغاي خالايىق.

ئاندىن، يەنە ئاياللار قىزغىن كۆلكە ۋە ئويۇن - چاخچاقلار ئىچىدە قىزنىڭ يۈزىدىن پۈركەنچىنى ئالاتتى - دە، شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ يۈزى ئېچىلغان بولاتتى. شۇ چاغدا يىگىت ئائىلىسى قىزغا يەنە كىيىم - كېچەك ياكى كىيىملىك رەخ ۋە زىبۇ - زىننەتلەرنى تەقدىم قىلاتتى. چوڭ ياشلىق ئاياللاردىن بىر - ئىككىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، تويىنى مۇبارەكلەپ بېيىت ئېيتاتتى، قالغانلارمۇ ھەربىر مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى سۆزلەرنى تەڭ تەكرارلىشىپ بېرەتتى:

ئەتىگەن قوپار بولغاي،
تۈنلۈك ئاچار بولغاي،
توققۇز ئوغۇللۇق، بىر قىزلىق بولغاي.
قوتاندا قويلۇق بولغاي،
ئېغىلدا كالىلىق بولغاي.

(1) قاچورا — قارىغاي.

ئۈچى ئۈزارغاي، تۆۋى يېيىلغاي.
قۇدۇققا تاش چۈشكەندەك بولغاي.
قاچورا يىلىمدەك يېپىشقاي.
خۇدايىم مارەك قىلغاي!

تويىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى قىز تەرەپ يىگىت تەرەپنى ۋە ئۆزىنىڭ تۇققانلىرىنى چايغا ئېيتاتتى. بۇ «چىللاشقا» دەپ ئاتىلاتتى. تويىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى قىز تەرەپ يىگىت بىلەن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىلا چايغا ئېيتاتتى. بۇنىڭدىن مەقسەت ـ كۈيوغۇل ۋە قۇدىلار بىلەن ئوبدانراق تونۇشۇش ئىدى.

تۆمۈر خەلپە باش بولغان بۈگۈنكى تويدا يۇقۇرىدىكى قائىدە ـ يوسۇنلارنى تولۇق بىجا كەلتۈرۈشنىڭ ئورنى قالمىغان ئىدى. چۈنكى، ئامانقۇل بىلەن ئايقىزنىڭ نىكاسى بىرقانچە ئايلار بۇرۇن ئوقۇلۇپ بولغان؛ قارا بوسۇق بىلەن ھۆسنارىخاننىڭ تويى بولسا، قىز تويى ئەمەس، جۇگان تويى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۆمۈر خەلپە قارا بوسۇق بىلەن ھۆسنارىخاننىڭ نىكاسىنى ئوقۇپ بولۇپلا، مەشرەپ باشلاشنى جاكالىدى.

— بوسۇق ئاكامنىڭ چاچ چۈشۈرگىنىنى قىلمايمىزمۇ؟ — دەپ چاخچاق باشلىدى قاسىم قىزىق. ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ ئەتراپىغا توپلاندى.

— ئۇستىراڭ ئۆتەمدۇ؟ — دىدى تورپاق ئۆز غوجا ئەمەت.

— ئۇستىرام ئۆتمىسە، ھاشىر تەيجىنى سويۇشقا بىلەپ قويغان پىچىغىم بار.

— شامەخسۇت ۋاگىنىچۇ؟ ئۇنىڭغا پىچىغىڭ ئۆتەمدۇ؟ — دىدى ئېلى پالگان.

— ئۇنىڭغا قانداق پىچاق ئۆتىدۇ؟ ئۇنى جاڭگاللىقتا قوغلاپ يۈرۈپ ئاتمىسا ئۆلەمدۇ؟

— ھوي، ئۇنى سەن ياۋا چوشقىغا ئوخشىتىپ قويدۇڭغۇ؟

— ئەمسىچۇ! ياۋا چوشقا بولغانىدىمۇ، تېرىسى تازا قېلىنلىشىپ كەتكەن قېرى قاۋان دېسىلە.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنى خوجىنىياز پالىگان ئاتسا بولغىدەك، — دېدى» ئامانقۇل.

— خوجىنىياز پالىگانغا قويۇپ بەرسەك، چىيەن دارىنى ئاتقاندەك، بېشىغا ئاتماي، كۆزىگە ئېتىپ، قىسماق ئىشاندەك قىلىپ قويارمىكىن! — دېدى قاسىم قىزىق.

— بولدى، بولدى، ئەمدى چاخچاقنى قويۇپ، مەشرەپنى باشلايلى، — دېدى تۆمۈر خەلپە، ئۆزىنى كۈلكىدىن توختىتىپ.

شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن مەشرەپكە مېڭىشتى.

ئامانقۇل ئايغىزنى مەشرەپكە باشلاپ چىقىش ئۈچۈن ئۆيگە كىرگەندە، رەۋەخان موماي تويغا ئاتاپ ئۆز قولى بىلەن زەر بېسىپ تىككەن كالوتۇن دوپپىسىنى ئۇنىڭغا كىيدۈرۈۋاتاتتى. موماي ئوغلىنى كۆرۈش بىلەن:

— قارىچۇ بالام، كېلىن ئايغا بۇ دوپپا يارىشىپتىمۇ؟ — دېدى.

— گۈل ئۈستىگە گۈل بوپتۇ، — دېدى ئامانقۇل سەل قىزىرىپ.

— ھەر قاچان كېلىن ئاينى قىچقىرغىلى كەلگەنسەن، — دېدى رەۋەخان موماي، — قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغىچە ئاگال ھوجرىلارنى كۆرۈپ چىقىڭلار.

ئايغىز خۇددى شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئامانقۇلنى خۇش تەبەسسۇم بىلەن دەرھال ھوجرىغا باشلىدى. ھويلىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى چاققانغىنا بىر ئېغىز ئۆي ئۇلارنىڭ ھوجرىسى قىلىنغان ئىدى. ئامانقۇل بۇ ئۆينى ئۆز قولى بىلەن سىپاپ، ئېرىغداپ، ئىشىك-پەنجىرىلىرىنى تۈزەشتۈرگەن بولسىمۇ، بىنا سېلىنغاندىن كېيىن، كۆرۈپ بېقىشقا پۇرسەت تاپالمىغان ئىدى. تىكمەت كىگىز سېلىنغان پاكار سۇپا، سۇپىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى ياغاچ كاتقا تارتىلغان گۈللۈك چىمىلدىق، ئاددى بولسىمۇ رەتلىك قىلىپ ئو-

يۇقلارغا تىزىلغان يوتقان - كۆرپە ۋە ئىككى بېشىغا كەشتە چېكىلگەن ئۇزۇنچاق سامان ياستۇقلار، تامدا ئېسىقلىق تۇرغان بىر جۈپ پۆپۈكلۈك لۆڭگە بۇ ھوجرىنى خېلىلا كۆركەم قىلىپ قويغان ئىدى. ئامانقۇل ھوجرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، «ئاناۋ چىمىلدىق سىزگە ياقتىمۇ» دېدى ئايقىز، ئۇنىڭ پوتىسىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ.

— خۇددى ئۆزلەدەكلا چىرايلىق، مېھرى ئىسسىق ئىكەن، — دېدى ئامانقۇل ئايقىزنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى سىلاپ.

ئۇلار خۇددى ئۇزاق يىللار ھىجىر - پىراق دەردىنى تارتىپ، تاساددىپى ئۇچرىشىپ قالغان ئاشىق - مەشۇقلاردەك بىر - بىرىگە شۇنداق ھېرىس بىلەن قارىشىپ تۇراتتىكى، ئەگەر ئەنسارى تالادا تۇرۇپ «قېنى چىقمامسىلەر؟» دېمىگەن بولسا، مەشرەپنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان بولار ئىدى.

مەشرەپ ئوينايدىغانلار كۆپ بولغاچقا، بىرنەچچە ئۆيدە سورۇن تۈزۈلدى. سەپەر قۇل بىلەن رەۋەنخان موماي «باللار تارتىنىپ قالمىغاي» دەپ، مەشرەپكە كىرمىدى. تۆمۈر خەلپە ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ھەممىدىن چوڭ بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتى. موراپېشىدىكى قوش پىلىككلىك يوغان قارا چىراق ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. تۆر ۋە يان تاملارغا ياقىلىتىپ قويۇلغان بىر خىل ئېگىزلىكتىكى كاڭ شىرەلىرىگە ئۈزۈم، قاق، ياڭاق ۋە قارا گازىر چېچىپ قويۇلغان ئىدى. بىر تەرەپتە ئەرلەر، يەنە بىر تەرەپتە خوتۇن-قىزلار يۈزمۇ - يۈز قارىشىپ ئولتۇراتتى. تۆمۈر خەلپە ئۆز ھەمرالىرى بىلەن تۆردىن ئورۇن ئالغان ئىدى. ھۆسنارىخان بىلەن ئايقىزنىمۇ ئۆز جۈپلىرىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. پەگا تەرەپتىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقلارغا غىنچەكچى مېھرۇل ئاكا بىلەن تۆت داپچى ئايال جايلاشتى.

غىنچەكچى مېھرۇل ئاكا غىنچەكنىڭ كامانچىسىنى قوش تارغا سۈركەپ، «دۈر» مۇقامىنى باشلاش بىلەن ئۆينىڭ ئىچى جىمىلىققا

چۈمدى. غىجەك تارلىرى تىترىگەنسېرى كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارلىرىمۇ تىترەپ، خىيال قۇشلىرى ئاللىقاياقلاردا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. مېرۇل ئاكا «دۇر» مۇقامىنىڭ بىرىنچى بېيىتىدىن كېيىن:

يۈردۈم، ئالەمنى كەزدىم،
سورادىم بارچىدا غەم بار.
غەمسىز كىشى بۇ ئالەمدە
ياراتقان خۇدايىم بار.

دېگەن مىسرالارنى ئېيتىپ بولۇش بىلەن تۆت ئايال ھېپىز داپلىرىنى ئاستا چېكىپ، ئۇنىڭغا قوشۇلدى. قالغان ناخشىلارنى ئايال ھېپىزلارنىڭ ئۆزى ئېيتىشقا باشلىدى. ئارقا-ئارقىدىن يۆتكىلىۋاتقان پەدىلەرگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىمۇ پەيدىن-پەي ئۆزگىرىپ، مۇقامنىڭ مەشرىپى باشلىنىش بىلەن يىگىتلەر قىمىرلىشىپ قالدى.

قاسىم قىزىق ئىككى پىيالە ئوتتۇرىسىغا بىر تال شام يېقىلغان پەتنۇسنى قولىدا تۇتقان پېتى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، تاڭ سەھەرنىڭ سەلكىن شامىلىدەك سىلىق قەدەملەر بىلەن سورۇننى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، ياش بىر جۇگاننىڭ ئالدىدا توختىدى. يەڭ ۋە ئېتەكلىرىگە گۈل چېكىلگەن ئۆرە ياقىلىق پەشمەت كىيگەن جۇگان ئورنىدىن تۇرۇپ، تازىم بىجا كەلتۈرگەچ، قولىنى قوشتۇرۇپ، تەبەسسۇم بىلەن يەرگە قاراپ تۇراتتى.

پەتنا سالدىم ئۆزلەگە،
قاراپ قويسىلا بىرلەگە.

دېدى قاسىم قىزىق.

گۈللا بولسا، گۈل ئەمەس،
گۈلنىڭ قېتى بولمىسا،

پوتا سالسا ھىساپمۇ،
قوشما بېيىتى بولمىسا.

دىدى جۇگان.

قاسىم قىزىق قاتتىق كۆلكە ئاۋازلىرى ئىچىدە «ئاللا دىدىم، ئاللا، قانداق قىلارمەن باللا» دەپ كۆپچىلىككە قاراپ چىقتى-دە، پەتنۇسنى ئىگىز كۆتىرىپ مۇنۇ بېيىتنى ئېيتتى:

كۆككىنە كەپتەر ئەمەسمەن
كۈندە-كۈندە كەلگىلى.
ئايدا-يىلدا بىر كېلەرمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى
چۈشتى چىنە پىيالىگە.
رەھىمىڭىز كەلمەيدىكەن،
بىر غېرىپ بىچارىگە.

ئاندىن، ھېلىقى جۇگان قاسىم قىزىققا يەنە بىر تازىم قىلىپ، پەتنۇستىكى پىيالىنىڭ بىرسىنى قولىغا ئالدى. ئىككىنچىسىنى قاسىم قىزىق ئېلىپ، ئىككىيلەن تەڭلا بىر يۇتۇمدىن چاي ئىچىشكەندىن كېيىن، پەتنۇس جۇگاننىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇمۇ قاسىم قىزىق قىلغاندەك، سورۇننى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، ئەنسارنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئەنسارىمۇ بايىقى تەرتىپ بويىچە، جۇگاننى بېيىت ئېيتىشقا قىستاپ تۇرۇۋالدى. جۇگان مۇنۇ بېيىتنى ئېيتتى:

چىمەن دەيلا، چىمەن دەيلا،
چىمەننىڭ بۇلبۇلى دەيلا،

ئىشىكتىن تولغىنىپ چىقسام،
يېڭى باغنىڭ گۈلى دەيلا.
يېڭى باغنىڭ گۈللىرى ئۆگزىلىرىدە تۇرسۇن،
مېنىڭ چاي ئۇتقىنىم كۆكۈللىرىدە تۇرسۇن.

مۇشۇ تەرىپتە پەتنۇس بىلەن چاي تۇتۇپ، بېيىت ئېيتىش بىردەم داۋام قىلغاندىن كېيىن، پەتنۇسنىڭ ئورنىغا قولياغلىقىنى ئۆرمە شەكىلدە تۈگۈپ، پوتا سىلىش باشلاندى. بۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئۇسۇلمۇ باشلاندى. شوخ پەدىلەرگە ئۇرۇلۇۋاتقان داپلارنىڭ قۇۋۋەتبەخش رىتىملىرى بىلەن ئايال ھېپىزلارنىڭ ياڭراق ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ، كۆڭۈللەرنى شۇنداق كۆتىرىۋەتتىكى، قاراپ ئولتۇرغانلارنىڭ گەۋدىسىمۇ، ئۇسۇلچى قىز-يىگىتلەرنىڭ ھەر بىر ھەركىتىگە ئەگىشىپ تەڭلا قىمىرلايتتى. كىشىلەر ئۆزىنى قاراچىراق يېقىلغان ئۆيدە ئەمەس، چۆچەكلەردە ئېيتىلغان باغى-ئېرەملەردىكى ھۆرۈ-غىلمانلار بەزمىسىدە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلاتتى. بوۋاي-مومايلارنىڭمۇ ياشلىق باھارى قايتىپ كەلگەندەك، چىرايلىرى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى. تۈننىڭ يېرىمى تۈگەپ، باش توخۇ چىللاۋاتقىنىنى ھېچكىم سەزمەيتتى.

«ئىنسان دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ھەمىشە شۇنداق خوشال-خورام ئۆتىدىغان بولسىمۇغۇ كاشكى، ھەركىم ئۆز پېشانىسىدىن تۆككەن تەرگە چۇشلۇق ئاش-نېنىنى تېپىپ يېسە، بىرىنى-بىرى ئانىي ئېتىپ، بويىنىغا مىنىۋالىدىغان ئىشلار بولمىسا، ھەممىمىز ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ باللىرى بولغاندىن كېيىن، بىر بىرىمىزنىڭ قېنىنى تۆكۈشمەي، قېرىنداش بولۇپ ئۆتۈشسەك، نېمەدېگەن ئوبدان ئىش بولاتتى. ئەمما زە، ۋاڭ بىلەن ھاشىر تەيجىلەردەك ئادەملەر تىرىكلا بولىدىغان بولسا، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ» دەپ ئويلايتتى تۆمۈر خەلپە.

ئەتىسى چاشكا بىلەن ئات بەيگىسى باشلاندى. ئۈزۈپ كەلگەن

ئاتلارنىڭ بېشىغا قىزىل شەلپەردىن تۈگۈلگەن تورلار باغلانىدى. بەيگىگە چۈشكەن باللارنىڭ ئالدىغا بىر كۆكلەك - تامبالىلىق ئاق سۇرۇپ، كەينىگە بىر پوتىلىقتىن قارا سەتىن بېرىلىدى. بەيگىدىن كېيىن، چېلىش باشلاندى. چېلىشتا يەڭگەنلەرگە قىزىل شەلپەر باغلاپ، بىر كىيىملىكتىن يىپ رەخ تارتۇق قىلىندى. چېلىشتىن كېيىن، قارىغا ئېتىش باشلاندى. نەچچە ئونلىغان يىگىتلەر گاھ ئات ئۈستىدە چېپىپ كېتىۋېتىپ، گاھ ئۆرە تۇرۇپ، گاھ يېتىپ، ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسەتتى. قارا بوسۇق ئاسمان پەلەك ئۇچۇپ يۈرگەن يالغۇز سائى بىر ئوق بىلەن يەرگە چۈشۈردى. ئامانقۇل بىر تۇخۇمنى ئەپكىلىپ، قاسىم قىزنىڭ تۇتقۇزدى - دە، «يۈز قەدەم نېرى بېرىپ، ئالقىنىڭدا تۇتۇپ بەر، يا بولمىسا، توختىتالىساڭ چوقاڭغا قوي» دېدى.

قاسىم قىزنىڭ ھەممەيلەنگە بىر قۇر قاراپ چىقىپ، «مۇبادا، قولۇمنى ئۈزۈۋەتسە، چولاق ئىكەن دەپ، قىزلار تەگمەي يۈرمىسۇن يەنە، ياخشىسى، بېشىمغا قويۇپ بېرەي، مىگەم چېچىلىپ كەتسە، تېرىپ ئالارسىلە» دەپ ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئاندىن دوپپىسىنى قاتلاپ، تۇخۇمنى بېشىغا قويدى. ئامانقۇل قارىغا ئالغاندا، قاسىم قىزنىق: «توختاپ تۇر، كۆزۈمنى يۇمۇۋالاي» دەپ ھەممىنى يەنە كۈلدۈرۈۋەتتى. ئامانقۇل مىلتىقىنىڭ تەپكىسىنى بېسىش بىلەن، قاسىم قىزنىڭ بېشىدىكى تۇخۇم كۆزدىن غايىپ بولدى.

— ئەمدى ئىمىننىياز پالگاننىڭ ئوغلى تارا تىلىق خوجىنىياز پالگاننىڭ ھۈنىرىنى كۆرەيلى، — دېدى نۇرۇل بوۋا ھاسىغا تايىنىپ تۇرۇپ.

— قېنى، قېنى، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

خوجىنىياز پالگان «مەن نىمە قىلىپ بەرسەم بولاركىن» دېدى - دە، مىلتىقىغا بەش تال ئوق باستى. ئاندىن سەيپۇڭ توختىغا قاراپ، ياماقلىرى بارمۇ؟ — دېدى. سەيپۇڭ توختى يانچۇ-

غىدىن يىپىردىم سەر تەنگىچىلىك كېلىدىغان بىر تال چوڭ ياماق چىقىرىپ بەردى. خوجىنىياز پالىگان تەخمىنەن يۈز قەدەم نېرىدىكى تېرەكنىڭ يېنىغا بېرىپ، پىچاق بىلەن ياماقنى ئۇنىڭ پوستىغا ئويۇپ چاپلىدى ـ دە، ئاندىن ئېتىشقا باشلىدى. بەش تال ئوقنىڭ ھەممىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ياماقنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتۈپ، تېرەككە مىختەك قادىلىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ماھارىتى ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى.

— ھۇششەرە، ئۇكام، — دېدى تۆمۈر خەلپە، ئۇنى مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ، — چەن دارىدىن يەنە بىرسى كەلسە، بۇ دۆرەم ئوق كۆزىنى چىنەپ ئات. بېيجىڭدىكى دازۇڭتۇڭغا بېرىپ ئېيتىسۇن.

كەچقۇرۇن مەرىكە ئاياقلاشقان بولسىمۇ، ئۇششاق بالىلار تېخىچىلا قىيا ـ چىيا قىلىشىپ ئويناپ يۈرەتتى. بۇ ئىككى كۈنلۈك مەرىكە ئەمىلىيەتتە داغدۇغىلىق تويلا ئەمەس، قوزغىلاڭ جەريانىدىكى شانلىق غەلىبىلەرنى تەبرىكلەش مۇراسىمى بولۇپ قالغان ئىدى. لېكىن ھېچكىم بۇ توغرىلىق ئىككى ئېغىز سۆز قىلمىدى.

## 4

شۇ ئاخشىمى، سەيپۇڭ توختى بىر كارۋات گىلىمىنى قولتۇقلاپ، قارا بوسۇقنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ھۆسنىارىخان ئۇنى قايماق چاي بىلەن مېھمان قىلدى. ئۇزۇن ـ قىسقا پاراڭلار ـ دىن كېيىن، بايىقى قارىغا ئېتىش توغرىسىدا گەپ باشلانغاندا، سەيپۇڭ توختى رەنجىگەن بىر ئاھاڭدا مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ خەلپەم قىزىق ئادەم ـ دە! ھىلىقى تاراتسىلىق خوجىنىياز دېگەن چورۇغى چوڭنى ماختاپ، يەتتە قات ئاسمانغا چىقىرىۋەتتى. ئىككى ماڭدام يەردىكى دەرەخكە چاپلاپ قويغان ياماقنىڭ تۆشۈكىگە كىم ئاتالمايدۇ؟ ئۆزلەنى «ئات» دېگەن

بولسا، ئۇنىڭدىمۇ يىراقتىكىنى ئاتالايتتىلا.

قارا بوسۇق سەل ئوڭايسىزلانغاندەك قىلىپ، يېنى - ۋىلىغا قاراپ قويدى - دە.

— توختاخۇن ئاكا، خوجىنىياز پالگانغا مەنمۇ قايىل جۇمۇ، شۇنچە يىراقتا تۇرۇپ، بەش تال ئوقنى بىر تۆشۈكتىن ئۆتكۈزمەك ئوڭاي ئەمەس، — دىدى.

— ئۆزلە دىگەن ئاسمان پەلەكتە ئۇچۇپ كىتىۋاتقان ساڭقارنى چىنىۋەتكەن ئەر تۇرسىلا، ئۇ نىمە ئىدى؟

— ئۇنداق دىگەنلىرى بىلەن ساڭقارا ياماقنىڭ تۆشۈگىدىن قانچە - قانچە ھەسسە يوغان تۇرسا.

— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس، — دىدى سەيپۇڭ توختى، ھۆسنارىخانغا قاراپ قويۇپ، — ئۇنداق بولسا، خەلپەم نىمىشقا ئۆزلەنىمۇ قوشۇپ ماختىمايدۇ؟

— ئادەمنىڭ بىشىدىكى تۇخۇمنى تەمتىرىمەي تۇرۇپ چىنەپ تاشلىغان ئامانقۇلنىمۇ ماختىمىدىڭمۇ؟ — دىدى ھۆسنارىخان مۇلايىم كۈلۈپ.

— بۇ گەپكە ئۆزلە ئارىلاشمىسىلا، — دىدى سەيپۇڭ توختى، قوپاللىق بىلەن.

ھۆسنارىخان گەپ ياندۇرماي، چىراقنى پارلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. سەيپۇڭ توختى قارا بوسۇق تەرەپكە بىرئاز سۈرۈلۈپ، پەسرەك ئاۋاز بىلەن مۇنداق دىدى:

— خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا، ئامانقۇل خەلپەمنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى تۇرسا، ئۇنى ماختىمىغانغا نىمە بوپتۇ. «ئۆي ئۆلتۈرگەن پالتا بوسۇغىدا قاپتۇ» دىگەندەك، مەن ئۆزلەنى تالادا قالمىغىيدى دەپ غەم يەيمەن.

— بۇ نىمە دىگەنلىرىدۇ؟ — دىدى قارا بوسۇق، غاڭزىسىغا تاماكا سىلىۋىتىپ.

— ئۆزلەزە، خېمىر يايىدىغان خالودەكلا تۈز ئەر ئىكەنلا.

«كەتمەن دىڭگەننى بىر چاپساق، يېتىپ يەيدۇ بەگزادە» دەپ، تارتقۇلۇقنى بىز تارتىۋاتىمىز، ئاتاقنى باشقىلار ئېلىۋاتىدۇ. ئىشنى بىر باشلىغان تۇرساق، قازاننىڭ بېشىغا تۆمۈر خەلپە يالغۇز ئۆزى ئولتۇرۇۋالدى. «خەلپەم، خەلپەم» دەپ قويساق، ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنى ئازدەپ ئۆلۈمتۈك بولۇپ قالغان سەپەرقۇل بىلەن تەدىنكى ئېلى پالگان بارمۇ، خوجىنىياز پالگان بارمۇ، شۇلارنى يېنىغا تارتىپ، قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى كۆرمىدىلەمۇ؟ ئەتە-ئۆگۈن تېخى گەپ بار ئوخشايدۇ. تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپ چىقارمىغىيدى دەپ گەشەت قىلىمەن.

— ۋاي توختاخۇن ئاكا، تۆمۈر ئاكامنى بىز ئۆزىمىز خالاپ باش قىلغان تۇرساق، ھازىر:

ئۈچ كۆرە بۇغداي ئۇن تارتتۇق،
ھەممە خەققە ئاش بولدى.
تۆمۈر خەلپە ئەر چىقىپ،
ئۇن ئىككى تاقىقا باش بولدى.

دىگەن ناخشىمۇ چىقىپتۇ. تۆمۈر ئاكام باش بولمىسا، بىز تۆگمەننىڭ مايىغىدەك چېچىلىپ كەتمەسمىدۇق. گەپ بولسا، ئۇچۇقراق ئېيتسىلا، مەن ھېچنىمىنى ئۇقالمايۋاتىمەن، — دىدى قارا بوسۇق بىر ئاز جىددىيلىشىپ.

— گەپ تولا ئۇكام، مەن ئۆزلەگە تالىق گەپلەرنى ئېيتىمىدىم تېخى. ھەممىسىنى ئېيتىدىغان بولسام، كېچىچە ئۇخلىيالمايدىلا. خەير، ئۆزلەنى خۇدايىمغا ئامانەت! — سەيپۇك توختى ئورنىدىن قوپتى.

قارا بوسۇق ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ، كاڭنىڭ گىرۋىگىدە ئاغزىنى قاتتىق-قاتتىق شوراپ ئولتۇرغاندا، ھۆسنارىخان كىرىپ كەلدى. ئۇ، ئەقىل كۆزى بىلەن قاراپ، ئېرىنىڭ كۆڭۈل پەرىشان

لىققا چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشەنسىدى چېغى، يېنىغا ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتەرمەكچى بولۇپ، ئايالىغا خاس بىرخىل ناز بىلەن ئەركىلەپ، مۇنداق دېدى:

— ئەجەپمۇ شوراپ كەتتىڭلە بۇ غاڭزىلىرىنى. تاماكا دېگەن شۇنداق تاتلىق نېمىسىمۇ؟

قارا بوسۇق ئۇنىڭ قولىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، مۇنداق دېدى:

مەس قىلغانمۇ تاماكا،
خەس قىلغانمۇ تاماكا،
چېچىلىپ كەتكەن كۆڭۈلنى،
يىغىۋالغان تاماكا.

دەپ، مۇشۇنداق ۋاقلاردا جىقراق شورىغىم كېلىدۇ.

— ماڭا قارىسىلا، — دېدى ھۆسنارىخان، — موللىنىڭ بىسمىللاسىدىن بەلگىلىك دەپ، ئۇ رەزگى جوھوتنىڭ ئاغزى ئېچىلىش بىلەنلا نىمە دىمەكچى بولغانلىقىنى تۇيغان ئىدىم. ئۇنىڭ گېپىگە ھەرگىز قۇلاق سالمىسىلا، جەڭ دىسە، ئاش تېپىپ كېلەي، نان تېپىپ كېلەي، دېگەن بابا بىلەن ئىچكىرى تاققا قاچىدۇ، جەڭ توختىسا، ئەل ئىچىگە يېنىپ كېلىپ قىلمايدىغىنى يوق. تېخى بەزىدە يەگىتلىگى تۇتۇپ، قىز-جۇگانلارغا قاش ئېتىپمۇ قويىدىكەن. ھېلىقى قىزىل تاۋانى، يادىلىرىدا بارمۇ؟ رەۋىخان ئاپام ئۆزلىگەنمۇ كۆرسەتتىغۇ. ھە شۇنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، بىرنىمىلەر دەپ بېيىتمۇ ئېي-قان تېخى. قېرىغاندا قېرى تاتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق دېگەن شۇ. بۇ تولىمۇ جونى يامان ئادەم ئىكەن. قارىسىلاچۇ، ئۆزلەنى يۈزلىرىدىلا ماختاپ، پۇتلىرىغا ھۆل خىش قويىۋاتقىنىنى. كۆڭلىدە نىمە شەيتانلار بار، خۇدايىم بىلىدۇ ئۇنى.

قارا بوسۇق ھېچنىمە دىمەي، خوتۇنىنىڭ قولىنى تۇتقان پېتى خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپ قالدى.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

## ياڭ جاڭجۇڭنىڭ «پاراستى»

دەرەختىڭ قۇۋزىقىنى قۇرۇت يەيدۇ دائىم،
تارىختا مىساللار كۆپتۇر بۇنىڭغا.

ئا.ئى. كىرىلوف①

رەڭگى-رويىدىن ياشلىقىدا گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى، نازۇ-كە-رەشمە بىغىنىڭ بىر گۈلى بولغانلىقى بىلىنىپ تۇرغان ئۇرۇق بىر موماي ھەيۋەتلىك ئالتۇن تەخت ئۈستىدە خۇمار كۆزلىرىنى سۈزۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىدا گۆھەر كۆزلۈك ئالتۇن تاج چاقناپ تۇراتتى. بۇ، 1861-يىلى ئۆلگەن مانجۇ خانى شيەنفىڭنىڭ ئىككىنچى خانىشى ۋە 1889-يىلدىن باشلاپ، ئاخىرقى مانجۇ خانى گۇاڭشۈي خانىنى نەزەربەنت قىلىپ، بارلىق ھوقۇقنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋالغان «خان ئانا» سىشى تەيخۇ (مانجۇچە ئېتى يىخونارا) ئىدى. تەخت ئالدىدا، كۆرۈنۈشىدىن قىرىق ياشلاردىن ئاشقان بىر تەم-

① 1769 — 1844 - يىللىرى ياشىغان مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى، مەسەلچى.

بەل ئادەم يۈزى تۆۋەن تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بىر ئۆرۈم
چىچى مانجۇ سىپاھلىرى كىيىدىغان ئۆرە ياقلىق دۇردۇن پەش-
مەتنىڭ ياقىسىدىن ئېشىپ، يانپىشىغا چۈشۈپ تۇراتتى. بۇ يۈنەنلىك ياڭ
زىڭشىن دىگەن ئەمەلدار بولۇپ، بۈگۈن ئۇنى «خان ئانا» قوبۇل
قىلغان ئىدى. شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن، ياڭ زىڭشىننىڭ بېشىغا
«دۆلەت قۇشى» قونۇپ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ئۇچقاندەك ئۆرلەشكە
باشلىدى. مەمۇرى جەھەتتە ناھىيە باشلىغى، ھەربى ئەمەلدە باتا-
لىيۇن (يىڭ) باشلىغى بولغان بۇ ئادەم 1907-يىلى شىنجاڭغا
كېلىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى، ئاندىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك
ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ قالدى؛ 1912-يىلى ئىلى
قوزغىلاڭچىلىرى مەغلۇپ بولغاندا، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن ھەربى-مە-
مۇرى ھوقۇقى ئۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، «گېنېرال، قوشۇمچە ئالى
مەمۇرى سەردار»، «ئۆلكە رەئىسى، قوشۇمچە باش قوماندان» دىگەن
ناملار بىلەن، شىنجاڭدا ئون يەتتە يىل ھۆكۈم سۈردى. ئۇ چاغ-
لاردا ئاۋام خەلق ئۇنى «ياڭ جاڭجۈڭ» دەپ ئاتايتتى. بىزمۇ
كىتاۋىمىزنىڭ مۇشۇ بابىدىن باشلاپ، ئۇنى شۇ نام بىلەن ئاتاشنى
لايىق تاپتۇق.

بۇ ئادەمنىڭ جاڭجۈڭلۇق تەختىگە مىنگەن كۈنلىرى شىنجاڭ
ۋەزىيىتىنىڭ قاتتىق داۋالغۇپ تۇرغان پەيتىگە توغرا كەلدى.
غەرپتە ئىلى قوزغىلىڭى يېڭىلگەن بولسىمۇ، ئىنقىلاپ يالقۇنلىرى ھا-
مان لاۋۇلداۋاتاتتى ئىدى؛ شىمالدا موڭغۇل-شىنجاڭ چېگرىسىدا قو-
راللىق توقۇنۇش يۈز بېرىۋاتاتتى؛ شەرقتە، قۇمۇل دىخانلىرىنىڭ
زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىڭى ئەۋج ئالماقتا؛ جەنۇپتا بولسا، «گېلاۋ-
خۇيچىلار» مانجۇ خانلىقىنىڭ تەرەپدارلىرىنى كېچە-لىرى بوغۇزلاپ
تاشلاپ، ھۆكۈمەتكە قاتتىق تەھدىت سالماقتا ئىدى. بولۇپمۇ قۇ-
مۇل دىخانلار قوزغىلىڭى پۈتۈن قۇمۇل رايونىنى زىلزىلىگە كەل-
تۈرمەكتە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ، تۇرپان، پىچان تەرەپلەردىمۇ
دىخانلارنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭلىرى باشلىنىپ كەتكەن ئىدى.

بۇ ھال ياڭ جاڭجۇڭنى قاتتىق بىئارام قىلدى. شۇڭىيا ئۇ، «بۇ نىمە دىگەن كىلىشمەسلىك! ئاسمان خۇداسى ماڭا يېرى كەڭ، بايلىقى مول، خەلقى نادان، باشقۇرماق ئاسان بولغان شىنجاڭ سىڭغا ھاكىم بولۇشنى نېسىپ قىلغاندا، تەرەپ-تەرەپتىن كۆشەندىلىرىم چىقىپ، ئىشنى بۇزغىلى تۇردى» دەپ ھەسرەت چېكەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ھەممىدىن يامان خەۋپ تۆمۈر خەلپە ئىدى.

«ئەگەر بۇ خەۋپنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — پۈتۈن شىنجاڭدا ئىسيان باشلىنىپ كېتىشى تۇرغان گەپ. ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن بۇرۇن بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈش لازىم! ئەمدى بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى نىمە؟ مەسىلەن، بىرەر ئۆيگە ئوت كەتسە، ئۇنى سۇ چېچىپ ئۆچۈرۈشكە بولىدۇ. پۈتۈن بىر ئورمانغا كەتكەن ئوتنىچۇ، ئۇنى سۇ چېچىپ ئۆچۈرگىلى بولامدۇ؟ مەن بۇ چەنتو دىگەن خەقنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىپ قالدىم. بىزنىڭ كونا تارىخ كىتاپلىرىمىزدا ئېيتىلغان «خۇيگۇ» يەنى ئۇيغۇر دىگەن خەق شۇ. بۇ خەلق ياخشىغا ياخشى، يامانغا يامان؛ سىلىق بولساڭ، قويدەك يۇۋاش، چىشىغا تەگسەڭ، يولۋاستەك ئېتىلىدىغان خەق. تۆمۈر خەلپەمۇ، شۇ خەلقنىڭ ئەۋلادى. شامەخسۇت ۋاڭ بىلەن يۈەنداخۇا ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ خاتا قىلدى. ئېتىلىپ كېلىۋاتقان يولۋاسنى مۇشتلاپ ئۆلتۈرىدىغان باتۇر ۋۇسوڭ ھازىر نەدە بار؟ ئالدىراپ چىشىغا تەگمەي، ئۇنى سىلاپ-سىپاپ تۇتۇش لازىم ئىدى. يولۋاس ھەرقانچە قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، ئادەملەر ئۇنى تۇتۇپ، قەپەزگە سولاپ ئالالايدىغۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن پەم-پاراسەت كېرەك!»

نېپىز ماشرەڭ مەۋۋۇتتىن تولۇق ھەربى كىيىم كىيىپ، قولىنى ئارقىغا تۇتقان ياڭ جاڭجۇڭ ئۆزىنىڭ كەڭ ۋە يورۇق ئىشخانىسىدا، ئىسسىل خوتەن گىلىمىگە دەسسەپ، سالماق مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ كۆكرىگىدىكى مىدال-ئوردېنلىرى، مۈرىسىدىكى يۇمۇلاق پاگونلىرىنىڭ زەر پۆپۈكلىرى، ئوڭ دولىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ، سول

يانپىشىغا چۈشۈپ تۇرغان كەڭ، رەڭدار لېنتىسى ۋە بېلىدىكى تاسما بەلۋېغى دەرىزىلەردىن كىرگەن قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى. ئامېركان ئۆتۈكى بىلەن شەپكىسىنىڭ چوققىسىدىكى ئاپپاق پەر پۆپۈك ئۇنىڭ بويىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆرسەتەتتى. گۆشلۈك يۈزى بىلەن ياپما قاپاق كۆزى ۋە بىرنەچچە تال ئاق سانچىلغان قويۇق بۇرۇتى ئۇنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرسىتىپ تۇراتتى. جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ھېلىقى بىر ئۆرۈم چېچىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ئىدى.

ئۇ، ئامدا ئېسىقلىق تۇرغان شىنجاڭ خەرىتىسى ئالدىدا توختاپ، يەنە خىيال سۈرۈۋاتقاندا، ئۇنىڭ شەخسى كاتىۋى ئىجازەت سوراپ كىردى-دە، قومۇلدىن جىددى تېلېگىراممىا كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. «ئوقۇ!» دېدى ياڭ جاڭجۈڭ كاتىپقا قارىماي تۇرۇپ.

«جانابى جاڭجۈڭ — كەرەملىرىنىڭ كەمىنە خادىمى بەي ۋىنچاۋ ھوزۇر ئالىلىرىغا شۇنى مەلۇم قىلادۇرمەنكى» دەپ باشلانغان تېلېگىراممىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: بۇيرۇقتا بىنائەن، تاغدىكى ئىسيانچىلارغا نۇرغۇن سوغات بىلەن ئەلچى چىقىرىپ، ھازىرچە شەھەرگە بولىدىغان ھۇجۇمنىڭ ئالدى ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇلار سۆھبەت ئۇستىلىگە كېلىشنى رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى گېپىدە قاتتىق تۇرماقتا. شامەخسۇت ۋاڭ ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە كۆنىدىغاندەك ئەمەس. ئەھۋالدىن قارىغاندا، يېقىندا شەھەرگە ھۇجۇم بولۇپ قېلىش خەۋپى مەۋجۇت. بۇ ئىشنى قورال كۈچى ئىشلەتمەي ھەل قىلغىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ھالبۇكى قومۇلدا ئۇلارغا تاقابىل تۇرغىدەك ھەربى كۈچ قالمىدى. شۇڭا ئۈرۈمچىدىن دەرھال كۈچلۈك بىر قوشۇن ئەۋەتىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ياڭ جاڭجۈڭ بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاچ «قېرى مۇشاۋىر بىلەن مۇپەتتىشنى چاقىر!» دېدى. كۆزئەينەك تاقىغان جىۋەك بىر قېرى بىلەن ئېگىز بويلۇق بىر ئوفىتسېر كىرىپ، ئۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئۇستەلدىكى تېلېگىراما قەغىزىنى ئوقۇشقا كىرىشتى. بۇ ئوفىتسېر

قوماندانلىق مەھكىمىسىنىڭ پولكوۋنىك دەرىجىلىك مۇپەتتىشى جاڭ سەيتىڭ ئىدى.

— قېنى، ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ياڭجاڭجۇڭ، ئۆزىنى يۇمشاق دىۋانغا تاشلاپ، — بۇ ئىشقا قانداق مەسلىھەت بېرىسىلەر؟

— جاڭجۇڭ ئالىلىرىغا بۇ مەسىلىدە مەسلىھەت بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن، — دېدى كۆزئەينەكلىك قېرى بېشىنى ئېگىپ.

— ياق، ھازىر سىلەرنىڭ مەسلىھەتىڭلەرگە مۇھتاجمەن، تەككەللۇپ قىلماڭ!

— ئۇنداق بولسا، ئەدەپتىن ئەمرى ئەلا دېگەن ھېكمەت بويىچە، ئاجىزانە پىكرىلىرىمنى بايان قىلاي، — دېدى كۆز ئەينەكلىك قېرى، — مېنىڭچە، ئامبال بەي ۋىنچاۋنىڭ ئىلتىماسى ئورۇنلۇق. بۇ خەققە ئارتۇقچە يۇمشاقلىق قىلىش كېلىشمەيدۇ. ئۇلار مۇ بىزگە ئوخشاش مەرىپەتلىك مىللەت بولغان بولسا، ئۇ چاغدا داۋاملىق مۇھەببەتلىشىش جايىز ئىدى. ھالبۇكى، ئۇلار ياۋايى خەق، خۇددى تۆگىلەگەندىن بۇيان ئىنگەرلىنىپ باقمىغان ئاساۋ ئاتقا ئوخشاش. ئاساۋ ئاتنى راسا قامچىلاپ يۇۋاشلاتقاندىلا، ئاندىن ئىنگەرلەش مۇمكىن.

— خوش، سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق؟ — دېدى ياڭجاڭجۇڭ مۇپەتتىشكە قاراپ.

— مەن مۇشاۋىر جاناپلىرىنىڭ پىكرىنى قوللايمەن. بۇ ياۋايىلارنىڭ خورىگى ئۆسۈپ قالدى. راسا كېلىشتۈرۈپ ئەدىۋىنى بېرىپ قويمىساق، بۇ ئۆلكىنى قانداق ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باركۆل قوماندانى يېشىڭفۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئالمىساق بولامدۇ!

ياڭجاڭجۇڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، سالىماق قەدەم بىلەن ئۆينى بىر ئايلىنىپ چىقتى-دە، ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا توختاپ گەپ باشلىدى:

— سىلەرنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغىنىڭلارنى بىلىپ تۇراتتىم. زا-

ھەرەن قارىغاندا، سىلەرنىڭ پىكىرىڭلار توغرا. بىزگە قارشى مۇشت كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلغان بۇ ياۋايىلارنى قەتئىي ئۇجۇقتۇرۇپ، ھەممىگە ئىبرەت قىلىش، ھېچكىم ھېچيەردە، ھېچقاچان ئىسيان قىلالمايدىغان ۋەزىيەتنى يارىتىش — بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە. مېنى ئۇلارغا رەھىمدىللىق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ياق، ياق! ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. مەن ئاپەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىمەن. شۇنى چۈشىنىڭلاركى، تەدبىر جايىدا بولسا، ئىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ، قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇش، ئەلۋەتتە، ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە. بىراق، قەدىمقى دانىشمەنلەرنىڭ «ئۈچ مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىنى كېسىش ئۈچۈن، سەككىز يۈز باشنى قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار. شامەخسۇت ۋاڭ بىلەن يىشىڭفۇنىڭ ئۇلارغا جىق قورال بېرىپ قويغىنىمۇ ئۇنۇتۇپ قالماڭلار. چيەندارنىڭ كۆزىگە ئاتقانلارمۇ شۇلار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قىلىچىمىزنى پۇلاڭلىتىپ بارغاندىن كۆرە، قىلىچنى چاپانىڭ پېشىگە تىقىۋېلىپ، يارىشىپ قالايلى دەپ كۈلۈپ بارغىنىمىز تۈزۈك. كۈلۈپ تۇرساڭ يولۋاسمۇ تەگمەيدۇ، دېگەن گەپ بار. قىلىچ ياندا ئېسىقلىق تۇرسا، ھەممە ئادەم كۆرىدۇ. ئۇنى كۆڭۈلدە يوشۇرساڭ، شاياتۇنلارمۇ سېزەلمەيدۇ. مانا بۇنىڭ ئېتى پاراسەت. جەڭدە كۈچلۈك ئەمەس، پاراسەتكە تايىنىش لازىم. بىر ئادەم كۈچ بىلەن ئون رەقىبىنى يېڭەلىگەن بىلەن، پاراسەت بىلەن ئونمىڭ رەقىبىگىمۇ تاقابىل تۇرالايدۇ... بايا مۇشاۋىر ئاساۋ ئاتنى مىسال كەلتۈرۈپ، ئۇنى قامچىلاپ تۇرۇپ ئىگەرلەش لازىم، دېدى. مېنىڭچە، ئاساۋ ئاتنى قامچىلاشقا قارىغاندا، دۈمبىسىنى ئاستا سىلاپ تۇرۇپ، ئىگەرلىۋېلىش ئاسانراق. تۆكىنى يېتىشىغا سىلىسا، ئاساۋ ئاتمۇ يۇۋاشلاپ قالىدۇ. مەقسەت ئۇنى ئىگەرلەپ مىنىۋېلىش بولغاندىن كېيىن، ئىشنىڭ ئاسىنىغا تۇرغان ياخشى.

قىرى مۇشاۋىر بىلەن مۇپەتتىش ئۇنىڭ بۇ «دانىشمەنلىگى»گە قايىل بولغاندەك، باشلىرىنى تىنىماي لىڭشىتىپ ئولتۇراتتى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن، — دەپ داۋام قىلدى ياڭ جاڭجۇڭ، — سىز مۇپەتتىشنى ئىككى كۈن ئىچىدە يولغا چىقىشقا بۇيرۇيسىز. بەي ۋىنچاۋ بىلەن شامەخسۇت ۋاڭغا مېنىڭ گەپلىرىمنى ئېنىق چۈشەندۈرۈڭ ۋە ئۆزىڭىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن يەرلىكلەردىن لايىق ئادەملەرنى تېپىپ، يارىشىش توغرىسىدا تۆمۈرگە ئەلچىلىككە چىقىرىڭ. قانچە راسخوت كەتسە مەيلى، لازىم تېپىلغاندا، ئۆزىڭىزمۇ چىقىڭ. گەپ ناھايىتى يۇمشاق بولسۇن. قۇرۇت ئۆزىنىڭ يۇمشاقلىغى بىلەن ھەرقانداق قاتتىق ياغاچنى يەۋېتىدۇ ئەمەسمۇ؟ مۇۋاپىق پەيتتە، ھاپىز يىڭجاڭ بىلەن نىياز يىڭجاڭنىڭ چېرىكلىرىنى رەتكە سېلىپ، ئۈچ ئاتلىق باتالىيون ئەۋەتىمەن. بۇ ئۇيغۇر-مۇسۇلمان باتالىيونلىرى تاقىقا يېقىنلاشماي، يىراقتىن باراڭ كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر تۆمۈر ياخشىلىقچە ئەل بولمىسا، يەنە بىر توپچى ۋە ئىككى پىيادىلەر باتالىيونى يېتىپ بارىدۇ. ئۇ چاغدا، قىلىچىمىزنى قانغا قانچە كۆپ مىلىساق شۇنچە ياخشى.

«ئۇيغۇر-مۇسۇلمان باتالىيونلىرى» دىگەن گەپنى ئاڭلاپ، قىرى مۇشاۋىر بىلەن مۇپەتتىشنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— جاڭجۇڭ ئالىيلىرى، — دىدى قىرى مۇشاۋىر، — بۇ ئۇيغۇر-مۇسۇلمان چېرىكلىرىگە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ بۇ خەقنىڭ ئۆزىدە «قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدۇ» دىگەن گەپ بار ئىكەنغۇ؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. جاڭجۇڭ ئالىيلىرىنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدىن ئەسكەر ئېلىپ، ھەتتا ئۇلارنى مۇستەقىل باتالىيون قىلىپ قويغانلىقلىرىغا بىزنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەرباپلىرىمىز ئىچىدە پىكىر كۆپ، — دىدى مۇپەتتىش جىددى قىياپەتتە.

ياڭ جاڭجۇڭ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئۆزىنى يۇمشاق دىۋانغا تاشلاپ، خاتىرجەم سۆزلەشكە باشلىدى:

— شۇنداق، بەزى ئەرباپلارنىڭ بۇ مەسىلىدە ماڭا قارشى

پىكىردە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى بىلى-
مىگەچكە، مېنىڭ ئۇيغۇر-مۇسۇلمان باتالىيونلىرىنى تەشكىل قىلى-
شىمنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنمەيدۇ. مەن بۇرۇن تەشكىللىگەن بەش
ئۇيغۇر-مۇسۇلمان باتالىيونىنىڭ ئىلى ئىسيانچىلىرىنى باستۇرۇشتا
قانچىلىك مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى سىلەر ياخشى بىلىسىلەر.
سىلەر مېنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىم بولغاچقا، سىلەرگە ئوچۇق
ئېيتاي: مېنىڭ ئۇيغۇر-مۇسۇلمان باتالىيونلىرىنى تەشكىل قىلىشتى-
كى بىرىنچى مەقسىتىم شۇلار ئارقىلىق ئۆز خەنزۇلىرىمىزنى تىزگىن-
لەشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئىچكىرىدىن چىققان ئەمەلدار، ئەسكەر
ۋە كۆچمەنلەر بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ماڭا قارشى قۇتۇراي-
دۇ. ئاتالمىش سۇڭ جۇڭشەن مەسلىكىنى تەرغىب قىلىپ، پاراكەندى-
چىلىك تۇغدۇرىدۇ. توغرىسى مېنىڭدىن ھوقۇق تالىشىدۇ. مۇنداق
بولغاندا، بۇ ئۆلكىنى ئۇزۇن مۇددەت تىنچ-ئامان ئىدارە قىلغىلى
بولمايدۇ. دېمەك، شىنجاڭغا كېلىدىغان ئاپەت يەرلىك خەلقتىن
ئەمەس، ئىچكىرىدىن ئېقىپ چىققان ئەمەلدار، ئەسكەر ۋە كۆچ-
مەنلەردىن كېلىدۇ ۋە كەلمەكتە. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا يەرلىك
خەلقتىن ئېلىنغان ئەسكەرلەردىن تىقىۋەتمىگىچە، شىنجاڭنىڭ
ئامانلىقىنى ساقلاشتىن مەڭگۈ ئۈمىد يوق. ئۇيغۇرلارنى خەنزۇ-
لارغا، خەنزۇلارنى ئۇيغۇرلارغا قارشى قىلىپ قويغاندىلا، بۇ مەق-
سەتكە يەتكىلى بولىدۇ. مەن خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل ۋە
باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ قېلىشىدىن ناھايىتى قورقىمەن.
مائارىپ بىلەن كۆزى ئېچىلىپ قېلىشىدىن تېخىمۇ قورقىمەن. مىل-
لەتلەر ئاڭ-سەۋىيىلىك بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىۋالسا، ئۇلارنى باشقۇر-
ماق تەس، نادان ھالەتتە بۆلۈنۈپ تۇرسا، ئىدارە قىلماق ئاسان.
شۇڭا قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن، كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش
مۇۋاپىق. ئۇلارنى ھەرگىزمۇ چوڭ ئىتتىپاقلىققا ئىگە قىلدۇرماسلىق
لازىم. شۇنداق بولغاندا، ھەرقايسى ئۆز غېمى بىلەن بولۇپ كېتىپ،
ئىسيان قىلالمايدىغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلاردا «ئۆز گۆ-

شىنى ئۆز يېخى بىلەن قورۇش» دىگەن گەپنىڭ بارلىغىنى ئاڭلى-
دىم. دەرۋەقە، قوينىڭ گۆشىنى ئۆزىنىڭ يېخى بىلەن قورۇسا، ھەم تات-
لىق، ھەم تېجەشلىك بولىدىكەن. ئۇيغۇرلاردا يەنە «سېپى ئۆزىدىن»
دىگەن گەپمۇ بارئىكەن. بۇنىڭ مەنىسى ئادەتتە پالتىنىڭ سېپى
ياغاچتىن بولىدۇ، پالتا بىرىپ ياغاچنى كېسىدۇ دىگەن بولىدىكەن.
دەرۋەقە، پالتىنىڭ سېپى تۆمۈر ياكى باشقا مېتالدىن بولسا، قولنى
قېقىپ ئاغرىتىدۇ، شۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئەگەر ئۇيغۇر-مۇ-
سۇلمان پۇقرالار ئىسيان كۆتەرسە، مەسىلەن، قومۇلدىكى تۆمۈر
بىلەن تۇرپاندىكى مۆيدىنگە ئوخشاش، ئۇلارنى ئۆز كىشىلىرىنىڭ
قولى بىلەن باستۇرغاندا، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقسەن،
يەنى ئۆلگىچىمۇ، ئۆلتۈرگىچىمۇ، شۇلارنىڭ ئۆزى بولىدۇ. سېنىڭ قولۇڭغا
قان يۇقمايدۇ. بۇ قەدىمقى دانىشمەنلەرنىڭ «ياتنى ياتنىڭ قولى بىلەن
ئىدارە قىلىش» دىگەن سۆزىنىڭ دەل ئۆزى. دىمەك، ئۇيغۇر-مۇسۇل-
مانلاردىن پايدىلىنىشنى بىلمىسەم، مېنىڭ شىنجاڭدا پۇت تىرەپ تۇرالىشىم
مۇمكىن ئەمەس. سىلەر ئېيتقان ئەرباپلار مەندىن نارازى بولغان
بىلەن ئۇيغۇر-مۇسۇلمانلار مېنى «خاۋجاڭجۇڭ» دەپ ماختاۋاتى-
دۇ. ئۇ ئەرباپلارمۇ بىر كۈنى بولمىسا، بىر كۈنى چۈشىنىپ قالىدۇ.
شۇ گەپلەردىن ئىككى كۈن كېيىن، مۇپەتتىش جاڭ سەيتىڭ
ياڭ جاڭجۇڭنىڭ ئامبال بەگ ۋىنچاۋ بىلەن شامەخسۇت ۋاڭغا ياز-
غان مەخسۇس خەتلىرىنى ئېلىپ، بىرنەچچە مۇھاپىزەتچى بىلەن
ئالدىراش يولغا چىقتى. ئۇلارنى قومۇلغا تېزرەك يېتىپ بارسۇن دەپ،
جاڭجۇڭ يامۇلدىن ھەربىرىگە ئىككىدىن ياخشى ئات قوشۇپ بېرىلدى.
مۇپەتتىش جاڭ سەيتىڭ يولغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن،
ياڭ جاڭجۇڭ بەگ ۋىنچاۋغا جىددى تېلېگرامما يوللىۋەتتى. بۇ تې-
لېگراممىدا بىرنەچچە ئېغىز سۆزدىنلا ئىبارەت ئىدى:
«مېنىڭ شەخسى ۋەكىلىم يېتىپ بارغىچە، تۆمۈرنى ئەلچى-
لىك يولى بىلەن گەپكە تۇتۇپ تۇرۇڭلار. ھەرگىز ئۇنىڭ چىشىغا
تېگىپ قويماڭلار!»

## يىگىرمە ئالتىنچى باپ

# پاجىئەنىڭ باشلىنىشى

ئادەم قانچە كۈچلۈك بولسا، ئۇنىڭ
ھاياتى شۇنچە ئېغىر بولىدۇ.

— «ئىلىيادا»① داستانىدىن.

1

بۇ تىلىگىراممىا بەي ۋىنچاۋنى ناھايىتى خاپا قىلدى. ئۇ، ئاچچىقىنى ئەپيۇندىن ئالماقچى بولغاندەك، يېنىچە يېتىپ، ئەپيۇن غاڭزىسىنى قاتتىق-قاتتىق شورىدى-دە، «ئەلچى، ئەلچى! يەنە ئەلچى ئەۋەتكىدەكمەن تېخى! بۇ ياۋايىلارغا ئەلچى ئەمەس، ئەمدى ئوقچى ئەۋەتىش لازىم ئىدى!» دەپ كۇتۇلداپ كەتتى. ئەمما، نىمە چارە؟ بۇ ياڭجاڭجۈڭنىڭ پەرمانى. شۇڭا، بەي ۋىنچاۋ

① مىلادىدىن بۇرۇنقى 8-9-ئەسىرلەردە ياشىغان مەشھۇر يۇنان شائىرى ھومېرنىڭ ئەسىرى.

تۆمۈرنى سۆھبەت ئۈستىلىگە دەۋەت قىلىشقا يەنە ئەلچى چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. بىراق، تۆمۈر خەلپە بۇ قېتىممۇ ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلمىدى. بۇ ئەھۋال بەي ۋەنچاۋنىڭ ئوغىنىنى تېخىمۇ قاينىتىۋەتتى.

بۇ كۈنلەردە تۆمۈر خەلپىنىڭمۇ كۆڭلى پەرىشان ئىدى. چۈنكى ئۆز يېقىنلىرىدىن بولغان سەيپۇڭ توختىنىڭ نىيىتىنى بۇزۇپ، گاھ ئۇچۇق، گاھ يوشۇرۇن قۇتراپ يۈرگەنلىكى تۆمۈرگە مەلۇم ئىدى. سەيپۇڭ توختىنىڭ: «تۆمۈراخۇن خەلپە بولۇۋېلىپ مۇرادىغا يەتتى، بولمىسا، نىمىشقا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ شاھەخسۇتنى ئۆرۈۋەتمەيدۇ» دىگەن غەرەزلىك گەپلىرىگە بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ، ھەتتا قارا بوسۇق بىلەن خوجىنىياز پالگاننىڭمۇ ئىشىنىپ قالغانلىقى ھەممىدىن قاتتىقراق ئەلەم قىلاتتى. ئاخىر، تۆمۈرخەلپە سەيپۇڭ توختى بىلەن يۈزتۇرا سۆزلىشىپمۇ كۆردى. ئەمما ئۇ، مىڭ يەردىن قەسەم ئىچىپ، ئۆزەككە سۇ يۇقمىغاندەك ھېچقايسى گەپنى بويىنىغا ئالمىدى. بەش يۈز يىلقا، ئىككى يۈز تۆگە مەسىلىسىگە كەلگەندە، «تىرىككىمۇ پۇل كېرەك، ئۆلۈككىمۇ پۇل، ئۇنداق بولمىسا، نىمىشقا جاندىن كېچىپ بۇ يېغىلىقنى قىلىۋاتىمىز. مەن ئۇنچىلىكنى ئالغان بولسام، قالغىنى تۇرۇپتۇغۇ! ئىككى چىلەك ئالغانغا دەريانىڭ سۈيى تۈگەپ كېتەمتى» دەپ بېزىرىپ تۇرۇۋالدى. تۆمۈرخەلپە ئاچچىغىدا چىدىماي «ھەي توختى، ھەي توختى! سەن نىمە قىلاي دەيسەن؟ شۇنچە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قانلىرى مۇشۇنداق ئىشلار ئۈچۈن ئاققانمىدى، مەن باشتا ساڭا ئەجەپ ئىشىنىپ كېتىپتىمەن، ھەممە گۇنا ئۆزۈمدە» دەپ بارمىقىنى چىشلەپ ئۆزىگە كايىپتى. ئەمما، سەپەرقۇل ئېيتقاندەك، بەدەنگە چىققان بۇكۆيدۈرگىنى ۋاقتىدا داغلىۋەتمىسە، ئاقىۋىتى يامان بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بۇ ئىشقا پەقەت قولى بارمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنىسى شاكىرنىڭ تۇرپاندىن ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلىرىمۇ، تۆمۈرخەلپىنىڭ كۆڭلىنى پەرىشان قىلماقتا ئىدى. شاكىرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ، تۇرپاندىكى مۆيدىن خەلپىنىڭ ئۆيىدە

ھېلىقى گامازا تۇڭگان بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. گامازا تۇڭگان ئۇرۇمچىدىكى بىرمۇنچە ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ: يۇەن شىكەي جۇڭخۇا مىنگو ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمىتى نامىدىن شىنجاڭدىكى ۋاڭ-گۇڭلارنىڭ بارلىق ئىمتىيازلىرىنى ساقلاش، ئۇلارنى قوغداش توغرىسىدا ياڭ جاڭجۇڭغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ياڭ جاڭجۇڭ شامەخسۇتنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، نۇرغۇن چېرىك توپلاۋېتىپتۇ. دېمەك، شامەخسۇتنى ئۆرۈۋەتكەن تەقدىردىمۇ، ۋاڭلىق تۈزۈم يەنىلا ساقلىنىپ قالىدىكەن. شامەخسۇت تەختتىن چۈشسە، ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى ۋاڭ بولىدىكەن. شۇڭا، «بۇ قانداق گەپ بولدى؟ — دەپ بىئارام بولاتتى تۆمۈر خەلپە. — مەن ئۇرۇمچىدىكى چاغدا، گامازا تۇڭگاننىڭ ئۆيىدە كۆرۈشكەن ھېلىقى ئادەم: جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلسا، خانلىق تۈگەيدۇ، بىرخان ئۆلسە، ئورنىغا ئوغلى خان بولىدىغان ئىشلار قالمايدۇ، ۋاڭلارمۇ شۇنداق بولىدۇ دېمىگەنمىدى؟ ئەمدى ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولماي قالدىغۇ؟ بۇ جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئىككى يۈزى بارمۇ نېمە، ئىچكىرىگە بىرخىل، بىزگە بىرخىل قارايدىغان؟! شۇ ئادەم ھازىر نەدىكىن، بۇنى بىرسوراپ باقسام بولاتتى!»

تۆمۈرخەلپە ئەنە شۇنداق كۆڭۈل پەرىشانلىقى بىلەن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرغان كۈنلەردە، ياڭ جاڭجۇڭنىڭ شەخسىي ۋەكىلى جاڭ سەيتىڭ قۇمۇلغا كېلىپ، دەرھال ئۆز ئىشىغا كىرىشتى. ئۇ، ئامبال بىلەن شامەخسۇتقا ياڭ جاڭجۇڭنىڭ خەتلىرىنى تاپشۇرغاندىن تاشقىرى، «جاڭجۇڭنىڭ دانىشمەنلىكى»نى بىرمۇنچە ماختاپ، تاۋقا يەنە ئەلچى چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ قېتىم ئەلچىلىككە تاللانغان يەرلىك مۆتىۋەرلەر ئىچىدە ئۆلىمالاردىن باشقا، ھەسەن بالاھاجى بىلەن شائەخمەتباي دېگەن كىشىمۇ بار ئىدى. شائەخمەتباي قۇمۇلدا يەرلىشىپ قالغان تاتار سودىگەرلىرىدىن بولۇپ، ئۆزى ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئىدى. بۇ، ئوتتۇرا بويى كەلگەن كەڭ پېشانىلىك سېرىق ساقال كىشىنى

قۇمۇل تاغلىقلىرىمۇ تونۇيتتى. چۈنكى، ھەربىلى تاغ رايونلىرىدىن
نۇرغۇن مىقداردا يۇڭ، تېرە، ئۆچكەي ئېلىپ، ئۆرۈمچىدىكى رۇس
فىرمىلىرىغا ئۆتكۈزەتتى ۋە بۇ فىرمىلاردىن گەزلىمە، قەن، شېكەر،
شام - سەرەڭگە، كىرسىن قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ، قۇمۇلغا
كەلتۈرەتتى. بۇ سودىدا شامەخسۇت، ھەسەن بالاھاجى ۋە
شائەخمەتباي بىر شىركەت بولۇپ، ئاساسىي مەبلەغ شامەخسۇتنىڭ
ئىدى. ئېنىق بىر ھۆججەتتىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ۋاڭنىڭ
يالغۇز مۇشۇ بىر شىركەتكە قويغان مەبلىغى سەككىز مىڭ يامبۇ،
ئون مىڭ سەركۇمۇش ئاقچىغا يەتكەن. تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭ
كۆتەرگەندىن باشلاپ، تاغ يوللىرى ئېتىلىپ قالغاچقا، بۇ شىركەتنىڭ
خام مال مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن،
شائەخمەتبايمۇ ھەسەن بالاھاجىغا ئوخشاشلا، قوزغىلاڭنىڭ تىنچ
يول بىلەن بىر ياقلىق قىلىنىپ، تاغ يوللىرىنىڭ ئېچىلىشىغا
تەقەززا ئىدى.

شۇ سەۋەبتىن، شائەخمەتباي ئەلچى بولۇشقا دەرھال رازىلىق
بىلدۈردى. ئەمما، خۇددى ھەسەن بالاھاجى تۇنجى قېتىم
ئەلچىلىككە چىقىدىغان چاغدا، نوشىرۋان تەيجىنىڭ باش ئەلچى
بولۇشنى تەلەپ قىلغىنىدەك، شائەخمەتبايمۇ، بۇ قېتىم ئەلچىلەر
تەركىبىگە نورۇز داموللىنىڭ كىرگۈزۈلۈشىنى ئۆتۈندى. چۈنكى،
نورۇز داموللىنىڭ «مەھكىمەئى شەرئىيە»دە مۇقىم ۋەزىپىسى
بولمىسىمۇ، ئۇزۇن يىللىق مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن
شاگىرت يېتىشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىلىم - ئەخلاقى بىلەن خەلق
ئىچىدە يۇقىرى ئابرويغا ئېرىشكەنلىكىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى.
ئۇنىڭ پىكىرىچە، تۆمۈر خەلپىگە پەقەت مۇشۇ ئادەملا تەسىر
كۆرسىتەلىشى مۇمكىن ئىدى.

مۇپەتتىش جاڭ سەيتنىڭ شائەخمەتباينىڭ بۇ ئىزاھلىرىنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەكلىۋىگە دەرھال قوشۇلدى. بىراق،
نورۇز داموللا ھاشىر تەيجىنىڭ سۈيىقەستى بىلەن خېلىدىن بېرى

زىنداندا ياتاتتى. شامەخسۇت ۋاڭ مۇپەتتىش جاڭ سەيتىڭنىڭ گېپىنى يېرالماي، نورۇز داموللىنى زىنداندىن چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى ۋە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈردى.

— چىڭ گاڭ غوجامنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت، — دېدى نورۇز داموللا، مەغرۇر قىياپەتتە، — ئەپسۇسكى، تاغدىكى قېرىنداشلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قولۇڭلاردىكى ياراقنى تاشلاپ، ياڭ جاڭجۈڭغا ئەل بولۇڭلار دېيىشكە مېنىڭ تىلىم بارمايدۇ.

— ئۇنداق دېمىسىلە داموللام! چىڭ گاڭ غوجام بىلەن ياڭ جاڭجۈڭغا خىزمەت قىلىش — بىز پۇقرالارنىڭ زىممىمىزدىكى قەرز، — دېدى شائەخلەتباي سەل جىددىيلىشىپ.

— ئۆتكەن ئۇلۇغلار: كىمكى ئۆز خەلقىنىڭ دۈشمىنىگە خىزمەت قىلسا، ئۇ رەھمەت ئورنىغا لەنەت ئالىدۇ، دېگەن. مېنى بۇ ئىشقا زورلىمىسىلا، باي!

— بۇ قانداق گەپ؟ بىز خىزمەت قىلساق، ئۆز پاشايىمىزغا قىلىمىز ئەمەسمۇ؟

— توغرا دەيدىلا، ئەمما، شەيخ سەئدى رەھمەتۇللائەلەيھى مۇنداق دېگەن: «پادىشالارغا خىزمەت قىلىشنىڭ ئىككى تەرىپى بار، بىرى — قوساق تويدۇرۇش، ئىككىنچىسى — ئۆلۈم!» ھالبۇكى، ھازىر مېنىڭدە قوساق تويدۇرۇش تاماسى يوق. يەيدىغىنىمنى يېدىم، ئىچىدىغىنىمنى ئىچتىم. ئەمدى ئۆز نەپسىم ئۈچۈن ئۆز قېرىنداشلىرىمنى ئۆز تىلىم بىلەن باغلاپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن.

— ئۇنداق بولسا، سىزگە ئۆلۈم جايىز بولۇپ قالدى، — دېدى شامەخسۇت ساقىلىنى سىقىملاپ.

— شۇنداق تەقسىر. شەيخ سەئدى ھەزرەتلىرى يەنە «ئەگەر ئابىھاياتنى ئابرۇيىغا ساتىدىغان بولسا، ئەقىللىق كىشىلەر ئۇنى ئالمايدۇ. چۈنكى پەسكەشلىك ۋە ھاقارەت بىلەن ياشىغاندىن، ئىززەت ۋە ئابرۇي بىلەن ئۆلگەن ياخشى» دېگەن ئىدى.

سورۇننى جىمجىتلىق باستى. شامەخسۇت ۋاڭنىڭ كۆزلىرى

چانغىدىن چىقىپ كېتەي دېدى، ھاشىرتەيجى نورۇز داموللىغا ئاستىرتتىن ئالىيىپ ئولتۇراتتى. شائەخمەتباي خىجىل بولۇپ قالغاندەك يەرگە قارىۋالدى. تۆگچى ئارقىلىق ھەممە گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان مۇپەتتىش نورۇز داموللىغا دىققەت بىلەن قاراپ «تووۋا، بۇ ياۋايى خەق ئىچىدە مۇنداق ئادەملەرمۇ بار ئىكەن. بۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن. تۆمۈردىگەن ئىسيانچىمۇ شۇنداق بولسا كېرەك. ئەگەر بۇ خەقنىڭ ھەممىسى، ھەتتا يېرىمى مۇشۇ ئادەملەردەك بولۇپ كەتسە، ئۇلارنى كىم بوي سۇندۇرالايدۇ؟ ياق، بۇنداقلارنىڭ بىرسىنىمۇ تىرىك قويماسلىق كېرەك» دەپ ئويلاپ ئولتۇراتتى.

شامەخسۇت ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، «مىرغەزەپ!» ① دەپ ۋاقىرىدى. مۇپەتتىش جاڭ سەيتىڭ: «سەۋرى قىلىشلىرىنى سورايمەن. ھازىرچە ئۇنىڭ لازىمى بار، كېيىن ئۆلتۈرسەكمۇ كېچىككەن بولمايمىز» دەپ توسۇپ قويدى.

نورۇز داموللا يەنە زىندانغا تاشلاندى.

تۆمۈر خەلپە بۇ قېتىم شائەخمەتباي باشچىلىغىدىكى ئەلچىلەرنى شەخسەن ئۆزى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، سۆھبەتتىن ھېچقانچە نەتىجە چىقمىدى. تۆمۈر خەلپە: «شامەخسۇت ۋاڭنىڭ جاساق تۈزۈمى بىكار قىلىنسۇن، بىزمۇ باشقا مىللەتلەر بىلەن تەڭ ھوقۇقتا ياشايدىغان بولۇشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، سوقۇشقىنىمىز سوقۇشقان» دەپ تۇرۇۋالدى ۋە پەقەت ئەلچىلەرنىڭ «سودىگەرلەر ئون ئىككى تاغنىڭ قايسىسىغا چىقسا، بۇنىڭغا يول بەر سەڭلار» دىگەن بىرلا تەلىۋىگە دەرھال رازىلىق بىلدۈردى، «بىز شۇ كەمگىچە ھېچكىمنىڭ يولىنى توسقىنىمىز يوق. يولنى توسقانلار ۋاڭنىڭ ئادەملىرى» دىدى تۆمۈر خەلپە.

ئەمەلىيەتتە، بۇ مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشكەنلىكىدىن

① مىرغەزەپ — گۇناكارلارنى جازالىغۇچى جاللات بېشى.

تۆمۈر خەلپە ناھايىتى خوشال ئىدى. چۈنكى، بۇ كۈنلەردە قوزغىلاڭچىلار ئاشلىق ۋە باشقا لازىمەتلىكلەردىن قىسىلىپ تۇراتتى. شەھەر ۋە يېزىلاردىن كېلىپ قوشۇلغانلارمۇ ئائىلە ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن خەۋەرلىشەلمەي قالغان ئىدى.

ئەلچىلەر قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندا، مۇپەتتىش جاڭ سەيتىنىڭ خوشال بولۇپ كەتتى، ئۇ: بۇ ياخشى باشلىنىش بوپتۇ. سىلەردە مۇسۇلمانچىلىق ئاستا-ئاستا دېگەن ماقال بارلىغىنى ئاڭلىدىم. بۇ، كالا ھارۋىسىدا توشقان تۇتۇش دېگەن گەپكە بىر ئاز ئوخشايدىكەن. ھازىرچە، شۇنچىلىك يۇمشىغان بولسا، بۇنى جاڭجۇڭ جاناپلىرىغا دەرھال مەلۇم قىلىش كېرەك، — دېدى. شامەخسۇت ۋاڭمۇ رازى بولدى.

تاغ يوللىرىنىڭ ئېچىلغانلىقى سودىگەرلەردىنمۇ تولاراق دېخانلارنى خوشال قىلدى. چۈنكى ئۇلار تاغدىكى قېرىنداشلىرىغا ئەۋەتىدىغان سوغا-سالاملىرىنى بۇ كەمگىچە ناھايىتى تەسلىكتە، ھەتتا جاندىن كېچىپ تۇرۇپ، ئاران-ئاران يەتكۈزۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇلار «ئەمدىغۇ ھاشىر تەيجىنىڭ ئادەملىرى تاغ تەرەپكە نىمىشقا قارىدىڭ دەپ، قامچا بىلەن ساۋاپ يۈرمەس» دېيىشەتتى.

قوغۇن-تاۋۇز پىشىش بىلەن بەزى دېخانلار يوغان سۆكەن، بەزىلىرى تاغار ئارتىلغان ئېشەكلىرىنى ھەيدەپ تاققا مېڭىشتى، تۆمۈر خەلپىنىڭ يۇرتى «بوغاز» كەنتىدىكى دېخانلار ئون كالا ھارۋىسىدا قوغۇن چىقاردى. يىگىتلەر بۇ قوغۇنلارنى ھارۋىدىن چۈشۈرۈۋاتقاندا، قاسىم قىزىق بىرلا سەكرەپ، ھارۋىنىڭ شوتىسىغا چىقىۋالدى-دە، ئۇلارغا ياردەملىشىۋېتىپ:

خەمەكتۇر، خەمەكتۇر،
خەمەك ئوتتۇز پىلەكتۇر.
ھەر خەمەكنىڭ تەمىلى
بىر بىرىدىن بۆلەكتۇر.

دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى. ئەتراپتىكى يىگىتلەرنىڭ بىرى «ھە، تەمشىلىمۇ قوشۇپ ئېيتمامسەن» دېدى. قاسىم قىزىق بىر قوشاقنى قولغا ئېلىۋېلىپ، گەپ باشلىدى:

— ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، قوشاقنى يالغۇز يېمەڭلار، زىدە قوغۇن — ئۇششاقنىڭ، تاۋۇز دېگەن سېپىگەكنىڭ، قارا كاۋا — ئۇساغاقنىڭ، چاقوغۇن — ئوغرىنىڭ، چىلگە دېگەن بەزگەكنىڭ، بېشىكشىن — قارنى يامانىنىڭ، قارىقاش — چىرايلىقنىڭ، كۆكچى — نوچىنىڭ، بېسىۋالدى — پوچىنىڭ، شېكەر سۈيى — خېنىمنىڭ، ئاقناۋات — جېنىمنىڭ، قوتۇر كۆكچى — ئەخمەقنىڭ، پوستى پىياز — قاساپنىڭ، ئۈمبە - دۈمبە - كاززاپنىڭ...

— خەمەكتۇر - خەمەكتۇر، خەمەك ئوتتۇز پىلەكتۇر دېگەننىڭ قېنى، ئوتتۇزغا توشقۇزالمىدىڭغۇ، — دېدى ئاپتاپتا كۆيۈپ، قارىداپ كەتكەن ئەنسارى چاقچاق قىلىپ.

قاسىم قىزدى: «كەم يېرىنى سەن توشقۇز، ھەي ئەنسارى قارا قوڭغۇز» دەپ ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

چوڭلار ئارىسىدا قاراپ تۇرغان تۆمۈر خەلپىمۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

بىراق، بۇ كۈلكە ئۇزۇنغا بارماي قايغۇغا ئايلاندى.

## 2

ھەسەت — داۋاسىز دەرت
ئۇ بىر ئوتتۇركى، لاۋۇلداپ
يانغاندا، ھۆل - قۇرۇقنى تەڭلا كۆيدۈرەر.

— «كەلىلە - دەمنە» دىن

بۇ كۈنلەردە، سەيپۇڭ توختى قولغىغا گەپ خوشياقمايدىغان، گېلىدىن غىزا ئۆتمەيدىغان، كېچىلىرى ئۇخلىيالماي، يىسلاندەك

تولغىنىدىغان بولۇپ قىلىشۋاتاتتى. ئۇنىڭ سوزۇنچاق كەلگەن سىدام يۈزى كۈندىن-كۈنگە سارغىيىپ، پاكا، رەڭگى گەۋدىسى تېخىمۇ كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىگە بولسا، كىمدۇ بىرسى يۈرىكىنى چىمداۋاتقاندەك ياكى ئۆمۈچۈككە ئوخشىغان بىر نەمە ئىچىگە كىرىۋېلىپ، يۈرەك-باغرىنى قاملاپ ئالغاندەك سېزىلەتتى. تۆمۈر خەلپىنى ھەر كۆرگەندە، ئۇچىيى ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ، رەڭگى ئۆڭۈپ كېتەتتى-دە، كىمدۇ بىرسى ئۇنىڭ قۇلىقىغا «چاپسان بول! نېمىنى كۈتۈپ تۇرىسەن؟ ئەمدى پۇرسەتنى ئۆتكۈزىۋەتسەڭ، كېيىنكى پۇشايمان ئۆزەڭگە دۇشمەن بولۇپ قالمىغاي» دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

سەيپۇڭ توختى ئاخىر چىدىمىدى. ئۇ، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئەتە تۆرۈك تەرەپكە بارماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، تاڭ سەھەردە ھېچكىمگە كۆرۈنمەي، تۆرۈك يولىدىكى قىيلىن ئازغانلىقتا پۇشۇرۇندى.

چاشكا ۋاقتىدا، قورلىيدىن تۆرۈككە كېلىۋاتقان ئۈچ ئاتلىق كۆرۈندى. ئوتتۇرىدا كۆك بوز ئاتقا مىنگەن تۆمۈر خەلپە، ئوڭدا قارا تورۇققا مىنگەن خوجىنىياز پالگان، سولدا جەدە قاشقىنىغا مىنگەن ئامانقۇل بىر ھارۋا ماڭغۇدەك شىغىرتما يولدا① يانمۇ-يان كېلىشۋاتاتتى. تۆمۈر خەلپە نەزىرىنى يىراقلارغا تاشلاپ، قاچاندۇ بىر چاغلاردا ئاڭلىغان ھېكايىسىنى ئېيتىۋاتاتتى، ئامانقۇل بىلەن خوجىنىياز پالگان ئېگەرگە قىڭغىر ئولتۇرۇۋېلىپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ھېكايە ئاڭلايتتى.

ئۇلار ئازغانلىققا يېقىنلاشقاندا، بىر توپ چىل «پۇر» قىلىپ ھاۋاغا كۆتىرىلدى، ئاتلار قاتتىق ئۈركۈپ كەتتى. ئامانقۇلنىڭ جەدە قاشقىسى ئوڭغا بۇرۇلۇپ، كۆك بوز ئات بىلەن ئۈسۈشۈپ قالدى. دەل شۇچاغدا، سەيپۇڭ توختىنىڭ تىترەپ تۇرغان قولى مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋەتتى. ئوق ئامانقۇلنىڭ

① قوم-شېغىل ئارىلىشىپ كەلگەن، قۇمى جىقراق يول.

سول مۇرىسىنى جىراپ تۆمۈر خەلپىنىڭ ئوڭ كۆكرىگى بىلەن قولتۇغىنى بۆسۈۋەتتى. سەيپۇڭ توختى ئىككىنچى ئوقنى ئاتماقچى بولۇپ، مىلتىقنىڭ چاقمىقىنى قايرىدى. بىراق قولى تىترەپ قايرىيالمىدى. ئۇ، ئەس - ھۇشىنى يوقاتقان ھالدا، مىلتىقنى تاشلاپ قاچتى. خوجىنىياز پالگان دەرھال مىلتىقنى ئوقلاپ ئاتماقچى بولغاندا، تۆمۈر خەلپە «ئاتما!» دېدى كۆك بوز ئاتنىڭ يايلىغا يېتىپ تۇرۇپ، ئامانقۇل جەدە قاشقا بىلەن بوراندەك بېرىپ، سەيپۇڭ توختىنىڭ ئالدىنى توستى؛ خوجىنىياز پالگان يېتىپ كېلىپ، مىلتىقنىڭ پاينىگى بىلەن گەجگىسىگە بىرنى سالدى، سەيپۇڭ توختى دۈم چۈشتى.

شۇ كۈنى چۈش ۋاقتىغا قالماي، بۇ ۋەقە ھەممىگە پۇر كەتتى. يىغىلغان ئادەملەر سەيپۇڭ توختى سولاقلىق ئۆينىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. تورپاق ئۆز غوجا ئەمەت، ئەنسارى، قاسىم قىزىق باشلىق قوراللىق يىگىتلەر تۆمۈر خەلپىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ھېچكىمنى بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىگە يېقىن كەلتۈرمەيتتى. بەزىلەر: «بۇ قانداق گەپ؟ ئۇنى نىمىشقا ساقلايسىلەر؟» دېسە، بەزىلەر «بۇ مۇرتەتنى تىرىك قويماقچىمۇ سىلەر؟» دەپ ۋاقىرايتتى.

— ئۇنى چىقىرىپ بېرىڭلار، چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز! — دەپ ۋاقىرىدى ھۆسنارىخان.

— توغرا، توغرا! — دېيىشتى كۆپچىلىك ئىشىككە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ.

— گېپىڭلار بولسا، خەلپەمگە ئېيتىڭلار. بىز بۇيرۇقنى ئادا قىلغۇچى، — دېدى ئۆز غوجا ئەمەت ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

شۇنىڭدىن كېيىن، خەلق توپى تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى.

تۆمۈر خەلپە مېھمانخانىسىدا، يەلكىسى تېڭىلغان ھالدا ياستۇققا يۆلىنىپ ياتاتتى. بىر تال چېچى يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان كىچىككىنە باست دادىسىنىڭ يېنىدا مۆكۈلىنىپ ئولتۇراتتى. نۇرۇل

بۇۋا باشلىق چوڭلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شۇ يەردە ئىدى. نېرىقى ئۆيدە رەۋىخان موماي كۆز يېشىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، زورىخانغا «سەۋرى قىلسىلا ئوكام، ھىلىمۇ خۇدايىم ساقلاپتۇ» دەپ كۆڭۈل ئېيتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئايىقىز ئايىنۇر بىلەن مەستۈرىنىڭ باشلىرىنى سىلاپ جىم ئولتۇراتتى.

تالادا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆچىيىپ كەتتى. سەپەر قول بىلەن قارا بوسوق تالاغا چىققاندا، غەزەپلەنگەن خەلق بايىقى گەپلەرنى تەكرارلاپ، مۇشتلىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتاتتى. بۇ گەپلەر تۆمۈر خەلپىگىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۆمۈر خەلپە نۇرۇل بوۋىغا مۇنداق دېدى:

— نۇرۇل ئاكا: ئۆزلە چىقىپ ئەل - جامائەتكە گەپ قىلسىلا. بۇنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ تەقدىرى. مېنىڭ ئۈچۈن توختاخۇننى جازالاشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولامدۇ؟ مەن ئۇنىڭ گۇنايىدىن ئۆتتۈم. ئەل - جامائەت مېنى رازى بولسۇن دېسە، بۇ پەيلىدىن يانسۇن! جازاسىنى خۇدايىم ئۆزى بېرەر!

تۆمۈر خەلپە شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش تېمىپ كەتتى. نۇرۇل بوۋا ئۇنىڭغا خېلىغىچە قاراپ تۇردى.

— رەھىمدىللىقنىڭ ھەممىسىنى خۇدايىم ساڭىلا بەرگەنمۇ تۆمۈر ئاكا؟ — دېدى ئامانتۇل، ئۆزىنىڭ تېڭىقلىق يارىسىنى سىلاپ.

# يىگىرمە يەتتىنچى باپ

# قاپقان

دۈشمەن چوڭ ھىيلىلەردىن ئاجىز قالغان چاغدىلا، دوستلۇق زەنجىرىنى قىمىرلىتىدۇ. ئاندىن دوستلۇق سۈرىتى بىلەن شۇنداق ئىشلارنى قىلىدۇكى، ھېچقانداق دۈشمەن ئۇنى قىلىشقا قادىر بولماس.

— شەيخ سەئدى

## 1

تۆمۈر خەلپىنىڭ يارىلىنىپ يېتىپ قېلىشى بىلەن قوزغىلاڭچىلار خۇددى سەركىسىز قالغان پادىغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يارىسى سوزۇلغانسېرى، بۇ ئەھۋال تېخىمۇ ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. قارا بوسۇق بىلەن خوجىنىياز پالگان تۆمۈر خەلپىنىڭ ساقىيىشىنى كۈتمەيلا، شەھەرگە ھۇجۇم باشلاشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئېلى

پالگان بىلەن سەپەرقۇل ۋە ئامانقۇللار بولسا، «خەلپەم ساقايسۇن، سەركىسى بولمىغان پادا يولدىن ئاسان ئازىدۇ» دەپ بۇ پىكىرگە قوشۇلمايتتى. شۇ ۋەجىدىن قارا بوسۇق بىلەن ئىبلى پالگان پات - پاتلا گەپ تالىشىپ، ھەتتا قىزىرىشىپ قالاتتى. شۇنداق چاغلاردا، ئىبلى پالگان قىزىرىپ كەتكەن كىچىككىنە ناسۋال قاپىقىنى قولىغا ئالاتتى - دە، بىر چىكىم ناسنى چىكىۋېلىپ جىم ئولتۇرۇۋالاتتى. ئەگەر ئىبلى پالگانىمۇ «گەپكە گەپ كەلگەندە، ئاتاڭدىن قالما» دەيدىغان بولسا، قارا بوسۇق تىغ كۆتىرىپ قوپۇشتىن يانمايتتى.

شۇنداق تالاش - تارتىشلار بولۇۋاتقان سورۇننىڭ بىرىدە، قارا بوسۇق غاڭزىسىنى شوراپ تۇرۇپ: «خەلپەمنى يېتىپ قالدى دەپ، قاچانغىچە تۇرىمىز؟ توخۇ چىللىمىسىمۇ تاڭ ئېتىۋېرىدۇ. خەلپەم بولمىسا، مانا مەن بار» دەپ تاشلىدى.

— مېنى خەلپە قىلىپ تىكلەڭلەر دىمەكچىمۇ؟ — دىدى ئامانقۇل ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ.

— ھاي، سەن جىم تۇر، — دىدى سەپەرقۇل ئوغلىنى دۈشكەللەپ، — خەلپەم تېخى ھايات. بۇ ئىشلارنى خەلپەمنىڭ ئۆزىگە قويايلى.

2

تۆمۈر خەلپە تاغ تېرەكلىرىنىڭ سارغىيىۋاتقان يوپۇرماق- لىرىغا پەنجىرىدىن قاراپ ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قەغەز تۈتقان سول قولى سەل تىترىگەندەك كۆرۈنەتتى. بۇ قەغەز مۇپەتتىش جاڭ سەيتىڭ بىلەن ئامبال بەي ۋىنچاۋنىڭ تۆمۈردىن ھال سوراپ يازغان خېتى بولۇپ، خەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دىيىلگەن ئىدى:

«سىزگە خۇدا شىپالىق بەرسۇن. سىز قۇمۇل خەلقى ئىچىدىن چىققان بىر

ئاقىل، قەھرىمان ئادەمسىز، تارىختىن بۇيان، ئاقىل ۋە قەھرىمانلارنىڭ بېشىغا كۆپ كۈلپەتلەر كەلگەن. ئۇلارغا ئۆزدىنمۇ، ياتتىنمۇ كۆپ ئازارلار يەتكەن. خۇسۇسەن، سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىكى ئادەملەرنىڭ نادان بولغانلىقى سىزگە مۇندىن كېيىنمۇ جىق ئەلەم - ھەسرەتلەرنى كەلتۈرىدۇ. بۇ قېتىم سىزگە يەتكەن كۆڭۈلسىزلىكنى ئاڭلاپ، ناھايىتى پەرىشان بولدۇق، جاڭجۇڭ جاناپلىرىمۇ سىزدىن ھال سوراپ دېيەنىباۋ ئەۋەتتى. بىزنىڭ مەسلىھەتىمىز شۇكى، ئۇنداق نادان ئادەملەر بىلەن ئاۋارە بولماي تېزرەك سولھىگە كېلىڭ، سىزنى شامەخسۇت ۋاڭ بىلەن ياراشتۇرۇپ قويايلى. بىزنىڭ جاڭجۇڭ جاناپلىرى نامىدىن ئەۋەتكەن سوغاتلىرىمىزنى قوبۇل قىلغايسىز.»

— ھەي توختى، ھەي توختى، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، كۆپكىمۇ قىلدىڭ، — دەپ ئويلايتتى تۆمۈر خەلپە، — مانا كۆرۈۋاتامسەن؟ دۈشمەنلىرىمىز نىمىلەرنى دەۋاتىدۇ، دوستلىرىمىز نىمە كويلارغا چۈشۈۋاتىدۇ؟ مېنى ئۆلتۈرۈپ نىمە پايدا تاپماقچى بولغىيدىڭ؟ سېنىڭ تاپقىنىڭ دۈشمەنگە كۈلكە، دوستلارغا قايغۇ بولدىغۇ؟ مەن ئۆلسەمغۇ مەيلى. شۇنچە شېھىتلىرىمىزنىڭ قېنى بىكارغا كەتسە، مەھشەر كۈنى خۇدانىڭ ئالدىدا نىمە دەرمەن؟

ئاندىن تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭ باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا ھېلىقى خەتنى ئوقۇپ بەردى ۋە مۇنداق دېدى:

— كۆرۈۋاتامسىلەر، دۈشمەنلەر بىزگە قانداق تۇزاق قويۇۋاتىدۇ. «سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىكى ئادەملەرنىڭ نادان بولغانلىقى سىزگە مۇندىن كېيىنمۇ جىق ئەلەم - ھەسرەتلەرنى كەلتۈرىدۇ... سىزنى شامەخسۇت ۋاڭ بىلەن ياراشتۇرۇپ قويايلى!» دېگىنىنى قارىمامدىغان. ئەمدى ئۇلار بىزنى پارچىلاپ تۇرۇپ يەۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. شۇنداق بولۇۋاتقاندا، بىز بىر ياقىدىن باش چىقىرالمىساق، ئاقىۋىتىمىز نىمە بولىدۇ؟ بىر قىسىمىڭلار شەھەرگە دەرھال تېگىش لازىم دەيسىلەر، توغرا، مەنمۇ شۇنداق خىيال قىلىمەن. ئەمما، ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا ئۈچ يىڭ چېرىك كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايلى. ھازىر ئالدى تەرىپىمىزدە ھاپىز يىڭجاڭ بىلەن نىياز يىڭجاڭنىڭ ئالتە يۈز چېرىگى ئاستانە بىلەن توغۇچىدا

بىزنى ماراپ يېتىپتۇ. ئارقا تەرىپىمىزدە مايىڭجاڭنىڭ تۆت يۈز چېرىگى تاشۋىلىقىتا قىلىچىنى بىلەپ تۇرۇپتۇ. خوش، شۇنداق ۋاقىتتا، قۇمۇلغا تەگسەك ئاخىرى نىمە بولىدۇ؟

— ئۇنداق بولسا، تاققا سولىنىپ ياتقىمىدەكمىز - دە، — دېدى قارا بوسۇق نارازى بولغان بىر قىياپەتتە.

— ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس، — دېدى تۆمۈر خەلپە ۋەزمىنلىك بىلەن.

قاپىقىنى سىلىپ ئولتۇرغان خوجىنىياز پالگان گەپ قىستۇرۇپ:

— دۈشمەنلەرنى جىق دەۋاتامدىلا؟ چيەن دارىننىڭ چېرىگىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى! — دېدى.

— ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا دەپتىكەن، — دېدى تۆمۈر خەلپە، — هەر ئىشنىڭ پەيتى بار، باتۇرلۇقنىڭمۇ ۋاقتى. هاپىز يىڭجاڭ بىلەن نىياز يىڭجاڭنىڭ چېرىكلىرى بىر خەقتىن ئىمىش. مايىڭجاڭنىڭ چېرىگىنى ئېرىق تۇنگان دەيدۇ. مۇبادا ئۇرۇش بولۇپ قالسا، مۇسۇلمان مۇسۇلماننى قىرىدىغان ئىش بولغىدەك، ئۇلارنىڭ بىز تەرەپكە ئۆتۈشى ناتايىن.

بۇ گەپلەردىن كېيىن، قارا بوسۇق بىلەن خوجىنىياز پالگان سەل بوشىشىپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى قارا بوسۇق.

— بىزنىڭ ئون ئىككى تېغىمىز بار. بۇ، تاشتىن قوپۇرۇلغان ئون ئىككى قورغان. دۈشمەنلەر هىچقاچان تاققا ئۇسۇشكە پېتىنالمايدۇ. بىر زامان مۇشۇنداق ئۆتۈپ تۇرساق، قالغىنى ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بىر نىمە بولار، — دېدى تۆمۈر خەلپە، هەممىگە تەكشى قاراپ.

## 3

مۇپەتتىش جاڭ سەيتىڭ ياڭ جاڭجۈڭنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن،

قومۇل ئەھۋالىنى تەپسىلى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۆز ئىچىدە ئىختىلاپ چىققانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ، تۆمۈرنىڭ يەنىلا تەن بەرمەي، سۆھبەتنى قاتتىق ھالەتتە چۇشۇرۇپ قويغانلىقىنى، ئەمدى تىغ ئىشلەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئۆز گېپىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ ئېيتتى.

ياڭ جاڭجۈڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، بىردەم جىم ئولتۇردى ـ دە:

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، تۆمۈر تەقۋادار ئادەم ئىمىشقۇ، بۇ راستمۇ؟ — دېدى.

— ئۇنىڭ خەلپە دەپ ئاتىلىشى ۋە سەيپۇڭ توختىنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىمۇ شۇنىڭدىن دالالەت بەرسە كېرەك، — دېدى مۇپەتتىش.

— ياخشى، — دېدى ياڭ جاڭجۈڭ، — ئۇنداق بولسا، بىر قىلىچنىڭ ئورنىغا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان قۇرئاندىن پايدىلىنىپ كۆرسەك بولىدىكەن. مېنىڭ ئۇقۇشۇمچە، مۇسۇلمانلار قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچكەننى ھەرقانداق ھۆكۈمنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى قىلىدىكەن. بۇ، بىر ئۈچۈن ياخشى ۋاستە. ئەمدى مەن شۇنداق بىر ئىش قىلايكى، يا تۆمۈر ماڭا ئەل بولسۇن، ياكى ئۆزىنىڭ جاھىللىقىدا تۇرۇپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا خۇداسىنىڭ دەرگاھىغا كېتىدىغان بولسۇن.

شۇنىڭدىن كېيىن، ياڭ جاڭجۈڭ گۇچۇڭدىكى مۇسۇلمان باتالىيونىنىڭ كوماندىرى لى شۇفۇنى دەرھال ئۈرۈمچىگە چاقىرتتى.

لى شۇفۇ تۇرپاندا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى سۇدەك بىلەتتى؛ دىنىي مەكتەپتىمۇ قۇرئان خەتمىسىگىچە ئوقۇغانلىقتىن، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەھكاملىرىدىن ئوتتۇرا مەلۇماتقا ئىگە ئىدى. دادىسى ئۇنى ئەمەلدار قىلىش نىيىتىدە خەنزۇچە شۇ تاڭ (مەكتەپ) دىمۇ ئوقۇتقان ئىدى. لى شۇفۇ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان يىللاردا، ھەربىي خىزمەتتىكى بىر يېقىن تۇققىنىنىڭ يار-

دىمى بىلەن ئۇرۇمچىگە كېلىپ، مەلۇم زامان ھەربى تەلىم كۆرگەچ، پەيجاڭلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. 1911 - يىلىنىڭ ئاخىرى، يۈەن داخۇا ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا لەشكەر تارتقاندا، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، خىزمەت كۆرسەتكىنى ئۈچۈن، لەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى. ساقال - بۇرۇت قويۇۋالغان بۇ خۇشپىچىم، ئىككى تىللىق، سۆزمەن ئادەمنى ياڭ جاڭجۇڭ ئۆزىنىڭ كېلىچەك پىلانلىرى ئۈچۈن راسا باپ كېلىدىغان كىشى دەپ ئويلاپ، ئۇيغۇر - مۇسۇلمان باتالىيونلىرى تەشكىل قىلىنغان چاغدا باتالىيون كوماندىرى (يىڭجاڭ) قىلىپ ئۆستۈرگەن ۋە شۇندىن بۇيان، ئۇ، ياڭ جاڭجۇڭنىڭ سادىق كىشىسى بولۇپ قالغان ئىدى.

ياڭ جاڭجۇڭ ئۆزىنىڭ يوغان ئىش ئۈستىلىدىن ئىككى قەدەم يىراقلىقتا ئەدەپ بىلەن تىك تۇرغان لى شۇفۇنى مۇپەتتىش جاڭ سەيتىڭنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ، سورىدى:

— قۇرئاننى ياتقا ئوقۇشنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن.

— مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇش قائىدىلىرىنىچۇ؟

— ئۆزۈممۇ ناماز ئوقۇپ تۇرىمەن.

— ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت، قائىدە يوسۇن، مىجەز - خۇلقىنىچۇ؟

— مەن شۇلارنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولغان.

— ياخشى، — دېدى ياڭ جاڭجۇڭ. ئاندىن، ھازىرقى ۋەزىيەت بىلەن ئۇنى چاقىرتىپ كېلىشتىكى مەقسەتنى تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ مۇنداق دېدى: «سىز تۆمۈر ئىسيانىنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن باستۇرۇشتا مېنىڭ ئاخىرقى كۆزىرىم بولىسىز. بۇ كۆزىرنىڭ قىممىتى ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىشنى قانچىلىك بىلىش بىلەن ئۆلچىنىدۇ، ئەگەر قۇرئاننىڭ ۋاستىسى بىلەن تۆمۈرنى ماڭا ئىشەندۈرۈپ، ئۈرۈمچىگە كەلتۈرەلىسىڭىز، ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن

قان تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مېنى بىر مۇنچە ئاۋارىگەرچىلىكتىن خالاس قىلغان بولسىز. مەن سىزنى بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ دەپ ئىشىنەن. ئۇ چاغدا، سىزنى يۇقۇرى مەرتىۋە ۋە پارلاق ئىستىقبال كۈتىۋالىدۇ. مۇبادا بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ ھوزۇرۇمغا كەلمەڭ، قالمىش ئىشلارنى مۇپەتتىش بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تېزرەك يولغا چىقىشىنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىڭ! تۆمۈرگە ئەۋەتىلىدىغان سوغاتلار جاڭجۇڭ يامۇلىدىن بېرىلىدۇ.»

لى شۇفۇ يول تەييارلىغىنى قىلىش جەريانىدا، مۇپەتتىش چاڭ سەيتىڭ قۇمۇل ئەھۋالىنى، ھەتتا ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ مىجەز-خۇلقلىرىغىچە ئۇنىڭغا تولۇق سۆزلەپ بەردى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، نۇرۇز داموللا توغرىسىدا كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى ئېيتىپ، «بۇ ئادەم يەنىلا جاھىللىق قىلسا، ئۇنىڭ نامىدىن تۆمۈرگە بىر پارچە خەت يازدۇرۇپ، قولىنى قويدۇرۇپ ئېلىڭ-دە، ئاندىن ئۆزىنى شامەخسۇت ۋاڭنىڭ جاللاتلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىڭ» -دېدى.

لى شۇفۇ يولغا چىقىدىغان چاغدا، ياڭ جاڭجۇڭ ئۆز نامىدىن شامەخسۇت ۋاڭ بىلەن تۆمۈر خەلىپىگە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئىككى پارچە خەتنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى. شامەخسۇت ۋاڭغا يېزىلغان خەتنە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

«خاتىرە شېرىپلىرىگە روشەندۇركى، بىز ئىككىمىز شاپتۇللۇق باغدا قەسەميات قىلىشقان ليۇگۇەنجاڭلارغا ① ئوخشاش ئاغا-ئىنى بولۇشقان ئىدۇق. بۈگۈن مەن ئىنىلىق سۈپىتىم بىلەن جاناپلىرىدىن شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى، تۆمۈر ئىسيانىنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن باستۇرۇش سىياسىتىمنى ماقۇل كۆرگەيلار، ئۇيغۇرلاردا «قوشنى دان ئالدايدۇ، ئادەمنى سۆز» دىگەن ماقال بارلىقى پېقىر ئىنىلىرىگە مەلۇم. سۆز بىلەن تۈگەتكىلى بولىدىغان دەۋاغا تىغ ئىشلىتىش ئاقىلانىلىق بولمىسا كېرەك. ئۇرۇش دىگەندە، مەغلۇپ تەرەپ، ئەلۋەتتە، كۆپ تالاپەت كۆرىدۇ، ئەمما، غالىپ تەرەپمۇ چىقىمدار بولماي قالمايدۇ. ھازىر تاشقى موڭغۇل ئوغرىلىرى قوتراۋاتقان بىر چاغدا، ھەربى كۈچىمىزنى زايا قىلماي، دۆلەت مۇداپىئەسىگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز

① بۇيەردە «ئۈچ پادىشالىق توغرىسىدا قىسسە» ناملىق رومانىنىڭ ئاساسلىق قەھرىمانلىرىدىن ليۇبېي، گۇەنيۈڭ، جاڭ فېيلار نەزەردە تۇتۇلغان.

دەركار. قۇمۇلنىڭ شىمال تاغلىرى تاشقى مۇڭغۇلغا تۇتاش، بىز تۆمۈرنى ۋاقتىدا، تىنچ يول بىلەن ئۆزىمىزگە قارىتىۋالمىساق، مۇڭغۇل ئوغرىلىرىنىڭ ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ، تېخىمۇ چوڭ ئاپەت تۇغدۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ سىڭغا يېيىلىپ كېتىشى تۇرغان گەپ. ئۇ چاغدا، بۇنى يىغىشتۇرماق بەسى مۈشكۈلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرەنلىككە تۆمۈرنىڭ بىر قىسىم مەتلۇپلىرىنى قاندۇرۇپ، بۇ قوترىغان يولۋاسنى يۇمشاق گەپلەر بىلەن قەپەزگە سولاپ ئىلىشىمغا مەدەتكار بولۇشلىرىنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن»

تۆمۈر خەلپىگە يېزىلغان خەتنىڭ مۇھىم قىسمى مۇنداق ئىدى:

«مەن سىزنىڭ ھۆكۈمەتكە ئەمەس، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلاڭ قىلغانلىقىڭىزنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتىم. مەن سىزگە ۋە سىزنىڭ ھەمراھلىرىڭىزغا ھەرگىز گۇناھ قويمايمەن. پۇقرالار زۇلۇم چەككەندە ئەلۋەتتە، دات دەيدۇ. دادىنى ئاڭلىغۇچى چىقمىسا، ياكى ئۈستى-ئۈستىگە ئادالەتسىزلىك قىلىنسا، بۇنىڭغا سەۋرى-تاقەت قىلىش مۇمكىنمۇ؟ سىز ئادالەتپەرۋەر قەھرىمان كىشى ئىكەنسىز. مەن سىزنىڭ باتۇرلۇقىڭىزغا قايىلمەن. قۇمۇل دىيارى سىزگە كىچىكلىك قىلىدۇ. مەن سىزدەك بىر قەھرىمان كىشىنىڭ يېنىمدا بولۇشىنى ناھايىتى ئارزۇ قىلىمەن. ئەگەر بۇ تەكلىۋىمنى مەقبۇل كۆرۈپ ئۈرۈمچىگە كەلسىڭىز، سىزگە چەكسىز ئىلتىپات ۋە ئىززەت-ئىكراملار كۆرسىتىلىپ، ھۆكۈمەت ئىچىدە سىزدەك قەھرىمانغا لايىق ئورۇن تەييار. كېلىڭ، بىللە ئىشلەيلى، ماڭا مۇتلەق ئىشىنىڭ. مېنىڭ ۋەدەم-ۋەدە. جانمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ، سۆزمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ. قالغان گەپلەرنى مېنىڭ شەخسى ۋەكىلىم، سىزنىڭ دىنداشىڭىز لى شۇفۇ يىڭجاڭ سىزگە ئىزھار ئەيلىگەي.»

## 4

كەچكۈزنىڭ سوغاق شامallىرى غۇرۇپ-مىسكىنلەرنىڭ چىرايىدەك سارغىيىپ كەتكەن غازاڭلارنى پەرىشان ئۇچۇرۇپ، كۆكۈلگە بىر قىسما ئەنسىزچىلىك سىڭىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، لى شۇفۇ ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن قۇمۇل دىيارىغا يېتىپ كەلدى. ئامبال بەي ۋىنچاۋ باشلىق ئەمەلدارلار بۇ مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئون چاقىرىم يەرگىچە ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇلارنى ئامبال يامۇلغا چۈشۈردى.

شۇ ئاخشىمى لى شۇفۇ ئامبال بەي ۋىنچاۋ بىلەن ئۇزۇن

پارلاشقاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— قار چۈشۈپ قالغىچە، تاققا بىر قېتىم چىقىپ كېلىشىمىز كېرەك. شۇڭا، ئەتىلا ئوردىغا كىرىپ، ياڭ جاڭجۈننىڭ مەكتۇبىنى ۋاڭغا تاپشۇراي، ئاندىن تاققا چىقىدىغان ئەلچىلەرنىڭ ئىسمىلىكىنى قارارلاشتۇرايلى. ھە، ئىپتىماقچى، ھېلىقى نورۇز داموللا دېگەن توپىلاڭچى زىنداندا قانداقراق يېتىپتۇ؟ بىرئاز يۇمشايدىغاندەكمۇ؟

— نەدىكىنى، — دېدى ئامبال، — تاغدىكى ئوغرىلار كۈچىيگەنسېرى، ئۇ تېزگىنىنى تېخىمۇ قاتتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەتىكى كۈندىن بۇيان، شەھەر ۋە يېزىلاردىن بولۇپ مىڭغا يېقىن كىشى «نورۇز داموللىنى چىقىرىپ بەرسۇن» دەپ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا كېلىشىۋالدى. ئوردا نەۋكەرلىرى مىلتىق - قىلىچلار بىلەن پوپوزا قىلىپمۇ، ھېچقانداق ئىش چىقىرالمىدى. ھازىر شامەخسۇت ۋاڭنىڭ كۆڭلى بەك پەرىشان.

— سىز ئارىلىشىپ باقمىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى لى شۇفۇ.

— ئارىلاشتىم، — دېدى ئامبال، — ھەتتا، چېرىكلەرگە ئوق چىقارغۇزۇپ، ھەيۋەتمۇ قىلىپ باقتىم. ئەمما قان تۆكۈشكە پېتىنالمىدىم.

— نېمىشقا؟

— مۇبادا، بىردە - يېرىمىنى ئۆلتۈرۈپ قويساق، بالا - قازانىڭ يوغىنى چىقىدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزى يۈز - ئابرويلۇق ئاخۇنلار، بۇرۇنقى ۋاڭلارنىڭ جەمەتىدىن بولغان بەگلەر، نورۇز داموللىنىڭ يۈزلىگەن تالىپلىرى، بەزى سودىگەرلەر، ھەتتا ۋاڭنىڭ تەۋەسىدە بولمىغان خۇيزۇلارمۇ بار ئىكەن. شامەخسۇت ۋاڭنىمۇ «بۇ ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش بولدى» دەپ چۆچۈپ قاپتۇ.

— نورۇز داموللىنىڭ يۇرت ئىچىدىكى ئابرويى بەك چوڭ ئىكەن - دە!

— شۇنداق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، نورۇز داموللىغا ئۇگال بولغىنى راست.

— قاندىغىنىغا؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدى لىشۇفۇ.

ئامبال بەي ۋىنچاۋ كىتاۋىمىزنىڭ ئون يەتتىنچى بابىدا بايان قىلىنغان قارىكۆز ئايىلا پاجىئەسىنى، نورۇز داموللىنىڭ بۇ ئەلەمگە چىدىماي «شاھزادە» نەزمىر ئۈستىدىن شامەخسۇتتا ئەرز بەرگەنلىكىنى، ھاشىر تەيجىنىڭ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، نورۇز داموللىنى شامەخسۇتقا چىقىپ، زىندانغا سالدۇرغانلىقىنى، بۇ ۋەقەنىڭ پۇقرالار ئىچىدە خېلىدىن بۇيان غەلىيان قوزغاپ، ئاخىر مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئۆزىگە مەلۇم دەرىجىدە سۆزلەپ كېلىپ، «ئەگەر تاغدىكى ئىسيانچىلار ئۈستۈنلۈك قازانغان بولسا، بۇ ئىش مۇنچىلىك چوڭىيىپ كەتمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاۋال تاغدىكى ئىسيانچىلارنى تېزرەك تەسلىم قىلدۇرۇش كېرەك»—دېدى.

— خۇداغا شۈكرى، بۇ ياخشى ئىش بوپتۇ. مېنىڭ سەپىرىم ئۇتۇقلۇق بولغىدەك، — دېدى لىشۇفۇ خوشال بولۇپ.

ئامبال بەي ۋىنچاۋ بۇ گەپكە چۈشەنمىگەندەك قىلىپ، لىشۇفۇغا ئەجەپلىنىپ قارىدى. لىشۇفۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى ئارقىغا تۇتقان ھالدا، مەغرۇر مېڭىپ يۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مېنىڭ مەقسىدىم، يولۋاسنى بىر تالمۇ ئوق چىقارماي تۇرۇپ، قەپەزگە سولاپ ئېلىش. ھەممە ئىشنىڭ بېشى تەس دېگەندەك، بۇ ئىشنى نەمىدىن باشلاشنى بىلمەي تۇراتتىم. نورۇز داموللا ۋەقەسى مېنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئىرىم بولدىغان بولدى. سىز تاغدىكى ئىسيانچىلارنى تېزرەك تەسلىم قىلدۇرساق، بۇ ئىش ئۆزلۈكىدىن تۈگەيدۇ دىمەكچى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مەن بۇنىڭ ئەتۈرىنى قىلمەن. يەنى ئاۋال نورۇز داموللىنى زىنداندىن بوشىتىپ، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرىمەن. ھەتتا نورۇز-داموللىنى قۇمۇل دىيارىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاخۇنى قىلىپ بەلگىلەش

تۇغۇنىدا شامەخسۇت ۋاڭغا تەكلىپ بېرىمەن. نورۇز دامولىغا ئېلتىپات كۆرسەتمەكلىك بىلەن بىرنىڭ بىرتال مويىمىزمۇ خوراپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە، بىر تەرەپتىن، شەھەر-يېزىلار تىنجىپ، بۇ يەردىكى پۇتلىكاشال تۈگەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تاغدىكى يولۋاس بىزنىڭ قاپقىنىمىزغا ئاسانراق چۈشىدۇ. بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش دىگەن شۇ ئەمەسمۇ! ها...ها...ها...

لى شۇفۇ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، «ھەي، بۇ چاشقان بۇرۇت ھىلە-مىكىر كىتاۋىنى مەندىن جىقراق ئوقۇپتىكەن، مۇشۇنداق يوللار بىلەن بىخىزمەت كۆرسىتىپ، ياڭ جاڭجۈنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ يۈز تېپىپ كېتىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ ئولتۇرغان ئامبالمۇ، «بەللى لى دارىن، ئەقىل-دانىشلىرىغا مەن تەسىلىم» دەپ ئۇنىڭ كۆلكىسىگە قوشۇلدى.

شۇ ئارىدا، شامەخسۇت نامىدىن ھاشىر تەيجى بىلەن قىزبەگ غوجا لى شۇفۇدىن ھاردۇق سوراپ ئامبال يامۇلغا كېلىشتى. لى شۇفۇ بىرمۇنچە رەھمەت-ھەشقاللادىن كېيىن، ئەتە ئۆزىنىڭ ۋاڭنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئوردىغا كىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ھاشىر تەيجى بايا ئامبال ئېيتقاندەك، ئوردا ئالدىدا بولۇۋاتقان ئەنسىزچىلىكنى قىسقىچە بايان قىلىپ، «چىلىڭ گاڭ غوجام دارىن، جاناپلىرىنى بىر-ئىككى كۈن ھاردۇق ئېلىپ تۇر-غاي، ئەنسىزچىلىك بېسىلغاندىن كېيىن، ئوردىغا چىللايمەن دىگەن. بىزمۇ ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ كەلدۇق» دىدى.

لى شۇفۇ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دىدى:

— مەن ھەممىنى ئۇقتۇم، مەن شۇنداق ئەنسىزچىلىك-لەرنى تىنجىتقىلى كەلدىم. ۋاڭ جاناپلىرى خاتىرجەم بولغاي، مەن ئەتە ئالدى دەرۋازىدىن كىرىۋېرىمەن. مېنى ئۇلار ھىچنىمە قىلمايدۇ.

ئەتىسى چاشگا ۋاقتىدا، بېشىغا چىرايلىق سەللە ئورىۋالغان لى شۇفۇ ئامبال بەي ۋىنچاۋ بىلەن پىوچىتىغا ئولتۇرۇپ، ئوردا

قوۋۇقتىن ئۆتتۈشى بىلەن ئادەم دېڭىزىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالدى. ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدىكى سوزۇنچاق مەيدان ۋە ئەگرى - توقاي كوچىلارنىڭ ھەممىسى ئادەم بىلەن تولغان ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ قولىدا بىرەر تال تاياقمۇ كۆرۈنمەيتتى. قوراللىق نەۋكەرلەر بىلەن قورشالغان ئوردا دەرۋازىسى قىيا ئوچۇق تۇراتتى. ئىپەيپىل ئۈستىدىكى نەۋكەرلەر مىلتىقلىرىنى پەسكە قارىتىپ، جىم تۇرۇشاتتى. ئامبالنىڭ پوچتىسىنى كۆرۈش بىلەن كىمدۇ بىرى «يول بېرىڭلار!» دەپ ۋاقىرىدى. پوچتا توپنى يېرىپ، دەرۋازا تەرەپكە ئاستا ئىلگىرىلىدى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، لى شۇفۇ پوچتىنى توختىتىپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، «ئەسسالامۇئەلەيكۇم قېرىنداشلىرىم!» دەپ خىتاب قىلدى. توپ ئىچىدىن گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ئاۋاز ئاڭلاندى. «مەن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى لى شۇفۇ، — ئۈرۈمچىدىن ياڭ جاڭجۈڭ جاناپلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ كەلدىم. ياڭ جاڭجۈڭ جاناپلىرى قۇمۇلدىكى پۇقرالارغا دۇئايى سالام دېدى. مەن ئاخشام ئامبال جاناپلىرىدىن ھەممە ئەھۋالنى ئۇقتۇم. نورۇز داموللامغا ئۇۋال بوپتۇ. خاتىرجەم بولۇڭلار، نورۇز داموللامنى چەزمەن بوشىتىمىز. ئىنشائاللا!»

خەلق توپى بۇ ناتونۇش كىشىنىڭ يۇمشاق گەپلىرى بىلەن گاڭگىراپ قېلىپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. پەقەت بەزىلەرنىڭ شىۋىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ياتەقسىر، بىزنىڭ گېپىمىزنى سۆدەك بىلىدىكەنغۇ!

— ئۆزىمۇ ئەجەپ كېلىشكەن ئادەم ئىكەن.

— سەللىسىنى قارىمامدىغان، نېمە دېگەن ياراشقان.

— ساقال - بۇرۇتچۇ، نېمە دېگەن كېلىشكەنگۇ.

شۇ ئارىدا، ئامبال ئورنىدىن تۇرۇپ، باش بارمىقى بىلەن لى شۇفۇنى كۆرسىتىپ، «لى دارىن، لى دارىن!» دېدى.

— ھە ... لى دارىن، لى دارىن، — دەپ گەپ باشلىدى پوچتىغا يېقىنراق تۇرغان بىر مويسىپىت كىشى، — ئۆزلە ئوبدان ۋاقتىدا كەپ-

تىلا. بىزنىڭ گېپىمىزگە قۇلاق سالسىلا. نۇرۇز داموللامغا بەك ئۇگال بولدى. ئۇ كىشىنى بوشاتمىسا، بىز بۇ يەردىن ھەرگىز كەتمەيمىز!

— كەتمەيمىز، كەتمەيمىز! — دەپ ۋاقىراشتى كۆپچىلىك.

— خاتىرجەم بولۇشسىلا، داموللام جەزمەن بوشاپ چىقىدۇ، — دېدى لىشۇفۇ ئورنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ.

پوچتا ئاستا تەۋرىدى. ئوردا دەرۋازىسى يوغان ئېچىلدى...

دىگەندەك، بىرەر سائەتتىن كېيىن، دەرۋازا ئالدىدا نۇرۇز داموللا پەيدا بولدى. ئۇنى ئىككى گۇندىپاي قولتۇغىدىن يۆلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى...

بىردەمدىن كېيىن، قىنقاس-چۇقانلار بېسىلىپ مەيدان جىم-جىت بولۇپ قالدى.

— مۇنداق خورلۇقنى ھېچقاچان كۆرمىگەن ئىدىم. تۆمۈر دىگەن ئوغرى جېنىمغا زىخ بولۇپ تۇرمىغان بولسا، بۇ بېشى چوڭ تېجەممەللەرنىڭ ئەدىۋىنى راسا بېرىپ قوياتتىم! — دېدى شامەخسۇت خورسىنغان ھالدا.

— شۇنداق، — دېدى لىشۇفۇ، — قولنى كەسمىگىچە قان چىقمايدۇ دىگەندەك، ئاپەتنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش ئۈچۈن، بەزىدە ئاچچىقنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ تۇرمىساق، بولمايدۇ.

شۇ كۈنى لىشۇفۇ بىلەن ئامبال كەچكىچە شامەخسۇت ۋاڭنىڭ يېنىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا ياڭ جاڭجۇڭنىڭ پىلانلىرىنى تەكرار-تەكرار چۈشەندۈردى. شامەخسۇت ياڭ جاڭجۇڭدىن مىننەتدار بولۇپ، لىشۇفۇنىڭ بارلىق ھەركەتلىرىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن ئىككى كۈن كېيىن، لىشۇفۇ ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ جاكالاپ يۈرگەن خۇيزۇ مۆتىۋەرى كۈيباۋ، فىلڭ ھاجى، ئۇۋەيس ئەئلەم، زىكىياھاجى، ھەسەن بالا ھاجى، شائەخمەتباي قاتارلىق يۇرت

چوڭـلىردىن تەركـىپ تاپـقان ئەلچىلەر ئۇمىگىنى باشـلاپ تاقـقا ماڭـدى. سوغاتـلار بـېسىلغان ئون ئىككى هـارۋىمۇ، ئۇلار بىلەن تەڭلا يولغا چىقتى. شۇ كۈنى ئـۈرۈمچىدىن بىر پـىيادە تـوپچىلار باتالىيونىمۇ قۇمۇلغا يېتىپ كەلدى.

## 5

لى‌شۇفۇنىڭ سېھىر ـ ئەپسۇنى شۇ كۈنلا ئۆز كۈچىنى كۆرسـەتىشكە باشلىغان ئىدى، يەنى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن لى دارىن نورۇز داموللىنى زىنداندىن چىقىرىپ بېرىپتۇ، دىگەن گەپلەر پۈتۈن شەهەر ۋە يېزىلارغا پۇركەتتى. بۇنى ئاڭلاپ، تاغدىكى قوزغىلاڭچىلارمۇ، خوشال بولۇشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تـۆمـۈر خـەلپىلەر لى‌شۇفـۇنىڭ ئەلچى بولۇپ چىقىدىغانـلىقىدىن خەۋەر تاپـقان هامان ئۇلارنى كۈتۈۋې ـ لىشقا تەيـيارلىق قىلدى ۋە ئاخـىر ئەلچىلەرنى قائىدە ـ يـوسۇن بويىچە چىرايلىق كۈتۈۋالدى. ناماز پېشىندىن باشـلاپ كەچـكىچە مېھمانلارنىڭ ئالدىدىن داسـتىخان يـىغىلمىدى. ئۇ كـۈنى هال ـ ئەهۋال سورىشىشتىن بۆلەك گەپـمۇ بولۇنـمىدى. لى‌شۇفـۇ تۆمـۈر خەلپىنىڭ بويىنغا ئېسىقلىق قولىنى ئاستا تۇتۇپ:

ـــ هەر قاچان نامازنى تايامۇم بىلەن ئوقۇۋاتىدىغانلا، ـ دىدى.

ـــ شۇنداق، ـــ دىدى تۆمۈر خەلپە.

ـــ هە راست، ئۆزلەگە قەست قىلغان ھىلىقى قارىيۈز هازىر نەدە؟ ـــ دەپ سوردى لى‌شۇفۇ.

تۆمۈر خەلپە ئۇنىڭ شۇ كۈندىن باشلاپ، ئەل ـ يۇرت ئىچىدە تۇرالماي، كۆزدىن يوقالغانلىقىنى، ئاڭـلىغان گەپـلەرگە قارىغانـدا، نوم تەرەپتە سەرسان بولۇپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتتى.

ئەتىسى ناماز بامداتتىن يانغاندا، لى‌شۇفـۇ بىرىنچى بولۇپ، «تۇپراق بېشىغا بېرىپ كەلسەكمىكىن؟» ـ دىدى.

توپ ـ توپ جامائەت دۆڭلۈكتىكى شـېھىتلار قەۋرىستانلىقىغا

قاراپ ماڭدى. لى شۇفۇ قارا تاۋاردىن تاشلانغان ئېپىسىز كۆپە جۇۋىسىنىڭ پەشلىرىنى تىزىغا بېسىپ ئولتۇرۇپ «تابارەك» سۈرىسىنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ ئۇزۇن سۈرە تۈگىگىچە ھەممە كىشى باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، جىم ئولتۇردى. بىر خۇيزۇ كىشىنىڭ قۇرئان سۈرىسىنى ئۇيغۇر قارىلىرىدەك مۇنداق راۋان ئوقۇغىنىنى ئۇلار بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتقان ئىدى. تۆمۈر خەلپىمۇ «ئەجەپ تولغان قارى ئىكەن!» دەپ ئويلاپ ئولتۇراتتى.

دۇئادىن كېيىن لى شۇفۇ تۆمۈر خەلپىدىن:

— ھەممىسى جەڭدە شېھىت بولغانلارمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— شۇنداق، — دېدى تۆمۈر خەلپە.

— ئاللا مەغپىرەت قىلسۇن، ھەممىسى قانچە كىشى؟ — دېدى لى شۇفۇ.

— ئەللىك ئىككى. بۇنىڭ ئىچىدە ئون توققۇز ياشلىق راجى بالا رەھمەتلىكنىڭمۇ بار، — دېدى تۆمۈر خەلپە، ئاندىن راجى بالىنىڭ قانداق شېھىت قىلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئەستەغپۇرۇللا، شۇنداقمۇ قىلغان بارمۇ؟ خەير، ئاللا ئۇ بالىسىزغا قىيامەت كۈنى ئەڭ ئالى مەرتىۋە بېرەر، — دېدى لى شۇفۇ دۇئاغا قول كۆتىرىپ. ھەممەيلەن تەڭ قول كۆتىرىشتى.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، سوغا تەقدىم قىلىش باشلاندى. خۇيلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېيىپ تاشلانغان توپ - توپ گەزلىمىلەر، مەۋۋۇت ۋە چىبەرقۇت تونلار، نەچچە ساندۇق ئۆتۈك، مەيسە، كالاچ، قەن - شېكەر، چاي ۋە بىرقانچە تاغار ئۇن - گۈرۈچتىن ئىبارەت بۇ سوغاتلار ھەممىسى دېگىدەك ھەيران قىلىپ تۇرغاندا، لى شۇفۇ تۆمۈر خەلپە باشلىق چوڭلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ مەھرەملىرى قىزىل تاۋار يېپىلغان پەتنۇسلارنى كۆتىرىپ كىردى. لى شۇفۇ پەتنۇسلارنى تۆمۈر خەلپە، قارا بوسۇق، ئېلى پالگان، ئامانقۇل، خوجىنىياز پالگان

ۋە سەپەر قولىلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۈستىنى ئاچتى. تۆمۈر خەلپىنىڭ ئالدىدىكى پەتنۇستا بەش، قالغانلىرىدا ئۈچتىن يامبۇ پارقىراپ تۇراتتى.

— ئاز بولسىمۇ ياڭ جاڭجۈڭ جاناپلىرىنىڭ ھەر قايسىلىرىغا ئەۋەتكەن سوۋغىسى، كۆپكە تالىق قىلغۇلار، — دېدى لىي شۇفۇ، ئاندىن، — تالادىكى نەرسىلەرنىڭ ئۇن - گۈرۈچتىن باشقىسىمۇ، جاڭ جۈڭنىڭ سوۋغىتى، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— ئۇن - گۈرۈچچۇ؟ — دېدى تومۇر خەلپە.

— بۇ، ئەل - يۇرتنىڭ كۆڭلى، — دېدى ھەسەن بالا ھاجى.

— ئۇنداق بولسا، ئۇن - گۈرۈچنى ئالايلى. قالغانلىرى جايىغا قايتسۇن، — دېدى تۆمۈر خەلپە.

— ئۇنداق قىلسا بولمايدۇ، — دېدى فىلك ھاجى ئۆزگىچە سۆزلەپ، — سۇلايمان پادىشاھمۇ، سوۋغات ئالىدۇ ئەمەسمۇ؟ سوۋغاتنى ئالمىسا، ياڭ جاڭجۈڭنىڭ كۆڭلى ئاغرىيدۇ.

— دەرۋەقە، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى ئۆۋەيس ئەئلەم دوست - ئاشنىلارنىڭ سوۋغا - سالاملىرىنى قوبۇل ئەيلىمەكلىك سۈننەتتۇر. بۇ ياخشى خۇلق پەزىلەتلەرنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. ياڭ جاڭجۈڭ جاناپلىرىنىڭ ۋەكىلى بولغان بۇ ئەزىز مېھمانىمىز شۇنچە يىراقتىن ئات ئاتلاپ، تۆگە قوغلاپ كەلگەندە، دىل ئازارلىق بولۇپ قالمىغاي.

— ئەئلەم ئاخۇنۇم توغرا ئېيتتى، — دېدى لى شۇفۇ، — ئۆزلە بۇ سوۋغاتلارنى ئالمىسلا، مەن جاڭجۈڭ جاناپلىرىنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ بارىمەن؟

شۇندىن كېيىن، قالغان ئەلچىلەرمۇ سالا قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. تۆمۈر خەلپە بىردەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن، «ئەمىسە بىز مەسلىھەتلىشىپ كۆرەيلى» دېدى ۋە ھېلىقى يامبۇلارنى باشقا سوۋغاتلار بىلەن قوشۇپ، «غەزنە» گە ئەكىرىپ قويۇشنى سەپەر قولىغا تاپشۇردى. خوجىنىياز پالگان تۆمۈر خەلپىنىڭ سوۋغاتلارنى

ئېلىشقا مايىل بولغانلىقىنى كۆرۈش بىلەنلا، ئورنىدىن دەس قوپۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى،

— بۇ يىگىت كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى لى شۇفۇ.

— تاراتىلىق خوجىنىياز پالگان، — دىدى تۆمۈر خەلپە.

— ھە، ھىلىقى چىيەن دارىنىڭ كۆزىگە ئاتقان ئەر شۇمۇ؟ ئېتىنى ئاڭلىغان.

ئەلچىلەر يەنە بىر كۈن مېھمان بولۇشتى. تاغنىڭ كەچە كۆزلۈك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى، مەھەللىلەرنى كېزىپ ئۆيلەرگە پاتىھە ئوقۇشتى، ياش - قېرى دىگەندەك نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ باتۇرلۇقلىرىنى ماختاشتى. بىراق خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك، ھەممىسىلا گەپ ئارىسىدا، «قىش كىرىۋاتىدۇ، ھايت - ھۇيت دىگىچە چىللىمۇ كىرىدۇ. چىللا ئارىسى سوغاق كۈن، قەھرى كەلسە قاتتىق كۈن، ئىلاھىم بۇ قىشتىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈشنى نېسىپ قىلغاي، ئەل ئامان، مەنمۇ ئامان دەپتىكەن. ھەممىدىن ئامانلىق ياخشى» دىگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلاتتى.

ئەتىسى ئەلچىلەر قايتتى. پەقەت لى شۇفۇ «مەن خەلپەمگە بىرنەچچە كۈن مېھمان بولۇپ كېتەي» دەپ، بىرلا مەھرەمى بىلەن قېپقالدى. بۇ مەھرەممۇ پۇقراچە كىيىنگەن ئىدى.

6

لى شۇفۇ ئايرىم ئۆيگە جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، تاھارەت ئېلىپ ئولتۇردى - دە، «مېنىڭ ئۆزلەگە ئەپكەلگەن يەنە بىر سوغىتىم بار» دەپ قوينىدىن يېشىل تاۋارغا يۆگەلگەن بىر نەرسىنى چىقاردى. بۇ قويۇن دەپتىرىدەك كېلىدىغان قۇرئان ئىدى. تۆمۈر خەلپە قۇرئاننى «بىسمىللا» دەپ ئىككى قوللاپ ئالدى ۋە لەۋلىرىنى تەككۈزۈپ، كۆزگە سۈرتكەندىن كېيىن، ۋاراقلاشقا باش-

لىدى. بۇ شۇنداق نەپىس، گۈزەل مۇقاۋىلانغان ۋە ھەر بىر بەتنىڭ چۆرىسىگە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن رەڭدار نەقىش ئىشلەنگەن قۇرئان ئىدىكى، ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە ئىختىيارسىز جەلپ قىلاتتى.

— بۇ قۇرئان كېرىمنى جاڭجۇڭ جاناپلىرى بۇلتۇر ھەرەمدىن كەلگەن ھاجىلاردىن سوراتقۇزۇۋېلىپ، ئۆزلىگە سوغات قىلدى، — دىدى لى شۇفۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ قويۇن دەپتىرىدىن بىر پارچە قېلىن قەغەزنى چىقىرىپ، «جاڭجۇڭ جاناپلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئانىغا خەنزۇچە خەت يېزىلىپ قالمىغاي دەپ، بۇ مىنپەرنى ئايرىم ئەۋەتتى» دىدى. «مىنپەر» دىگىنى ياڭ جاڭجۇڭنىڭ ئىسىم - پەمىلە ۋە مەنسەپ ناملىرى بېسىلغان ئاتكىرىتكا بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا «بۇ قۇرئان بۇرادىرىم تۆمۈرگە ھەدىيە» دىگەن سۆزلەر يېزىلغان ئىدى. «بۇ ياڭ جاڭجۇڭنىڭ ئۆز قەلىمى» دەپ قوشۇپ قويدى لى شۇفۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. ئاندىن «ئۆزلىگە يازغان سالام خېتىمۇ بار» دەپ چوڭ سېرىق لىپاپىنى ئۇزاتتى، لىپاپىغا «ئۇيغۇر-مۇسۇلمانلاردىن چىققان تۆمۈر باتۇرغا» دىگەن سۆزلەر چوڭ قىلىپ يېزىلغان ئىدى.

تۆمۈرخەلپە خەتنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن...

— ياڭ جاڭجۇڭ، مېنى ئۈرۈمچىگە ئەپچىقىپ نىمە قىلىدىكەن؟ — دىدى.

— چوڭ مەنسەپ بەرمەكچى، دارىن قىلماقچى، دارىن قىلغاندىمۇ، قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراپ ئەمەس، قولىدا چېرىگى بار، دىسە گېپى ئۆتىدىغان، ئاتىسا ئوقى يېتىدىغان دارىن قىلماقچى. بۇ خۇدايىمنىڭ ئۆزلىگە بەرگىنى، - دىدى لى شۇفۇ مۇلايىملىق بىلەن.

— ياق، مەن ئەل - يۇرتۇمدىن ئايرىلمايمەن. مىسىرنىڭ پادىشالىغىدىن كەنئاننىڭ گادالىغى ياخشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياڭ جاڭجۇڭ مېنىڭ نىمىشقا قوزغىلاڭ قىلغانلىغىمنى ياخشى بىلىدىكەنغۇ، شۇنچە ئىشنى ئەۋرىتىپ قويۇپ، نەگە بارىدىكەمەن!

— مەن ئەلچى، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق. مەن ئامانەتنى يەت

كۆزدۈم، تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەس دەپ، قالغان ئىشلار خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ، — دېدى لى شۇفۇ، ئاندىن تۆمۈرگە تېخىمۇ يېقىنراق سۈرۈلۈپ، — ھازىرقى ئەھۋاللاردىن خەۋەرلىرى بارمۇ؟ — دېدى.

— قايسىنى دەيدىلا؟

شۇنىڭدىن كېيىن، لى شۇفۇ جۇڭخۇا مىنگونىڭ ھازىرقى دا زۇڭتۇڭى يۈەن شىكەينىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا سۇڭ جۇڭشەن تەرەپدارلىرىغا قارشى يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىنى، بولۇپمۇ چېگرا رايونلاردىكى ۋاڭ-گۇڭلارنىڭ ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش، ۋاڭلارنىڭ ئورنىغا تەگمەسلىك ھەققىدە مەخسۇس بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن، شا مەخسۇت ۋاڭنى ئۆرۈۋېتىش دۆلەت سىياسىتىگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بۇ پىكىردە قاتتىق تۇرسا، قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭغا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭمۇ قول تىقىپ قويىدىغانلىقىنى، ياڭ جاڭجۈڭ «خەلقپەرۋەر» بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىلار جاپا تارتىپ قالمىسۇن دەپ، بۇ ئىشنى تېچلىق بىلەن ھەل قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىنى، ئەگەر تۆمۈر خەلپە ماقۇل كۆرسە ھۆكۈمەت تەركىبىدە ئەمەل تۇتۇپ، ئۆمۈر بويى راھەتتە ئۆتىدىغانلىقىنى، شا مەخسۇت ۋاڭنىمۇ ئىنساپقا كەلتۈرۈپ، ئالۋاڭ-ياساقلارنى زور دەرىجىدە ئازايتىش مۇمكىنلىكىنى ئۇزۇندىن-ئۇزۇن چۈشەندۈردى.

— بۇ ئىشنى تېچلىق بىلەن تۈگىتىمەن دېگەن ئادەم نېمىشقا ھاپىز يەڭجاڭ، نىياز يەڭجاڭ ۋە ما يەڭجاڭلارنى تۈرگۈن چېرىك بىلەن قۇمۇلغا ئەۋەتىدۇ؟ — دېدى تۆمۈر خەلپە.

— تۆگە قانچە، يېغىرى شۇنچە دەپ، جاڭجۈڭ جانابلىرىنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق دەردى بار، ئۈرۈمچىدىكى بەزى ئەمەلدارلار جاڭجۈڭ جانابلىرىنى دا زۇڭتۇڭغا ئەرز قىپتۇ، تۆمۈر قوزغىلىڭغا يۇمشاق قوللۇق قىلدى دەپ، شۇڭا، دا زۇڭتۇڭ ئەگەر تۆمۈر ئەل بولمىسا، چېرىك چىقىرىڭلار دەپ يارلىق ئەۋەتىپتۇ. جاڭجۈڭ

جاناپلىرى يارلىقنى ئادا قىلمىسا بولامدۇ؟

لى شۇفۇ «چىرىك»، «يارلىق» دېگەن سۆزلەرنى سالىماق بىلەن ئېيتتى. ئاندىن مۇنداق دېدى:

— خەلپەم، بىز — دىن قېرىنداش، بىزنىڭ خۇدايىمىز بىر، پەيغەمبىرىمىز بىر، كەئبىمىزمۇ بىر، ئۆزلەرنىڭ قاراپ تۇرۇپ، بىرەر پالاكەتكە ئۇچراپ قېلىشلىرىغا چىدىمايمەن. مەن ئۇرۇمچىدىكى ۋاقتىمدا، بۇ يەردىكى ھەممە ئەھۋاللارنى ئاڭلىدىم. ئۆزلىرىگە دەسلەپ قول بەرگەن سەيپۇڭ تۇختىدىن كەلگەن ۋاپا شۇنچىلىك بوپتۇ. قالغانلارنىڭ كۆڭلىدە نېمە جىن بارلىقىنى خۇدايىم بىلىدۇ. مەن ئەلچى بولۇپ كېلىشنى جاڭجۇڭ جاناپلىرىدىن ئۆزۈم سورىدىم، مەقسىدىم، ئۆزلىرىگە ھەممە گەپنى ئېيتىپ، دىن قېرىنداشلىق مېھرىنى بىلدۈرەي، بىر تەقدىرداش قېرىندىشىمىز قاراپ تۇرۇپ پالاكەتكە ئۇچقاشمىسۇن دېدىم. قالغانلارنىڭ ئالدىدا ھەممە گەپنى ئېيتقىلى بولمايدۇ دەپ، ئۇلارنى كەتكۈزۈۋەتتىم. ماڭا ئىشەنسىلە شۇ، ياق دېسىلىمۇ ئىختىيارلىرى، ئوبدان خىيال قىلىپ باقسىلا. مەن بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ تۇراي.

بۇ گەپلەر تۆمۈر خەلپىنى خىيالغا سېلىپ قويدى. لى شۇ فۇ ئۆز شەھىرىنىڭ ئۇنىڭغا تەسلىم قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولدى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ، تۆمۈر خەلپىنى ئۆزىگە تېخىمۇ رام قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ ھەر كۈنى يېرىم كېچىدە قوپۇپ، ئەستايىدىل ھالدا تاھارەت ئالاتتى - دە، ناماز بامداتقىچە شام يورۇغىدا قۇرئان ئوقۇيتتى. بېشىغا چىرايلىق سەللە ئوراپ، بەش ۋاق نامازنىڭ ھەممىسىدە جامائەت بىلەن مەسچىتتە بولاتتى. «خۇدالىق ئۈچۈن» دەپ ئون پارچە كىگىز سېتىۋېلىپ، مەسچىتنىڭ جايناماز لىرىنى يېڭىلاپ چىقتى. ياش مەھرىمىنى بىر قېتىم نامازشامغا كېچىككەنلىكى ئۈچۈن جامائەت ئالدىدا تەنبىھلىدى. كۈندۈزلىرى چوڭ-كىچىك دېمەي، ھەممەيلەن بىلەن دوستلارچە ھال-مۇڭ قىلىشىپ، دەردىگە ئورتاقلىشاتتى. خەلق شامەخسۇت ۋاڭدىن

كۆرگەن زۇلۇملىرىنى ئېيتقاندا «ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون
بەشى يورۇق دەپ، ئەمدى يورۇقچىلىق كۆرىسىلەر، ئون ئىككى
تاغنى ئۆزۈڭلار سورايدىغان قىلىمىز» دەيتتى. تۆمۈر خەلپىنىڭ
ئائىلىسىگە بولسا، ھەر ئىككى كۈندە دېگۈدەك بىر قېتىم كېلەتتى
تۆمۈر خەلپىنىڭ بالىلىرىغا قەنت-ناۋات بېرىپ ئۇلارنى
ئەركىلىتەتتى.

بىر كۈنى لى شۇفۇ باستىنى قوچىقىدا ئوينىتىپ ئولتۇرۇپ
«بۇ قىزىمنىڭ چېچى بىر تال ئىكەنغۇ» دېدى. دەرۋەقە زورىخان
ئايىلا بۇ كۈنلەردە باستىنىڭ بويى ئاز-تولا تاقىلىشىنى كۆرۈپ، «يامان
كۆزلەر»دىن ئاسراش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قىز بالىچە پاختىلىق چاپان
كىيدۈرۈپ قويغان ئىدى؛ باستى لى شۇفۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان
«قىز» دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەن ئۇنىڭ قوچىقىدىن سىيىلىقتەك
سىيرىلىپ چۈشتى-دە، ئالاغا قاچتى. لى شۇفۇ كۈلگەن پېتى
قاراپ قالدى. زورىخان ئايالنىڭ ئۆزىدىن قېچىپ يۈرگىنىنى
كۆرۈپ، «ئۆزلە مېنىڭدىن بىر ياش چوڭ ئىكەنلا، ئايالىمنى يەڭگەم
دېسەم بولىدىكەن، بىزنىڭ يۇرتلاردا يەڭگىلەر ئۆز ئىنىلىرىدىن
قاچمايدۇ. ئۆزلە بىلەن ھەم قېرىنداش، ھەم جان دوست بولۇپ
قالدۇق. ئەمدى يەڭگەم مېنىڭدىن قاچمىسۇن بولار» دەپ كۈلدى.
تۆمۈر خەلپىمۇ كۈلۈپ قويدى.

ھەپتە ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، لى شۇفۇ شەھەرگە
كىرىپ چىقماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئەنسارى باشلىق ئۈچ
يىگىت ئۇنى شەھەرنىڭ يېنىغىچە ئۇزىتىپ باردى.

لى شۇفۇ كەتكەندىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە ئۆز ھەمراھلىرى
بىلەن بىرقانچە قېتىم كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئۇلار ئاخىر، ئۆۋاقلىق
تۈزۈمنى يىمىرىپ تاشلاشنىڭ ھازىرچە مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تەزەركە
ئېلىپ، ئەگەر شامەخسۇت ھەممە شەھەرلىرىمىزگە ئۇتسا، ياراشماق
يارىشايلى دېگەن قارارغا كېلىپ قالدى.

## 7

1913 - يىلى كىرىپ، يەر - زېمىن قېلىن قار بىلەن قاپلان-
غان چىللە كۈنلىرىدە، زېمىستان سوغاقىنىڭ چايانىدەك چېقىپ
تۇرۇشىغا قارىماي، لى شۇفۇ بۆرە - تۈلكە جۇۋىلىرىغا مەھكەم
ئورالغان ئەلچىلەرنى باشلاپ، يەنە تاقىغا كەلدى. ئەلچىلەر مورا
بىلەن ئىسسىتىلغان ئۆيدە، ئوبدان شوزپىلىنىپ، هاردۇق ئېلىنىپ
بولغاندىن كېيىن، ياڭ جاڭجۇڭ نامىدىن تۆمۈر خەلىپىگە كەلگەن
تېلېگراممىنى ئوقۇشقا باشلىدى. تېلېگراممىدا تۆمۈر خەلىپىگە
ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر - مۇسۇلمان 3 - ئاتلىق باتالىيونىنىڭ
كوماندىرلىق مەنسىۋى ۋە ئىككى يۈزدىن - بەش يۈزگىچە چېرىك
ساقلاش هوقۇقى بېرىلگەنلىكى جاكالانغان. جۈملىدىن، شامەخسۇت
ۋاڭغا قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىش ھەققىدە مەخسۇ-
سۇس مەكتۇپ ئەۋەتكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن. لى شۇفۇ تېلېگرام-
مىنى ئوقۇپ بولۇش بىلەن ھەممە ئەلچىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ،
تۆمۈر خەلپىنى مۇبارەكلىدى.

— گۈرۈچتىن خەۋەر يوق، سەۋزە دەم يەپتۇ دەپ، جاڭجۇڭ
جاناپلىرى بەك ئالدىراپ كېتىپتۇ. مەن تېخى كۆڭلۈمنى توختىتا-
قىنىم يوق. بۇ گەپنى كېيىن قىلىشايلى، — دېدى تۆمۈر خەلپە
مورىغا بىر تال ئوتۇن تاشلاپ.

— بوپتۇ، ئۆزلە نېمە دېسىلە شۇ، — دېدى لى شۇفۇ چىرايىنى
قىلچە ئۆزگەرتمەي.

شۇنىڭدىن كېيىن، سۆھبەت باشلىنىپ، تۆمۈر خەلپە قوزغى-
لاڭچىلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەربىر ماددا ئۈستىدە
تالاش - تارتىشلار بولۇپ، ئاخىر ئۈچ كۈنلۈك سۆھبەت نەتىجىسىدە
مۇنداق كېلىشىم ھاسىل قىلىندى:

بىرىنچى، ئۆتكەن ئىشلار، جۈملىدىن يى شىڭفۇنىڭ ئۆلۈمى

سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ؛

ئىككىنچى، «تۆمۈر چارۋا» تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، شامەخسۇت ۋاڭ مالچىلارغا تېگىشلىك ھەق تۆلەيدۇ؛

ئۈچىنچى، دىخانلارنىڭ شا مەخسۇت ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ بەگلىرى- گە ھەر ئايدا يەتتە كۈن ئالۋاڭ قىلىدىغان ياساق مەجبۇرىيىتى ئىككى كۈنگە ئۆزگەرتىلىدۇ، يامۇللارنىڭ باشقا ئالۋاڭ - سېيىس- لىرىمۇ ئازايتىلىدۇ؛

تۆتىنچى، ئون ئىككى تاغنى قوزغىلاڭچىلار ئۆزى ئىدارە قىلىدۇ؛ ئۆزىنى قوغداشقا مەلۇم ساندا قورال قالدۇرۇلغاندىن تاش- قىرى، قالغان قورال - ياراقلارنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدۇ؛

بەشىنچى، شەھەر ۋە يېزىلاردا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئالاقە باغلىغان دەپ، شامەخسۇت ۋاڭ تەرىپىدىن قامالغان ئەللىك تۆت كىشى دەرھال بوشىتىلىدۇ؛

ئالتىنچى، ھاشىر تەيجى مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا باشقا تەيجى قويۇلىدۇ؛

يەتتىنچى، مەزكۇر كېلىشىم ئۇيغۇر - خەنزۇ تىللىرىدا ئۈچ نۇسخە پۈتۈلۈپ، بىرى جاڭجۈڭ يامۇلدا، بىرى شامەخسۇت ۋاڭدا، بىرى تۆمۈر خەلىپىدە ساقلىنىدۇ.

بۇ كېلىشىمگە شا مەخسۇت ۋاڭ بىر تەرەپ، تۆمۈر خەلىپە بىر تەرەپ بولۇپ قول قويىدىغان بولۇشتى. لى شۇفۇ ياڭ جاڭجۈڭ نامىدىن، بەي ۋىنچاۋ قۇمۇل يەرلىك ھۆكۈمەت نامىدىن ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرغۇچىلار سۈپىتىدە، قالغان ئەلچىلەر شاھىتلار سۈپىتىدە قول قويماقچى بولدى.

بىراق، قول قويىدىغان چاغدا، تۆمۈر خەلىپە «ئاۋال شا مەخسۇت ۋاڭ قول قويسۇن، زىندانىدىكىلەرنى بوشاتسۇن، ھاشىر تەيجىنى مەنسەپتىن قالدۇرسۇن، ئاندىن مەن قول قويىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى، لى شۇفۇ بۇ شەرتكىمۇ دەرھال رازىلىق بىلدۈ- رۈپ، شامەخسۇت بىلەن بەي ۋىنچاۋغا خەت يازدى ۋە خەتنى

كېلىشىم نۇسخىلىرىغا قوشۇپ، ئۆزىنىڭ مەھرىسىنى بىلەن ئامانقۇلدىنى شەھەرگە ماڭغۇزدى. ئۇلار تۆت كۈندىن كېيىن، شامەخسۇت بىلەن بەي ۋىنچاۋنىڭ تامغىلىرى بېسىلغان كېلىشىم قەغەزلىرىنى شۇنىڭ بىلەن بىللە، شامەخسۇتنىڭ مەخسۇس مەكتۇبىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. شامەخسۇت ئۆز خېتىدە زىنداندىكىلەرنى شەرتسىز بوشاتقانلىقىنى، ھاشىر تەيجىنىڭ ئورنىغا ئوردا بەگلىرىدىن يۈسۈپ بەگ دېگەن كىشىنى تەيجى قىلغانلىقىنى جاكالىغان ئىدى. ئامانقۇل بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە كېلىشىمگە قول قويدى. ئاندىن، لى شۇفۇ باشلىق ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسى تامغا - مۆھۈرلىرىنى بېسىشتى. نۆۋەت ئۇۋەيس ئەئلەمگە كەلگەندە، ئۇ خۇددى قاتتىق ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان كىشىدەك تېڭىرقاپ قېلىپ، ئانار شەكلىدە ئويۇلغان كۈمۈش مۆھۈرنى تەتۈر بېسىپ قويغىلى تاس قالدى. چۈنكى ھاشىر تەيجىنىڭ ئورنىغا ئوردا بەگلىرى ئىچىدە بىرقەدەر دۇرۇس ئادەم دەپ تونۇلۇپ كەلگەن يۈسۈپ بەگنىڭ تەيجى بولغانلىقى ئۇنى قاتتىق ۋەھىمىگە سېلىپ، پىكرى - خىيالىنى تېخىمۇ چىچۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئويىچە، ھاشىر تەيجىنىڭ ئورنىغا قىزبەگ غوجا تەيجى بولۇشى لازىم ئىدى، ئۇنداق بولغاندا، ئۆزىگە ھېچقانداق تۇغ يۇقمايتتى. ئەمدىلىكتە بولسا ھەر ئىككى ھىمايىچىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئەھۋالىدىن قارىغاندا، شامەخسۇت ۋاڭ بولسىمۇ ياز چېچەن دارىن ئاقچۇق سېپىدەكى جەڭدە ئۆلگەن چېرىكلىرى ئۈچۈن ھىلىقى بۇتخانىدا ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن كۈنى يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئۇنتۇمىغان ئوخشايدۇ، ئۇ كۈنى چېچەن دارىننىڭ چېرىكلىرى شامەخسۇتقا ئوق چىقىرىپ، ئېتىشۋازلىق باشلىنىپ كەتكەندە، ھاشىر تەيجى بىلەن قىزبەگ غوجا شامەخسۇتنى قوغداش ئورنىغا، ئۇنى يالغۇز تاشلاپ، قېچىپ كەتكەنلەر ئەمەسمىدى، شۇندىن بۇيان، شامەخسۇت بۇ ئىككىيلەنگە تامامەن ئىشەنمەس بولۇپ قالسا كېرەك، دېمەك،

ھاشىر تەيجى بىلەن بىللە قىزبەگ غوجىمۇ، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپتۇ. بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۈسۈپ بەگ ئەھلى ئىلىمگە ھۆرمەت قىلىدىغان كىشى، بولۇپمۇ، نورۇز داموللىنى كۆپرەك ئىززەتلەيتتى. ئەمدى، نورۇز داموللا ئۆزىنىڭ كېلىنى قارا كۆز ئايالنىڭ قاتىللىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ قايتا ئەرز بەرسە، يۈسۈپ تەيجىنىڭ بۇ ئىشقا ئەستايىدىل قول تىقىپ، ھاشىر تەيجىنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلىشى، نەتىجىدە ئۆۋەيس ئەئلەمنىڭمۇ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قېلىشى تەبىئىي. ئۇ چاغدا، ئەئلەملىك مەنسىۋى تۇگۇل، ئۇنىڭ جېنىمۇ خەتەردە قالىدۇ. ئۆۋەيس ئەئلەم ئەنە شۇلارنى ئويلاپ، ئۆزىنى ھالاكەت گىردابىدا ھېس قىلاتتى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ، يۈرەك سانچىقى قوزغىلىپ، تاۋى يوق بولۇپ قالدى.

## 8

ئەمدى لى شۇفۇنىڭ ئالدىدا ئىككى چىگىش تۈگۈن قالغان ئىدى. بىرى، قورال - ياراقنى قانداق قىلىپ يىغىۋېلىش؛ ئىككىنچىسى، تۆمۈر خەلپىنى ئۈرۈمچىگە چىقىشقا قانداق قىلىپ ئۈندەش. ئۇ، ئىككىنچى تۈگۈن يېشىلسە، بىرىنچى تۈگۈن ئۆزلۈگىدىن يېشىلىپ كېتىدۇ دەپ ئويلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاخشىمى تۆمۈر خەلپە بىلەن يەنە پاراڭلىشىشقا پۇرسەت تېپىپ، ئۈرۈمچىگە چىقىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن چۈشەندۈرگەچ مۇنداق دېدى:

— ئىككى قوشقارنىڭ كاللىسى بىر قازانغا پاتماس، دېگەن گەپنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا. قۇمۇلدا تۇرىدىغان بولسىلا، بىرىنچىدىن، شامەخسۇت ۋاڭ بىلەن ھېچقاچان ئوبدان ئۆتەلمەيدىلا. ئۇ قاچانلا بولمىسۇن، ئۆزلىرىنى پاتقۇزمايدۇ. ئۆچ ئېلىشتىنمۇ يانمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، يىغا ياندىن، بالا قېرىنداشتىن دەپ، قارا بوسۇغىدا ئوخشاش ئادەملەر ئۆزلىرىنى تېنچ قويامدۇ؟ ئۇركۈنى «ئۇن ئىككى تاغنى

ئۆزەڭلار سورىساڭلار، كىم يۇرت بېشى بولار» دەپ ئۇنى گەپكە سېلىپ باقسام، «تۆمۈر ئاكام بىلەن مەنچۇ!» دەيدۇ قارىسىلا! مۇنداق نىمىلەرنىڭ ئارىسىدا جانلىرىنى قىيناپ يۈرگىچە، ئۈرۈمچىگە بېرىپ، بەشيۈز چېرىكنىڭ بېشى تۆمۈر دارىسى بولۇپ يۈرمەمدۇ، نىياز يىڭجاڭ — نىدارىن، ھاپىز يىڭجاڭ ئادارىن بولۇپ يۈرمەمدۇ؟ ئۆزلە دىگەن ئۇلاردىن مىڭ ئارتۇق، كېيىنچە مەنسەپلىرى تېخىمۇ ئۆسىدۇ.

— مېنىڭ مەقسىدىم مەنسەپدار بولۇش ئەمەس. ئون ئىككى تاقىغا باش بولۇۋېلىشمۇ ئەمەس. مەن بىر ياغاچچى، مەنسەپنىمۇ قاملاشتۇرالمايمەن. ئەل - يۇرت ئوبدان ئۆتسىلا بولدى.

— ھەببەللى، ئەل - يۇرت ئوبدان ئۆتسۇن دىسىلە، ئوتتۇرا قوادەك ئەرلەردىن بىرنەچچە يۈزىنىڭ قولىغا مىلتىق تۇتقۇزۇپ، ئۈرۈمچىدە تۇرسىلا تېخىمۇ ئوبدان بولمامدۇ؟ قاچانلا بولسا، ياڭ جاڭجۈڭنىڭ يېنىغا كىرىپ - چىقالايدىلا. ھەرقانداق گەپ بولسا، ئۇ كىشىگە ئېيتالايدىلا. قۇمۇل خەلقىنىڭ بېشىنى شۇ يەردە تۇرۇپ تېخىمۇ ئوبدان سىلالايدىلا، ئەل - يۇرتىمۇ، ئۈرۈمچىدە بىزنىڭ ئاتىمىز بار دەپ، كۆڭلى - قارنىنى توق تۇتالايدۇ، شۇنداق ئەمەس- مۇ؟ مەن ئۆزلەگە قىيامەتلىك دوست بولغانلىغىم ئۈچۈن، قوسى- نىدىكى گەپنى بىرەمۇ ئەپقالماي ھەممىنى ئېيتتىم ئاكا!

تۆمۈر خەلپىنى يەنە خىيال باستى. ئۇ، ئۆز ئادىتى بويىچە، سول ئېڭىكىنى تاتىلاپ بىردەم جىم ئولتۇردى - دە:

— ھەي، بۇ ياڭ جاڭجۈڭنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنگىلى بولارمۇ؟ ياخشى كۈننىڭ يامىنىدا گېپىدىن يېنىۋالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ — دىدى.

لى شۇفۇ ياڭ جاڭجۈڭنىڭ «سىز ئاخىرقى كۈزىرىم بولسىز» دىگەن گېپىنى يەنە بىر ئەسلەپ، تۆمۈر خەلپىنىڭ بىلىگىدىن تۇتقان پېتى:

— ماڭا ئىشىنەمدىلا - يوقمۇ؟ — دىدى.

— ئۆزلەگە ئىشىنىمەن.

— ماڭا ئىشەنسىلە، ئەزىبىرايى خۇدا، ياڭ جاڭجۇڭغىمۇ ئىشەنسىلە. مەن قۇرئان تۇتۇپ بېرەي!

تۆمۈر خەلپە «قۇرئان» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ لى شۇفۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى. ئاندىن:

— راستىمۇ، راستىنلا قۇرئان تۇتۇپ بېرەلەمدىلا! — دېدى.

— ئەزىبىرايى، تەرىتىم بىلەن پاك ئولتۇرۇپتىمەن، ھازىرلا تۇتۇپ بېرەي! ياق، جامائەت شاھىت بولسۇن دېسىلە، قۇرئاننى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا تۇتۇپ بېرەي!

— ئەمىسە، تاڭ ئاتسۇن، — دېدى تۆمۈر خەلپە رازىلىق بېرىپ.

ئەتىسى ناماز بامدات ئوقۇلۇپ بولغاندا، بىرىنچى سەپتە ئولتۇرغان لى شۇفۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، مەسچىت مېھرابىنىڭ يېنىدىكى ئويۇقتا تۇرغان چوڭ بىر قۇرئاننى بىسمىللا ئېيتىپ قولىغا ئالدى ۋە پېشانىسىگە تەككۈزۈپ بولۇپ، كۆپچىلىككە مۇنداق خىتاپ قىلدى:

— جامائەت! مەن ھازىر ئاللانىڭ ئۆيى بولغان بۇ مەسچىدى مۇبارەكتە ھەرقايسىلىرىغا ناھايىتى يوچۇڭ بىر گەپنى ئېيتىمەن. مەن ئاللاتائالانى بىر، مۇھەممەت مۇستاپا سەللاھۇ ئەلەيھىسسالامنى ئاللانىڭ بىزگە ئەۋەرگەن ھەق رەسۇلى دەپ، دىلىم بىلەن تەستىق ۋە تىلىم بىلەن ئىقرار قىلىپ، مەھشەر كۈنى جاۋاپ بەرگۈچى بەندىلىكىم بىلەن شۇنى ئېيتاي: ياڭ جاڭجۇڭ جاناپلىرىنىڭ تۆمۈر خەلپەمنى ئۈرۈمچىگە چىللىشىدا قىلچە يامان نىيىتى يوق. ھەممىسى ئەل-يۇرتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن. بۇ گېپىم يالغان بولسا، مانا قولۇمدا تۇرغان مۇشۇ ئۇلۇغ قۇرئان كېرىم مېنى ئۇرسۇن. قىيامەت كۈنى ھەممىلىرىنىڭ قىزىل تىرنىغى پېقىرنىڭ ياقىسىدا بولسۇن!

فىلىڭ ھاجى ئورنىدىن تۇرۇپ، لى شۇفۇنىڭ قولىدىن قۇرئاننى ئالدى ۋە:

— مەن قېرى ئادەم، ئىككى كۆزلۈك ئۆمرۈم قالدى. لى دارىن هازىر ئېيتقان گەپكە شاھىت بولىمەن. مەنىمۇ قۇرئان تۇتۇپ بېرەي، — دەپ قولىدىكى قۇرئاننى پېشانىسىگە تەككۈزدى.

— مەن قۇمۇل مەھكىمەئى شەرئىيەنىڭ ئەئلىمى بولغانلىقىم بىلەن قەسەمىيات قىلىپ ئېيتىمەنكى، لى دارىن جاناپلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى بەتامامەن ھەقتۇر. مەن بۇنىڭغا ئىمانىم بىلەن شاھىت. شاھىتلىقىم يالغان بولسا، مېنى قۇرئان ئۇرسۇن، — دېدى ئۇۋەيس ئەئلەم، فىڭ ھاجىنىڭ قولىدىن قۇرئاننى ئېلىپ.

قالغان ئەلچىلەرمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ «ھەق، ھەق» دېيىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە ئۇرۇمچىگە بېرىشقا رازى بولدى. ئەلچىلەر خۇشال-خۇرام قايتتى. لى شۇفۇ يەنە قېپقالدى. ئۇ، تۆمۈر خەلپىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماسلىققا تىرىشىپ، خۇددى سالجىدەك يېپىشىۋالدى.

تۆمۈر خەلپىنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنىڭ ئۇرۇمچىگە بېرىشىغا قوشۇلماي، ئۇنى گەپ-سۆز بىلەن توسۇشقا ھەركەت قىلاتتى. بىراق، تۆمۈر خەلپىنىڭ قۇلاقىغا گەپ كىرمەيتتى. شۇ ئارىدا چاپارمەنلەر شەھەردىن لى شۇفۇغا تېلېگرامما ئېلىپ چىقتى. بۇ، ياڭ جاڭجۈڭدىن كەلگەن تېلېگرامما بولۇپ، ئۇنىڭدا تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۇرۇمچىگە چىقىشقا ئۇنىغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولغانلىقى ئېيتىلىپ كېلىپ، «دوستلۇق لەۋزىمنى يەردە قويمىغانلىقىغا كۆپ تەشەككۈر» دېيىلگەن ئىدى. تۆمۈر خەلپە ئەمدى تېخىمۇ خاتىرجەم بولۇپ، لى شۇفۇ بىلەن گاھ ئوۋغا چىقىپ، گاھ مېھماندارچىلىق ئويناپ، چىللىنىڭ چىقىپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. قارا بوسۇق بولسا، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، ھېچنىمە دېمەي جىم يۈرەتتى.

— تۆمۈر ئاكامغا ئۆزلەمۇ گەپ قىلسىلا بولمامدۇ، — دېدى ھۆسنارىخان، ئىچى پۇشۇپ.

— مەن نېمە دەيتتىم، خەلپەمنىڭ ئەمدى دارىسىن بولغۇسى كەپقاپتۇ — دېدى قارا بوسۇق، سوغاق كۈلۈپ.

بۇ كۈنلەردە ئايقىزنىڭمۇ ئاي ـ كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانىدەك سېزىلەتتى. ئۇ، پات ـ پاتلا ئامانقۇلنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ، «ئۈرۈمچىگە بىزمۇ بارامسىز؟» دەپ سوراپ قوياتتى. ئامانقۇل بولسا، نېمە دېيىشنى بىلمەي، ئۇنىڭ يادىغۇراپ قالغان مەڭزىنى سىلاپ، «ئەستەغپۇرۇللا» دەپ جىم قالاتتى.

لى شۇفۇنىڭ بەختىگە، بۇ يىل قىش تېز چىقىپ كەتتى. شەمسىيە ھېساۋى بىلەن مارت ئېيى كىرە ـ كىرمەيلا تۆمۈر خەلپە ئىككى يۈزدىن ئوشۇق تاللانغان يىگىتلىرى بىلەن يولغا چىقماقچى بولدى. توپراق يۈز غوجائەمەت، قاسىم قىزىق، ئەنسارىلارمۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. تۆمۈر خەلپە ئامانقۇلنىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭماقچى بولغاندا، رەۋشەن موماي: «كېلىن ئايلا كۆز يورۇۋالغاندىن كېيىن، ئارقىلىرىدىن بارغاي» دەپ ئۇنىمىدى.

تۆمۈر خەلپە يولغا چىقىدىغان كۈنى باللىرىنى ئاخىرقى قېتىم سۆيۈپ خوشلىشىۋاتقاندا، زورىخان ئايلا كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ، «خۇدايىم شۇ باللارنىڭ بەختىگە بولسىمۇ، باشلىرىنى ئامان قىلغاي!» دېدى. تۆمۈر خەلپە «خۇدا بۇيرۇسا، ئۇزۇنغا قالماي، ھەممىڭلارنى ئۈرۈمچىگە ئالدۇرۇپ چىقىمەن» دېدىيۇ، ئۆزىنىڭمۇ كۆزىدە ياش ئەگىپ كەتتى.

سەپەرقۇل بىلەن ئېلى پالگان باشلىق بىرنەچچە يۈز كىشى تۆمۈر خەلپىلەرنى تۆرۈككىچە ئۇزىتىپ كەلدى. جامائەت خوشلىشىپ بولغاندا، نۇرۇل بوۋا قول كۆتىرىپ، «يولۇڭلار ئاق يول بولسۇن، كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭلار!» — دەپ دۇئا قىلدى.

سوزۇلۇپ ياتقان ئاقچۇق سېيىدا چاڭ ـ توزاڭ بېسىلىپ قالغان بولسىمۇ، تۆرۈك تەرەپتىكى دۆڭنىڭ بېشىدا بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئەتىسى، پېشىن كېتىۋاتقان باھار قۇياشىنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ئۇپۇقنى قاندەك قىزارتىپ تۇرغاندا، قۇمۇل شەھىرىنىڭ يەتتە سەككىز چاقىرىم شەرقىي - شىمالىدىكى سايدا قويۇق چاڭ - توزاڭ نامايەن بولدى. سەپىنىڭ ئالدىدا تۆمۈر خەلپە بىلەن لى شۈفۇ يانمۇ - يان كېلىۋاتاتتى. مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئۇلارنى داقا - دۇمباق، ناغرا - كانايلار بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالدى. قۇمۇلنىڭ ھەربىي مۈلكىي ئەمەلدارلىرى بىلەن يۇرت چوڭلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە ئىدى. پەقەت شا مەخسۇت ۋاڭ كۆرۈنمەيتتى. يۈسۈپ تەيجى ئۇنىڭغا ۋەكىل بولۇپ كەلگەن ئىدى.

تۆمۈر خەلپە ئۆز يىگىتلىرى بىلەن قۇمۇلدا ئۈچ كۈن مېھمان بولۇپ، تۆتىنچى كۈنى يەنە داقا - دۇمباق ۋە ناغرا - كاناي سادالىرى ئىچىدە ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار يولغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، لى شۈفۇ «ئۈرۈمچىگە بارغاندا، لازىم بولىدۇ» دەپ ئامبال يامۇلنىڭ تەرجىمانى سايىت تۆگىچىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ بەردى. قىرىق ياشلاردىن ئاشقان بۇ ئادەم شۇ كۈندىن باشلاپ تۆمۈر خەلپىنىڭ شەخسىي كاتىۋى ۋە تەرجىمانى بولۇپ قالدى.

ئاق بوز ئاتقا مىنگەن تۆمۈر خەلپە سەپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋېتىپ، ئارقىسىغا پات - پاتلا قاراپ قوياتتى.

ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشىۋاتقاندەك بولۇپ، «ئاھ، بۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرلەرنى يەنە كۆرىدىغان كۈنلەر بولارمۇ؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ، ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ.

دەل شۇ چاغدا، لى شۈفۇ بىلەن بەيۋىنچاۋ شامەخسۇت ۋاڭنىڭ مېھمانخانىسىدا قاقاقلاپ كۈلمەكتە ئىدى.

شۇ ئارىدا، ئوردا قوۋۇق تەرەپتىن يىغا ئاۋازى كەلدى، مېيىت ئۇزاتقۇچىلار ئالتۇنلۇق تەرەپكە كېتىۋاتاتتى.

— كىم تازا قىپتۇ؟ — دېدى شا مەخسۇت ۋاڭ، يۈسۈپ تەيجىگە قاراپ.

— ئۆۋەيىس ئەئلەم.

— ئەمدى كىمنى ئەئلەم ئاخۇنلۇققا تەيىنلىسەك بولىدىكىن؟ — دەپ سورىدى شا مەخسۇت.

— نورۇز داموللىدىن مۇناسىپراق كىشى يوق، — دىدى يۈسۈپ تەيجى، ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ.

— ئەقلىڭىز دۈمبىڭىزگە ئۆتۈپ قاپتۇ، — دىدى شا مەخسۇت، يۈسۈپ تەيجىدىن يۈزىنى ئۆرۈپ.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باپ

# پادىشەنىڭ ئاخىرى

كىشىلەر ... تەقدىردىن نالە قىلىشىدۇ،
تەقدىردە نىمە گۇناھ؟ ھەركىم ئۆزىگە ئۆزى تەقدىر.

— ماكسىم گوركى

## 1

— مېنىڭ قازاق كېلىنچىگىم ئوغۇل تۇغۇپ بەردىمۇ - قىزمۇ؟

— ئوغۇل.

— خۇدا مۇبارەك قىلغاي، رەۋىخان ئايىلاراپام - زە، «مەككىدە بىر جاي بار يالىپاقىنا، خۇدايىم ئوغۇل بەرسۇن ئاپپاقىنا» دەپ يۈرۈپ، تىلىگىنىگە يېتىپتۇ، يېڭى جاننىڭ ئېتىنى نىمە قويدۇڭلار؟

— ئارمانبەگ.

— ئارمانبەگ؟

— ھەئە، ئارمانبەگ.

— بۇ، يوچۇنلا بىر ئات بوپتۇغۇ؟ كىم قويۇپ بەردى؟

— دادام.

— نىمىشقا مۇنداق ئات قويىدۇ؟

— ئارمانلىق كۈنلەردە تۇغۇلغان ئوغۇل بولغانىدىكەن، ئېتى ئارمان بولسۇن دىدى.

تۆمۈر خەلپە چىرايلىق بېزەلگەن ئازادە بىر ئۆينىڭ سۆيەسىدىكى يۇمۇلاق شىرە يېنىدا ئولتۇرۇپ بىرەر سائەتتىن بۇيان ئامانقۇل بىلەن ئەنە شۇ قىلىپتا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئامانقۇل شىرەدىكى نازى نېمەتلەرگە ئانچە - مۇنچە باقىقاچ، تامدىكى چىرايلىق زىلچە - گىلەملەرگە، ماشىرەك سوكنو كىيىل (ئوفىتسىرلار كىيىدىغان قىسقا چاپان)، قاسقانلىق شەپكە، پارقىراق بەل تاسما ۋە ئۆزىگە تونۇش بولغان ھىلىقى ئىپىل قىلىچقا نەزەر سالاتتى. سۆپىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يۆلەكلىك تۇرغان چىرايلىق قەشقەر دۇتارى ئۇنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن كۆپرەك جەلپ قىلاتتى. ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئالتۇن قاداقلىق كۆچار دوپپىسى بىلەن بۆرەك ياقىلىق قىزغۇچ نىمچە چاپان ۋە ئېشىل تاۋار كۆينەك كىيگەن زىلۋا بويلۇق ياش بىر ئايال كىرىپ، چىرايلىق ئوروس چىنىلىرىگە چاي قۇيۇپ تۇراتتى. سۇمبۇل چاچلىرى ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان بۇ ئايال تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۇرۇمچىدىن ئالغان خوتۇنى قەمەرنىساخان ئىدى.

تۆمۈر خەلپىنىڭ بۇ ئايالغا ئۆيلىنىشىمۇ قىزىق بولغان ئىدى: تۆمۈر خەلپە ئۇرۇمچىگە كىلىپ، ئىككىنچى كۈنى ياڭ جاڭجۈنگ ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قوبۇل قىلغاندا، ئاندىن - مۇندىن گەپ سوراپ، «خانىمىڭىزنى بىللە ئېلىپ كەلمىدىڭىزمۇ؟» — دىدى. «جاڭجۈڭغا خىزمەت قىلغىلى كەلگەن كىشى بالا - چاقىسىنى سۆرەپ يۈرسە قانداق بولغىنى؟» دەپ جاۋاپ بەردى تۆمۈر خەلپە. بۇ جاۋاپ ياڭ جاڭجۈڭغا ناھايىتى ياقتى بولغاي، ئۇ قاقاقلاپ

كۆلۈپ كەتتى. ئەتىسى تۆمۈر خەلپىنىڭ شەرىپىگە تەنتەنىلىك زىياپەت ئۆتكۈزدى. بۇ زىياپەتكە ئەمەلدارلاردىن تاشقىرى، ئۇيغۇر، ئۆزبەك، تاتار، خۇيزۇ بايلىرىنىمۇ چاقىردى. شۇندىن باشلاپ، قاتارى مېھماندارچىلىق قىزىپ كەتتى. شۇنداق چايلارنىڭ بىرىدە، ياڭ جاڭجۈك بايلارغا قاراپ، «تېيىپ دارىننى ئۆيلەپ قويماسلەر، خانىمى كەلگۈچە يالغۇز ياتامدۇ؟» دەپ چاقچاق قىلدى.

بۇ گەپ ئويۇندىن، چىڭغا چىقىپ، بايلار ئىككى كۈن ئىچىدىلا بىر ئۆينى جابدۇشتى - دە، ئۇنى ھاپىز يىڭجاڭنىڭ تۇل ئولتۇرغان سىڭلىسى قەمەرنىساخانغا نىكالاندۇرۇپ قويدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆلپەتلىرىمۇ كۆپىيىپ، كۈندە دىگىدەك ئويۇن - تاماشا بىلەن گەزەرمىگە بېرىشقىمۇ چولىسى تەگمەيدىغان بولۇپ قالدى. قەدىمقى يۇنان شائىرى ھومېرنىڭ «بۈگۈن توي - تاماشا، ئەتىلىككە چاي - زىياپەت بولىۋەرسە، كىشىنىڭ كۆڭلى ۋەيران بولىدۇ» دىگىنىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، خۇددى خېمىردەك بوشىشىپ كەتتى. ئالاغا چىقسا «دارىن»، ئۆيگە كىرسە «غوجام» دەپ جاراڭلايدىغان نازلىق ئاۋۇشلار خۇددى بىر سېھىرلىك ئەللەيدەك ئۇنىڭ كۆڭلىنى بۆشۈككە بۆلەپ ئۇخلاتماقتا ئىدى.

كۈنلەر ۋە ئايلار شۇنداق ئۆتىۋاتقاندا، ئامانقۇل ئىككى ھەربىي بىلەن كېلىپ قالدى. ئۇ، ئۆز ھەمراھلىرىنى گەزەرمىگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، دەرھال تۆمۈر خەلپىنىڭ يېڭى تۇتقان ئۆيىگە كەلگەن ئىدى.

يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، تۆمۈر خەلپە سەپەر قۇلىنىڭ نەۋرە بالىغا «ئارمانبەگ» دەپ يوچۇن ئات قويغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئاڭلاپ بىردەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— قالغان قېرىنداشلارمۇ شۇنداق ئويلامدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەمىسىچۇ، — دىدى ئامانقۇل مەيۇس قىياپەتتە، — سەن

يولغا چىقىپ ئەتىسلا خوجىنىياز پالگان «ئەمدى بولمدى، مەن بۇ ئىشلارغا ئارىلاشمايمەن» دەپ ئىچكىرى تاققا كىرىپ كەتتى. نۇرۇل بوۋام بىر ھەپتە يېتىپ «ۋاي ئىست، ۋاي ئىست، خەلپەمنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇم» دەپ جان ئۈزدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئامانقۇلنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بولۇپ، يەرگە قاراپ جىم ئولتۇرۇۋالدى.

— ھە، گېپىڭنىڭ ئايىغىنىمۇ ئېيتمامسەن؟ — دېدى تۆمۈر خەلپە.

— ئېيتاي تۆمۈر ئاكا، سەن ماڭا ھەم ئاكا، ھەم ئاتا، سېنىڭدىن گەپ يوشۇرسام بولماس. ئەل - يۇرتنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟

— مەن نەدىن بىلەي، سەن ئېيتساڭ بىلمەمدىمەن.

— سەن كېتىپ ئارقاڭدىنلا مۇنداق قوشاقلار چىقتى:

تۆمۈر خەلپە ئەر قويۇپ،
ئوخشاتمىدى ئىشنى،
تەكەببۇرلۇق دەستىدىن،
تەڭ كۆرمىدى كىشنى.

تۆمۈر خەلپە كەتتىغۇ،
ئۈرۈمچىگە يەتتىغۇ.
ئوڭ يېنىغا ئوت قويۇپ،
زەردە بىلەن كەتتىغۇ.

ئۈرۈمچىنىڭ يولىدا،
ئاتمىش يەردە بۇلاق بار،
تۆمۈرنى ئىبلىپ چىقسا،
ھەر كۆڭلۈگى سوراق بار.

ئالەمگە پاتمىغان سەركە،
كۆندۈككە قانداق پاتقانسەن؟
پاتقان سەنۇ - پاتقان سەن،
ئاغزىنى قانداق ياپقانسەن؟

ئۆينىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. بىردەمدىن كېيىن:

— يەنىچۇ؟ — دىدى تۆمۈر خەلپە.

— ھىلىقى لى دارىن دىگەن تۈلكە سەن كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يەنە تاقا چىقىپ، ھەممە ئىشقا چات كىرىۋالدى. بوسۇق ئاكامنى قارىمامدىغان تېخى! ئۇن ئىككى تاقا باش قىلىمىز دەپ دولىسىغا قېقىپ قويسا، خۇدىنى بىلمەي ھەممىگە قول شىلتىيدىغان بولۇۋالدى. لى دارىن بىلەن ئىككىسى گېپىنى بىر قىلىپ، ھىلىقى توختى دىگەن قارنىيوزنى تېپىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتمەكچى بوپتۇدەك تېخى! بۇ ۋاقىتچە ئۇنى قورايغا ئەكېلىۋالغان بولماسمۇ! مۇشۇنداق ئىشلارغا چىدىماي، ئېلى پالگان ئاكام «نىمە قىلساڭلار قىلىڭلار!» دەپ ھىچ ئىشقا ئارىلاشماس بولۇۋالدى. بەزىلەر بىرلەپ - ئىككىلەپ، بىشى قايغان تەرەپلەرگە كەتكىلى تۇردى. داداممۇ نىرىنكىرىغا كېتىپ، ئۆز ئوقتىمىزنى قىلساقمىكىن دىۋىدى، مەن «تۆمۈر ئاكامدىن بىر ئۇچۇر بولغىچە تۇرۇپ تۇرايلى» دەپ توختىتىپ قويدۇم. قىسقىسى بىز بۆرە تەككەن پادىغا ئوخشاش چېچىلىپ كېتىۋاتىمىز.

— ئۆزۈڭلاردا قالغان مىلتىقلارنى نىمە قىلدى؟

— نىمە قىلاتتى دەيسەن؟ جاھان تىنجىدى، ئەمدى بۇ كۆسەينىڭ سىلەرگە نىمە لازىمى بار؟ كەتمەن - گۈرجەكلارنى ئېلىپ، تىرىقچىلىق قىلامسىلەر، يا بولمىسا، پاداڭلارنى باقامسىلەر، سىلەرگە شۇ ياخشى دەپ، بىر - بىرلەپ يىغىۋاتىدۇ. قورال تاپشۇرغانلارغا شاڭ بىرىۋاتىدۇ.

تۆمۈر خەلپە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن دەس قوپتى ۋە ساقىلىنى سىقىمداپ، ئويياقتىن ـ بۇياققا ئىتتىك ـ ئىتتىك مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ شۇ تاپتا، بىھوش ھالەتتە قەپەزگە چۈشۈپ قېلىپ، بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كەلگەندە ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇشقا باشلىغان يولۋاسقا ئوخشايتتى. بىراق ئۇ، بارار ـ بارا قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، ئامانقۇلنىڭ ئالدىدا توختىدى ـ دە:

— تەقدىردىن كەلسە، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولماس دېگەن گەپ بار. بۇنىڭ ھەممىسى تەقدىر ئوخشايدۇ ئوكام! — دېدى.

— تەقدىرمۇ، ئەمەسمۇ، بۇنى مەن بىلمەيمەن. ئەمما زە، ئەل ـ يۇرتنى قويۇپ، ئۈرۈمچىگە چىقمايدىغان ئىش ئىدى، — دېدى ئامانقۇل.

## 2

يۈرىكىمنى ئېچىشتۇراتتى خاتىرىمنى
يۇيۇشقا كۆز يېشىم كەملىك قىلدۇ.

— تىمۇر مەلىك

ئامانقۇلنىڭ كېيىنكى سۆزى قورايدىكى چاغدىلا يۈزلەرچە قېتىم تەكرارلانغان گەپ بولسىمۇ، بۈگۈن تۆمۈر خەلپىگە خۇددى تۇنجى قېتىم ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. كىمدۇ بىرى بايىقى قوشاقلارنى قۇلىغىنىڭ تۈۋىدىلا يەنە ئېيتىۋاتقاندەك يۈرىكىنى چىمىلداپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. «لىي شۇفۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتتىممۇ ـ نېمە!» دەپ ئويلايتتى ئۇ. شۇ چاغدا، قايسى بىر يىلى گامازا تۇنگانىنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشكەن ھېلىقى ئادەمنىڭ بىرەر ئاي بۇرۇن ئېيتقان گەپلىرى يادىغا كەلدى. سايىت تۆشچى ئۆرۈپ بەرگەن بۇ گەپنىڭ مەزمۇنى

مۇنداق دېدى: «سىز ئۈرۈمچىگە كېلىپ خاتا قىلدىڭىز، بىزنىڭ
كىتاپلىرىمىزدا ‹يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش› دېگەن بىرگەپ بار.
ياڭ جاڭجۇڭ سىزنى تاغدىن ئايرىلغان يولۋاس قىلىپ قويدى.
سىز تاغدا تۇرسىڭىز بۇلار سىزدىن قورقاتتى، ئەمدى قورقمايدۇ.
ياڭ جاڭجۇڭ كېيىن يەنە قىلغۇلۇقىنى قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ،
ئىنقىلاپقا قارشى، خانلىقنى ياقلايدۇ. ھازىرمۇ، يۈەن شىكەينى
قوللاپ، سۇڭ جۇڭشەن ئەپەندىگە قارشى تۇرۇۋاتامدۇ!؟ ئەمما
يۈەن شىكەي چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. جۇڭگو خەلقى خانلىقتىن
بىزار بولغان. يېقىندا يەنە ئىنقىلاپ بولىدۇ. سىز شۇڭغىچە،
تاغدا تىركىشىپ تۇرسىڭىز ئوبدان بولاتتى.»
تۆمۈر خەلپە ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، ھەيدەر ئەپەندىمۇ
«ھەي بۇرادەر، سىزنىڭ دارىن بولغانلىغىڭىزنى تەبرىكلەشكە
تىلىم بارمايدۇ. سىزنى ئۆزىگە باش قىلغان نەچچە مىڭلىغان
خەلق توپىدىن ئايرىلىپ، بۇ يەردە تۇرۇشىڭىزنىڭ قانچىلىك
پايدىسى بولاركىن؟ بېلىق دەريا- دېڭىزلاردىلا ئەركىن ئۈزەلەيدۇ
ئەمەسمۇ» دېگەن ئىدى.
تۆمۈر خەلپە ئۇ چاغلاردا بۇ گەپلەرگە ئانچە پىسەنت
قىلمىغان ئىدى. ئەمدى ئامانقۇلنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى
قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى.
شۇ كۈندىن باشلاپ، بايلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى
بەزمە- مەشرەپلەرمۇ، قەمەرنىساخانىنىڭ دۇتارنى چېكىپ ئولتۇرۇپ
ئېيتىدىغان شوخ ناخشىلىرى بىلەن قاش- كۆزلىرىنى سۈزۈپ
ئەركىلەشلىرىمۇ، ئۇنىڭغا خوشياقماس بولۇپ قالدى. ئۇ پات-
پاتلا گەزەرمىگە بېرىپ، ياڭ جاڭجۇڭ ئەۋەتكەن ھەربىي تەلىم
مۇئەللىملىرى (ساۋگۈەنلەر)نىڭ يىگىتلەرگە ھەربىي مەشىق ئۆگىتىش-
لىرىنى كۆرۈش بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى، ياكى ئۇلانباي تەرەپكە ئۆدەك
ئوۋلاشقا كېتەتتى ۋە ياكى ئۆزىگە ئوخشاش ياڭ جاڭجۇڭغا ئەل
بولۇپ تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە چىققاندىن كېيىن، يىڭجاڭلىق مەرتىۋىسىگە

ئېرىشكەن مۆيدىن خەلپىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ھال - مۇڭ قىلىشاتتى. گاھى كۆڭۈللىرى گەزەرمىدە قونۇپ قالاتتى.

بىر ئاخشىمى، قەمەرنىساخان ئۇنىڭ بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇۋالغان چىرايىغا قاراپ، «مەندىن زېرىككەن بولسىلا، خېتىمنى بەرسىلە» دەپ تاشلىدى. تۆمۈر خەلپە خۇددى شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، دەرھال رەسمىيىتىنى ئادا قىلدى - دە، بىر قۇر يوتقان - كۆرپىسىنى ئامانقۇلغا كۆتەرتىپ گەزەرمىگە كۆچۈپ كەتتى.

ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك يىگىرمىنچى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنى سېپىل بىلەن قورشالغان بىر گەزەرمە بولۇپ، تۆمۈر خەلپە ئۈرۈمچىگە چىققاندا، ئۆزىنىڭ ئىككى يۈز نەچچە يىگىتى بىلەن شۇ گەزەرمىگە جايلاشقان ئىدى. ياڭ جاڭجۈڭ تۆمۈر خەلپىنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭ ئايلىق مائاشىنى ئادەتتىكى باتالىيون كوماندىرلىرىنىڭ مائاشىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق قىلىپ، بىر يۈز ئاتمىش سەر كۈمۈش بەلگىلىدى. قول ئاستىدىكى يىگىتلەرگىمۇ دەرىجىلىرىگە قاراپ، ئوتتۇز سەردىن ئون سەرگىچە مائاش تارقىتاتتى.

بىراق، يىگىتلەرنىڭ قورسىقى توق، ئۇچىسى پۈتۈن بولغان بىلەن كۆڭلى يېرىم ئىدى. ئۇلار ئۈرۈمچىگە نېمە ئۈچۈن چىقىرىلغىنىنى، نېمە ئۈچۈن بىكار مائاش ئېلىپ كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرگىنىنى، ھەربىي مەشىقنىمۇ نېمە ئۈچۈن قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئۆي - يۇرت ۋە قوۋم - قېرىنداشلىرىنى سېغىنىش دەردى ئۇلارنى خۇددى يامان بىر ئاغرىقتەك قىيناشقا باشلىدى. شۇڭا بەزىلىرى ئىچ پۇشۇقىنى تۆت ئوشۇق بىلەن چىقىرىشقا تىرىشسا، بەزىلىرى شوپاڭ ياقىلايدىغان بولۇۋالدى. بولۇپمۇ ئامانقۇللاردىن يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن بۇيان، بۇ ئەھۋال تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. بەزىلەر «خەلپەمگە تۈزۈكرەك ئېيتماپسەن، بولمىسا، بىر نېمە دەيتتى» دەپ ئامانقۇلنى جىمىلەيتتى. تورپاق

ئۆز غوجا ئەمەت بولسا، ئۆز ئادىتى بويىچە غەجەكنى قولىغا ئېلىپ، كۆڭلىنى مۇقام بىلەن بەزلەيتتى. قاسىم قىزىق بىلەن ئەنسارى قوللىرىغا داپ ئالاتتى ـ دە، ناخشا بىلەن دەردىنى باسماقچى بولاتتى.

تۆمۈر خەلپە قەمەرنىساخاننىڭ خېتىنى بىر سۆيۈۋېتىپ، گەزەرمىگە كۆچۈپ كەلگەن ئاخشىمىۋ يىگىتلەرنىڭ بىر قىسمى ئوچۇق ـ ئايدىڭ مەيدانىدا، تورپاق ئۆز غوجا ئەمەت بىلەن قاسىم قىزىقنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئاڭلاۋاتاتتى. تۆمۈر خەلپە پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ يېنىدىكى قارىياغاچنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتۈۋالدى. قاسىم قىزىق ناخشىسىنى داۋام قىلدۇردى.

يۇقۇرى بارغۇم تولا،
باراي دېسەم كارىم تولا.
شۇ غېرىپلىق شەرىدە
جېنىم قەپەزگە مۇپتىلا.

ھۆل پاختا، بۇزۇق چىغىرىق،
چىگىت چاققاننى ئېيتايمۇ،
كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ،
غېرىپ بولغاننى ئېيتايمۇ.

پەدە يۆتكىلىپ، يەنە بىر ناخشا باشلاندى:

مەن ئۆلسەم، ئۆلۈگۈمنى تاغدا قويۇڭلار،
تاغ يولى يىراق كەلسە، باغدا قويۇڭلار.
يۈزۈمنى قىبلە سايان ئاچىپ قويۇڭلار
بېشىمغا بىر دەستە گۈل سانچىپ قويۇڭلار.

چالا مەس بىر يىگىت دەلدەڭشىپ كېلىپ قاسىم قىزىقنىڭ قولىغا ئېسىلدى:

— قويچۇ ئاداش، بۇ ناخشاڭنى، مېنى يىغا تۇتۇۋاتىدۇ. كۆڭۈلنى كۆتەرگىدەك باشقا ناخشاڭ يوقمۇ؟

— نەدىكى كۆڭۈلنى كۆتىرىدۇ؟ مەن كۆڭلۈمنى قومۇلدا قويۇپ كەلگەن، — دېدى قاسىم قىزىق.

— ھەي قىزىق گەپ قىلدىڭغۇ، كۆڭلۈمنى قويۇپ كەلدىم دىگىنىڭ نېمىسى؟

— خەلپەمنى دىمەمەم، ئۆزۈمنىمۇ قويۇپ كېلەر ئىدىم، — دېدى قاسىم قىزىق. ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ، «راست ئەمەسمۇ؟» دەپ كۈلدى.

— راست، — دېدى تۆمۈر خەلپە قارىياغاچنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ، — سىلەرنى مۇشۇ كۈنلەرگە قويغان مەن، مېنى جازالاڭلار.

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. تۆمۈر خەلپىنىڭ كىرپىكلىرىدىكى ياش دانىچىلىرى ئاي نۇرىدا خۇددى مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇراتتى. بۇ ياش دانىچىلىرى يىگىتلەرنىڭ كۆزىگە گوياكى بۇلۇتلار ئارىسىدىن پارقىراپ چىقىۋاتقان ئۈمىد يۇلتۇزىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

## 3

ئوقيانىڭ ھېرىپ قالغان ئوقى
شايىندۇ تېشەلمەيدۇ.

— جۇگېلىياڭ①

ئەمدى، تۆمۈر خەلپە، بولەكتىن ئىش باشلىماقچى بولدى.

---

① قەدىمقى جۇڭگو تارىخىدىكى ئۈچ پادىشالىق دەۋرىدە، مىلادى 181 - 234 - يىللىرى ياشىغان مەشھۇر سىياسىئون ۋە ھەربى ئىشلار ئالىمى.

بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋال قەپەزدىن چىقىپ، پۇت - قولىنى بوشىتىشى لازىم ئىدى. يىگىتلەرنىڭمۇ دەۋاتقىنى شۇ. بىراق، بۇ قەپەزدىن قانداق چىقىپ كەتكىلى بولىدۇ؟ بۇ — ئۇرغانغا چېقىلىدىغان، تەپكەنگە سۇنىدىغان ياغاچ قەپەز ئەمەس، بۇ — تۆمۈر قەپەز. بۇ تۆمۈر قەپەزدىن قانداق قۇتۇلۇش كېرەك؟ بۇنىڭ چارىسىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. «توختا، ھېلىقى ئادەم بىلەن بىر گەپلىشىپ كۆرەي، بىرەر ياخشى مەسلىھەت بېرەرمىكىن» دېدى تۆمۈر خەلپە ئامانقۇلغا. ئەنسارى شۇ ئاخشىملا گامازا تۇنىگانىنى تېپىپ كەلدى. بىراق، گامازا تۇنىگان: «ئۇ ئادەم سەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن يوق بولدى. نەگە كەتتى، مەن بىلمەيدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى.

— خەير، — دېدى تۆمۈر خەلپە، — بىز ئۈرۈمچىدىن كېتىشىنىڭ يولىنى تاپقىچە، يۇرتتا بىرەر ئادەم ئەۋەتىپ تۇرايلى. ئۇ ئالدىمىزدا بېرىپ، ئەلنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىپ تۇرسۇن.

بۇ پىكىرگە ئامانقۇللار دەرھال قوشۇلدى. ئەمدى كىمنى ئەۋەتىش كېرەك دېگەن مەسىلە قويۇلغاندا، ئەنسارى ئۆز سەپداشلىرىدىن مەمەت قۇلى دېگەن كىشىنىڭ قومۇلدا قېرى ئانىسى بارلىقىنى، يېقىندىن بۇيان، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئانىسىنى چۈشەپ قىلىۋاتقاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپ، «خەلپەمدىن رۇخسەت سورايمىكىن» دەپ يۈرگىنىنى ئېيتتى.

مەمەت قۇلى قىرىقلارغا يېقىنلىشىپ قالغان دوغىلاق بىركىشى ئىدى. تۆمۈر خەلپە ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، «ئاپىلىرىنى يوقلاپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال قورايغا چىقىپ، ئېلى پالگان بىلەن سەپەرقۇل ئاكاملارغا ئېيتسىلا، تۇزۇپ كەتمەي، سەۋرى قىلىپ تۇرسۇن» دېدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، مەمەت قۇلى بىرمۇنچە يىگىتلەرنىڭ سوغا - سالاملىرىنى ئېلىپ يولغا چىقتى.

مەمەت قۇلى ماڭغان كۈنى، ئەنسارى گەزەرمىنىڭ باش دې-

ژۈرنىسى ئىدى. ئۇ، چىراق ئۆچۈرۈپ يېتىشقا كاناي چېلىنىپ بولغان بىر چاغدا، سايىت تۇگچىنىڭ ياتىغىدا چىراق يېنىپ تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ، پەنجىرە تۈۋىگە كەلدى. كېچىنىڭ تىنچىق-لىغىغا قارىماي، پەنجىرە ھىم يېپىپ قويۇلغان ئىدى. ئەنسارى پەنجىرە يوچۇغىدىن قاراپ، سايىت تۇگچىنىڭ كىرسىن لامپا يو-رۇغىدا، يۇڭ قەلەم بىلەن بىرنىمە يېزىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ قال-دى. ئۇ پات-پاتلا ئىشىككە قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئەندىشىلىك قاراشلىرىدىن خۇدۇكسىرەپ تۇرغانلىغى بىلىنىپ تۇراتتى.

— سايىت ئاكا، تېخى ياتماپلاغۇ؟ — دېدى ئەنسارى.

— مانا ئۇكام، مانا، ھازىر ياتىمەن، — دېدى سايىت تۇگچى، يېزىۋاتقان نەرسىسىنى دەرھال يوشۇرۇپ. ئۇنىڭ بۇ ھەركىتى ئەنسارىغا غەلىتە بىلىندىيۇ، ئەمما، «ئۆيىگە خەت يېزىۋاتى-دىغاندۇ» دەپ ئويلاپ، گەپ قىلماي كېتىپ قالدى.

شۇ ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنىسى ھەيدەر ئەپەندى تۇرپان سەپى-رىدىن قايتىپ كېلىپ، تۆمۈر خەلپىنى ياڭخاڭ مەسچىت ئالدىدىن تاپتى ۋە تېچلىق-ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، «بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدە سىز ياخشى كۆرىدىغان ياپما دىگەن تاماق بولىدۇ، بارمىسىڭىز خاپا بولىمەن» دىدى. تۆمۈر خەلپىمۇ بىرەر ئايدىن بۇيان، كۆرۈشمىگەن بۇ دوستىنى سېغىنىپ قالغاچقا، دەرھال ما-قۇل بولدى.

ھەيدەر ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئاددى سەرەمجانلانغان پاكىزە ئۆيىدە تۆمۈر خەلپىنى مېھمان قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىغا پات-پات قاراپ قوياتتى. غىزادىن كېيىن، تۆمۈر خەل-پە ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ ئولتۇرۇپ، ھەممە ھەسرىتىنى تۆكتى. ھەتتا ھىلىقى قوشاقلارنىمۇ ئېيتىپ بەردى ۋە ئەمدى قانداق قىلىش كېرەكلىگى ھەققىدە مەسلىھەت سورىدى. ھەيدەر ئەپەندى ئۆتكەن ئىشلارنى بىرقۇر ئەسلەپ ئۆتكەچ مۇنداق دىدى:

— تۇرپان خەلقىمۇ، مۆيدىن خەلپىدىن بەك خاپا ئىكەن.

پۇل ـ مەنسەپكە ئالدىنىپ ئۆزىنىگىمۇ قىلدى، بىرگىمۇ قىلدى، دەيدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دېگەن ماقالى بەك ئورۇنلۇق ئېيتىلغان سۆز. ھىندى خەلقىنىڭ «دەريا بويىدا ياشىساڭمۇ، تىمساخ بىلەن دوستلىشالمايسەن» دېگەن ماقالى بار. ياڭ جاڭجۇڭ بىلەن قانداق دوستلىشىش مۇمكىن؟

ئاندىن، ئۇرۇس يازغۇچىسى ئا. ئى. كىرىلوفنىڭ «بۆرە بىلەن قوزىچاق» دېگەن مەشھۇر مەسەلىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىرىدا «كىشى ئۆتتى، خىش قېلىپىدىن چىقتى. ئەمدى مەن سىزگە قانداق كېڭەش بېرەلەيمەن» دېدى.

تۆمۈر خەلپە بىردەم خىيالغا چۆمگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

ــ بىر دە يېتىپ قالغىچە، ئېيتىپ قال دېگەن ماقال بار. بايىقى قوزىچاقتەك جىم تۇرۇپ ئۆلگىچە، يەنە تىپىرلاپ باقمەن. ئۈمىدسىز شەيتان، دەپتىكەن. قالغىنىغا ئاللا كېپىل.

ھەيدەر ئەپەندى تۆمۈر خەلپىنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ غەيرىتىگە قايىل قېلىۋاتقاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە خوسەيىن چانىشىق دېگەن تاتار بىيىدىن ئەللىك تال مىلتىق سېتىۋالدى. ئۇنىڭ يىگىتلىرى ئاتلارغا ئوت ئورۇپ كېلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئولانبايغا چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ مىلتىقلارنى ئاز ـ ئازدىن ئولانبايغا مەخپىي ئەپچىقىپ، ئەپلىك يەرلەرگە يوشۇرۇپ تۇردى. تۆمۈر خەلپە شەھەردىن چىقىپ ئالساق، تاغ يولى بىلەن قۇمۇلغا كېتىۋېلىش مۇمكىن، دەپ ئويلايتتى. شۇ ئارىدا تاشقى موڭغۇل بىلەن شىنجاڭ چېگرىسىدىكى قوراللىق توقۇنۇش كۈچىيىپ قالدى. تۆمۈر خەلپە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەھەردىن چىقىۋېلىش ئۈچۈن، ياڭ جاڭجۇڭغا ئۆزدـ

نىڭ ئاشۇ توقۇنۇش بولۇۋاتقان يەرلەرگە ئەۋەتىلىشىنى سوراپ،
«مېنىڭ سىزگە خىزمەت كۆرسىتىش ۋاقتىم كەلدى» دەپ ئىلـ
تىماس قىلدى. بىراق ياش چاكچۇك جاسۇسلار بەرگەن مەخپىي
مەلۇماتلار ئارقىلىق تۆمۈرنىڭ مەقسىتىدىن ئاللىقاچان خەۋەردار
بولۇپ تۇرغاچقا، «سىزدەك مۇھىم كىشىمىزنى قۇراللىق توقۇنۇش
بولۇۋاتقان يەرگە ئەۋەتسەم، قولۇمدىكى ئىشىل شەمشەرنى پاشا
ئۆلتۈرۈشكە ئىشلەتكەندەك ئىش بولىدۇ، يېنىمدا تۇرۇپ ماڭا ئەـ
قىل كۆرسىتىپ تۇرغىنىڭىز تۈزۈك» دەپ ئۇنىمىدى ۋە شۇ كۈنـ
دىن باشلاپ، ھەركۈنى دېگىدەك «ھەربىي كېڭەش» ئۆتكۈزۈش
بانىسى بىلەن ئۇنى ئۆز نازارىتى ئاستىغا ئېلىۋالدى. بۇ «ھەربـ
بى كېڭەش» دېگىنى چېرىكلەرگە بولغان تەلىم-تەربىيىنى كۈچەيـ
تىپ، جەڭ تېخنىكىسىنى ياخشىلاش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش
مەزمۇندىكى ئايغى چىقمايدىغان بىر يىغىن بولۇپ، ئۇنىڭغا ياش
چاكچۇكنىڭ يېقىنلىرىدىن مافۇشىڭ (يەنى كېيىنكى چاغلاردا قەشـ
قەر خەلقى تۇلۇم چاشقان دەپ ئاتىغان ماتىتەي) رىياسەتچىلىك
قىلاتتى. تۆمۈر خەلپە بىرقانچە ھەربىي باشلىقلار بىلەن بىرقاتارـ
دا كۈندە دېگىدەك شۇ تۇلۇم چاشقاننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتـ
تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى.

رامزان ئېيى كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گامازا تۇنگان
بىر كىشىنى گەزەرمىگە باشلاپ كىردى، ئۇ، يىراق سەپەردىن كەلـ
گەنلىگى بىلىنىپ تۇرغان بىرجۈپ ئاتنى يېتىلىۋالغان ئىدى. ئەـ
گەر ئۇ كىشى تۆمۈر خەلپىنى كۆرۈش بىلەنلا، ئاتلارنىڭ چۇلۋۇـ
رىنى تاشلاپ، «ئاكا» دەپ ئالدىغا كەلمىگەن بولسا، تۆمۈر
خەلپە ئۆزىنىڭ ئىنىسى شاكىرنى تونۇيالمىغان بولاتتى. شاكىر
شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدىكى، ئۇنىڭ يۇمىلاق يۈزلىرى
ياداڭغۇراپ قارىداپ كەتكەن، قوي كۆزلىرى بولسا، ئىچىگە
ئولتۇرۇشۇپ غەلىتە بولۇپ قالغان ئىدى.

شاكىرنىڭ ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلىرى بىرىدىن-بىرى يامان

ئىدى. قارا بوسۇق بىلەن سەيپۇڭ توختىنىڭ ئەلىمىگە چىدىماي، سەپەرقۇل باشلىق بىرمۇنچە نېرىنكىرلىقلار ئۆز يۇرتىغا كۆچۈپ كېتىپتۇ. مەمەت قۇلى قومۇلغا بارغان كۈنىلا، شامەخسۇتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئازراق قىيىن-قىستاققا چىدىماي، ئۆزى بىلگەن ھەممە سىرنى ئېيتىپ، خائىنلىق قىپتۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە «قورماللىق»① مەنسۇپىگە ئېرىشىپتۇ. ئۇ شۇ كۈنى خوشاللىقىدىن بىر ئاغىنىسى بىلەن ئاشپۇزۇلدا جىقراق ئىچىپ تاشلاپ، «ئەمدى تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىشى تۈگىدى، شا مەخسۇت ۋاڭ ئۇنى ئۆلتۈرتىۋېتىدۇ» دەپتۇ. تۆمۈر خەلپىنىڭ كونا دوستلىرىدىن سالى تاڭجاڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، شۇ كېچىسىلا ئۆزىنىڭ ئىنىسىنى قورايغا ماڭدۇرۇپ، شاكىرغا خەۋەر قىلدۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاكىر كېچە-كۈندۈز دېگىدەك يول مېڭىپ، ئۈرۈمچىگە چىقىپتۇ.

بۇ خەۋەر تۆمۈر خەلپىنى قاتتىق ئەندىشىگە سالدى. چۈنكى، شامەخسۇت ۋاڭ مەمەت قۇلىدىن ئۇقتانلىرىنى ياڭ جاڭجۈڭغا مەلۇم قىلغان بولسا (بەلكى بۇ كەمگىچە مەلۇم قىلىپ بولغاندۇ)، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە چوڭ بىر پالاكەتنىڭ يۈز بېرىشى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان گەپ ئىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بىردىن-بىر چارە شەھەردىن دەرھال چىقىپ كېتىش لازىم. بىراق، قانداق چىقىپ كەتكىلى بولىدۇ؟ بىرەر بانە تېپىلسا ياخشى بولاتتى. نىمە بانا بار؟ تەۋەككۈل دەپ، بىر كېچىدە باشنى تولغاپلا ماڭسىچۇ، بۇ قانداق بولار؟

تۆمۈر خەلپە ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن ئەنە شۇ مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ تۇرغاندا، شاكىر بىلەن تورپاق ئۆز غوجا ئەمەت ھەممەيلەن تەڭ ماڭماي، بۆلۈنۈپ-بۆلۈنۈپ مېڭىشنى، ئاۋال تۇرپان تاغلىرىغا بېرىۋېلىپ، ئاندىن قومۇل تەرەپكە كېتىشنى تەكلىپ قىلدى. ئامانقۇل بىلەن قاسىم قىزىق ئاۋال تۇرپان تەرەپكە بېرىش دېگەن پىكىرگە قوشۇلسىمۇ، بىرنەچچىگە بۆ-

① قورمال—ئورمان-زىرائەتلەرنى قوغدىغۇچىلارنىڭ باشلىقى.

لۇنۇپ كېتىشنى خەتەرلىك دەپ ھېساپلىدى. ئاخىر، تۆمۈر خەلپە «ھازىرچە ئازراق ئادەم ئالدىمىزدا مېڭىپ تۇرسۇن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن شاكىر باشلىق ئون نەچچە يىگىت ئۇلانبايغا يوشۇرۇپ قويۇلغان مىلتىقلارنى ئېلىپ، بىر كېچىدىلا كۆزدىن غايىپ بولدى①. تۆمۈر خەلپىلەر ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدە ئاي قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، يېرىم كېچىدە شەھەردىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇشتى.

شاكىرلار يولغا چىقىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە، جاڭجۇڭ يامۇلدىن تۆمۈر خەلپىنى يەنە «ھەربى كېڭەش»نىڭ يىغىنىغا چاقىرغان ئۇقتۇرۇش كېلىپ قالدى. بۇ ئۇقتۇرۇشتا: «چېگرا توقۇنۇشى جىددىيلىشىپ قالدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا مەخسۇس شۇ مەسىلە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. تىپى دارىن چوقۇم قاتنىشىشى لازىم» دېيىلگەن ئىدى. تۆمۈر خەلپە گۇمان تۇغدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، بۇرۇنقىدەكلا سايىت تۇڭچىنى ئېلىپ يىغىنغا بارماقچى بولدى. ئامانقۇل «بۇ قېتىم مەنمۇ ساڭا يولداش بولاي» دېدى. ئۇلار ئاتلانغاندا، ھېلىقى ھەربى تەلىم بەرگۈچى ساۋگۇەنلەر يىگىتلەرنى مەشق قىلدۇرۇۋاتاتتى. تۆمۈر خەلپە دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، نىمىشقىدۇ يىگىتلەرگە بىر قارىۋالغۇسى كەلدى-دە، كۆك بوز ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. كۆك بوز ئات ئىگىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزگەندەك، دەرھال ئارقىغا بۇرۇلدى. ۋە تىزگىنى سىيرىپ، ئېغىل تەرەپكە ئەپقاچتى. تۆمۈر ئۇنى توختاتماقچى بولاتتى. كۆك بوز ئات بولسا، ئېغىزدۇرۇقنى چىشلىۋېلىپ، ھەدەپ ئېغىل تەرەپكە چاپاتتى. ھەممىنىڭ دىققىتى ئاتقا بۇرۇل-

---

① تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، شاكىر ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن تۇرپان ئاستانىگە بېرىپ، مۆيدىن خەلپىنىڭ سەپداشلىرىدىن ئەمەت بىلەن بىرلىكتە يەنە ئىش باشلىغان. بەختكە قارشى 1914-يىلى مارتنىڭ ئاخىرى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ ھالاك قىلىنغان. ئەمەت قوزغىلاڭنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنى ئالاقزادە قىلىپ تۇرغاندا، قوزغىلاڭچىلار ئىچىگە كىرىۋالغان تاجى بىلەن سېيىت دېگەن خائىنلار تەرىپىدىن 1914-يىلى 16-دېكابىر كۈنى سۇيىقەستكە ئۇچرىغان.

دى. كۆك بوز ئات يولىنى توسقانلارنىڭ قىقاس-چۇقانلىرىغا جاۋابەن ئالدى پۇتلىرىنى ئىگىز كۆتىرىپ، قاتتىق كىشنەپ تاشلىدى-دە، ئاندىن ئىگىسىگە بويسۇنۇپ ماڭدى. بۇ ئەھۋال تۆمۈر خەلپىنىڭ كۆڭلىدە بىر ئاز غەشلىك پەيدا قىلدى. چۈنكى، بۇ سۆيۈملۈك ئېتى ئۇنىڭغا ھېچقاچان مۇنداق ئىتائەتسىزلىك قىلىپ باقمىغان ئىدى.

تۆمۈر خەلپىلەر يىغىنغا كەتكەندىن كېيىن، ساۋگۈەنلەر مىلتىقلارنى ئۇندىن-ئۇندىن جۈپلەپ قويۇپ، يوبۇغا يۈگۈرۈشكە قوماندا بەردى. يىگىتلەر مەيداننى بىر ئايلىنىپ بولغاندا، بىر ساۋگۈەن سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇلارنى يۈگۈرتكەن پېتى سىرتقا ئەپچىقىپ كەتتى. يېرىم سائەتلىك يۈگۈرۈشتىن يانغان يىگىتلەر مەيداندا بىر تالمۇ مىلتىق قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. شۇ ئارىدا «ياتاقلارغا تارقال» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. گەزەرمە سېپىلىنىڭ ئۈستىدە يۈزدەك چېرىك ئۇلارغا مىلتىقلىرىنى تەڭلەپ، ھەيۋە قىلىپ تۇراتتى.

مۇشۇ مىنۇتلاردا تۆمۈر خەلپە ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ھېلىقى «ھەربىي كېڭەش» مەجلىس زالىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا ئولتۇراتتى. بۇ ئۆيدە ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، بىر چاغدا، تۆت تەرەپتىكى ئىشىك تەڭلا ئېچىلدى-دە، ئون نەچچە چېرىك تەڭلا يۈگۈرۈپ چىقىپ، نەيزىلىك مىلتىقلىرىنى تۆمۈر خەلپىلەرگە تەڭلەپ «كۆتەر قولۇڭنى!» دەپ ۋاقىراشتى. تۆمۈر خەلپە بىلەن ئامانقۇل ھاڭ-تاڭ قېلىپ بىر بىرىگە قاراشتى. ھېلىقى ئاۋازلار يەنە تەكرارلاندى. شۇ ئارىدا مافۇشاڭ دېگەن تولۇم چاشقان پەيدا بولۇپ، يان قورالىنى پۇلاڭلاتقان پېتى «قوراللىرىنى تاپشۇرۇڭلار!» دەپ ۋاقىرىدى. چېرىكلەر تەرەپ-تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، تۆمۈر خەلپە بىلەن ئامانقۇلنىڭ يان قوراللىرىنى تارتىۋالدى. ئارقىدىنلا كويزا-كىشەنلىرىنى شاراقلىتىشقا باشلىدى.

ئامانقۇل قونچىدىن پىچىقىنى ئېلىشقا ئۈلگۈرۈپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئىككى چېرىكنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلىدى ۋە ئۈچىنچى بولۇپ تۇلۇم چاشقانغا يولۋاستەك ئېتىلدى. بىراق، تۇلۇم چاشقاننىڭ قولى تەپكىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم بېسىۋەتتى. ئامانقۇل دەلدەڭشىپ قالدى. تۆمۈر خەلپە ئىتتىك بېرىپ ئۇنى قۇچاقلاپ ئالغىچە، ئۆزىنىڭ قولىغا كويزا چۈشۈپ قالدى. ئامانقۇل قانغا مىلىنىپ يەردە ياتاتتى. تۆمۈر خەلپە ئۇنىڭ يېنىغا تىزلاندى.

ئامانقۇل تۆمۈر خەلپىگە قاراپ، «را... زى... بول... ئاكا!» دېدى ـ دە، كۆزىنى يۇمدى. ئىككى چېرىكنىڭ قارنىنى يارغان قازاق پىچىقى ئۇنىڭ يېنىدا پارقىراپ ياتاتتى. تۆمۈر خەلپە ئۇنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ، ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندا، سايىت تۇڭچىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. سايىت تۇڭچى ئۆزىنى تۆمۈر خەلپىنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇپ، ھېلىقى تۇلۇم چاشقاننىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇشقا ئالدىرىدى.

## 4

كىشى ئاخىر ئۆلىدۇ، بەزىلەرنىڭ
ئۆلۈمى تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك
بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى ھاڭگىرت
پېيىدىنمۇ قەدىرسىز بولىدۇ.

ـــ سىماچيەن①

بوۋامنىڭ بوۋىسى ئۆزىنىڭ ۋىجدانىغا مۇقەددەس دەپ ھېسابلىغان

① غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، تەخمىنەن مىلادىدىن 145 يىل بۇرۇن ياشىغان مەشھۇر تارىخشۇناس، مۇتەپەككۇر، ئەدىب.

يولىدىن قايتماي، جازا مەيدانىدا
ئۆلگەن ئىدى.

— ئا. س. پۇشكىن

تولۇق ھەربىي فورما كىيگەن ياڭ جاڭجۇڭ بىلەن تولۇم چاشقان مافۇشىڭ تامىلىرى كۆك خىشتىن قوپۇرۇلغان كىچىكرەك بىر زالدا بىر سائەتتىن بۇيان، تۆمۈر خەلپىسىنى سوراق قىلىۋاتاتتى. مەمەت بەگ دىگەن ئالغاي تۇڭچى ئۆرە تۇرۇپ تەرجىمانلىق قىلاتتى.

— بۇ گەپچە، سەندە زادى گۇنا يوق ئىكەن-دە! — دىدى ياڭ جاڭجۇڭ.

— سىلەرنىڭ ھىيلە-مىكىرىڭلارغا ئالدانغىنىمدىن بۆلەك گۇنايىم يوق.

— گېلاۋخۇيچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىڭچۇ؟

— يالغان.

— قۇمۇلدا ئىسيان چىقىرىشقا ئادەم ئەۋەتكىنىڭچۇ؟

— يالغان.


— خۇسەيىن بايدىن يۈز تال مىلتىق سېتىۋالغىنىڭمۇ يالغانمۇ؟

— يۈز تال ئەمەس، ئەللىك تال.

— بۇ گۇنا ئەمەسمۇ؟

— سىلەر بىزنىڭ قېنىمىزنى تۆكسەڭلار گۇنا بولماي، بىز ئۆزىمىزنى قوغداشقا ھەرىكەت قىلساق گۇنا بولامدۇ؟

— سىلەرنى نىمە قىلغان بولسا، شا مەخسۇت ۋاڭ قىلدى. مەن ئارىدا چۈشۈپ، پۇقرانىڭ يۈكىنى يېنىكلەتتىم. قان تۆكۈلمىسۇن دەپ، سىلەرنى ياراشتۇردۇم. ئەمدى قايسى يۈزۈڭ بىلەن



مېنى ئەيىپلەيسەن؟

— توغرا، شا مەخسۇت بىزنى قىلىچ بىلەن قىرماقچى ئىدى. ياك جاڭجۇڭ جاناپلىرى قىلىچنىڭ ھاجىتى يوق، ئاۋال پۇت-قولىنى چۈشەپ ئالساق، پىچاق بىلەنلا بوغۇزلىغىلى بولىدۇ، دەپ، ئىشنى ئاسانلاتتى. جاڭجۇڭ جاناپلىرى جاللاتلىقتا شا مەخسۇتتىن ئۇستىراق ئىكەنلا، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ياك جاڭجۇڭ ئۆزىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ، پىشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى. تولۇم چاشقان ئورنىدىن دەس قوپۇپ، تاپانچىسىنى ئوقلىدى. ياك جاڭجۇڭ ئۇنى قول ئىشارىتى بىلەن توختىتىپ، سوراقنى يەنە داۋام قىلدۇردى:

— كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، مەن ئىنسانپەرۋەر، يۇمشاق كۆڭۈل ئادەممەن، بولمىسا، سېنىڭ ئىشىڭ بىرتال ئوق بىلەن تۈگەيتتى. مەن سېنىڭ باتۇرلۇغىڭغا ھېلىمۇ قايىلمەن. ئەگەر ئۆرۈمچىگە كېلىپ تاپقان شېرىكلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ، گۇنايىڭنى تىلىسەڭ، سېنى كەچۈرىمەن. يەنە دارىن بولۇپ يۈرىسەن.

— رەھمەت، — دېدى تۆمۈر خەلپە مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ، — جاڭجۇڭ جاناپلىرى راستىنلا ئىنسانپەرۋەر، يۇمشاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەن، بولمىسا، چېرىكلىرىم ئۆلۈپ تۈگىمىسۇن دەپ، لى يىڭجاڭغا قورئاننى كۆتەرتىپ قومۇلغا ئەۋەتەمدۇ؟ ئۆرۈمچىدىكى شېرىكلىرىڭنى ئېيتىپ بەرسەڭ، يەنە دارىن قىلىمەن دەمدۇ؟ ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى، مېنىڭ بىرلا جېنىم بار، بىرجانغا بىرتال ئوق يېتىدۇ. جاڭجۇڭ جاناپلىرىدىن تىلىگۈدەك گۇنايىم يوق.

— گۇنايىڭنى بويۇنۇڭغا قويۇپ بەرسەم نېمە دەيسەن؟

— ئىختىيار ئۆزۈڭدە.

ياك جاڭجۇڭنىڭ ئىشارىتى بىلەن يان ئىشىك ئېچىلىپ، يەڭلىرىنى جەينىكىگىچە تۈرۈۋالغان ئىككى چېرىك بىر ئادەمنى سۆرەپ كىردى. ئۇنىڭ باش-كۆزلىرى يېرىق، پۇت-قوللىرىدا كىشەن-زەنجىر شاراقلاپ تۇراتتى. بۇ، گامازا تۇنگاننىڭ ئۆيىدە

تونۇشقان ھەلىقى ئادەم ئىدى.

— بۇ ئادەمنى تونۇمسەن؟ — دېدى ياڭ جاۋجۇڭ، تۆمۈرگە قاراپ.

— تونىمايمەن.

— سەنچۇ، سەن بۇنى تونۇمسەن؟ — دېدى ياڭ جاۋجۇڭ ھەلىقى كىشىگە تۆمۈرنى كۆرسىتىپ.

ئۇ كىشىمۇ بېشىنى چايقىدى. ياڭ جاۋجۇڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ، تۈلۈم چاشقانغا قارىدى. تۈلۈم چاشقان ئىككىنچى ئىشىكنى ئاچتى. بىر چېرىك سايىت تۆگىچىنى باشلاپ كىردى. ئۇ، قوللىرىنى ئىككى يانغا سىلىپ يەردىن ئۆستۈن قارىماي تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى زانىغا چۈشۈپ تۇرغان چاشقان قۇيرۇغىدەك ئىنچىكە بۇرۇتى تىترەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ھە، ئىبىتە، — دېدى ياڭ جاۋجۇڭ ئۇنىڭغا چەكچىيىپ، — بۇ ئىككىيلەن نېمە دېيىشكەن؟

سايىت تۆگىچى ھەلىقى ئادەمنىڭ بىر-ئىككى ئاي بۇرۇن تۆمۈر خەلپىگە ئېيتقان گەپلىرىنى تەكرارلىدى.

تۆمۈر خەلپە كىشەن-زەنجىرلىرىنى شاراقلىتىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، «تۇفى! مۇناپىق، دەۋزىخى! سەندىن كەلگەن ۋاپا شۇمۇ؟» دېدى. سايىت تۆگىچى بىر قەدەم ئارقىغا داجىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى. ئىككى چېرىك ھەلىقى ئادەمنى ئەپچىقىپ كەتتى.

— مۇنۇ يازغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئېيت! — دېدى ياڭ جاۋجۇڭ، ئالدىدىكى بىر دەستە قەغەزنى ئۈستەلگە ئۇرغان پېتى، سايىت تۆگىچىگە ۋاقىراپ.

سايىت تۆگىچى، دۇدۇقلاپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ، پات-پاتلا يېڭى بىلەن پېشانىسىنى سۈرتۈپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئەپيۈنكەشنىڭكىگە ئوخشايدىغان قانسىز يۈزى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ئىدى.

— خوش، ئېيې دارىن، ئۆزىڭىزنىڭ يۇرتىدىشىڭىز، دېيىشىڭىز

ھەممىنى ئېيتتى، ئەمدى نېمە دەيسىز؟ — دېدى ياڭ جاڭجۇڭ، سايىت تۈگچىنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن.

— مېنىڭ مۇنداق يۇرتدىشىم يوق، بۇ مەلئۇن مېنىڭ دىندىشىمۇ ئەمەس. ئۇ مېنىڭ ئىچىمگە كىرىۋالغان چايان، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى مېنىڭ گۇنايىم بولالمايدۇ. مەن پەقەت شا مەخسۇت بىلەن ساڭا ئوخشاش بۆرە-تۈلكىلەرنى ئەزىز يۇرتىمىزدىن تازىلاپ، پۇقرالارغا تەڭلىك، ئەركىنلىك ئېلىشقا ئاتلانغان ئوۋچىمەن. بۆرە-تۈلكىلەرنى ئېتىپ يوقىتىش ئوۋچىغا گۇنا ئەمەس، ساۋاپ! ئەمدى قانداق قىلساڭ شۇنداق قىل!

تۈلۈم چاشقان يەنە چاچراپ قوپۇپ، تۆمۈر خەلپىگە ئېتىلماقچى بولدى. ياڭ جاڭجۇڭ ئۇنى توستى ۋە تۆمۈرگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— سەن شا مەخسۇت ۋاڭ بىلەن مېنى يوقاتماقچى بولغان ئىكەنسەن، ئەمدى بىز سېنى تىرىك قويماسلىغىمىز كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، سىلەرگە قارشى قانلىق جەڭگە ئاتلانغان خەلقنىڭ بېشى بولۇپ تۇرۇقلۇق، قورۇق ۋەدە-قەسىمىڭلارغا ئىشىنىپ، قورالنى سىلەرگە ياندۇرۇپ بەرگەن، ئالدىڭلارغا ئۆز ئايىغىم بىلەن كەلگەن مەندەك ھاماقەتكە بىر ئەمەس، مىڭ ئۆلۈممۇ ئازلىق قىلىدۇ. قېنى، جاللاتنى چاپسانراق قىچقار، مېنىڭ ئىسسىق قېنىم ھېچبولمىسا، كېيىنكىلەرگە ئاچچىق ساۋاق بولۇپ قالار. ئەمما، بىر تال تاشنى قومۇرۇۋېتىش بىلەن بوغدا تېغىنى غۇلىتىۋەتكىلى بولمىغانغا ئوخشاش، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىش بىلەن ئىش تۈگىمەيدۇ. پۈتۈن بىر خەلقنى قىرىپ تاشلاش قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ.

ياڭ جاڭجۇڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئالا-سېرىق بولۇپ كەتتى. ئەمما، دەرھال يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، مۇنداق دېدى:

— سەن كىتاپقا يېزىپ قويغىدەك گەپلەرنى قىلىشنىمۇ

بىلمىدىكەنسەن. باتۇرلۇغۇڭ بىلەن بىللە ئەقلىڭگىمۇ قايىلمەن. ئەمما، ئۆلۈمىڭنى مەندىن كۆرمە، ئۆز كىشىلىرىڭدىن كۆر. مەسىلەن، سېنىڭ شەخسى كاتىۋىڭ بولغان سايىت تۈكچىدىن ساڭا كەلگەن ۋاپا شۇنچىلىك بولدى. مەن ۋاپاسىزلىقنى يامان كۆرىمەن. تۇزۇڭنى يەپ، دۆلىتىڭنى كۆرگەن بۇ ئادەم ئەرزىمەس پۇلغا سېنىڭ بېشىڭنى بىزگە ساتتى. ۋاقتى نىۋاق كەلگەندە، بىزگە خىيانەت قىلىپ، مېنىڭ بېشىمنىمۇ بىراۋلارغا سېتىشى چوقۇم، مۇنداق ئادەملەردىن ھېچكىمگە ۋاپا كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاۋال ئۇنى جازالىشىم كېرەك.

شۇنىڭدىن كېيىن، ياك جاڭجۇڭ يېنىدا تۇرغان چېرىككە پىچىرلىدى. چېرىك بىرتال ئاغامچا ئېلىپ كىردى. ياك جاڭجۇڭ يەڭلىرى شىمىرىلگەن ھىلقى ئىككى چېرىككە قاراپ، «قېنى ئەزىمەتلەر، بىلىگىڭلارنىڭ كۈچىنى بىر سىناپ كۆرۈڭلار» دېدى. ھايت-ھۇيت دېگىچە، ئىككى چېرىك ئاغامچىنى سايىت تۈكچىنىڭ بوينىغا سىرتماق قىلىپ سالدى. تىزلىنىپ ئولتۇرغان سايىت تۈكچى ئۆلۈكتەك قېتىپ قالغان ئىدى. ئاغامچىنىڭ ئىككى ئۇچى تەڭلا تارتىلىش بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى چاچراپ چىقتى-دە، ئۆزى يەرگە دۈم يىقىلدى. چېرىكلەر ئىتنىڭ ئۆلۈگىنى سۆرىگەندەك، ئۇنى بوينىدىن سۆرەپ ئەپچىقىپ كەتتى. تۆمۈر خەلپە بىر نىجاسەتتىن يىرگەنگەندەك تەتۈر قارىۋالدى.

— ئەمدى مېنىڭدىن رازى بولغانسىز. خۇدايىڭىزنىڭ دەرگاھىغا بارغاندا، مېنىڭدىن شىكايەت قىلماڭ، — دېدى ياك جاڭجۇڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، تۇلۇم چاشقانغا مۇنداق دېدى: «تېپى دارىن سىزگە قالدى. ھەرھالدا بۇرۇنقى دوستلىغىمىزنىڭ يۈز-خاتىرىسى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جېنىنى تولا قىيناماي بىر ئىش قىلىڭ.»

ئەتىسى، ياڭخاڭ مەسچىت جامائەتلىرى بامداتتىن يانغان

چاغدا، مەسچىت ھويلىسىغا ئۈستى يېپىلىق بىر ھارۋا كىرىپ كەلدى. قېرى ھارۋىكەش چىرىك كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، ئىمام-مەزىنگە بىرنىمىلەر دەپ پىچىرلىدى.

پېشىن نامىزىدىن كېيىن، بىر توپ جامائەت ئىككى تاۋۇتنى كۆتىرىپ، خاڭچىگىدىكى قەۋرىستانلىققا ماڭدى. ئالدىنقىسى تۆمۈر خەلپىنىڭ، كېيىنكىسى ئامانقۇلنىڭ تاۋۇتى ئىدى. تۆمۈر خەلپىنىڭ تاۋۇتىنى كۆتەرگەنلەر ئىچىدە، ھەيدەر ئەپەندى بىلەن گامازا تۇڭگانمۇ بار ئىدى.

1913-يىلى 8-سېنتەبىر كۈنى يەنى تۆمۈر خەلپىلەر دەپنە قىلىنغان كۈننىڭ ئەتىسى ئۈرۈمچى كوچىلىرىغا ياڭ جاڭجۇڭ نامىدىن خەنزۇ-ئۇيغۇر تىللىرىدا يېزىلىپ، يوغان تۆت بۇرجەكلىك قىزىل تامغا بېسىلغان ئېلان چاپلاندى. ئېلاننىڭ باش قىسمىدا تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۆتكەن يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ قومۇلدا ئىسيان قوزغاپ، يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى بۇزغانلىقى، ھەتتا باركۆل ھەربى قوماندانى يى شىڭفۇ باشلىق بىرمۇنچە چېرىك-ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرگەنلىكى، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ياڭ جاڭجۇڭنىڭ «ئىنسانپەرۋەرلىك» بىلەن ئۇنىڭ گۇنايىدىن ئۆتۈپ، ئۇنى ئۆلكە مەركىزىدە تۇرۇشلۇق ئۇچىنچى ئاتلىق باتالىيونىنىڭ باشلىقى قىلىپ ئۈرۈمچىگە چىللاپ چىققانلىقى، ئەمما، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۈرۈمچىدىمۇ تىنچ تۇرماي، يەنە ئىسيان قىلماقچى بولغانلىقى ئېيتىلىپ كېلىپ مۇنداق دېيىلگەن: «شۇ ۋەجىدىن، ئاپەتنى تۈگىتىپ، يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش مەقسىدىدە، 6-سېنتەبىر كۈنى ھەربى سوت تۆمۈرنى ئېتىپ تاشلاشقا ھۆكۈم چىقاردى.

بۇ ھۆكۈم شۇ كېچىسى ماتۇڭلىك① تەرىپىدىن ئىجرا

① تۇلۇم چاشقان ماتىتەيىنى دېمەكچى. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، تۇلۇم چاشقاننىڭ جاللاتلىرى شۇ كېچىسى مۆيدىن خەلپىنىمۇ مەخپى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن. 1914-يىلى مارتتا، تۇرپان ئاستانە خەلقى مۆيدىن خەلپىنىڭ سۆڭىكىنى تېپىپ ئۆز يۇرتىغا يۆتكەپ كەتكەن.

قىلىندى ... قۇمۇل تاغلىرىدىكى ئۇيغۇر پۇقرالاردا گويا يوق، ئۆتكەن ئىشلار سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. تۆمۈرنىڭ ئۈرۈمچىدىكى نەۋكەرلىرى خالىسا بۇرۇنقىدەك ئەسكەر بولۇپ تۇرسۇن، خالىسا، يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ، ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلسۇن. ئەسكەر ۋە پۇقرالار ئەھۋالنى بىلسەي، ئەنسىرەپ يۈرمىسۇن دەپ، مەزكۇر ئېلان چىقىرىلدى. ۋاقىپ بولغايسىزلەر».

## 5

ئۇلارنىڭ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقى
«ھەددىدىن ئېشىپ، شۇ دەرىجىگە
بېرىپ يەتتىكى، ھەتتا قورام
تاشلارمۇ، بۇنىڭغا دات دەپ
تاشلايدۇ.①»

— لېنىن

بۇ ئېلان چىقىرىلىپ، ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، ئىككىدىن ئات قېتىلغان يىگىرمىدەك ھارۋا ئۈرۈمچىدىن گۇچۇڭغا قاراپ يولغا چىقتى. ھارۋىلارنىڭ ھەممىسى ئادەم بىلەن تولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى، بەزىلىرى ئاغزا تارتاتتى، بەزىلىرى غەمكىن كۆزلىرىنى بۇلۇتلۇق ئاسمانغا تىكىپ، نىمىندۇ ئويلاپ ئولتۇراتتى. دائىم ئويۇن-چاقچاق بىلەن ئۆتىدىغان قاسىم قىزىقسۇ، ئۆز دېمەتنى بولغان كەم سۆزلۈك ئەنسارنىڭ يېنىدا، تورپاق ئۆز غوجا ئەمەتنىڭ ئاتلارغا قامچا ئۇرۇشىغا قاراپ جىم ئولتۇراتتى.

— بۇ مېڭىشىمىزدا قۇمۇلغا قاچان يېتىپ بارارمىز؟ — دېدى

① ۋ. ئى. لېنىن ئەسەرلىرى، خەنزۇچە نەشرى، 5 - توم، 258 - بەت.

تورپاق تۈزغوچا ئەمەت.

— قامچاڭنى تولا تاراسلاتما، ئاۋۇ جانىگەرنىڭ كىرىپىدەك تۈگۈلۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈۋاتامسەن، — دېدى قاسىم قىزىق.

— تولا ۋالاقلاشماي، ھارۋاڭنى ھەيدە، — دېدى ئاتلىق چېرىك زەردە بىلەن.

تۆمۈر خەلپە قەتل قىلىنغاندىن كېيىن، يىگىتلەرنىڭ تەلۋى بويىچە، ياڭ جاڭجۈك ئۇلارنى قومۇلغا ماڭدۇرغان ۋە قوغداپ بېرىشقا ئاتمىش چېرىك قوشۇپ بەرگەن ئىدى. ئۇلار يولغا چىقىدىغان كۈنى، چېرىكلەرنىڭ باشلىقى ياڭ جاڭجۈڭنىڭ شا مەخسۇت ۋاڭ بىلەن لى شۇفۇغا يازغان خېتىنى ئوقۇپ بەردى. خەتتە «بۇلاردا گۇنا يوق، بار بولسىمۇ، گۇنايىدىن ئۆتتۈم. ئۆز يۇرتىغا بېرىپ تىرىكچىلىگىنى قىلسۇن. بۇلارغا ھەرگىز تېگىلمىسۇن» دېيىلگەن. شۇڭا، يىگىتلەر كەلگۈسىدىن ھەرھالدا خاتىرجەم ئىدى.

ئۇلار گۇچۇڭنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ئۇلانئۇسۇ دېگەن ئېقىندىن جىلغىغا كىرگەندە، چېرىكلەرنىڭ باشلىقى: «ئاتلار ھېرىپ قالدى، مۇشۇ يەردە بىر كۈن دەم ئالىمىز» دېدى. بۇ جىلغا دېگەندەكلا دەم ئالغۇدەك يەر ئىدى. تاغنىڭ يان باغرىلىرىدا پىشىپ يېتىلگەن ئوت-چۆپلەرنى كۆرۈپ، ئات-ئۇلاقلارغىمۇ جان كىرىپ قالدى. قازانلار ئېسىلىپ، ھەممەيلەن بىرقۇر تويۇشقاندىن كېيىن، ئېزىلىپ قېلىشتى. چېرىك باشلىقى تىك يار تۈۋىدىكى دالىدا بىر يەرنى كۆرسىتىپ، «مۇشۇ يەردە تۈنەڭلار» دېدى. بۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ كېيىملىرى يېپىلىك يىگىتلەرنىڭ شامالدىن دالدىلىنىشىغا ئەپلىك ئىدى. ھەممەيلەن يوتقان-كۆرپىلىرىنى شىغىللىققا يېيىپ سوزۇلۇشتى ۋە ئۇزاققا بارماي ئۇيقۇغا كېتىشتى، ئالاڭلاپ قالغان ئاسماندا، ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇن ئاي قانداقتۇ بىر دەھشەتنىڭ يۈز بېرىشىنى سەزگەندەك، بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇشقا ئالدىرايتتى.

شۇ ئارىدا جىلغىنىڭ نېرىقى بېشىدا قارا سايىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى ۋە بىردەمدە ھارۋىلارنى يالاپ كېلىۋاتقان چېرىكلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئۇيقۇدىكى يىگىتلەرنى ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ ئالدى. كىمدۇ بىرىنىڭ «ئات!» دېگەن قوماندىسى ئاڭلىنىش بىلەن يىگىتلەرنىڭ ئۈستىگە ئوق يامغۇرى يېغىشقا باشلىدى. تەخمىنەن ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن، ئوق ئاۋازلىرى بىلەن دات-پەرياد ۋە قىيا-چىيالار توختاپ، جىلغىنىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ قالدى.

ئەتىسى، چېرىكلەر يار ئۈستىدىن قىسقا ساپلىق گۈرجەكلىرى بىلەن توپا تاشلاپ، ئۆلۈكلەرنى كۆمدى ۋە ئانچە ھەيەل بولمايلا، ئات-ھارۋىلىرى بىلەن ئۈرۈمچى تەرەپكە راۋان بولدى. چۈشكە يېقىن، ئاز كەم ئىككى يۈز يىگىتنىڭ جەسىدى كۆمۈلگەن بۇ دۆڭلۈكنىڭ بىر چېتىدە قانداقتۇ بىر نەرسىنىڭ قىمىرلاۋاتقىنى بىلىندى. بىردەمدىن كېيىن، ئاۋال ئىككى قول، ئاندىن يۈز-كۆزىگە توپا ئارىلاش قان ئۇيۇپ قالغان بىر ئادەمنىڭ بېشى كۆرۈندى، ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئەتراپقا ۋەھىمە بىلەن قارىۋېلىپ، ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىشقا ھەرىكەت قىلدى. بىر ھازادىن كېيىن، سول پۇتىنى سۆرىگەن پېتى ئۇدۇلدىكى قارىغاي تۈۋىگىچە ئۆمىلەپ كېلىپ، شۇ يەردە يېتىپ قالدى. بۇ، كېچە بولۇپ ئۆتكەن بايىقى دەھشەتلىك قىرغىنىنىڭ بىردىن-بىر تىرىك قالغان شاھىدى ئەنسارى ئىدى.

مۇشۇ قىرغىن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شامەخسۇت ۋاڭ ئوردىسىغا تۇتاش تۇرغان ئوردا قوۋۇق دەرۋازىسىغا كېسىك باشلار سېلىنغان بەش قانلىق قەپەز ئېسىپ قويۇلدى. ئۇنىڭ بىرى، ئۇزۇن ساقاللىق ئېلى پالگان؛ ئىككىنچىسى، قويۇق بۇرۇتلۇق قارا بوسۇق؛ ئۈچىنچىسى، كوسا ساقال، ياداڭغۇ چىراي سەيپۇك توختى؛ تۆتىنچىسى، سېرىق ساقاللىق تۆمۈرچى

هوشۇر ئۇستا؛ بەشىنچىسى، قايرىلما بۇرۇتلۇق نىيازنىڭ بېشى ئىدى. دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۈچتىن ئالتە چېرىك قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە ھومىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئادەملەر بۇ دەرۋازىدىن ئۆتۈپ بولغىچىلىك، رەڭگى-روھى ئۆڭۈپ، خۇددى سوغاقتىن بەدىنى شۈركىنىپ كېتىۋاتقاندەك، تىترىشىپ كېتەتتى. بەزىلەر كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى. خوتۇنلار يۈزىدىكى رومallirini تارتىشتۇرۇپ، ئۇششاق بالىلىرىنى يېتىلىگەن پېتى قەدەملىرىنى تېزلىتەتتى.

شۇ ئارىدا، شەھەر ئىچىدىن، جاكاچىنىڭ قاتتىق ئاۋازى بىلەن جاڭ ساداسى ئاڭلاندى. كۆتەك ھارۋا ئۈستىگە ئورنىتىلغان ياغاچ قەپەز ئىچىگە بىر ئايال كىشى ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ بېشى قەپەزدىن چىقىرىپ قويۇلغان بولۇپ، چۇگۇلۇپ كەتكەن چاچلىرى يۈزىنىڭ يېرىمىنى توسۇپ تۇراتتى. بويىندىكى زەنجىرنىڭ بىر ئۇچى قەپەز شادىلىرى ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ھارۋىنىڭ شوتىسىغا باغلاپ قويۇلغان ئىدى. قەپەزنىڭ ئىچىدە ئۈستىۋېشى توپىغا مىلەنگەن ئىككى قىزچاق دۈگدىيىپ ئولتۇراتتى. بۇلار تۆمۈر خەلپىنىڭ بالا-چاقىلىرى ئىدى. جۇلجۇل بولۇپ كەتكەن تونىنىڭ پەشلىرىنى پوتىسىغا قىستۇرۇۋالغان چاساقال ھارۋىكەش قولىدىكى تاياق بىلەن قارا ئۆكۈزنىڭ بىقىنىنى پات-پات نوقۇپ قوياتتى. ھارۋىنىڭ كەينىدە ئۈستى-ۋېشىنى چاڭ باسقان ئىككى چېرىك قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان ھالدا، ئۈن-تىنسىز كېلىۋاتاتتى. ھارۋىنىڭ ئالدىدا قايرىلما قالپاق كىيىپ، قىسقا چاپان ئۈستىدىن بېلىنى قارا پوتا بىلەن باغلىۋالغان ئوردا جارچىسى ھەر يۈز قەدەمدە دىگىدەك قولىدىكى مىس جاڭنى ئىككى-ئۈچ قېتىم سوقۇپ، جار سېلىپ ماڭاتتى:

ئەييۇ ھەنناس،
ئەي ئاۋام خاس!

ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار،
كېيىن پۇشمان يېمەڭلار،
كىمكى گاڭ غوجامغا
مۇش كۆتەرسە تۆمۈردەك،
ئۆزى تۇرماق ئەۋلادى
تېرىك گۆرگە كىرىدۇ.
ئۆلۈمدىنمۇ قاتتىقراق،
قارا كۈننى كۆرىدۇ!

جاڭ ... جاڭ ... جاڭ ...

كېۋتەك هارۋا ئېگرى-توقاي كوچىلاردىن ئۆتۈپ، دەرۋازا سىرتىغا چىقتى. هارۋىكەش بوۋاي چېرىكلەرنىڭ بۇيرۇغى بىلەن هارۋىنى دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى مەيدانغا توختىتىپ قويۇپ، قارا ئۆكۈزنى ئوتلاتقىلى ئېلىپ ماڭدى. بازار، ئالتۇنلۇق ۋە شىمال تەرەپتىكى يېزىلاردىن كېلىپ، شەھەر ئىچىگە كىرىدىغان ياكى شەھەردىن چىقىپ، شۇ تەرەپلەرگە بارىدىغانلارنىڭ هەممىسى ئەنە شۇ مەيداندىن ئۆتەتتى. بۇ مەيدان ئوردىنىڭ ئېگىز راۋىغىدىن قارىغان كىشىگىمۇ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەيداندىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر بىردەم دەرۋازىغا ئېسىقلىق قانلىق قەپەزلەرگە، بىردەم هارۋىنىڭ ئۈستىدىكى ياغاچ قەپەز ئىچىدە تۇرغان زورىخان ئايلا بىلەن قىزچاقلارغا قاراپ، ئۇلۇق-كىچىك تىناتتى، «تۇۋا» دەپ ياقىلىرىنى تۇتۇشاتتى. بولۇپمۇ خوتۇن-قىزلار ئۆزىنى تۇتالماي پىخىلداپ يىغلايتتى. چېرىكلەر بولسا، هېچكىمنى قەپەزنىڭ يېنىغا كەلتۈرمەيتتى. يېقىنلاشقانلارغا قىلىچلىرىنى شىلتىپ، «ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟» دەپ هەيۋە قىلاتتى.

— رەھمەتلىك تۆمۈر خەلپىنىڭ بەش-ئالتە ياشتا باسىت دەيدىغان بىر ئوغلىمۇ بار ئىدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ —

دىدى ئىشەكلىك بىر بوۋاي يېنىدىكى ھەمرىيىغا.

— خۇدادىن قورقماي، شۇنداق قىلغانمىدۇ، ئۇ نارسىدىدە نىمە گۇنا؟! — دىدى بوۋاينىڭ ھەمرىيى ئاستا پىچىرلاپ.

— قىزىق ئىكەنلا، — دىدى بوۋاي، — ئۇلار خۇدادىن قورقامدۇ؟ خۇدادىن قورققان كىشىزە، مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلامدۇ؟

دەرۋەقە، رەھىمسىز ئەجەلنىڭ تەلۋە قۇيۇنلىرى كېچىككىنە باستىنمۇ بىر تال يوپۇرماقتا ئوخشاش ئۇچۇرۇپ كېتىشكە تاس-تاماس قىلىۋاتاتتى. چۈنكى، تۆمۈر خەلپىنىڭ قەتل قىلىنغانلىغى توغرىسىدىكى خەۋەر قۇمۇل دىيارىنىڭ ھەممە يەرلىرىگە ئۇقتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، لى شۇفۇ بىلەن شا مەخسۇت ۋاڭ ئەمدى تۆمۈر خەلپىنىڭ تاغدىكى ھەمراھلىرىنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشتى ۋە بۇ ئىشنى ئىككى قەدەمگە بۆلۈپ، بىرىنچى قەدەمدە قارا بوسۇق بىلەن سەيپۇڭ توختىنىڭ قولى ئارقىلىق تۆمۈرنىڭ سادىق ھەمراھلىرىنى يوقىتىش، ئىككىنچى قەدەمدە، قارا بوسۇقلارنىڭ ئۆزىنى ئۇجۇقتۇرۇش قارارىغا كېلىشتى. شۇ پىلان بويىچە لى شۇفۇ قارا بوسۇق بىلەن سەيپۇڭ توختىغا مەخپى خەت يازدى (بۇ كۈنلەردە، ياڭ جاڭجۈننىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن بەي ۋىنچاۋ ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا لى شۇفۇ قۇمۇلنىڭ ئامباللىغىغا تەيىنلەنگەن ئىدى). لى شۇفۇنىڭ خېتىدە مۇنداق دىيىلگەن ئىدى: «مەن سىلەرنىڭ ياڭ جاڭجۈڭ بىلەن شا مەخسۇت ۋاڭغا سادىق بولۇش بەدىلىگە ئون ئىككى تاغنى ئۆزلۈگىلار سورىشىڭلارغا كېپىللىك قىلىمەن. ئەمما، تۆمۈرنىڭ ئىلى پالگانىغا ئوخشاش كىشىلىرى ھايات تۇرىدىغان بولسا، سىلەرگە تىنچلىق بولمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئىلى پالگان باشلىق تۆۋەندە ئىسمى يېزىلغان كىشىلەرنى دەرھال تۇتۇپ شەھەرگە ماڭدۇرۇڭلار. ئاندىن، تۆمۈرنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇۋېتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەركەك ئەۋلادىدىن ھىچكىمىنى تىرىك قالدۇرماڭلار. خوتۇن-قىزلىرىنى دەرھال شەھەرگە ئەۋەتىپ بېرىڭلار! بۇ، ياڭ جاڭجۈڭ جاناپلىرىنىڭ بۇيرۇغى.»

لى شۇفۇ بۇ خەتنى ئۆزىنىڭ ھىلىقى ياش مەھرىمىدىن چىقارماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇشۇ ئىشلارنىڭ قانداق ئورۇنلانغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىشىنىمۇ تاپشۇردى. ياش مەھرەم ۋاڭ ئوردىسىدىن بىرەر تۇڭچىنىڭ ھەمرا بولۇپ چىقىشىنى ئۆتۈندى. شۇنىڭغا بىنائەن، ئوردىدىن قاسىم تۇڭچى ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ ماڭدى.

بۇ مەھرەم لى شۇفۇ بىلەن قورايدا تۇرغان مەزگىللىرىدە باستىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى: باستىنى ھەر كۆرگەندە، ئورۇمچىدە قالغان ھامىلدار ئايالىنىڭ باستىقا ئوخشاش بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىشىنى خۇدادىن تىلەيتتى. بولۇپمۇ، باستىنىڭ ھىلىقى بىر تال چېچى ئۇنىڭ كۆزىگە بەكمۇ يېقىملىق كۆرۈنەتتى. مانا ئەمدى شۇ كىچىككىنە باستىمۇ، چوڭلار قاتارىدا بوغۇزلىنىپ تاشلىنىدىغان بولدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

— سىزنىڭ قانچە بالىڭىز بار؟ — دېدى مەھرەم، قاسىم تۇڭچىغا يولدا كېتىۋېتىپ.

قاسىم تۇڭچى ئىگەرگە قىڭغىر ئولتۇرۇۋېلىپ، تۆت بالىلىق بولغانلىقىنى، لېكىن بىرەرسىنىڭمۇ تۇرمىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن، خەير - سەدىقە بېرىپ، مازار - ماشايىخلاردىن جىق تىلىگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجە چىقمىغانلىقىنى ئېيتىپ، «بۇ ئالەمدىن پەرزەنتسىز ئۆتىدىغان ئوخشايمەن» دەپ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى. مەھرەم بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

— خۇدا يولىدا بىرەر ساۋاپ ئىش قىلسىڭىز، مۇرادىڭىز ھاسىل بولۇپ قالار، — دېدى.

قاسىم تۇڭچى ئەگەر مۇندىن كېيىن پەرزەنتلىك بولۇپ، ئەۋلادى قالىدىغانلا بولسا، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— مەن بىر گەپ ئېيتسام، سىر ساقلاشقا قەسەم ئىچەلەمسىز؟ — دېدى مەھرەم، قاسىم تۇڭچىنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— پەرزەنت توغۇلدىمۇ؟ — سورىدى قاسىم تۆكچى سەگەكلىشىپ.

— هەئە، پەرزەنت توغۇلدى.

قاسىم تۆكچى چوقۇم سىر ساقلاشقا قەسەم ئىچتى. مەھرەم تۆمۈر خەلپىنىڭ باستى دېگەن نارسىدە بالىسىنى ئۆلتۈرمەكچى قۇتقۇزۇپ قېلىش نىيىتىنى ئېيتىپ، «بۇنىڭدىن ئارتۇق ساۋاپ ئىش بولمايدۇ. مەن بېرىپ، باستىنىڭ ئاپىسىغا ئېيتىپ قوياي دېسەم، تىل بىلمەيمەن» دېدى. قاسىم تۆكچى بۇ ئىشنى قىلىشقا ۋەدە بەردى.

ئۇلار قورايغا كەلگەندە، بەختكە يارىشا، قارا بوسۇق بىلەن سەيپۇڭ توختى قورايىنىڭ ئۇستۇنكى تەرىپىدىكى ئىرغايتۇ دېگەن مەھەللىگە كەتكەن ئىكەن. قاسىم تۆكچى تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۆيىگە كىردى. زورىخان ئايلا كىچىككىنە باستىنى باغرىغا بېسىپ، يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ، ئۇردا كىشىلىرى قىياپىتىدىكى تۆكچىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. قاسىم تۆكچى ئىشىكنى ياپتى-دە، زورىخان ئايلاغا مۇنداق دېدى:

— قورقمىسىلا! — مەن ئۆزلەگە يوجۇڭ بىر گەپنى ئېيتىپ قويغىلى كەلدىم. خەلپەمنىڭ بىرلا ئوغلى بار دەپ ئاڭلايمەن. ھە، مۇشۇ ئاخۇن بالام شۇ ئوخشايدۇ، ئۆزلە يىغىنى قويۇپ، چاققان بۇ بالىنى كۆزدىن نېرى قىلسىلا. بولمىسا، بۇ نارسىدىندىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىلا. مەن خۇدادىن قورقۇپ، ئۆزلەگە بۇ گەپنى دەپ قويدۇم. ئېغىزلىرىدىن چىقىپ كەتسە، مېنىڭمۇ بېشىم كېتىدۇ!

قاسىم تۆكچى ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، «ئىلدام بولسىلا جۇمۇ» دېدى. زورىخان ئايلاغا غىزا-تاماق ئەپكېلىۋاتقان ھۆسنارىخان بۇ ناتونۇش ئادەمنى كۆرۈپ، قاتتىق دەگدىدى ۋە ئالدىراپ كىرىپ ئەھۋالنى سورىدى. زورىخان ئايلا خۇددى بىھوش ئادەمدەك بىر دەم جىم ئولتۇردى-دە، ھۆسنارىخاننىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ يىغلاپ تاشلىدى ۋە ئەھۋالنى چۈشەندۈردى.

ھۆسنارىخانمۇ كۆز يېشى قىلدى. ئاندىن ئىككىيلەن باستىنى قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىر، نېرىنىكرغا، يەنى سەپەرقۇل بىلەن ئايقىزنىڭ يېنىغا ئاپىرىۋېتىش قارارىغا كەلدى. شۇ ئاخشىمى ئەل ياتار چاغدا، ھۆسنارىخان بىلەن شەرۇللا بوۋىنىڭ نەۋرىسى ئون ئۈچ ياشلىق گالى كىچىككىنە باستىنى ئېلىپ، نېرىنىكىر تەرەپكە ئاتلاندى.

بۇ كۈنلەردە رەۋىخان مومايمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، سەپەر-قۇل ئۆزىنىڭ كېلىنى ئايقىز ۋە نەۋرىسى ئارمانبەگ بىلەن يالغۇز قالغان ئىدى. سەپەرقۇل ھۆسنارىخاندىن ئەھۋالنى ئاڭلاپ، «زورىخانغا دەپ قويسىلا، ھەرگىز غەم يېمىسۇن، كېلىنى بالام بىلەن ئىككىمىزنىڭ بېشى ئامان بولسا، تۆمۈر خەلپىنىڭ تۇخۇمىنى ئۈلار قۇرۇتۇۋېتەلمەيدۇ» دېدى. ھۆسنارىخانلار كېتىشكە ئالدىرىدى. سەپەرقۇل ئۇنىڭغا قاراپ:

— كۆڭلى قارا بوسۇق نەگە باردىڭ دىسە، نىمە دەرلا؟ — دېدى.

— ئاقتاشتىكى تۇققانلارنى يوقلاپ كەلدىم دەرمەن. يامىنى كەلسە، بىر-ئىككى قامچا يەرمەن، — دېدى ھۆسنارىخان.

ھۆسنارىخانلار كەتكەندىن كېيىن، سەپەرقۇل ئايقىزغا مۇنداق دېدى:

— ئالتۇن قىزىم، ئەمدى بۇ يۇرتتا تۇرغۇچىلىكىمىز قالمىدى. ئۆزلە رازى بولسىلا، قالماق يۇرتىغا كېتەيلىمكىن، مەن يولىنى ئوبدان بىلىمەن.

ئايقىز قۇمۇل تەۋەسىدە تۇرۇشنىڭ ئىنتايىن خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، بۇ يەردىن كېتىشكە دەرھال قوشۇلدى. ئەمما: «تاشقى موڭغۇلغا كەتكىچە، بىر تەرەپكە كەتسەك ياخشى بولامدۇ، ئەمدى بىرگە مېنىڭ ئېلىم ئەسقاتىدۇ» دېدى. سەپەرقۇل

بىر چاغلاردا ئايقىزنىڭ بېشىغا قارا كۈنلەرنى سالغان ھېلىقى ئوكۇردايىنى يادىغا كەلتۈرۈپ، «ئەگەر ئۇلار تونۇپ قالسا، قانداق قىلىمىز» دېدى.

— ئەلنىڭ قۇچاغى كەڭ، خۇدا بۇيرۇغاننى كۆرەرمىز، — دېدى ئايقىز.

ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۇلار باسىت بىلەن ئەمدىلا ئالتە ئايلىق بولغان ئارمانبەگنى ئېلىپ، بىر تۆگە، ئىككى ئات بىلەن يولغا چىقتى. «قارا يېلىپىز»مۇ، ئايقىزنىڭ كۆرەڭ قاشقىسىدىن قالماي، دىڭگاكلاپ يولغا چۈشتى.

قارا بوسۇقلار قىزىلىيازدىن قايتىپ كەلگەندە، مەھرەم بىلەن قاسىم تۇڭچى ئۇلارنى ئىككى كۈندىن بۇيان ساقلاپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ، لى شۇفۇنىڭ ھېلىقى خېتىنى تاپشۇردى. قارا بوسۇق خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولغاچ، «ئەمدى ئون ئىككى تاغ ئۇچىسىغا ماڭسا قالىدىغان بولىدى» دەپ ئويلاپ، دەرھال ئىشقا كىرىشمەكچى بولىدى. سەيپۇڭ توختى بولسا، «مېنىڭ تۆمۈرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىم لى دارىن بىلەن چىڭ گاڭ غوجامغىمۇ مەلۇم. ئۇنداق بولغاندىكىن، ماڭا تېخىمۇ چوڭراق مەنسەپ بېرەر» دەپ تېرىسىگە پاتماي قالدى-دە، قارا بوسۇققا ياردەملىشىپ، ئېلى پالگان باشلىق كىشىلەرنى شۇ كېچىسىلا ئوغرىلىقچە تۇتقۇن قىلىپ، تاڭ بىلەن تەڭ شەھەرگە ماڭغۇزدى. ئاندىن قارا بوسۇق بىلەن ئىككىسى زورىخان ئايلانى «ئوغلۇڭ قېنى؟» دەپ قىيناشقا باشلىدى. زورىخان ئايلا بىرنەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتكىچە «مېنىڭ بىرمۇ ئوغلۇم تۇرمىغان، ئىككى نارسىدە قىزىمدىن بۆلەك بالام يوق» دەپ تۇرىۋەردى. بەختكە يارىشا، خالايىق ئىچىدىن ئۇنلىغان كىشىلەر تۆمۈر خەلپىنىڭ ئوغلى تۇرمىغانلىقىغا گۇۋالىق بېرىپ، «يوق ئوغۇلنى بار قىلىشقا نىمانچە كۆچەپ كېتىسىلەر» دەپ تۇرىۋالغاندىن كېيىن، قارا بوسۇقلارمۇ ئىلاجىسىز قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، زورىخان ئايلا

بىلەن ئۇنىڭ ئىككى نارسىدە قىزنى كۆتەك ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزلىرىمۇ ھېلىقى مەھرەم قاسىم تۆگىچىلار بىلەن بىللە شەھەرگە قاراپ ئاتلاندى. ئۇلار ئۆزلىرىچە، لى شۈفۇ بىلەن شامەخسۇتنى زىيارەت قىلماقچى ۋە يەنە قانداق تاپشۇرۇقلار بارىكىن دىمەكچى ئىدى.

لى شۈفۇ قارا بوسۇق بىلەن سەيپۇڭ توختىنىڭ ئۆز ئائىلىسى بىلەن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ خوشال بولدى-دە، كەچلىك زىياپەتكە چاقىردى ۋە زىياپەت داۋامىدا، ئۇن ئىككى تاغ بويىچە تۆمۈر خەلپىگە ئىخلاس باغلىغان يەنە كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى بىرمۇ-بىر سوراپ يېزىۋالدى. بۇ زىياپەت قارا بوسۇق بىلەن سەيپۇڭ توختىنىڭ پۇت-قوللىرىغا كىشەن-زەنجىر چۈشۈش بىلەن ئاياقلاشتى ۋە ئىككى كۈندىن كېيىن، ئېلى پالىغانلار بىلەن تەڭلا، بۇ ئىككىيلەننىڭمۇ بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىندى.

قوللىرى ئارقىسىغا باغلانغان قارا بوسۇق قارا دەستىسىگە قىزىل شەلپەر ئورالغان جاللات قىلىچى ئۆزىنىڭ بېشىدا ئويناپ تۇرغان مىنۇتلاردىلا، دۇنيانىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ قالدى ۋە «باستىنى سەن قاچۇرۇپسەن» دەپ خوتۇنى ھۆسنارىخاننىڭ بىقىنلىرىغا تېپىپ، ئۈچ ئايلىق بالىسىنى بويىدىن ئاجرىتىۋەتكىنىگە پۇشايمان يېدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ، بىرەر ئاي ئىچىدىلا، كىچىككىنە قۇمۇل دىيارىدا نەچچە ئونلىغان باشلار كېسىلىپ، يۈزلىگەن جانلار تىرىك كۆمۈلۈپ، بىرنەچچە يۈز كىشى نومىغا پالىنىپ، يۇرتنىڭ ئۈستىنى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېغىر مۇسىبەت بۇلۇتلىرى قاپلاپ كەتتى.

بىراق، بۇ قارا بۇلۇتلار تېخىمۇ قاتتىق بىر گۈلدۈرمامىنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

# خاتىمە

دەرەخلەر قۇرۇماس، چۈشسىمۇ ياپراق،
دۇنيانىڭ كەلگۈسى ئۆتمۈشتىن كۆپراق.

ــ غاپۇر غۇلام

## 1

دەرۋەقە، ئون سەككىز يىلدىن كېيىن، يەنى 1931 - يىلى ئەتىيازدا، قۇمۇل تاغلىرىدا يەنە قاتتىق گۈلدۈرماما باشلىنىپ، ھايت - ھۇيت دېگىچە، پۈتۈن قۇمۇل ئاسمىنىنى غەزەپ چاقماقلىرى قاپلاپ كەتتى.

شامەخسۇت ۋاڭ بۇ غەزەپ چاقماقلىرىدا كۆيۈپ كەتكىچە، ئۆز ئەزىزتىم بىلەن كېتىۋالاي دېگەندەك قىلىپ، ئۈچ يىل بۇرۇن، يەنى 1928 - يىل 10 - ماي كۈنى سەكسەن بىر يېشىدا ئۇ دۇنياغا كېتىۋالدى. ئارقىدىنلا، شۇ يىلى 7 - ئىيۇل كۈنى ياڭ جاڭجۇڭنىڭ ئۆز يېقىنلىرى ئۇنىمۇ بىر تال ئوق بىلەن يولغا سېلىپ قويدى. ئەمدى ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك جاڭجۇڭ يامۇلى بىلەن تۆت بۇرجەكلىك يوغان تامغىسى گەنسۇلۇق جىڭ شۇرېن دېگەن

ئۆزۈنتۇرا-قاقىر بويۇنغا قىپقالدى. ياڭ جاڭجۇڭ تىكەنلىك قولغا يۇمشاق پەلەي كىيىپ، «تۆكنى يىپتىشغا سىلاش» بىلەن خەلقنى پۆپىلەپ ئەللەي ئەتكەن بولسا، بۇ ئۆزۈنتۇرا-قاقىر بويۇن كىرپە پەلەي بىلەن تۆكنى تەتۈرىگە سىلاپ، ئاران تۇرغان ئەلنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈپ قويدى. ئارسلان ھۆكىرەپ تاشلىدى. بۇ غەزەپلىك نىدا ئەنە شۇ گۈلدۈرماما ئىدى، ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك ئاۋازى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە ئاڭلىنىپ، ھەممە يەردىن ئەكس سادالار ياڭراپ، يەر-جاھان تىترەپ كەتتى. ئالاقىزادە بولۇپ كەتكەن ئۆزۈنتۇرا جىڭ شۇرېننىڭ قۇمۇل دىيارىنى قانغا پاتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن قوللانغان ھەممە ۋاستىلىرى، ھەتتا ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىۋىدە تەلىم ئالغان «ھەربى مۇتەخەسسىس» شىڭ شىسەي قوماندانلىقىدا، توپ-زەمبىرەك، بۇرۇنۇۋلۇك (زەرەھلى ماشىنا)، ئايرۇپىلان بىلەن قوراللانغان ۋە تەركىۋى قىسمىدا بىرىنچى جاھان ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئاق ئورۇس سولداتلىرى بولغان قۇدرەتلىك قوشۇنمۇ كارغا كەلمىدى. شىڭ شىسەي خۇددى تاقىتا تۇمشۇغىنى ئۇرۇۋالغان ياۋا چوشقىدەك پەرىشان ھالدا ئۈرۈمچىگە قاچتى.

بىر چاغلاردا، تۆمۈر خەلپە ئۆز دىنداشلىرىنىڭ قۇرئان تۇتۇپ ئىچكەن قەسەملىرىگە ئىشىنىپ كەتكەندە، پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتكەن ھىلىقى خوجىنىياز پالگان دېگەن يىگىت، شۇ كەتكىنىچە، كۈن پىتىشقا مېڭىۋېرىپ، ئىلى تاغلىرى بىلەن قازاقىستان داللىرىدا بىرقانچە يىل ئۇۋ ئوۋلاپ يۈردى ۋە ئاخىرى يىراق ئەرەبىستانغىچە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلدى. ئەمدى ئىڭەكلىرىنى قويۇق قارا ساقال باسقان، قاپ-قارا قوي كۆزلىرى خۇددى بۈركۈتنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر قارايدىغان مۇشۇ ئادەم بۇ قېتىمقى گۈلدۈرمامىنىڭ بايراقدارى بولۇپ قالغان ئىدى.

1933-يىلى كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تۈلكە قولاقچىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان بۇ ئادەم بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن

بىلەن ئۆرۈمچى چېرىكلىرىنى قوغلاپ، مورى داللىرىغا كىرىپ
كەلدى. ئۇ مىلتىق ئاۋازىدىن قۇلاقلىرى سالپىيىپ كەتكەن يوغان
تورۇق ئېتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ھەممە ئەتراپقا تەكشى
قاراپ ماڭاتتى. بىردىنلا تاغ باغرىدىن ئوتۇن يۈدۈپ كېلىۋاتقان
بىر كىشىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ياغاق جۇۋىسىنىڭ ئۈستىدىن
قىل ئاغامچا بىلەن بېلىنى باغلىۋالغان بۇ قەددى-قامەتلىك
قارا ساقال كىشىنىڭ سول پۇتى خېلىلا ئاقسايتتى. ئۇ قارلىق
دالىدا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرۇپ ئۆتۈۋاتقان ئاتلىق قوشۇننىڭ
كېيىم-كېچەكلىرى، چىراي-شەكلى، بولۇپمۇ دۇشالقىلىق مىلتىقلىرىغا
قاراپ ھەيران بولغاندەك، يولنىڭ چېتىدە جىم تۇراتتى. خوجى-
نىياز ھاجى ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، سالپاڭ قۇلاق ئېتىنىڭ
تىزگىنىنى تارتتى-دە، ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى.
ئاقساق ئوتۇنچىمۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ھاجىغا قاراپ قالدى.
ھاجىنىڭ يۈرىكى نىمىشقىدۇ قاتتىق-قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى
ۋە ئىختىيارسىز ھالدا، «مەن سىزنى تونۇۋاتىمەنغۇ، سەن...»
دەپ تاشلىدى. ئاقساق ئوتۇنچى ھاجىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش
بىلەن دۈمبىسىدىكى ئوتۇننى تاشلاپ، «ئاكا، مەن، مەن»
دېگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئاقساقلاپ يۈگۈردى. بۇ، ھېلىقى
ئۇلانبۇسۇ جىلغىسىدىكى دەھشەتلىك قىرغىنىنىڭ بىردىن بىر
تىرىك قالغان شاھىدى ئەنسارى ئىدى.

ھاياجاندىن تىترەپ كېتىۋاتقان قوللارنىڭ بىر بىرىنى
قاتتىق قىسىشلىرى، يىنىپ-يىنىپ قۇچاقلىشىشلار، كۆز ياشلىرى
بىلەن نەملىشىپ كەتكەن مەڭىزلەرنىڭ بىر بىرىگە چاپلىشىپ
كېتىشلىرى قاراپ تۇرغان يىگىتلەرنى ھەيران قالدۇردى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن، يول ئۈستىگە جايلاشقان مەھەللىنىڭ
چېتىدىكى كىچىككىنە تام ئۆيدە «تۆمۈر خەلپە يېڭىلىقى» دا
ھايات قالغان بۇ ئىككى سەپداش ئۆزلىرىنىڭ يىگىرمە يىللىق
سەرگۈزەشتىلىرىنى ھېكايە قىلىشىپ ئولتۇراتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ،

ئەنسارى يەنە قولغا قورال ئېلىپ سەپكە قوشۇلدى. بوراندەك ئۈچقۇر جەڭ تۇلپارىغا مىنىپ، جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم بويلىرىدا چوڭقۇر-چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرۇپ، پامىر ئېتەك-لىرىگىچە قىلىچ ئوينىتىپ باردى.

بۇ چاغلاردا، ھىلقى ئۇزۇنتۇرا جىڭ شىۇرېن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زېمىنى ئارقىلىق ئاللىقاچان تيەنجىنگە قېچىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا سۆرۈن چىراي، بۆرىكۆز بىر ئادەم ئولتۇرۇۋالغان ئىدى. بۇ، ئۆزىنى شىڭدۇبەن دەپ ئاتاپ، ئون يىللىق ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە دەريا-دەريا قانلارنى ئاققۇزغان جاللات شىڭ شىسەي ئىدى. بىراق، ئۇ كۈنلەردە بۇ يېڭى مۇستەبىتنىڭ بېشىدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ قىلىچى ئويناپ تۇراتتى. ئۇ، ئۆز بېشىدىكى بۇ ئىككى خەۋپتىن تېز قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ياپون سامۇرايلىرىدىن ئۈگەنگەن جادۇگەر-لىك نەيرىڭى بىلەن شۇنداق چىرايلىق بىر تون تىكىپ كىيىۋ-ۋالدىكى، بۇ تونىنىڭ «ئىلغارلىق» گۈللىرى خۇددى ئالتۇن بېلىقنىڭ تەڭگىلىرىدەك پارقىراپ، ھەتتا ستالىندەك مەشھۇر ئەرباپنىڭمۇ كۆزىنى قاماشتۇرۇۋەتتى-دە، ئۇنى ماجۇڭيىڭنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋالدى. سوۋېت دىپلوماتلىرى دەرھال ئىشقا چۈشۈپ، شىڭ شىسەي بىلەن خوجىنىياز ھاجىنى دوستلاشتۇرۇپ قويدى ۋە خوجىنىياز ھاجى شۇ چاغدا قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەپ ئېلان قىلىندى. بۇ، شىنجاڭ زېمىنىدا 1884-يىلى ئۆلكە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، توپ-توغرا يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارغا تۇنجى قېتىم مۇئاۋىن رەئىسلىك تەككەن كۈن ئىدى. بۇ كۈنلەردە خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇدا ئىدى. سوۋېت كونسۇلى ئاقسۇغا بېرىپ، ئۇنى تەبرىكلىدى ۋە ئۈرۈمچىگە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. ھاجىم تۆمۈر خەلپە پاجىئەسىنى ئېسىدىن چىقارمىغاچقا، خېلى ئۇزۇنغىچە ئارسالدىلىقتا تۇردى-يۇ، ئاخىر، خەنزۇ، ئۇيغۇر، رۇس تىللىرىدا پۈتۈلگەن

ئەنئەنىلىك كاپالەت شەرتنامىسىنى كۆرۈپ، 1934 - يىلى ئاۋغۇست-نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاپتوموبىل بىلەن ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگە ماڭدى.

ئاپتوموبىللار توخسۇندا توختىغان كۈنى ئەنسارى خوجنىياز ھاجىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— خوش ھاجى ئاكا! ئۆزلەنى خۇدايىمغا ئامانەت، — دېدى.

— ھە؟ مەن بىلەن ئۈرۈمچىگە بىللە بارماسەن؟ — دېدى ھاجى ھەيران قېلىپ.

— مەن يۇرتقا كېتىۋالاي، ئۈرۈمچىنى تولا كۆرگەن، ئەمدى بارمايمەن.

— قوي بۇ گېپىڭنى، مەن بىلەن بىللە بارىسەن!

— ياق، بارمايمەن. تۆمۈر ئاكاملارنىڭ قان ئارىلاش كۆز ياشلىرى بىلەن زەيلىشىپ ياتقان قەۋرىسىنى كۆرمىگىنىم تۈزۈك!

خوجنىياز ھاجىنىڭ يۈرىكى «جىغ» ئىتە قىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ كەڭ قاسقانلىق ھەربى شەپكىسى بىلەن تېخىمۇ سالاپەتلىك كۆرۈنگەن چىرايىدا چۈشىنىكسىز بىر ئۆزگىرىش نامايەن بولدى. ئۇ، ياقىسىغا گېنېرال مايورلۇق ئالتۇن چەن قادالغان ناس رەڭ نېپىز شېرىس ھەربى فورمىسى ئۈستىدىن باغلىۋالغان يالتىراق تاسما كەمىرىنى تۇتقان پېتى جىم ئولتۇرۇپ قالدى ۋە بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئۇنداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلما، ئۇ، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار. شېڭ دۇبەن بىلەن ئارىمىزدا توختام پۈتۈلگەنلىكىنى بىلىسەنغۇ، بۇ توختامغا چوڭ بىر دۆلەت كېپىل بولغان.

— ھاجى ئاكا! مەن ئاقسۇدىكى چېغىمىزدىلا ئېيتتىمغۇ، بۇ توختام ئاللانىڭ كالامى بولغان قۇرئان كېرىمدىنمۇ ئۇلۇغمۇ! ئەمدى بولدى. ئۆزلە بىر ئۆرسىلە، مەن يۇرتۇمنى تېپىۋالاي.

خوجنىياز ھاجى يەنە ئېچىنى تىڭشاپ قالدى. شۇ ئارىدا،

كونسۇل ئافرېسىف باشلىق ئەرباپلار كىرىپ، ماشىنىلارنىڭ تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى...

ئەنسارى چاڭ-توزاڭلار ئىچىدە ئۇرۇمچى تەرەپكە كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى ۋە ئەتىسىلا بىر سودا كارۋىنىغا قوشۇلۇپ، قۇمۇلغا كەتتى. (ئېنىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۆز يۇرتى ئىدىر دىگەن تاغدا ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ياشاپ، ئالەمدىن ئۆتكەن.)

1937-يىلى كۈزدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى خوجىنىياز ھاجىنى ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ يىگىرمە يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىششقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ يولغا چىقىشقا جىددى تەييارلىق كۆرۈۋاتقاندا، بىردىنلا تۇمۇر خەلپە پاجىئەسى يەنە يۈز بەردى. ئۈچ تىلدا يېزىلغان ھىلىقى مەشھۇر شەرتنامە يىرتىپ تاشلىنىپ، خوشنا ئەللەرگىچە داڭقى كەتكەن خوجىنىياز ھاجى شۇ يىلى 12-ئۆكتەبىر كۈنى چوڭ سىياسى مەھبۇس سۈپىتىدە قولغا ئېلىندى.

ئۇ تۈرمىگە تاشلىنىپ، بىر ھەپتە ئۆتكەندە، ئۆزى بىلەن كۆرۈشكىلى كىرگەن باش مەھرەمى زىياۋۇدۇن ئاخۇن ئارقىلىق كونسۇل ئافرېسىفقا: «مەن كونسۇل جاناپلىرىنىڭ سۆزى بىلەن كاپالەتكە ئىشىنىپ، ئۇرۇمچىگە كەلگەن ئىدىم. ئەمدى بۇ نىمە بولغىنى؟» دەپ ئېيتقۇزۇۋەتتى. كونسۇل ئافرېسىف زىياۋۇدۇن ئاخۇنغا: «بۇ ئىشتىن خەۋىرىمىز يوق ئىكەن، سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەيلى» دىدىيۇ، ئىككى كۈندىن كېيىن، بۇ ئەرباپمۇ يۆتكىلىپ كەتتى. ھاجىم ئۆزى بىلەن تەڭ قولغا ئېلىنغان بىر نەچچە يۈز سىياسى مەھبۇس قاتارىدا چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان «جىنايەت»لىرى ئۈچۈن سوراققا تارتىلىپ، قاراڭغۇ كامىردا ئايلار ۋە يىللارنى ھەسرەتتە ئۆتكۈزۈۋەتتى. ياپون سامۇرايلىرىنىڭ قولىدا فاشىزىم تەربىيىسىنى كۆرگەن شىڭ شىسەي ئەمدى خوجىنىياز ھاجىنى «ياپون ئىشپىيونى» دەپ، قىيىن-قىستاققا

ئېلىۋاتاتتى.

1939 - يىلىنىڭ كۈز كۈنلىرىدە، خوجىنىياز ھاجىغا بىر ئىش چىقتى. ئاددىي قارا سوكنودىن شىم - پەشمەت كىيگەن بوغداي ئۆڭلۈك بىر كىشى تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى يېنىپ تۇرغان خىيالچان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، شىڭ شىسەينىڭ كەڭ، يورۇق قوبۇلخانىسىدا قوللىرىنى شىلتىپ - شىلتىپ سۆزلەپ ئولتۇراتتى. ئۆزىنى يۇمشاق دىۋانغا تاشلاپ ئولتۇرغان شىڭ شىسەينىڭ بۆرىكۆزلىرى ئۇنىڭغا دەھشەت بىلەن قادىلىپ تۇراتتى.

— مەن، — دېدى ھىلىقى كىشى، — 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئورنى ۋە شەخسەن يولداش چېن تەنچيۇنىڭ نامىدىن شۇنى جاكالايمەنكى، بىز فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىگە ۋە يەرلىك مىللىتارىستلارنىڭ جەۋرى - زۇلۇملىرىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى خوجىنىياز ھاجىغا نىسبەتەن مۇنداق يولسىزلىق قىلىنىشىغا چىداپ تۇرالمايمىز. خوجىنىياز ھاجىغا قىلىنىۋاتقان ئادالەتسىزلىك شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىتلىرىگە خىلاپ. بۇ، دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قىلىنغان ئىغۋاگەرچىلىك، بۇ بىزنىڭ سىزگە ئۈچىنچى قېتىم بىلدۈرگەن نارازىلىقىمىز. بۇ مەسىلىگە سالماق قارىشىڭىز لازىم.

بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان كىشى ئىنقىلاۋىي قۇربان لىن جىلۇ ئىدى.

شىڭ شىسەي رەڭگى ئۆڭگەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى - دە، كۆل رەڭ كوۋرىكوتتىن تىكىلگەن گەلەپى شىمىنىڭ يانچۇقلىرىغا قوللىرىنى سېلىپ، ئېسىل خوتەن گىلىمى ئۈستىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىشقا باشلىدى. بىر ھازادىن كېيىن، قىيپىق بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ:

— كونكرېت ئەھۋالنى سىلەرگە ھەر قېتىم ئېيتىپ كەلدىم. شۇنداق بولسىمۇ، يەنە تەكشۈرۈپ كۆرەي، — دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى.

1942 - يىلى، 1 - سېنتەبىر كۈنى ئۈرۈمچى ئاسمىنىدا ئامېرىكىدا ياسالغان بىر چوڭ ئايروپىلاننىڭ موتورلىرى گۈكىرەپ قالدى. شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ خوتۇنى چۇيۇيفاڭ ۋە باشقا يېقىن ئەرباپلىرى بىلەن ئايرودورومغا چىقىپ، غەلىتە بىر مېھماننى كۈتۈۋالدى. بۇ مېھمان ناھايىتى پۈزۈر كىيىنگەن زىلۋا بويلۇق چىرايلىق بىر «خانىم» ئىدى. ئۇ ئاپپاق يىپەك پەلەي سالغان قولىنى شىڭ شىسەيگە ئۇزىتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا ئاجايىپ بىر ناز-كەرەشمە بىلەن كۈلۈپ قويدى. شىڭ شىسەي ئىككى پۈكۈلۈپ، تازىم بېجا كەلتۈرگەچ، ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «زىم» ماركىلىق ئۇزۇن قارا پىكاپقا تەكلىپ قىلدى. بۇ «خانىم» جياڭ جيېشىنىڭ خوتۇنى سۇڭ مېيلىڭ ئىدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، يەنى 1942 - يىلى سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چېڭ تەنچيۇ، ماۋزېمىڭ، لىن جىلۇ ۋە دۇچۇڭيۈەن قاتارلىق ئەرباپلار قولغا ئېلىنىپ، قاراڭغۇ كامېرغا تاشلاندى؛ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق سوۋېت كىشىلىرى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ئەمدى جاللات شىڭ شىسەي «ئىلغارلىق» گۈللىرى ئالتۇن بېلىقنىڭ تەڭگىلىرىدەك پارقىراپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇۋەتكەن ھىلقى چىرايلىق تونىنى سېلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئالۋاستىلىق قىياپىتىنى ئاشكارىلاشقا باشلىغان ئىدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، يەنى 1943 - يىلى سېنتەبىردە، چېڭ تەنچيۇ باشلىق ئىنقىلاۋي قۇربانلار بۇ جاللاتنىڭ قانلىق چاڭگىلىدا ھالاك بولدى. خوجىنىياز ھاجىنى بولسا، بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن بوغۇپ ئۆلتۈرگەن ئىدى.

## 2

1949 - يىل، ياز بېشى. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى بويىدا، گۈللۈك قارا يېشىل دۇخاۋا دوپپا، قارا كۆك

باستۇندىن تىكىلگەن يازلىق شىم-كاستيۇم كىيگەن قويۇق
بۇرۇتلۇق، خۇشپىچىم بىر كىشى ئىككى يىگىتنى قۇلتۇقلىۋېلىپ،
سالماق قەدەملەر بىلەن قىزىق پاراڭلىشىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ،
ئەخمەتجان قاسىمى ئىدى. ئۇڭ تەرەپتىكىسى سەل پاكارراق
كەلگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان يىگىت
بولۇپ، ئۇمۇ ئوچۇق ئەترەڭ كوۋىركوتتىن يازلىق شىم-
كاستيۇم كىيىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ قاپ-قارا چاچلىرى قۇياش
نۇرىدا قۇندۇزدەك پارقىراپ تۇراتتى. بۇ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ
ئىدى. سول تەرەپتىكىسى قىزىل يۈزلۈك، زىلۋا بويلۇق بىر ئوفىتسېر
بولۇپ، ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى ئوردېن-مېداللىرى بىلەن مۈرىسىدىكى
پاگونلىرى كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ، سوپاخۇن پولكوۋنىك
ئىدى.

— شۇنداق قىلىپ، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئوغلى ھېلىمۇ ھايات
ئىكەن دەڭ، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى، سوپاخۇنغا مۇلايىم
قاراپ، ئاندىن «سىز ئۇنى ئۆزىڭىزمۇ كۆرگەنمۇ؟» دەپ
سورىدى.

— مەن كۆرمىگەن، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىنقىلاۋىدىن
كېيىن، دادام كۆرۈپتىكەن.

— دادىڭىز سۇۋۇراخۇن ئاكا تۆمۈر خەلپىنىمۇ كۆرگەن
بولغىيدى.

— شۇنداق، دادام رەھمەتى ياش چاغلىرىدا تۆمۈر خەلپىنىڭ
يىگىتلىرى ئارىسىدا بولغانلىقىنى بىزگە ھېكايە قىلىپ بېرەتتى.

— سىز نېمە دېگەن بەختلىك ئادەم، دادىڭىز تۆمۈر
خەلپىنىڭ قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپتىكەن. ئۆزىڭىز خوجىنىياز ھاجىنىمۇ
كۆرۈپتىكەنسىز، ئەمدى شۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى مىللىي ئازاتلىق
كۈرىشىگىمۇ بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇپ، ھەممىگە تونۇلدىڭىز.
سىزنى يەنە بىر قېتىم تەبرىكلىسەك بولىدىكەن. ئەمما، سۇۋۇراخۇن

ئاكىنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى بويىچە، تۆمۈر خەلپىنىڭ قىياپىتىنى بىرگە تەسۋىرلەپ بېرىشىڭىز كېرەك. ئاباسوپ رەسسام يولداشلارنى يىغىپ بېرىدۇ. ئۇلار ھېچبولمىغاندا، تۆمۈر خەلپىنىڭ تەخمىنىي سۈرىتىنى بولسىمۇ سىزىپ چىقالايدۇ. قانداق دەيسىز؟

— ئەپسۇسكى، مەن يازغۇچى ئەمەسمەن. مىلتنى ئېيتىش، ئات ئۈستىدە قىلىچ چېپىشتىن بۆلەك ئىشنى بىلمەيمەن، — دېدى سوپاخۇن كەمتەرلىك بىلەن.

— قۇمۇل ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، ئۇسۇلنىمۇ قالتىس ئوينايسىزغۇ، — دەپ چاقچاق قىلدى ئاباسوپ، ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئاندىن سوپاخۇن مۇنداق دېدى:

— ئەگەر ئەپەندىم بىلەن ئاباسوپنىڭ ۋاقتى بولسا، مەن بىر كۈنى كومىزۋوت① ئامانقۇلۇپ ئارمانبېكنى باشلاپ كېلەي، ئۇ، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئوغلى باست بىلەن بىر ئۆيدە چوڭ بولغان. باستىنىڭ چىراي-شەكلىنى ئەلۋەتتە تولۇق تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ. دادامنىڭ ئېيتىشىچە، باست دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن.

— ئەممە، ئەتىلا بىزنى ئارمانبېك بىلەن ئۇچراشتۇرۇڭ، قازاق ئاندىن تۇغۇلۇپ، ئۇنىڭ ئاق سۈتى بىلەن ئۆسكەن بۇ يىگىتنىڭ ئۆز ئاغزىدىن گەپ ئاڭلايلى، — دېدى ئاباسوپ قىزغىنلىق بىلەن.

— بۇ ياخشى مەسلىھەت بولدى، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى، ئاندىن نەزىرىنى يىراقلارغا تاشلاپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — باياتىن سوپاخۇن پولكوۋنىك ھېكايە قىلىپ بەرگەن ھېلىقى سەپەرقۇل دېگەن رەھىمەتلىك بوۋاي ياكى ئارمانبېكنىڭ ئاپىسى ئايىقىز ھايات بولغان بولسا، بىرگە تۆمۈر خەلپە ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ

① كومىزۋوت — زىۋوت كوماندىرى، پەيجاڭ.

ئەرسىلەرنى ئېيتىپ بەرگەن بولاتتى. تۆمۈر خەلپىنىڭ سۈرىتىنى سىزىشىمۇ تەس بولمايتتى. خەير، ئۇلارمۇ قارا يىللارنىڭ سوغاق قېينىدا ھەسرەت بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئەمما، قۇمۇلدا تۆمۈر خەلپىلەرنى كۆرگەن بوۋاي-مومايلار ئەلۋەتتە كۆپ تېپىلار. ئېزىلگەن قۇمۇل خەلقىنىڭ ئازاتلىق كۈنلىرىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. تۆمۈر خەلپىنىڭ پارلاق ئوبرازى قۇمۇل خەلقىنىڭ قەلبىدە كۈندەك روشەن ساقلىنىپ تۇرغانلىقى تەبىئىي.

— ئۇ چاغدا، — دېدى ئابباسوپ، — تۆمۈر خەلپىنىڭ سۈرىتىنىلا ئەمەس، بېسىپ ئۆتكەن ئىزلىرىنىمۇ ئەبەدىي كۆمۈلمەس قىلىپ، ئەۋلادلارغا قالدۇرغىلى بولىدۇ. بۇ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن چوڭقۇر تارىخىي ساۋاق بولاتتى.

— شۇنداق، — دەپ تەستىقلىدى ئەخمەتجان قاسىمى ئىككى ياندىكى ھەمراھلىرىنى مۈرىسىدىن مەھكەم قۇچاقلاپ، — تەڭلىك، ئەركىنلىك ۋە خەلققە ئىنسانىي تۇرمۇش يارىتىش يولىدا كۈرەش قىلغان خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ ئىزلىرى ھېچقاچان كۆمۈلمەيدۇ. بۇ كۆمۈلمەس ئىزلارنى بىزگە قالدۇرغان خەلق تارىخىنى ھېچكىم ئۈزۈۋېتەلمەيدۇ، خۇددى ئالدىمىزدا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيىنى قىلىچ بىلەن ئىككى بۆلەك قىلىپ ئۈزۈۋېتىش ھەرگىز مۇمكىن بولمىغانغا ئوخشاش!

1984-يىل، سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

**探索者的足迹**（维吾尔文）
（历史长篇小说）
乌铁库尔　著
责任编辑：阿不都瓦力
责任校对：阿 达 来 提

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本　13.25印张　7插页
1985年1月第1版　　1986年3月第2次印刷
印数：27,001——54,000

---

书号：M10098·973　定价：（精）2.70元　（平）1.85元